
ئابدۇۋەلى ئەلى

# مەخدۇم ئەزەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى

(2)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى





ئابدۇۋەلى ئەلى

# مەخدۇم ئەزەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى

(تارىخىي رومان)

(2)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No:7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.



# توققۇزىنچى باب

## «پىر ئىنەلھەق !»

« ئاسماندىن يەرگە نېمەت ياغىدۇ ، يەردىن ئاسمانغا چاڭ ـ توزان ئۆرلەيدۇ. قاچا — ئىدىشنىڭ ئىچىدە نېمە بولسا، تېشىغا شۇ نەرسە تېشىپ چىقىدۇ . »

— شەيخ سەئىدى

**مىلادى** 1548 ـ يىلى (مايمۇن يىلى) 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى.

چىلانغا[1] نەق ئىككى پەرسەخ مۇساپە قالغاندا، ئۈستىگە يېپىنچە ساۋۇت كىيىپ، قوللىرىغا ئىنچىكە كىرىچ تاسما بىلەن چېتىلىپ ياسالغان قوراق قالقان تۇتۇشقان، ئوقيا بىلەن قوراللانغان ئاتلىقلار تۇيۇقسىز كارۋاننىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇشۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىنى توراپ توختاتتى. كارۋانلار ئۇلارنى قاراقچىلار دەپ ئويلاپ، خۇددى ئەقىل تۈگمىنى توختاپ قالغاندەك، ھەيرانلىق گۈلدۈرمامىسى زېمىننى لەرزىگە سېلىپ تىترەتكەندەك

① چىلان — كەلپىن ناھىيىسىدىكى قەدىمكى بىر ئۆتەڭنىڭ نامى، ھازىرمۇ چىلان دەپ ئاتىلىدۇ.

ۋە ياكى تاسادىپىيلىق بورىنى سەزگۈ كېمىسىنى تەئەججۈپ تېشىغا ئۇرۇپ پاچاقلىۋەتكەندەك بولۇشۇپ، جان - پېنى چىقىپ كېتەيلا دەپ قالدى! ئوقياچىلار كارۋانغا توختاپ زور قوشۇنغا يول بوشىتىشنى بۇيرۇدى - دە، قانداق تېزلىك بىلەن پەيدا بولۇشقان بولسا شۇنداق تېزلىك بىلەن غايىب بولۇشتى.

كۆپ ئۆتمەي، سايئېرىق[1] تەرەپتىن كارۋان تۆگىسىنىڭ بويىنىغا ئېسىلغان كولدۇرمىلارنىڭ سالماق ئەمما مۇڭلۇق ئاۋازلىرىنى بېسىپ، شىددەتلىك چېلىنىۋاتقان دەھۇل - دۇمباقلارنىڭ ئاۋازى چۆلنى چاڭ كەلتۇرۇۋەتتى. شۇنايلار ئەلەملىك زارلاپ، كانايلار پىغانلىق غارت - غۇرتلاپ، ئاساسى قوشۇننىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

كارۋان بېشى ۋارقىراپ ھەممىنى يولنىڭ چېتىگە چىقىپ تۇرۇشنى بۇيرۇدى. تۆگىچىلەر تۆگىلىرىنى يول ياقىسىدىكى سايغا تارتىشىپ چۆكۈرۈشتى. تومشۇقلىرىغا ئۆتكۈزۈلگەن چۇلۇقلىرىنىڭ ئۇچىدىن چوملىرىغا ئىنچىكە شوينا بىلەن باغلانغان بۇ تۆگىلەر تونۇگۇن يېيىشكەن يانتاقلىرىنى كۆشىشىپ، يولۇچىلارنىڭ ۋە ئۆزلىرىنىڭ قاتارىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كېلىشكەن سوپى - ئىشانلارنىڭ يۇگۈرۈشۇپ يۈرۈشكەنلىرىنى تاماشا قىلغاندەك خاتىرجەم قارىشىپ تۇرۇشاتتى.

شىددەتلىك چېلىنىۋاتقان سەربازچە مۇزىكىسى يېقىنلا يەردىن ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بۇرۇن ئاتىسى مەخدۇم ئەزەم بىلەن سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئوردىسىغا بارغان خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان بۇ مۇزىكىنىڭ ئاھاڭىنى پەملەپ قالدى. ھەشەم - ھەيۋەت، دەبدۇبە - ئەسئەسە بىلەن يۈرۈپ كېلىۋاتقان بۇ زور قوشۇن ئىسسىق كۆل بويلىرىدىن ئىسيانچى قازاقلار بىلەن

[1] ئاقسۇ تەۋەسىدىكى قەدىمكى يەر نامى.

قىرغىزلارنى تىنجىتىپ، نۇسرەت بىلەن دارۇلسەلتەنەت يەكەنگە قايتقان سەئىدىيە قوشۇنلىرى ئىدى.

كارۋاندىكىلەرنىڭ پاراكەندە بولۇشقان كۆڭۈللىرى ئورنىغا چۈشۈشتى. بۇ قوشۇن سەئىدىيە سۇلتانى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ قوشۇنلىرى بولۇپ، ئۆتكەن يىلى قازاق خانى ھەقنەزەرخان بىلەن قىرغىز خانى نەۋرۇز ئەھمەت خانلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، قازاقلارنىڭ يەتتە تۇغ - ئەلىمىنى ئولجا ئالغاندىن كېيىن مەملىكەتكە زەپەر قۇچۇپ قايتىۋاتقاندى.

يولدا ھەممىدىن ئاۋۋال ئاتلىق تۇفەڭچىلەر[①] قوشۇنىنى كۆرۈندى. ئاتلىق تۇفەڭچىلەردىن كېيىن نەيزىۋازلار، شەمشەرۋازلار، گۇرزچىلەر ۋە پالاخمانچىلار قوشۇنى كېلىۋاتاتتى. ھەر بىر قوشۇنغا بىردىن ئەمىر لەشكەر ئەمرۇل - ئۇمەرا ئىدى. ھەر بىر ئەمرۇل - ئۇمەراغا سەككىزدىن پانساد تەيىنلەنگەنىدى. ھەر بىر ئەمرۇل - ئۇمەرا ۋە پانسادقا تەيىن ۋە مۇقەررەر قىلىنغان قارى مۇرەتتىپ، ئىماملار قوللىرىدا قۇرئان كەلامۇللانى تۇتۇشۇپ رەتلىك تىزىلىشىپ ماڭغانىدى.

ھەر بىر ئەمرۇل - ئۇمەرانىڭ ئالدىدا لەشكەرلەر سۇلتان تەرىپىدىن ئىنئام قىلىنغان ئىككىدىن ئالتۇن جابدۇقلۇق تۆگە، ئات بىلەن ئالتىدىن كۈمۈش جابدۇقلۇق تۆگە، ئاتلارنى ۋە ھەر بىر پانسادنىڭ ئالدىدا ئىككىدىن كۈمۈش جابدۇقلۇق ئاتلارنى سۆلەت ۋە ھەشەمەت بىلەن يېتىلەپ ماڭغانىدى. ھەر بىر ئەمرۇل - ئۇمەرانىڭ داغدۇغىسى گويا ئۇلۇغ شاھ - پادىشاھلارغا ئوخشايتتى، ھەر بىر پانسادنىڭ داغدۇغىسى بولسا گويا بىر ۋىلايەت ھاكىمىنىڭ ھەشەمەتلىرىگە تەڭ ئىدى.

---

① تۇفەڭ — قارا مىلتىق.

ھەيۋەتلىك قوشۇننىڭ ئوتتۇرىدا مەۋكەب بىلەن سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئاتلىق كېلىۋاتقانىدى. ئۇ مىنگەن چىلان تورۇق، غاز بويۇن، قومۇشقۇلاق، ساغرىسى كەڭ ئەرەب تۇلپارى ئويناقلاپ، تىزگىن سىيرىپ، ھەدەپ ئالدىغا چاپچىيتتى. مەۋكەبدىكى باشقا ئەمىر ۋە بەگ - بىگاتلارمۇ كاتتا يۇلتۇز ئارغىماقلىرىغا مىنىشكەن بولۇپ، ئايرىم ئاتلارنىڭ بويۇنلىرىغا زەر پۆپۈكلۈك بويۇنباغلار باغلانغانىدى. بۇ بىرەر قورغاننىڭ ئېلىنىشى ياكى دۈشمەن ئۈستىدىن قازىنىلغان غەلىبە شەرىپىگە سۇلتان تەرىپىدىن بېرىلگەن مۇكاپات - تارتۇقنىڭ بەلگىسى ئىدى.

مەۋكەبنىڭ ئارقىسىدىن جۇجى ئەۋلادىنىڭ بەلگىسى بولغان بىرى قىزىل رەڭلىك، ئىككىسى قارا، ئۈچى سارغۇچ رەڭلىك، بىرى ئاق رەڭلىك يەتتە تۇغ - ئەلەمنى ساڭگىلىتىپ تۇتقان يەتتە دىۋىدەك زەبەردەست ياساۋۇل كېلىۋاتاتتى. بۇ يەتتە تۇغ — جۇجى ئەۋلادىنىڭ تۇغ - ئەلىمى بولۇپ، ئۇلارنى سەئىدىيە قوشۇنلىرى ئېمىل ئۇرۇشىدا قازاقلاردىن غەنىيمەت ئالغانىدى.

مەۋكەبنىڭ ئالدىدا خەنجەر ۋە يەڭگىل سۇفەر - قالقانلار بىلەن قوراللانغان سەئىدىيە جەڭچىلىرىنىڭ ھىمايىسىدە ئۈچ بۇرجەك يېشىل تۇغ كۆتۈرگەن تۇغچى ھەيۋەت بىلەن كېتىپ باراتتى. يېشىل تۇغ سەئىدىيە سەلتەنەتنىڭ ئىسلامىيەتكە بولغان سادىقلىقىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قىزىل قارچىغا سەئىدىيلەر ئەۋلادىنىڭ نىشانى ئىدى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان باشلاپ ماڭغان مەۋكەبنىڭ كەينىدىن ئاددىي لەشكەرلەر — ھەقىقىي سەئىدىيە جەڭچىلىرىنىڭ سېپى كۆرۈندى. ھەر بىر سەپ ئۆزىنىڭ بايرىقى ئاستىدا، ئۆز يۈز بېشىنىڭ ئارقىسىدىن سەپ تارتىپ رەتلىك كېتىپ باراتتى. ئۇلار مىنىۋالغان ئاتلار قۇلا، قاشقا، تورۇق ھەر خىل رەڭدىكى قىپچاق ئاتلىرى ئىدى. ھەربىي مۇلازىمەت قىسىملىرىدىن ئاۋۋال

قاۋۇل ئاتلاردا ئىغىر ساۋۇت، دۇبۇلغىلارنى كىيىشىپ، ئەگرى قىلىچلار، ئۇزۇن نەيزىلەر ياكى بىگىز دەك ئىنچىكە خەنجەرلەرنى ئىسىۋالغان جەڭچىلەر سالماق كېتىۋاتاتتى. ئۇلار سەئىدىيە قوشۇنلىرى ئىچىدىكى ئاتلىق قىسىمنىڭ جەڭچىلىرى ئىدى.

جەڭگىۋار سەپلەر ئۆتۈپ بولۇشقاندىن كېيىن كىيىم - كېچەك، ساۋۇت - دۇبۇلغا، قورال - ياراغ، توپ - زەمبىرەك، ئوق - دورا، ئوزۇق - تۈلۈك، ئوت - چۆپ، يەم - خەشەك ۋە چېدىر - ئاق ئۆيلەر ئارتىلغان ئاتلار، قېچىرلار، تۆگىلەر قاتارلىشىپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

سەئىدىيە قوشۇنلىرى تولۇق ئۆتۈپ بولۇشقاندىن كېيىن كارۋاننى بايا يولدا توختاتقانلارغا ئوخشاش چاقچان - جەسۇر چاغداۋۇللار① ئاتلىرىنى قاترىتىپ ئۆتۈپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ قارىسى يىتكەندىن كېيىنلا، كارۋان بېشى كارۋانغا يەنە ئۆز يولىغا چۈشۈشنى بۇيرۇپ، يولنى داۋاملاشتۇردى.

* * *

بۇ خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشاننىڭ يىگىرمە بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىن مۇلكىي قەشقەرىيىگە قىلغان ئىككىنچى قېتىملىق سەپىرى ئىدى. ھازىر ئۇ پەرغانىدىكى نەمەنگاندىن قەشقەرگە ئىشانكالانلىق مەرتىۋىسىدە قايتقانىدى. نەقشىبەندىيە مەزھىپىنىڭ ئىشانكالانلىقى خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشاننىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ ئارزۇسى ئىدى. بوزرۇكۋار پەدەزى مەخدۇم ئەزەم سۇلۇك تەۋرەتكەن ئاشۇ قەشقەرىيىدە مەخدۇم ئەزەم تەرىقىتىنىڭ ئاللىقاچان ئۆچكەن گۇلخان ئوتلىرىنى يېڭىۋاشتىن ياندۇرۇش — ئۇنىڭ ھازىرقى بىردىنبىر مەقسىتى ئىدى.

---

① چاغداۋۇل — مۇھاپىزەتچى ئەترەت.

— ئى بابائى بۇزرۇك، خۇدا بۇ ئالەمنى خوجا مۇھەممەت شېرىپتەك ئىشانلارغا لىق تولدۇرۇۋەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۆزۈم ئۇلارنى يەككە ۋە تەنھا قىرغىن قىلغايمەن، — دېدى ئېشەك ئۈستىدە ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان چىشىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ، — مەن مۇلكىي قەشقەرىيە تامان بېرىپ، خوجا مۇھاممەت شېرىپ تەرەپدارلىرى بىلەن-تۇتۇشماي قويمايمەن. مۇرىت - مۇرشىدلىرىنى تامام ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۆزىنى تىرىك تۇتقايمەن. ئۇ سىزنىڭ چاچ - ساقاللىرىڭىزنى، موي - تۈكلىرىڭىزنى تامام يۇلۇپ، يۈگۈدىلاپ، يۈزىڭىزگە قازاننىڭ كۈيىسىنى سۈرتۈپ، ئېشەككە تەتۈر مىنگۈزۈپ، ئاۋدان - ئايماقلارنى تامام ئايلاندۇرۇپ شەرمىسار ئەيلەپتۇ. مەن ئەمدى ئۇنى تۇتۇپ، كۈندە بىر ئارپا توقىچى بېرىپ، يەتتە يىل ئۆشنىسىدە يانتاق يۈدگۈزۈپ، گۆلەخ ئەتكۈزۈپ، دالاكلارغا ئوت قالىغىلى سالمايدىغان بولسام، ئۇنىڭ ھەر قانداق ئەيىش - ئىشرەتلىرىنى بۇرنىدىن چىلىق - چىلىق چىقارمايدىغان بولسام، سىزگە قىلغان جاپا - كۈلپەت، ئىزا - ئاھانەتلىرىنىڭ ئورنىغا بىرنىگە ئون ھەسسە تارتقۇزمايدىغان بولسام ۋە سىزنىڭ تەرىقىتىڭىزنى مۇلكىي قەشقەرىيىدە بىردىنبىر تەرىقەتتى شەرىئەت قىلىپ تىكلىمەيدىغان بولسام، مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئوغلى خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان بولماي كېتەي!

ئۇنىڭ ئېشىكى سوكۇلداپ مېڭىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئېشەكلىك كېلىۋاتقان مىرئەنۋار سوپى بىلەن موللا ئەھمەت سوپى ئىككىسى خېلى يىراقتا قالغانىدى. مۇشۇ تاپتا، بۇزرۇكۋار پەدەرىنىڭ سىماسى ۋە ئىشانكالانلىق ئىرشاتنامىسىگە مۇشەررەپ بولغان ئاشۇ ئاخشامدىكى مەنزىرە خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشاننىڭ كۆز ئالدىدىن بىر-مۇ-بىر ئۆتۈۋاتاتتى.

— ئوغلۇم خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان، — دېدى ئۇنىڭغا بۇزرۇكۋار پەدەرى مەخدۇم ئەزەم زەئىپ ئاۋازدا، — پىقىر گەرچە مۇلكىي قەشقەرىيەدىن قوغلاندى قىلىنغان بولسامۇ ۋە لېكىن ئاللانىڭ ھىمايىتىگە ئېرىشىدىغىنىمغا ئىشەنچىم كامىل. تا ھازىرغىچە قىلچىمۇ ئۈمىدسىزلەنگىنىم يوق. تىرىكلا بولسام. . . ھېلىمۇ ئاشۇ زېمىنغا قايتا ئاياغ بېسىش ئارزۇسىدىمەن. . . ياق، ئەگەر بۇ شەرەپكە نائىل بولالمىسام، ئۇ يەرگە بېرىش پېشانەمگە پۈتۈلمىگەن بولسا، بۇ ئارزۇ-ئارمىنىمنى سەن يۈرەك - پارەمگە قالدۇرۇپ كەتمەكتىن باشقا چارە يوق!

— خاتىرجەم بولغايسىز ئى پەدەرى بۇزرۇك! — دەپ لەۋزە قىلدى خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان، — مانا سىزنىڭ ئورنىڭىزدا بىز قەشقەر تامان ئاتلانغايمىز. مەيدانغا چۈشكەن مەردۇ-مەردانىلەر تىرناق تاتىلاپ ئولتۇرمايدۇ. بېشىمىزغا كەلگىنىنى كۆرەرمىز!

بۇ چاغدا ئاتىسى مەخدۇم ئەزەمنىڭ كۆزلىرى يەنە ياشقا لىق تولدى:

— خۇداغا مىڭ قەترە شۈكرانىكىم، ئىلاھىم ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولغاي، مۇلكىي قەشقەرىيە تامان بارغايسەن، ئۇ يەردىكى ئەھلى مۇرىتلار ساڭا باقىي قالدى. مېنىڭ يەتمىش يىللىق تىرىشچانلىقىم زايە كەتمەپتۇ. سېنىڭدەك ۋارىسىم ھاياتلا بولىدىكەن، مەن مۇلكىي قەشقەرىيەدە يىگىرمە يىلدىن بېرى تەۋرەتكەن سۇلۇك تەرىقىتىمۇ ئىز-دېرەكسىز يوقىلىپ كەتمىگۈدەك! . . .، — دېدى ھاياجان ئىلكىدە بوغۇلۇپ تۇرۇپ.

— ئىنشائاللا، بۇزرۇكۋار پەدەرىمنىڭ ياخشى نىيەتلىرى ئەمەلگە ئاشقاي، ھەقتائاللا ئۆمرىنى باقىي قىلغاي!

ئاتىسى مەخدۇ ئەزەم:
— ئى پەرزەنت خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان، بىلەمسەن؟ پىر يارانلەر كىملەردۇر؟ — دەپ ئۇنىڭدىن سورىۋېدى، ئۇ دەررۇ جاۋاب بېرەلمەي تۇرۇپ قالدى.
ئاتىسى ئۆزىنىڭ سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بېرىپ:
— پىريارانلار شۇنداق بىر گۇرۇھ ئادەملەركى، دېدى، — ئۇلار قۇرئانى كەرىمدە: «ئەل تەقدىرۇل ۋەل قەلەم»[①] دېيىلگەنلەردۇر. ئۇلار: «بۇ ئالەمدىكى كۈللىي مەۋجۇدات شەك - شۈبھىسىزكى ئاللاغا خاستۇر. ئىنسان ئەنە شۇ مەۋجۇداتلىقتىكى تىرىكلىكنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاللا تەرىپىدىن يارىتىلىشى، تىرىكلىكى ۋە تەقدىرى ئۇلۇغ ئاللاغا مەنسۇپ بولىدۇ، ئاللادىن بىئىزنى قىل تەۋرىمەيدۇ» دەپ ھېسابلايدىغان ماشايىخلاردۇر![②] ئۇل پىريارانلار خوجام رەسۇلۇللا بىلەن بەندىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستىگە ئەلچىلەر دۇر، پىرئىنەلھەقتۇر، ئىلمىي غايىبنى بىلگۈچىلەردۇر!...
— ۋاي دانا بۇزرۇك، سۆزىڭىز بەرھەق، نېمىدېگەن بىر جۈملىسى تۈمەن جۈملىگە باراۋەر تۇرىدىغان پاساھەتلىك سۆزلەر بۇ! سىز قەلبىمىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە كۆز تاشلىدىڭىز. سىز پەدەرىمگە يۆرەك - باغرىمىزدىكى بارلىق سىر - ئەسىرالار بەش قولدەك ئاياندۇر!
— شۇنداق، ئى خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان، ياق، ئى ھۆرمەتلىك خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشانكالان! — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى مەخدۇم ئەزەم، — ئى پەرزەنت، بىلەمسەن! زاھىرى[③] ئالەمدىكى كۈللىي مەۋجۇداتلارنىڭ

---

① مەنىسى: «بەندىنىڭ تەقدىرى، رىزۋۇلىسى ئۆزى يارىتىلىشتىن ئىلگىرى ئاللاتائالا تەرىپىدىن ئاللىقاچان پېشانىسىگە پۈتۈلگەن بولىدۇ.»
② بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن موللا مۇھەممەت ھۈسەيىن كۈچارى بىلەن موللا توختى خەلپەت قەشقەرىيلەر يازغان «تەزكىرەئى پىرياران» (قولىيازما) غا قارالسۇن.
③ زاھىرى ئالەم — ئاشكارا، ئوچۇق ئالەم.

ھەممىسى، كائىنات ھادىسىلىرىنىڭ ھەممىسى، بەدىلەرنىڭ نەپسى ـ ئىنتىلىشلىرىنىڭ ھەممىسى باتىنى[1] ئالەم ئۇچۇندۇر! مۇرىتلار، پىرىنىڭ ئىختىيارىدىكى بىقۇۋۇل ئۆتكۈنچى مەخلۇقتۇر! پىريارانلارلا باتىن ئالەم ئۇچۇن ئىنتىلەقتۇر! مىنىڭ نەپەس ئالماي ھەمدە ئاۋازمۇ چىقارماي تاۋۇتتا ياتىدىغان سائەتلىرىم يېقىن قالدى، ناھايىتى يېقىن قالدى! . . . بۇ سائەتنىڭ يېتىپ كېلىشىنى ئالدىن كۆرۈپ تۇرۇش مېنى تىترەتمەكتە! يىراق . .

ئاتىسىنىڭ ئاۋازى تىترەپ كېتىۋاتاتتى. ئاجىز ئۇ ئاشۇ تىترىگەن ئاۋازى بىلەن خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشانغا:

— ئى ئىشانكالان، ماڭا ياردەم قىلغايسەن! — دەپ مۇراجىئەت قىلدى.

— ئى بابائى بۇزرۇك، ئېيتىڭچۇ، نېمە بىلەن قانداق ياردەم قىلغايمەن؟!

— ئىنسان ھەر ئىككىلا ئالەملىك ۋابال ـ ساۋابىنىڭ شاھىتى، ئاجىزالماس ھەمراھىدۇر! شۇڭا، ئۇلۇغلارنىڭ مۇقەددەس تەنلىرىنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىش ئۇچۇن مۇقەددەس مازار، مۇقەددەس مۆجىزات قىلىپ تۇرغۇزماق لازىمدۇر. مۇرىتلار ئاللاغا بولغان مۇسۇلمانچىلىق قەرزلىرىنى پەقەت ئاشۇ مۇقەددەس مازار، مۇقەددەس مۆجىزاتلارغا سەجدە قىلىش بىلەنلا گەردەنلىرىدىن ساقىت قىلالايدۇ. دېمەكچىمەنكى، سەن مۇلكىي قەشقەرىيە تامان بارغاندا، ئەنە ئاشۇنداق مۇقەددەس مازارلارنى، مۇقەددەس مۆجىزاتلارنى تولا ـ تولا بەرپا قىلغايسەن. بۇتپەرەسلەرلا يىدىن بۇت ياساپ سەجدە قىلىشىدىغۇ، سەن ئاشۇنداق مۇقەددەس مازارگاھلارنى، مۇقەددەس مۆجىزىلەرنى ياسىساڭ نېمىشقا بولمايدىكەن؟ شۇنداق قىلساڭلا، قەشقەرىيە

[1] باتىنى ئالەم — يوشۇرۇن، يېپىق ئالەم.

مۇزاپىتىدىكى سان - ساناقسىز نادان ئەھلى ئۇيغۇرنى ئۆز چىنكىڭدىن زادى چىقمايدىغان قىلالايسەن!
بۇ چاغدا خوجا مۇھەممەتئىمىن كۆلدى ۋە خۇددى ھەممە ئىشنى چاڭگىلىدا تۇتۇپ، تۇزۇۋاتقان ئادەمدەك چاڭگىلداپ سۆزلەپ كەتتى:
— ئى بابائى بۇزرۇك، خاتىرجەم بولغايسىز، بۇ تاپشۇرۇقىڭىزنى ۋايىغا يەتكۇزۇپ ئورۇندىغايمىز، بەختىڭىزگە ئىشانكالانلىق ئىرشاتنامىسى كىچە - كۈندۈز ئىبادەت قىلىدىغان بىزدەك تەقۋادار مۇسۇلماننىڭ قولىغا چۈشۈپتۇ. بۇ ئىرشاتنامىنىڭ قۇدرىتىگە باشقا ھېچقانداق نەرسىنى تەڭلەشتۇرگىلى بولماس. بىز پەقەت ناھايىتى زۆرۆر بولغاندىلا ئۇنىڭدىن پايدىلانغايمىز. بىز بۇ ئىرشاتنامىنىڭ كارامىتى بىلەن مۇرىتلارنى خانىقا، تۇنەكخانە، قەدەم جايلارنى راسلاشقا سالماي، پەلكى جەڭگىۋار سوپى توپلاپ دەھرىي ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشىمىز تامامەن مۇمكىن. بىراق، بىز كەلگۈسى ئۈچۈن باشقا بىر يولنى تالىۋالدۇق.
بۇ چاغدا ئاتىسى مەخدۇم ئەزەم ئوغلىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى - دە، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەستىن ماختاپ كەتتى:
— باركاللا، ئى پەرزەنت، تۇمەنمىڭ باركاللا! — ئۇ مۇشۇ تاپتا خۇشاللىقىنى باشالمايۋاتقانىدى، — شۇنداق، مۇرىتلارنى ئىشقا سېلىشنى بىلىش كېرەك، ئۇلارنىڭ پۈتۈن تەلپىنى بىر يوللا قاندۇرۇۋەتسە بولمايدۇ، ھۆرمەتلىك ئىشانكالان، ئۇلارنى خۇددى ئاشىقلاردەك ئۆزۈڭگە مەھلىيا قىلىپ تارتىپ تۇرۇشۇڭ كېرەك. ئەگەر، مۇرىتلارنىڭ دىلىدىكىنى تەشنالىقنى بىراقلا قاندۇرۇۋەتسەڭ، ئۇلار سېنىڭ ئارقاڭدىن ئىككىنچىلەپ ئەگەشمەيدۇ! ئەكسىچە، تېگىلىپ - قېچىپ تۇرساڭ، كۈندە شاپاشلايدىغان بولىدۇ. مېنىڭ بۇ گېپىمگە

ئىشەن!

— ...

خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان ئاتىسى مەخدۇم ئەزەم بىلەن خىيالەن سۆزلىشىپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ ئاستىدىكى ئېشىكى قاتتىق ھاڭراپ كۆچەپ كەتكەنلىكتىن، «تارت!» قىلىپ ئوسۇرۇپ سالدى. قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان يەرگە ئۇچۇپ كەتكىلى تاس قالدى ـ دە، دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ، ئېشەكنىڭ ئۇستىدە تېقىمىنى قىسىپ چىڭ ئولتۇردى...

* * *

ھۆرمەتلىك كىتابخان، بۇ يەردە ئەھلى تەرىقەتنىڭ ئىسلام دۇنياسىدا پەيدا بولۇش، تارقىلىش ۋە بىر پۈتۈن ئەقىدە بولۇپ شەكىللىنىش جەريانىنى بىلىش ئۈچۈن، گەپنى يەنىلا ئىسلامىيەت تارىخىدىن باشلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

مىلادى 632 ـ يىلى (تىمساھ يىلى) مۇھەممەت پەيغەمبەر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ خەلىپىلىك ئورنىنى تالىشىپ يۈز بەرگەن «شىئە»، «سۈننىي» ئىزاپەتچىلىكى بارغانسېرى ئۇلغىيىپ، مۇرەسسەسىز ھالەت شەكىللەندى. ئىسلام دۇنياسىدا شەكىللەنگەن بىر ـ بىرىگە قارشى بۇ ئىككى مەزھەپنىڭ يۇقىرى قاتلام يېتەكچىلىرى ئارىسىدا پەيدىنپەي مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى تەلىماتلىرى (قۇرئان) بىلەن ئىسلامىيەتنىڭ مۇھەممەت پەيغەمبەر تەكىتلىگەن ئەھكام، ئۇقۇم، پرىنسىپ، ئەقىدە ۋە ئەنئەنىلىرىنى ھەر كىم ئۆز مەۋقەلىرىنى چىقىش قىلغان ھالدا خالىغانچە بىر ـ بىرىگە زىت تەپسىرلەيدىغان، چۈشەندۈرىدىغان، تائەت ـ ئەمەل قىلىدىغان ھالەت شەكىللەندى.

شىئەلەرنىڭ ئۆلىمالىرى: «قۇرئاننىڭ ‹باتىن› ھەم ‹زاھىر› مەنىلىرى بار. ‹باتىن› مەنىسى بەندىلەرنىڭ شەرتسىز، شەك - شۈبھىسىز تائەت - ئەمەل قىلىشىغا قارىتىلغان» دەپ دەۋا قىلىشاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ قاراشلىرىنىڭ مۇستەھكەم ۋە مەڭگۈلۈك «ھەقىقەت» ئىكەنلىكىنى ئاساسلاش ئۈچۈن، ھەزرىتى ئەلىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى گەپ - سۆزلىرى ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىگە ئاساسەن، ئۆزلىرىنىڭ نۇقتىئىنەزەر، دىنىي پرىنسىپلىرى مەركەزلەشتۈرۈلگەن «ئەخبار» ناملىق چوڭ كىتابنى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنى «قۇرئان» بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويۇشتى.

سۈننىيلارنىڭ ئۆلىمالىرىمۇ «قۇرئاننىڭ ‹زاھىر› ھەم ‹باتىن› مەنىلىرى بار. ‹زاھىر› مەنىسى بەندىلەرنىڭ شەرتسىز ھەم شەكسىز تائەت - ئەمەل قىلىشىغا قارىتىلغان» دەپ دەۋا قىلىشاتتى. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ بۇ قاراشلىرىنىڭ مۇستەھكەم، مەڭگۈلۈك «ھەقىقەت» ئىكەنلىكىنى ئاساسلاش ئۈچۈن، مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ساھابىرىنىڭ گەپ - سۆزلىرى ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىگە ئاساسەن ئۆزلىرىنىڭ نۇقتىئىنەزەر، دىنىي پرىنسىپلىرى مەركەزلەشتۈرۈلگەن «سۈننىي» ناملىق چوڭ كىتاب (قۇرئان تەپسىرى) نى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنى قۇرئان بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويۇشتى؛ «شىئە» لەرنىڭ ئۆلىمالىرى قۇرئاننىڭ «باتىن» مەنىسىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، «زاھىرىي ئالەم» دىكى ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنىڭ ھەممىسى «باتىن ئالەم» ئۈچۈندۇر، شۇڭا بەندىلەر ئۇ «ئالەم» ئۈچۈن بولغان خۇدايى قۇلچىلىق دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەسلىك لازىم، دەپ ھېسابلاشتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ تۇتقان يولىنى «ئەھلى تەرىقەت» (تەركىدۇنيالىق) دەپ ئاتاشتى؛ «سۈننىي» لەرنىڭ ئۆلىمالىرىمۇ قۇرئاننىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنى ئىدارە قىلالايدىغان بىردىنبىر،

ھەقىقىي دەستۇر ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، «باتىنىي ئالەم» «زاھىرىي ئالەم» ئۇچۇن قوشۇمچە ئۇقۇم، دەپ ھېسابلاشتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ تۇتقان يولىنى «ئەھلى شەرىئەت» (زاھىرىي ئالەم يولى) دەپ ئاتاشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۆز ۋاقتىدا پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدا مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئىسلام دىنى بايرىقى ئاستىغا ئۇيۇشقان تۇرلۇك مۇسۇلمان قوۋملىرى ئەمدى بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىككى بايراق ئاستىغا بۆلۈنۈپ ئۇيۇشۇپ، ئىچكى جاڭجال، مەزھەپ ئۇرۇشلىرىنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلىنىشقا باشلىدى. كېيىنكى چاغلاردا بۇ ئىككى مەزھەپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىپ، سان ـ ساناقسىز قانلىق ئۇرۇشلارغا سەۋەبچى بولدى. . .

بىراق، ئىش بۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشمىدى. مىلادى 741 ـ يىلى (يىلان يىلى)، ئىراندىكى شىئەلەر ئۇمەييەلەر سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى ھېشام[1] ئۇستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈپ، تۇنجى قېتىم خەلىپىلىك دەۋاسىنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

ئىمام ھۇسەيىننىڭ[2] كەربالا ئۇرۇشىدا ساق قالغان بىردىنبىر ئوغلى، شىئەلەرنىڭ 4 ـ ئەۋلاد ئىمامى — زەيىد ئىبنى ھۇسەيىن ئىبنى ئەلى كۇفەدە ئۇمەييەلەر سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى ھېشام ئۇستىدىن ئىسيان كۆتۈرگەندە، شىئەلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇنىڭ بايرىقى ئاستىغا توپلىنىشتى.

ئىسيانچىلار ئىراندا ھاكىمىيەت قۇرۇپ، ئۆزلىرىنى «ھاشىمىيە خەلىپىلىكى» دەپ ئاتاشتى. خەلىپە زەيىد كۆپ ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىشقا ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپلا ۋەدىسىدىن يېنىۋالدى ۋە ئۆز ھاكىمىيىتىنى

---

① ھېشام (724 ـ 743 ـ يىللىرى تەختتە) — ئۇمەييەلەر سۇلالىسىنىڭ 10 ـ ئەۋلاد خەلىپىسى.

② ئىمام ھۇسەيىن (625 ـ 680) — مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ قىزى بىبى پاتىمە بىلەن ھەزرىتى ئەلىدىن تۇغۇلغان نەۋرىسى. تولۇق ئىسمى ھۇسەيىن بىن ئەلى بىن ئەبۇ تالىپ ھاشىم.

ئىلاھى ھاكىمىيەت ۋە دۇنياۋى ھاكىمىيەت، ئۆزىنى بولسا «ئىلاھى خەلىپە» دەپ جاكارلىدى. ئۇ شۇنداق ئىستىبداتلاشتىكى، خەلقتىن ئۆزىگە مۇتلەق بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، ھېچقانداق بىر كىشىنىڭ «ئىلاھى خەلىپە»گە قارشى چىقىشىغا مۇتلەق ھەققى يوقلۇقى توغرىسىدا كۆپلەپ تەقىب - پەرمانلارنى جاكارلىدى. بىراق، مىلادى 743 - يىلى (قوي يىلى)، خەلىپە ھىشامنىڭ يۇسۇپ ئىبنى ئۆمەر دېگەن بىر باش ۋالىيى ئىراندا قوزغىلغان بۇ شىئەلەر ھاكىمىيىتىنى بىت - چىت قىلىپ تاشلاپ ئىسيانچى خەلىپە زەيىدنى تۇتۇپ كېلىپ دارغا ئاستى. ئۇنىڭ شېرىكلىرى تارقىلىپ كېتىشتى. شۇنىڭ بىلەن شىئەلەر ئوتتۇرىسىدا بارلىققا كەلگەن بۇ دەسلەپكى بىرلىك پارچىلىنىپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. ھاشىمىيلەر شىئەلەرنىڭ ئىچكى بىرلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۆز قوۋملىرى ئارىسىدىكى ئىشان① ۋە قەيسەر تەقۋادارلاردىن «سوپى - زاھىد پىرقىسى»② نى تەشكىل قىلدى. «تەزكىرەئى پىرياران» دېگەن كىتابتا بۇ «سوپىي زاھىدلار پىرقىسى» توغرىسىدا مۇنداق دەپ مەلۇمات بېرىلگەن ئىدى: «... ھەزرىتى بەنى ھاشىم - ھەزرىتى خوجام رەسۇلۇللانىڭ بۇ ئائىلىدىكى ئۇممەتلىرىگە قالدۇرۇپ كەتكەن بىردىنبىر ئەۋلادى، بەرھەق ۋەكىلى ئىدى، ئەھلى ئىسلامنىڭ پاناھى، ئىقلىمگىرى ۋە نىجادچىسى ئىدى. شۇڭا، خوجام رەسۇلۇللانىڭ مۇبارەك ئىسىم - سۈپەتلىرىنى ئۆزىگە خاس تۇتۇپ، لىباس ئىھرام③ كىيىپ، مۇرىتلىرى بولسا لىباس تەۋەررۇكات كىيىشىپ، باشقىلاردىن ئولپاز، تورق، سالاپەت، سۈپەت پەرقلىرى بىلەن پەرقلىنىپ، ھۆرمەت دەرىجىلىرى بويىچە

① ئىشان — شان - شەرەپ كەلتۈرگۈچى، دېگەن مەنىدە.
② سوپى - زاھىد — تەرىقەت تەقۋادارلىرى، دېگەن مەنىدە.
③ لىباس ئىھرام — مۇھەممەت پەيغەمبەر ھايات ۋاقتىدا، ئىماملىق قىلغاندا كىيىمى ئۈستىدىن ئورىۋالغان ئاق رەختىنىڭ نامى.

سوپىزاتلىق تەلقىنلىرىدە توۋا - ئىستىغپارنى تىللىرىدىن چۈشۈرمەيتتى...»

ئۆزلىرىنى «بەرھەق پەيغەمبەر ۋەكىلى» دەپ ئاتىشۇالغان بۇ كىشىلەر دەل كېيىنكى چاغلاردا ماۋرائۇننەھىر ۋە پۈتۈن مۇلكىي تۈركىستاندا ئۆزلىرىنى سەيىدلەر دەپ ئاتاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغ نام - سۈپەتلىرىنى سۈيئىستېمال قىلىپ، ئىشلىمەي چىشلەشنى كەسىپ قىلىشۇالغان، ئىسلام ئەقىدىلىرىنى دەپسەندە قىلىپ يۈرۈشكەن ئاشۇ دەستەكسىز خوجا - ئىشانلارنىڭ تۇنجى پىرلىرى ئىدى.

هاشىمىلەر ئۇمەييەلەر سۇلالىسى تەرىپىدىن قانلىق باستۇرۇلغاندىن كېيىن ھەر قايسى ئەرەب - ئەجەم يۇرتلىرىغا ۋە مۇلكىي تۈركىستاندىكى ھەر قايسى مۇسۇلمان ئەللىرىگە پاناداپ قېچىپ كېتىشتى. لېكىن، بۇ تەرسا، قاچاق سوپى - زاھىدلار ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان مۇشۇ يەرلەردىمۇ يەنىلا تەرىقەتچىلىك ھەرىكەتلىرىنى توختىتىشمىدى. شىرۋان، بەسىرە، پارس، شىراز، ھەمەدان، ھىرات، بۇخارا، سەمەرقەند، قەشقەر... قاتارلىق جايلاردا ھەر خىل ناملار، ھەر خىل شەكىللەر بىلەن ئاشكارا، يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىشىۋاتقان نۇرغۇن چوڭ - كىچىك سوپى - زاھىدلار گۇرۇھى پەيدا بولۇشتى ۋە بارا - بارا بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ چوڭ - سوپى - زاھىدلار تۈركۈمىنى بارلىققا كەلتۈردى. تارىختا «قوۋمى سۇلۇك داھىيلىرى» دەپ ئاتالغان مەشھۇر سوپى ھۇسەيىن ئىبنى مەنسۇر ھەللاج، شەيخ نەجمىدىن باغدادى، يۇسۇپ ھەمەدانى، خوجا ئابدۇخالىق سانايى، ئەتتارى، جالالىدىن رومى، خوجا ئەھرارى... پىرقلىرى ئەنە شۇ سوپى - زاھىدلار تۈركۈمىنىڭ تەپرىقات ناملىرى ئىدى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، مىلادى 8 - ئەسىردىن 12 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا يالغۇز مۇلكىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىر - بىرىدىن مۇستەقىل

بولغان ئاشكارا - يوشۇرۇن سوپى - زاھىدلار تۈركۈمى توقسان توققۇزغا، پىرلىرى بىر يۈز بىرگە يەتكەنىدى!

ئەھلى تەرىقەتچىلەر بارلىققا كەلگەن كۈندىن تارتىپلا ئۆزلىرىنى «سەييىدلەر» دەپ ئاتىشىپ، نوقۇل تەرىقەت بېكىنمىچىلىك مەۋقەلىرىنى چىقىش قىلىپ، قۇرئاننىڭ «باتىن» مەنىسى بويىچە ئىسلام دىنىنى تەرىقەتلەشتۈرۈشكە، مۇسۇلمانلارنى سوپى - زاھىدلاشتۇرۇشقا ئۇرۇندى. كەڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئۆزلىرىنى «سۇلۇك داھىيسى»، «پىرئەزەم» دەپ تەرغىب قىلىشتى. ئۇلار پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئاللىبۇرۇن ئورتاق ئەمەل قىلىش مىزانى ۋە ئەنئەنە پرىنسىپىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىسلام ئەھكامى، ئەركانلىرىدىن ۋە قۇرئاندىكى بەلگىلىمىلەردىن چەتلەپ، بەزى غەيرىي ئىسلام ئەھكاملىرىنى مەسىلەن، بۇددا، براخمان ۋە يەھۇدىي دىنلىرىغا مەنسۇپ بولغان نەرسىلەرنى ئىسلام دىنىغا ئارىلاشتۇرۇۋېتىشتى ياكى ئىسلامىيەتتە يوق نەرسىلەرنى بار قىلىپ كۆرسىتىشتى. قۇرئاندىكى نۇرغۇن ئايەت، سۈرىلەرگە ۋە ھەدىسلەرگە ئۆزلىرى خالىغىنىچە مەنا بېرىشىپ ۋە ياكى ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ غەيرىي نۇقتىئىنەزەرلىرىنى سىڭدۈرۈپ يېڭى بىر خىل «دىنىي تەلىمات» شەكلى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىرىشتى... سۇلۇك يولىدا يۈرگەن تەرىقەتچى ماشايىخلار ئۆزلىرىنى «پىر» دەپ ئاتاشتى. ئۇلار قۇرئان كەرىمدىكى: «... مۇسۇلمان بەندىلەر ئاللانىڭ بىرلىكى، پەيغەمبىرىنىڭ بەرھەق ئىكەنلىكىگە ئەقىل - پاراسەتلىرى بىلەن قايىل بولۇشى، ئىمان كەلتۈرۈشلىرى، تائەت - ئىبادەت قىلىشلىرى زۆرۈردۇر...» دېگەن ئەقىدىنى «... ئىمان — تىل ھەم دىل بىلەن تەستىقلاش، بەدەن مۆچىلىرى بىلەن ئورۇنلاشتۇر. يەنى، ئىمانغا بەدىنى ئارقىلىق كىرىشتۇر...» دېگەن ئەقىدىگە ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇلار: «بەندە

پەقەت جىسمانىي بەدىنى بىلەنلا بەندىدۇر، بەندىسىنىڭ ھەر بىر مۆچىسى ھەر ئىككىلا ئالەمدە بەندىنىڭ ۋابال ـ ساۋابىنىڭ شاھىتىدۇر، ئاجرالماس ھەمراھىدۇر» دەپ ھېسابلاپ، پىرلارنىڭ مېيىت ـ جەسەتلىرى قويۇلغان جايلار «تەن ئاساس»، «تەن مەڭگۈ»، ئۇلۇغ مۆجىزات بولغان «مۇقەددەس مازارلاردۇر»، شۇڭا بەندىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاللاغا بولغان مۇسۇلمانچىلىق قەرزلىرىنى «مۇقەددەس مۆجىزات» ھېسابلىنىدىغان ئاشۇ مۇقەددەس مازارلارغا سەجدە قىلىش ئارقىلىق ساقىت قىلالايدۇ، دەپ دەۋا قىلىشتى. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرى تۈپ نېگىزىدىن ئېيتقاندا «خۇدادىن خۇدالىق»، «پەيغەمبەردىن پەيغەمبەرلىك تالاشقانلىق»، ئاللا بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدا مۇھەممەت پەيغەمبەردىن باشقا يەنە بۆلەك «ۋاستىچى زات» پەيدا قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىناتتى، بۇ ئۇچىغا چىققان كاززاپلىق ئىدى.①

سوپى ـ زاھىدلارنىڭ ئەخلاق سۈپەتلىرى ھەققىدە ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكىلەر ئاللىقاچان ئېنىق ئۇقۇمغا ئىگە ئىدى: «ئۆزىنى ‹سوپى›، ‹دىن ئەھلى›، ‹ئەھلى تەقۋا›، ‹شەرىئەت ئىگىسى›، ‹دەرۋىش› دەپ ئاتىغانلارنىڭ جاۋانمەردلىكى ئوغرىلاردىن، سىپاھلاردىن ۋە بازارچىلاردىن ئارتۇق بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ئۇلارنىڭ تەڭرىتائالادىن ئالغان نىسبى ‹تەن› ۋە ‹جان› دۇر. ئۇلارنىڭ جاۋانمەرتلىكى شۇنداق بولۇشى كېرەككى، ئۆزىنى (تەڭرىدىن باشقا دۇنيا راھەت لەززەتلىرىدىن ۋاز كەچكەن) ‹زاھىد› دەپ سۆزلىشىگە مۇۋاپىق بولۇپ، تۇرمۇش مەئىشىتىنى ئۆز گېپىگە توشلۇق ئۆتكۈزسۇن. رىيادىن يىراق بولسۇن. كىشىلەر بىلەن جەڭ ـ جېدەل قىلىشمىسۇن ۋە خەلقىقە دىن ئىشلىرىدا دەخلى يەتكۈزمىسۇن،

① بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن، سۇلتان باي ھاجىم يازغان «بۇرقۇم ئەۋلىيا» (قولىيازما) غا قارالسۇن.

كىشىلەرگە ئۆز نەپسىنى دەپ ھەر خىل بولمىغۇر پەتىۋالارنى ئۆگەتمىسۇن. چۈنكى، كىشىلەرگە زىيانلىق پەتىۋالارنى ئۆگىتىش — خەلققە ياۋۇزلۇق قىلغان بولىدۇ. ئۇلار ھىيلىگەرلىك بىلەن يالغان قەسەم قىلمىسۇن، دىن مەسىلىلىرىنى توغرا، ھەقىقىي بىلسە، خەلققە تەمەسىز ئۆگەتسۇن ئەمما دىنىنى دۇنياغا ساتمىسۇن، پاسىقنى پىسىق سەۋەبى بىلەن مالامەت قىلمىسۇن، مەيلى گۇناھى بار، گۇناھى يوق بولسۇن، بىر كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە ھۆكۈم چىقارمىسۇن، چۈنكى، چىقىرىلغان پەتىۋا ـ ھۆكۈملەرنى تۈزىتىشكە بولىدۇ. ئەمما، ئۆلۈمنى تۈزەتكىلى بولمايدۇ. ئۆز مەزھىپىنى (كۆز قارىشىنى) قوللاپ كۈچەيتىش ئۈچۈن، يەنە بىر مەزھەپنى ھاقارەتلەپ، باشقا مەزھەپ ئەھلىنى «كاپىر» دېمەسلىك لازىم. چۈنكى، «كاپىر» دېگەنلىك — سەن دىنى ئىسلامدا ئەمەس، دېگەنلىكتۇر. قۇرئان كەرىمدە ياكى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە «مەزھىپى باشقا بولغانلارنىڭ دىنى باشقا، «ئىسلام دىنىدا ئەمەس» دېگەن ھۆججەت يوق. تەڭرىگە يېقىنلىشىش ۋە رەھمىتى ئىلاھىيە ھەققىدە ئۆزى بىلمىگەن بىر ئىلىمنى ئاڭلىسا، ئۆزى بىلمەي تۇرۇپ ئىنكار قىلمىسۇن. خەلقنى تەڭرىنىڭ رەھمىتىدىن نائۈمىد قويمىسۇن. يەنى، گۇناھكارلارنى بەزىدە ئازاب بىلەن قورقۇتسۇن، بەزىدە رەھمەت ـ مەغپىرەت بىلەن ئۈمىدۋار قىلسۇن. بۇ بايان قىلىنغان سۈپەتلەر مۇپتى ـ قازىلار ۋە ۋەز ئېيتقۇچىلار، ئۆزىنى ئىشان ـ ھەزرەت دەپ يۈرگەنلەرنىڭ جاۋانمەردىلىكىدۇر...»①

سوپى ـ زاھىدلارنىڭ ئەخلاق ـ سۈپەتلىرى شۇ چاغلاردا ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى ئالىملار يازغان كىتاب، دەستۇرلاردا

① شەمسۇل مائالى قابۇس: «قابۇسنامە»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1982ـ يىل 6ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 169 ـ، 170 ـ بەتلەر.

كەڭ زىكرى قىلىنغانىدى. مەسىلەن، ئەبۇل قاسىمى يازغان «ئەدەبۇل رەسائىل»، شەيخ ھەسەن قۇددۇسى يازغان «كىتابۇل ساپا»، شەيخ ئەبۇمەنسۇر دەمەشىقى يازغان «ئەرىمەتۇللا» ۋە شەيخ ئەلى تەۋھىدى يازغان «كەشپۇلئايان» دېگەن كىتابلاردا سوپى ـ زاھىدلارنىڭ ئەدەب ـ ئەخلاق ئۆلچىمى كەڭ ۋە سىستېمىلىق بايان قىلىنغانىدى. بۇ قائىدە ـ مىزانلارغا ئەمەل قىلغانلار توغرا يولغا ماڭغانلار، دەپ ھېسابلىنىپ، ئۇلارنىڭ خۇدانىــــڭ ۋە ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسساللامنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشەلەيدۇ، دەپ قارىلاتتى.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئىسلام ئەقىدىلىرى ئاللا بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدا مۇھەممەت پەيغەمبەردىن باشقا «يەنە بىر زات» بار دېگەن قاراشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. بەيتۇللا ھەرەمدىن باشقا «مۇقەددەس مازار»، «مۇقەددەس مۆجىزات» لارنــــى تاۋاپ قىلىشقىمۇ قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. شۇڭا، ئىسلام ئەقىدىسىدە بۇنداق «تاۋاپ قىلىش» ھەرىكەتلىرى بۇتقا سەجدە قىلىشنىڭ دەل ئۆزىدۇر. ئۇنداق قىلىش ئاللاتائالانىڭ مۇسۇلمانلار قەلبىدىكى مۇتلەق نوپۇزىنى تۆۋەنلەتكەنلىك بولىــــدۇ. ئەۋلىيالار، ساھابىلەر، دانىشمەنلەرنىڭ توپا ـ تۇپراق باشلىرىغا بېرىپ سەجدە قىلىپ، ئۇلاردىن مەغپىرەت قىلىشنى تىلەش ئاللاتائاللا ئالدىدا گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىك بولىدۇ، دەپ قارىلىــــدۇ. چۈنكــــى، مۇھەممەت پەيغەمبەر ئۆلگەنلەرنىــــڭ تۇپراق بېشىــــغا قەبرە قاتۇرۇش، گۈمبەز ياساش قاتارلىقلارنى بىــــردەك ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش ئارقىلىق، مۇسۇلمانلارنــــى ئاللانىڭ بىرلىكىگە، ئاللانىــــڭ پەيغەمبىــــرىنىــــڭ بەرھەق ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈشكە دالالەت قىلغانىدى. كېيىنكى چاغلاردا قەبرىلەر ئۈستىگە تۈرلۈك بىنالارنى سېلىش ۋە تۈرلۈك نەقىشلەرنى نەقىش قىلىش ئادەتلىرى پەيدا بولغاندا، رەسۇلىللا: «بۇ نەرســـــلەر قارىغان ئادەمگە خۇددى بۇتقا ئوخشاش

كۆرۈنەتتى. . . مىيىتنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ قەبرە بېشىغا كېلىپ تۇرلۇك مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈشى كۆپىنچە مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ بۇتخانىلاردا ئېلىپ بارىدىغان پائالىيەتلىرىگە ئوخشايتتى. . . » دەپ قاتتىق ئەيىبلىگەنىدى. شۇڭا، ئۇ: «دىنىي ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرۇڭلاركى، قىيىنلاشتۇرماڭلار! . . . » دېگەنىدى.①

4

ئىسلامىيەت تەرىپىدىن تۇرلۇك توغرا ھۆكۈم ۋە ھەق ئاساسلار بىلەن رەت قىلىنغان ئەھلى تەرىقەتچىلەر كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامىيەتكە مۇخالىپ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى يەنىلا توختاتمىغانلىقى ئۈچۈن، ھەر قايسى ئىسلام ئەللىرىدە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. مەسىلەن، ئىسلام دۇنياسىدىكى مەشھۇر سوپى - پىرلاردىن بەسرەلىك نەجمىدىن باغدادى، شىرازلىق سوپى يۇسۇپ «خەتمە ئەزەم»، مەۋلانە سەرۋەرى، «بالاگەردان پىرىم» دەپ ئاتالغان ھەمەدانلىق سوپى مۇھەممەت ئەزەم، «پىر ئەزىزان» دەپ ئاتالغان خوراسانلىق سەييىد ئاسىپ ئەزىزى قاتارلىق ماشايىخلار «دىن ئاسىيلىرى» دەپ ئەيىبلىنىپ دارغا ئېسىلدى. ئىرانلىق سوپى ھۇسەيىن ئىبنى مەنسۇر ھەللاجى ئۆزىنى « ئەنەلھەق» دېگەنلىكى ئۈچۈن شەرىئەت تەرىپىدىن دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلدى.

دېمەك، ئىسلامىيەت تارىخىدا ئەھلى تەرىقەتچىلەر ئىسلامىيەتكە مۇخالىپ كېلىدىغان تۇرلۇك قىلمىشلىرى بىلەن كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقاد ئېتىبارىدىن چۈشۈپ كېتىشكەنىدى ۋە ئىسلامىيەتكە دۈشمەن بولغان تۇرلۇك بىدئەت مەزھەپلەر تۇركۇمىگە قوشۇلۇپ كېتىشكەنىدى. شۇڭا، چەت ئەللەردىكى ئىسلامىيەت تارىخىدا بۇنداق بىدئەت، ئازغۇن مەزھەپلەرنىڭ بىر

① مۇھەممەت خوزەرى: «مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 - يىل 1 - نەشرى، 381 - بەت.

قېتىمىمۇ بىر ئەر ئىسلام مەملىكىتىدە، بىر ئەر مىللەت ياكى بىر ئەر قەبىلە، بىر ئەر جەمئىيەتتە دىنىي، سىياسىي ھاكىمىيەت شەكلىگە كىرىپ باقمىغانلىقىغا، يېتەكچى مەزھەپ بولۇپ نوپۇز تىكلەپ باقمىغانلىقىغا ئەجەبلەنمەسلىك كېرەك. بىراق، تۈرلۈك زامانە ھادىسىلىرى، قىسمەت پېشكەللىكلىرى ۋە باشقا تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن پاناھلىق تىلەپ كېلىدىغان ھەر خىل مۇساپىر ئىنسان تايىپىلىرىگە ئەزەلدىن ئۆز قوينىدىن ئىسسىق ماكان ۋە ئىسسىق نان بېرىدىغان ئىلتىپاتپەرەس ساددا ئۇيغۇر خەلقى ياشايدىغان سەئىدىيە مەملىكىتىدە بولسا ئىش باشقىچە ئىدى...

* * *

خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشانلار چىلان ئۆتىڭىنىڭ يېنىدا زەپەر قۇچۇپ قايتقان سەئىدىيە قوشۇنلىرىنى ئۇچرىتىپ ئون كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئاتۇش مۇزاپىتىدىكى مەشھەتكە يېتىپ كېلىشتى. بۇ تاڭ ئەمدىلەتىن سۇزۇلگەن ۋاقىت ئىدى.

ئوڭ قول تەرەپتە كۆرۈنگەن ئاغۇ تاغلىرىنىڭ ئۈستى سەل ـ پەل ئاقارغان بولسىمۇ، ئاسماندا شالاڭ بۇلۇتلار ئارىسىدا يەنىلا يۇلتۇزلار پىل ـ پىل يېنىپ تۇراتتى. جاندىن ئۆتىدىغان ئەتىيازنىڭ سوغۇق شامىلى يول بويىدىكى يالىڭاچ دەرەخلەرنى تىنىمسىز ئىرغاڭلىتىپ، خۇددى ئۇدۇلدىكى بوغۇز دەرياسىدەك شاۋقۇنلىتاتتى. ھەر كۈنى مۇشۇ ۋاقىتتا بۇ چوڭ يولدا تال ـ چىۋىقلىرىدا توقۇلغان چىتەنلىك موللاقچى ھارۋىلىرىغا چىلە ـ قىغ بېسىپ ماڭغان ئىشچان دېھقانلار، بازارغا ماڭغان ئالدىراش چاربازارچىلار، قوتان ـ قوتان قويلارنى تاغ باغرىغا ئۆتلىتىپ كېلىش ئۈچۈن ھەيدەپ ماڭغان قويچىلار، گاييىدا بولسا

كولدۇرمىسىنى كولتۇرلىتىپ تۆگە كارۋانلىرىمۇ ئۆتۈپ تۇراتتى. بىراق، بۈگۈن چوڭ يوللارلا ئەمەس، بەلكى چىتەن ۋە ئەنجان تاملىرى بىلەن قورشالغان باغلار، هويلىلار، ئۆيلەر، قىسقىسى، هەممە ياق جىمجىت ئىدى.

بۈگۈنكى كۈن — هەزرىتى سۇلتان مازىرىدا هەر يىللى بىر نۆۋەت كېلىدىغان تاۋاپ كۈنى ئىدى.

هەزرىتى سۇلتان مازىرى توققۇز گۈمبەزلىك هەيۋەتلىك بىر ئىمارەت ئىدى. بۇ كاشانە ئىمارەتنىڭ تۆت ئەتراپىدا ئىككىدىن سەككىز كىچىك گۈمبەز ئوتتۇرىدىكى يوغان گۈمبەزنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان هالدا چۆرىدەپ قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. گۈمبەزنىڭ ئاستىدا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تۇنجى مۇسۇلمان ئۇيغۇر خاقانى سۇلتان ساتۇق بۇغرا قارا خاننىڭ مەقبەرىسى بار ئىدى. مازارنىڭ ئوڭ تەرىپىدە سۇلتان ساتۇق بۇغرا قارا خاننىڭ ئۇستازى، ماۋرائۇننەهىردىكى سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ شاهزادىسى ئەبۇ ناسىر سامانىينىڭ قەبرىسى جايلاشقان قەدىمكى مازار، غەرب تەرىپىدە چوڭ جامە، ئالدى تەرىپىدە پەشتاقلىرى كۆك كاهىش خىشلار بىلەن بېزەلگەن چوڭ دەرۋازا، ئۇنىڭ يېنىدا ياسىداق بىر مەسچىت، ئۇنىڭغا يانداشتۇرۇلغان خانىقا، مەدرىسلەر قوشۇلۇپ بىر پۈتۈن كاشانە ئىمارەتلەر توپىنى هاسىل قىلغانىدى. چوڭ گۈمبەزنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە ئەسىرلەر بويى ۋاپات بولغان ئۇلۇغ - ئۇششاق يۇرت مۆتىۋەرلىرى، بەگ جەمەتلىرى ۋە مەشهۇر زاتلارنىڭ تۇپراقلىرىدىن هاسىل بولغان هەر خىل گۈمبەزلەر، شام گۆرلەر ۋە ئاۋام خەلقنىڭ چوڭ - كىچىك قەبرىلىرىدىن هاسىل بولغان كەڭرى بىر قەبرىستانلىق بار ئىدى.

توققۇز گۈمبەزلىك هەزرىتى سۇلتان مازىرىنىڭ تۆت بۇرجىكىدە تۆت مۇنار قەد كۆتۈرگەن بولۇپ، مۇنارنىڭ ئۈستىدىكى «قەپىزەك» دەپ ئاتىلىدىغان قۇببە قاپارتما گەج

نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەنىدى. قۇببىنىڭ تۆت تەرىپىگە قويۇلغان پەنجىرىلەر گىرەلەشتۇرۇپ زىننەتلەنگەن بولۇپ، كۆككە تاقاشقان بۇ ئېگىز مۇنارلار توققۇز گۇمبەزلىك بۇ قەدىمكى مازارنى ئاجايىپ سەلتەنەتلىك تۇسكە كىرگۈزگەنىدى.

توققۇز گۇمبەزلىك مازارنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان چوڭ گۇمبەزنىڭ ئەڭ چوققىسىدا ئالتۇن رەڭ كاھىشلار بىلەن كۆركەم بىر قۇببە ياسالغان. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قالغان سەككىز كىچىك گۇمبەزنىڭ چوققىسىغىمۇ ئالتۇن رەڭ كاھىشلار بىلەن قۇببە ياسالغان، قۇببىلارنىڭ ئەڭ ئۇستىگە ھىلال ئاينىڭ شەكلى ئورنىتىلغان. پۈتۈن گۇمبەز يېگىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرىدا جىلۋىلىنىپ يالتىراپ، ئاجايىپ سەلتەنەتلىك مەنزىرە پەيدا قىلاتتى.

بۈگۈن ھىجرىيە كالېندارى بويىچە ماھىي مۇھەررەمنىڭ ئونىنچى كۈنى — ھەزرىتى سۇلتان دەپ ھۆرمەتلىنىدىغان سۇلتان ساتۇق بۇغرا قاراخاننىڭ قازا قىلغان خاتىرە كۈنى ئىدى. ئۇ بۇنىڭدىن بەش يۈز توقسان ئۈچ يىل ئىلگىرى، يەنى ھىجرىيە 344 يىلى (توشقان يىلى) ماھىي مۇھەررەمنىڭ 10 ـ كۈنى[1] ئاتۇشنىڭ شەرقىگە تەخمىنەن ئون پەرسەخ كېلىدىغان سوغۇن باشى دېگەن يەردە قازا قىلغانىدى. جامال قارشىنىڭ «مۇلھەقاتۇس سۇرراخ» دېگەن ئەسىرىدە ئەبۇل فۇتۇھ ئالمائىنىڭ «قەشقەر تارىخى» دېگەن ئەسىرىدىن كەلتۈرۈلگەن نەقىلدىن قارىغاندا، سۇلتان ساتۇق بۇغرا قاراخان ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى «مېنى ئەلۋەتتە ئۇستازىم ئەبۇ ناسىر سامانىي ھەزرەتنىڭ ئايىغىغا قويغايسىلەر» دېگەن ۋەسىيىتىگە بىنائەن، تۆت تۇمەن مۇسۇلمان ئۇيغۇر يىغلىپ كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، ئۇنى مۇشۇ مەشھەتتىكى ئەبۇ ناسىر سامانىينىڭ

[1] ميلادى 955 ـ، 956 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى.

مازىرىغا دەپنە قىلغانىكەن. شۇنىڭدىن تارتىپ، ئۇيغۇر خەلقى سۇلتان ساتۇق بۇغرا قاراخاننى خاتىرىلەش ئۈچۈن ھەر يىلى ھىجرىيە كالېندارى بويىچە ماھىي مۇھەررەمنىڭ ئونىنچى كۈنى مەشھەتتىكى ھەزرىتى سۇلتان مازىرىدا داغدۇغىلىق تاۋاپ پائالىيىتى ئۆتكۈزىدىغان بولغانىدى. بۇ كۈنى مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئۇيغۇرلار مۇلكىي قەشقەرىيىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ھەزرىتى سۇلتان مازىرىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن مەشھەتكە كېلەتتى.

تاۋاپ كۈنى، ئەل ــ جامائەتكە نەزىر بېرىلەتتى. ھەزرىتى سۇلتان مازىرىنىڭ نەزىر ئىشىنىڭ يىراق ــ يېقىندا داڭقى بار ئىدى. تاۋاپقا كەلگەن كىشىلەر قۇرۇق قول كەتمەيتتى. بەزىلىرى نەزىر دەپ قوي، كالا، ھەتتا ئات، تۆگە ئېلىپ كېلىشەتتى. بەزىلىرى بولسا ئۇن ــ گۈرۈچ، پۇرچاق ــ ماش ۋە ئاق ئۇششاقلارنى ئېلىپ كېلىتۈرىشەتتى. قولى قىسقىراقلىرى بىرەر توخۇ، بىرەر كاۋا ياكى ھېچبولمىغاندا بىر باش پىياز، بىر نەچچە تال سەۋزە، چامغۇر بىرەر چاڭگال تۇز، بىر ــ ئىككى تال تۇخۇم، بىر قولتۇق تەمەش بولسىمۇ ئېلىپ كەلسە نەزىر قىلغانغا ھېساب بولاتتى. كۆك نامراتلار ئۆزىنىڭ قارا كۈچىنى نەزىر ئورنىدا تەقدىم قىلاتتى.①

بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھەزرىتى سۇلتان مازىرىنىڭ كارامەت يوغان مىس قازانلىرىغا تاشلىنىپ، ئۇنىڭدىن نەزىر ئېشى ــ ئاتالا ئېتىلەتتى. ئاتالا تولىمۇ تەملىك پىشاتتىكى، ئىچكەنسېرى ئادەمنىڭ يەنە ئىچكۈسى كېلەتتى.

تاۋاپ كۈنى، باشلىرىغا ئۈچلۈق كولاھ، ئۈستىگە قۇراق

① تاۋاپ ھەققىدىكى بۇ تەپسىلاتلارنى مەن ھۆرمەتلىك غازى ئەھمەت ئاكىدىن سوراپ بىلىۋالغانىدىم. كېيىن ئۇ ھەزرەت تاۋاپنى تەسۋىرلەپ «تاۋاپ» ناملىق بىر ئەسلىمە يازغانىدى.

جەندە، پۈتىغا قوڭالتاق كەش كىيگەن، ئەزەلدىن يۇيۇلماي كىرلىشىپ چىگىشلىشىپ كەتكەن چاچلىرى مۈرىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان، قاسماق گەدەن، توڭۇر بەدەن، پۈتۈن ئۆزايىدىن تاپ پۇراپ تۇرىدىغان بىر توپ ئەبگا دىۋانە، ئۇششۇق تىلەمچى، بىزەك قەلەندەر، كۆكەمە سايىل، تەلۋە سوپى، تەركىدۇنيا ئاشىق، پىدائىي دەرۋىشلەر قازان بېشىغا ئولىشىۋالاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن كىشى خۇددى تاپقا ئولاشقان قاغا - قۇزغۇنلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشەتتى. بەزىدە كىشىنىڭ پانىي دۇنيانىڭ ئارزۇ - ھەۋەسلىرىدىن ۋاز كېچىپ، پەقەت ئۇ دۇنيانىلا ئويلايدىغان جۇل - جۇل كىيىملىك بۇ ئادەمسىياق بىچارە بەندىلەرگە ئىچى ئاغرىپمۇ قالاتتى. بىر يەردە قاتتىق زاغرا، بىر ھېجىر سوغۇق سۇغا قانائەتلىنىپ، پانىي ئالەمنىڭ پۈتۈن مەئىشىتىدىن ۋاز كېچىشكەن بۇ تەرىقەتچى بەندىلەر كۈندۈزلىرى مەھەللىمۇ - مەھەللە، كوچىمۇ - كوچا ھەمدۇ - سانا ئوقۇپ يۈرۈشسىمۇ ئەمما ناماز شام بولۇشى بىلەن تەڭ، ھەزرىتى سۇلتان مازىرىدىكى خانىقاغا قايتىپ كېلىشەتتى - دە، تامامەن باشقىچە ئىش كۆرۈشەتتى. تار خانىقادا ئۇلار چەككەن نەشە - بەڭ پۇراقلىرى بۇقسۇپ، چۆگۈنلەردە قويۇق دەملەنگەن قارا چايلار پۇرقىراپ قايناپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كۆكنار يىمىرسە، بەزىلىرى ئۆستى - ئۆستىلەپ ياماق سېلىنغان بەل كارمانلىرىنى يېشىپ، ئىچىدىن مەجۇنلىرىنى تۆكۈشەتتى. كېيىن ھەمنەشىن - ھەمسۆھبەت باشلىنىپ، بەزىدە غەيۋەت - شىكايەتكە، بەزىدە كەيىپ - ساپاغا، بەزىدە ئۇرۇش - ماجىراغا ئايلىنىپ كېتەتتى.

خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان ھەزرىتى سۇلتان مازىرىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ھېچكىم بىلەن سالاملاشماستىن ئۇدۇل مازارنىڭ ئىشىكىگە قاراپ ماڭدى. مازارنىڭ ئىشىكىدىن تاۋاپچىلار كىرىپ - چىقىپ تۇرۇشاتتى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا

مازارنىڭ بىر چېتىدىكى قاراڭغۇ، خىلۋەت بىر جايىنى تېپىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن جىمجىت دۇئا ـ تىلاۋەتكە كىرىشىپ كەتتى. بۇ خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشاننىڭ ساقمۇ ساق يىگىرمە بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىن بۇ مازارى شېرىفتە ئىككىنچى قېتىم دۇئا تىلاۋەت قىلىشى ئىدى...

توساتتىن ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلار بېسىقىپ، مازار بىردىنلا تىمتاس بولۇپ كەتتى. خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان بۇنى سەزگەن بولسىمۇ ئەمما كۆزىنى يۇمغان پېتى ئاستا تەۋرىنىپ زىكرى قىلىۋەردى. دەل مۇشۇ چاغدا كىمدۇر بىرى ئارقىسىدىن ئۇنى قاتتىق نوقۇدى.

— بۇ قانداق دېگەن ھۆرمەتسىزلىك؟ نېمە دېگەن گالۋاڭلىق؟!

خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشاننىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ ئەمما ئۆزىنى زورىغا بېسىۋېلىپ، ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى. بۇ چاغدا مازارنىڭ ئىشىكىدە بىر توپ ئادەم ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. بۇ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ ھازىرقى تەخت ساھىبى سۇلتان ئابدۇرەشىدخانمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ سول يېنىدا ئۆلىمالارچە كىيىنگەن سالاپەتلىك بىر ئادەم قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ — سۇلتاننىڭ مۆھۆردارى ۋەزىرئەزەم يۇسۇپ قىدىرخان يەركەندى ئىدى. سۇلتاننىڭ ئوڭ يېنىدا بېشىدىن ئايىغىغىچە ئاق لىباس تەۋەررۇكات① كىيگەن، ئاپئاق ساقىلى مەيدىسىگە چۈشۈپ تۇرغان، ئېگىز بويلۇق، ناھايىتى كېلىشكەن بىر بوۋاي ئۇنىڭغا ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇ سۇلتاننىڭ ئۇستازى، سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ شەيخۇلئىسلامى ھەزرىتى مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋار ئىدى. ئەمما، ئۇ كۆز ئالدىدىكى

---

① ئاق تۆگە يۇڭىدىن توقۇلغان مەللە چەكمەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۇھەممەت پەيغەمبەر مەككىگە ھەج قىلىپ بارغاندا ئاشۇنداق كىيىنگەنىكەن.

تاۋاپ قىلىپ ئولتۇرغان بۇ دىۋانە سىياق ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئەشەددىي رەقىبى مەخدۇم ئەزەمنىڭ چوڭ ئوغلى خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھازىر ئىشانكالانلىق ئىرشاتنامىسى بىلەن مۇلكىي قەشقەرىيىگە قايتقانلىقىنى يادىغا كەلتۇرۇپمۇ باقمىغانىدى.

خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشاننى نوقىغان كىشى — ھەزرىتى مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋارنىڭ خەلىپە مەسئۇللىرىدىن بىرى مۇھەممەت ۋەلى سوپى ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ كېتىۋاتاتتى:

— نەدىن كەلگەن سىگال ئەدەپسىز دىۋانە سەن؟! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — تۇر ئورنىڭدىن! ھەزرىتى زەشىدىل شاھى ئەزەم بىلەن نىمەتلىك پىرىمىز شەيخ مۇھەممەت شېرىپ قۇددىسە روھەھۇ ھەزرەتلىرى ئۇل مازارى ماشايىخقا مۇبارەك قەدەملىرىنى باستى!

خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىك ئالدىدا ئۆرە تۇرۇشقان ئادەملەرگە قاراپ قويۇپ، بىر چەتكە ئۆتۈپ تۇردى - دە، بېشىنى ئېگىپ پەسكە قاراپ تۇرۇۋالدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭغا ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ قاراپ تۇرغان شەيخۇلئىسلام شەيخ مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋار ئۇنى نەدىدۇر بىر يەردە كۆرگەندەك قىلدى - يۇ، ئەمما، دەررۇ ئەسلىيەلمىدى. ئەسلىيەلىگەن تەقدىردىمۇ جەندە، بېشىغا كۇلاھ كىيگەن بۇ نامرات دەرۋىشنى تونۇيالايتىمۇ؟

— ھەزرىتى سۇلتان دەرگاھىنىڭ گادىيىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان ئۆزىنىڭ نام - نەسەبلىرىنى يوشۇرۇپ، — ئۇل مۇبارەك تاۋاپ كۈنى ھەزرىتى سۇلتان مازارىنى سېغىنىپ تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن پەرغانە سەھراسىدىن كەلگەن مۇساپىر دەرۋىشمەن.

— ئى ھۆرمەتلىك ئۇستاز، ئۆزلىرىنى كايىتمىغايلا، —

دېدى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان كۆلۈمسىرەپ، — بۇ بىر ناتىۋان مۇساپىر كىشى ئىكەن. بىر بۇلۇڭدا ئۆزىنىڭ دۇئا ـ تىلاۋەتلىرىنى قىلىۋەرسۇن، بىزگە ھېچ ھالاقىتى بەرمەس! بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ دۇئا ـ تىلاۋەتلىرىنى قىلىۋەرگەيمىز.

— ئەمىرلىرىگە قۇللۇق! ئى ھەزرىتى شاھى ئەزەم، — دەپ دەرھال قۇللۇق بىلدۈردى مۇھەممەت ۋەلى سوپى قوللىرىنى مەيدىسىگە قويۇپ تۇرۇپ، — قېنى، شاھىم مەرھەممەت قىلغايلا!

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۇستازىنى يۆلەپ مازارنىڭ ئىچىگە كىرىپ، سۇلتان ساتۇق بۇغرا قارا خاننىڭ مەقبەرىسى ئالدىدا تىز چۆكۈپ ئولتۇردى. مەۋكەبتىكىلەرمۇ سۇلتان بىلەن شەيخنىڭ ئارقىسىدا تىز چۆكۈپ ئولتۇرۇشتى.

بۇ چاغدا، شەيخ مۇھەممەت شېرىپ بۇرۇزۇركۋار يېقىملىق ئاۋازى بىلەن قىرائەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى پۈتۈن مازارنىڭ ئىچىنى قاپلىدى...

* * *

ھەزرىتى سۇلتان مازىرىدىكى ئاۋاپ ئاخىرلىشىپ بىر ھەپتە ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ ئەمما شەيخۇلئىسلام مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋارنىڭ ھەزرىتى سۇلتان مازىرىدىكى ئىستىقامىتى تېخى ئاخىرلاشمىغانىدى.

بىر كۈنى خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان — ھازىر ئۇ مۇھەممەتئىمىن دىۋانە دەپ ئاتىلاتتى — مازارنىڭ ئىچىدە ئىستىقامەت تىلەپ ئولتۇراتتى. بىرىنىڭ ئۇنى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھەي كۆزۈڭنى ئاچ، دىۋانە! ئۇيقۇڭنى كېيىنچە ئۇخلىۋالارسەن، ھازىرنىڭ ئۆزىدە كۆلاھو ـ جەندەڭنى كەي ـ

دە، ئورنىڭدىن تۇرۇپ مېنىڭ بىلەن ماڭ!
ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ قارىۋىدى. ئۇچىنىسغا ئاق سۇپ كىيىپەن كىيگەن بىر سوپىنىڭ ئۆرە تۇرغانلىقىنى كۆردى.
خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان شەيخ مۇھەممەت شېرىپ ئىشان تەرەپدارلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتىنى بىلىپ قېلىشىدىن تولىمۇ ئېھتىيات قىلاتتى. شۇڭا ئۇ:
— نەگە؟ — دەپ سورىدى دەككە ـ دۈككە ئىچىدە، — مېنىڭدەك بىر ناتىۋان دىۋانە كىمگە لازىم بولۇپ قاپتىمەن؟!
شەيخ ھەزرەتلىرى سىزنى ھۇزۇرىغا چاقىرىۋاتىدۇ!
ئەسئىدىيە ھۆددۈتلۈقىدا پەرغانە تەرەپتىن چىققان خوجا ـ ئىشانلار ئۈستىدىكى تەقىب ھېلىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. خوجا مۇھەممەت شېرىپ ئىشان تەرەپدارلىرى ئۆز سۇلۇكىنىڭ مۇتلەق نوپۇزىنى قوغداش ئۈچۈن مۇلكىي قەشقەرىيىدە ھەر خىل ناملار بىلەن مەيدانغا چىققان باشقا ھەر قانداق ئەھلىنى تەرىقەتچىلەرنى كۆزىگە قادالغان تىكەن، بەدىنىگە چىققان يامان چاقىدەك تولىمۇ ئۆچ كۆرەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ دەھرىي سەلتەنەتىنىڭ سۈرىدىن تولۇق پايدىلانغاندىن باشقا يەنە، ئۆزلىرىنىڭ ھەر قايسى جايلاردىكى خەلىپە ۋەكىللىرى ئارقىلىق سۇلۇك مۇرىتلىرىنى قاتتىق ئىسكەنجىگە ئېلىۋېلىشقانىدى. شۇڭا، سەللا بىخەستەلىك قىلسا، بۇ يەردە سۇلۇك تەۋرىتىش ئەمەس، بەلكى ھاياتىنىڭ ساق قېلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشمۇ قىيىن ئىدى. شۇڭا، خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان ھازىرچە ئاشكارا ھەرىكەت قىلماي، مۇھەممەتئىمىن قەلەندەر دېگەن نام بىلەن ھەزرىتى سۇلتان مازىرىدا ئىستىقامەت قىلىپ پۇرسەت كۈتمەكتە ئىدى. شۇڭا، ئۇ بېشىنى ئېگىپ ھېلىقى سوپىنىڭ كەينىدىن مېڭىشقا مەجبۇر بولدى.
ھويلىنىڭ ئىشىكىدە ئۇلارنى مۇھەممەت ۋەلى سوپى

كۇتۇۋالدى. ھويلىنىڭ تۆر تەرىپىدە ئالدى سەككىز تۈۋرۈك قويۇلغان ئايۋانلىق كۆركەم بىنا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. خوجا مۇھەممەتئىمىن ھويلىغا باشلاپ كىرگەن مۇھەممەت ۋەلى سوپى ئۇنى ئۇدۇلدىكى دەرپەردىلىك ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. دەھلىزگە كىرگەندە، ئۇ ئۇڭ تەرەپتىكى مەھپۇز نەقىشلىك ئىشىكنى ئېچىپ، ئۆزى بىر چەتكە ئۆتۈپ تۇردى ۋە خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشانغا «كىرىڭەز!» دېدى.

ئۆينىڭ تۆرىدە بىر بوۋاي تەسۋى سىيرىپ ئولتۇراتتى. خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان بوۋاينى كۆرۈپ سەل ھودۇقۇپ قالغان بولسىمۇ ئەمما قىلچە چاندۇرماستىن ئىشىكتە تۇرۇپ ئۇنىڭغا سالام بەردى.

— مەرھەمەت قىلىپ ئالدىمغا كەل، تەڭرىنىڭ گادای بەندىسى! — دېدى ئۇ كۆزىنى خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشاندىن ئۈزمەي، — قېتى يېقىن كەل!

خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا بىر — ئىككى چامداپلا شەيخنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلاندى.

خوجا مۇھەممەت شېرىپ بوزۇكۋار ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرغان بۇ كىشىگە سىنچى كۆزلىرى بىلەن بىر ھازاغىنچە ئۇزاق قاراپ كەتتى.

خانىنىڭ ئىچىنى ئېغىر سۈكۈنات قاپلىدى. خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان شەيخنىڭ سۆز باشلىشىنى كۈتۈپ يەرگە قاراپ جىم ئولتۇردى.

— ئەھۋالىڭ قانداق ئى ناتىۋان قەلەندەر؟ — خانىنىڭ ئىچىنى قاپلىغان ئېغىر سۈكۈنات ئاخىر شەيخۇلئىسلام ھەزرەتلىرى تەرىپىدىن بۇزۇپ تاشلاندى، — تەلەپ — ئىلتىجالىرىڭ بولسا دېگىن!

خوجا مۇھەممەتئىمىن بېشىنى ئۇستۇن كۆتۈرمەي ئورنىدا

قىمىرلاپ قويدى.
— ئىنشائاللا، ھەزرىتىم، ئاللانىڭ مېنىڭدەك بىر ناتىۋان گادىيىنىڭ نېمە ئىلتىجاسى بولسۇن؟ — دېدى ئۇ. — ئۇل مۇبارەك مازارى ـ ماشايىختا قورسىقىم توق، ئۇستىۋېشىم پۈتۈن، كېچە ـ كۈندۈز ئىستىقامەت بىلەن مەشغۇلدۇرمەن!
— ماشائاللا، ئۇل ھەزرىتىي سۇلتانۇل مازارى ـ ماشايىخنىڭ پاك روھىنالىرى يۆلىسۇن سىزنى! ئىلاھىم مۇرادىڭغا يەتكەيسەن!
خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان شەيخ ھەزرەتلىرىگە كۆپلەپ تەشەككۈرلەر بىلدۈرگەندىن كېيىن يەنە يەرگە قاراپ جىمجىت ئولتۇردى. ئۇ مۇشۇ تاپتا بىر ئېغىز گەپنى ئارتۇق ياكى خاتا سۆزلەپ سالسا، ئەجەل قوشنىنىڭ ھەلقۇمىغا چاڭگال سالىدىغانلىقى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى.
— ئى ناتىۋان قەلەندەر! سەن پانىي ئالەمنىڭ نازۇ نېمەتلىرىنىڭ لەززىتىدىن ۋاز كېچىپ ئۇل مۇبارەك مازارى ـ ماشايىخقا ئىستىئامەت تىلەش ئۈچۈن يىراق پەرغانىدىن بۇ يەر تامان كېلىپسەن. بۇ تولىمۇ ساۋاب ئىش بوپتۇ. ئىلاھ دەرگاھىنىڭ گادىيى ھەقتا ئاللانىڭمۇ سۆيۈملۈك بەندىسىدۇر. بىراق، ئى ناتىۋان قەلەندەر، راست گەپ قىل، ئۆزۈڭ زادى كىم بولۇرسەن؟
خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشاننىڭ يۈرىكى «قارت!» قىلىپ ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىشقا تاسلا قالدى. بىراق، زامانە قازانلىرىدا كۆپ قايناپ كادىڭ بولۇپ كەتكەن بۇ خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ـ دە، تەمكىنلىك بىلەن:
— ھەزرىتى بۇزرۇكۋار پىرىمغا مەلۇم بولغايكى، پېقىر پانىي دۇنيانىڭ پۈتۈن لەززىتىدىن ۋاز كەچكەن قەلەندەر دەرۋىش مۇھەممەتئىمىن قەلەندەر بولۇرمەن. گەرچە ئاللا يولىدا

زاھىدلىقنى ئىختىيار قىلغان بولسامۇ ئەمما گادايلىقتا باش ئەگمەي، پەيغەمبەر رەسۇلىللانىڭ قەدىم ئەييامدىكى ئەھكام ئىلاھىيەتلىرى جارى قىلدۇرۇلۇۋاتقان ئۇل پاك زىمىننى سېغىنىپ كەلگەنمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

— بارىكاللا، ئى قەلەندەر مۇھەممەت ئەمىن! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇنىڭ بەرگەن جاۋابىدىن كارامەت مەمنۇن بولغان شەيخ ھاياجانلىنىپ، — سىنى چاقىرماقتىن مەقسەت، ساڭا بىر ۋەزىپىنى تاپشۇرماق ئىدى، بىراق...

خوجا مۇھەممەت شېرىپ سىنىماقچى بولغاندەك، ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى. بۇ چاغدا، ئۇنىڭ چىرايىدا بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئىستىھزا كۈلكىسى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشاننىڭ يۈرىكى «جىغ!» قىلىپ كەتتى: «ئۇ مېنى تونۇپ قالدىمۇ نېمە؟!»

— مۇھەممەتئىمىن قەلەندەر! ئىنسان ئۈمىدلىك مەخلۇقتۇر، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى شەيخ — بىراق، پانىي ئالەمدىكى پۈتۈن ئىستىقامىتىنىڭ ھەممىسى باقىي ئالەم ئۈچۈندۇر. باقىي ئالەم بىلەن پانىي ئالەم خۇددى كىشىلەرنىڭ يانچۇقىدىكى كۈمۈش سەئىدىينىڭ ئىككى يۈزىدىكى نەقىش خاتەمگە ئوخشايدۇ. ئۆزلىرىنىڭ يانچۇقىدىكى كۈمۈش سەئىدىينى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ قاراپ بېقىش ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ يادىغا يا كېلىدۇ يا كەلمەيدۇ! گەرچە سەن پانىي ئالەمدە بىر خىشنى يۆتكىگەن بول، سېنىڭ ھەقتائالا يولىدا قىلغان بۈگۈنكى بۇ ئەجرىڭ ئۆزۈڭنىڭ ئەتىكى باقىي ئالەمدىكى ئىستىقبالىڭ ئۈچۈندۇر! ئەھە!.. ئەھە!..

شەيخ سۆزلەۋېتىپ قۇرۇق يۆتىلىپ قويدى. ئاندىن پىيالىدىكى چايدىن بىر ـ ئىككى ئوتلاپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— شۇڭا، ئىنسانلار پانىي ئالەمدە ئەقىل پەرمانى بىلەن ئىش قىلىدۇ، دېيىشىمىز، ئەمما قاچانكى باقىي ئالەمنىڭ

ۋەسۋەسىسى كۆڭۈل مەملىكىتىنى ئىشغال قىلىدىكەن، شۇنىڭدىن باشلاپ ئەقىل پەرمانلىرىنىڭ ئەيىنكىنى كىر قاپلايدۇ. بۇ ھەقتە جەننەت ماكان بالا گەردان نەقشىبەندى پىرىمىزدىن مۇنداق بىر رىۋايەت قالغان: «زامانىنىڭ بىر قىزى بار ئىكەن. تىرىكچىلىك ئۇنىڭ ئاتىسى ئىكەن. ئۇ قىزغا ئەقىل، بەخت ـ سائادەت ۋە ئۇمىد قاتارلىق ئۈچ ئەلدىن ئۈچ ئەلچى تەلەپكار بولۇپ كەپتۇ. ئاتىسى قىزىدىن:

— بۇ ئۈچ كىشىدىن قايسىسىنى خالايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

قىز ئېيتىپتىكى:

— ئەقىل ھەممىدىن ياخشىدۇر. ئىنساننىڭ شان ـ شەرىپى ئەقىل بىلەندۇر. بارلىق ئىلىم ـ ھېكمەتلەر ئەقىلگە تەئەللۇقتۇر. بىراق، ئەقىلنىڭ بىر ئەيىبى باركى، ئۇغەم ۋە ئەندىشە بىلەن بىر تۇغقاندۇر. شۇڭا، ئەقىل دائىم غەمدىن خالىي بولالمايدۇ.

— ئۇنداقتا، سەن بەخت ـ سائادەتنى قوبۇل قىلامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئاتىسى.

— بەخت ـ سائادەتمۇ ھەممىدىن ياخشى نەرسىدۇر، — دەپتۇ قىز، — چۈنكى، بەخت ـ سائادەت پۈتۈن دۇنيانىڭ ياخشى كۆرۈشىگە مۇيەسسەردۇر. ئەگەر كىشىگە بەخت ـ سائادەت ھەمراھ بولسا، ئۇ كىشى مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىدۇ. ئەمما، بەخت ـ سائادەتنىڭمۇ بىر چوڭ ئەيىبى باركى، ئۇ زادى بىر يەردە توختىمايدۇ. ياخشىلاردا قارار تاپماي، ناكەسلەرگە نېسىپ بولىدۇ. ئۇنىڭ پېشانىسىدىن بىۋاپالىق ۋە ئىككى يۈزلىمىلىك نىشانىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ئاتىسى قىزىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ئۇنداقتا سەن ئۇمىدنى قوبۇل قىلىدىكەنسەن ـ دە، — دەپتۇ.

— شۇنداق، — دەپتۇ قىز، — مەن ئۈمىدنى خالايمەن. چۈنكى، ئۈمىد ھەر دايىم ئالىملار بىلەن ھەمسۆھبەت، غەمكىنلەرگە يولباشچىدۇر. ھەر كىم ئۈمىد رىشتىنى قولىغا ئالسا، ئاقىۋەت مۇرادىغا يېتىدۇ ۋە سۆيگىنىنىڭ ۋىسالىغا مۇشەررەپ بولىدۇ!»

خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشانىنىڭ خۇددى يىلان چاققاندەك يۈركى سىرقىراپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھەركىتى شەيخنىڭ تەقىبىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى.

— نېمىشقا شۇك ئولتۇرىسەن ئى ناتىۋان بەندە؟

خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان بېشىنى ئاستا كۆتۈردى. شەيخ ھەزرەتلىرى سەل ئېگىشىپ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ئۇنىڭغا تىكىلىپ ئولتۇراتتى.

— بىز سېنى مەكىت ـ دولان يۇرتىغا خەلىپە ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتسەك، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟

شەيخنىڭ بۇ تاپشۇرۇقىنى ئاڭلاپ، ئۇ بىر تۇرۇپ ھەيران بولدى. بىر تۇرۇپ غەم ـ ئەندىشىگە چۆشۈپ قالدى. ئەسلىدە ئۆزىنىڭمۇ خوجا مۇھەممەت شېرىپ تەرەپدارلىرىنىڭ خوجا تەقىبىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئاسمىنى كەڭ مەكىت ـ دولان سەھراسىغا كېتىپ، شۇ يەردە ئاستىرتتىن سۇلۇك تەۋرىتىش خىيالى بار ئىدى. خۇددى ئۇنىڭ بۇ خىيالىنى بىلگەندەك، خوجا مۇھەممەت شېرىپمۇ ئۇنى ئۆزىگە خەلىپە ۋەكىلى بولۇشقا ئۈندىمەكتە ئىدى. بىراق، خوجا مۇھەممەت شېرىپكە خەلىپە ۋەكىل بولۇش — خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەنلىك بىلەن باراۋەر ئىدى. چۈنكى، نەقشىبەندىيە تەرىقىتىدە ھەر قايسى سۇلۇكلەرنىڭ چەك ـ چېگرىسى ناھايىتى ئېنىق ئايرىلغان بولۇپ، بىر پىرغاھالال ئەغلال بولغان كىشىنىڭ يەنە بىر سۇلۇك پىرىغا قايتا قول بەرگەنلىكى سۇلۇك ئەھكامىدا كەچۈرگۈسىز ئاسىيلىق قىلمىشى

بولۇپ ھېسابلىناتتى. بۇنداق گۇناھنى سادىر قىلغانلارنى ئادەتتە يۇقىرى قاتلامدىكى پىر - مۇرشىدلار كەچۈرمەيلا قالماستىن، بەلكى تۆۋەن قاتلامدىكى مۇرىت - مۇخلىسلارمۇ كەچۈرمەيتتى. بىراق، شەيخنىڭ تاپشۇرۇقىغا قولاق سالماسلىق ئوخشاشلا ئۆلۈم بىلەن باراۋەر ئىدى. بۇنىڭغا قانداق جاۋاب بەرمەك كېرەك؟ شەيخ ئۇنىڭ جاۋاب بەرمەي شۈكلەپ كەتكىنىنى كۆرۈپ كۈلۈپ قويدى - دە:

— ئى قەلەندەر مۇھەممەت ئەمىن، بۈگۈن سەن ئىستىقامەتخاناڭغا بېرىپ ئويلان ئويلانغىن، ئەتە دەرگاھىمىزغا كېلىپ جاۋاب بەرگەيسەن، — دەپ قولىنى شىلتىدى. بۇ ئۇنىڭ «سۆھبەت تۈگىدى، ئەمدى چىقىپ كەتسەڭ بولىدۇ» دېگىنى ئىدى. خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان ئورنىدىن تۇرۇپ شەيخ ھەزرەتلىرىگە تەزىم قىلدى - دە، كەينىچە شوخشۇپ مېڭىپ، خانىدىن چىقىپ كەتتى...

* * *

ئەتىسى، خوجا مۇھەممەت شىرىپ ئىشان ئۇنى ئۆز دەرگاھىغا چاقىرتقۇزۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق پاراڭلاشتى. پەرغانىدىن ئۇنىڭ مۈلكىي قەشقەرىيىگە قاچان، قانداق ئارزۇ - مەقسەتلەر بىلەن كەلگەنلىكىنى، پەرغانىدىكى قايسى قىشلاقتىن ئىكەنلىكىنى، نەسەب ۋە ھەسەبىنى، ئەۋلاد - ئەجدادلىرىنى بىر - بىر سۈرۈشتۈردى. ئۇنىڭ نەسىبىنىڭ نەقشىبەندى تەرىقىتىنىڭ جەننەت ماكان پىرى مۇھەممەت قازى ساھىبكالانى بىلەن ئۇلىنىشىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، ئۇمۇ ئۆزىنىڭ خوجا ئەھرار تۆرىنىڭ نەۋرىسى بولىدىغانلىقىنى، مۇھەممەت قازى ساھىبكالانىنىڭ ئۆز بوۋىسى خوجا ئەھرارنىڭ مۇرشىدى ئىكەنلىكىنى شەرەپ تۇيغۇسى بىلەن ئاشكارىلىدى ۋە ئۇنىڭ پانىي

دۇنيانى تەرك ئېتىپ، سۇلۇك ماجىرالىرى قاينىغان ئاشۇ پەرغانىدەك ھەق - ناھەق ماكانىدىن ئاللا تائالانىڭ ئەھكامى ئىلاھىيەتلىرى كەڭ جارى بولۇۋاتقان بۇ پاك زېمىنغا كېلىش ئۈچۈن گادايلىق يولىنى تاللىۋالغانلىقىنى ماقۇل كۆردى. ۋە ئۆزىنىڭ خەلىپە ۋەكىلى بولۇشنى خالىسىلا، ئىستىقبالىنىڭ چەكسىز ئىنكەنلىكىنى پۇرتىپ ئۆتتى.

— رەشىدىل شاھى ئەزەم دەھرى سۇلتان بولغانلىقتىن، — دېدى ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىردا، — دارۇلسەلتەنەت يەكەندە دىيانەتسىز ۋە ئىنساپسىز ئادەملەر كۆپىيىپ كەتتى. ئۇنداق ئادەملەرنى تەرىقەتكە دالالەت قىلماق ھەممىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇقەددەس ۋەزىپىمىزدۇر. شۇڭا، بىز سىنى مەكىت - دولان يۇرتىغا خەلىپە ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىمىز. سەن بۇ شەرەپلىك، مۇقەددەس مەسئۇلىيەتتىن باش تارتساڭ، تازا دۇرۇس ئەمەس!

— ئىنشائاللا، ھەزرىتى پىرى ئەزەم، — دەپ قۇللۇق بىلدۈردى خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشانمۇ ئارتۇقچە تالىشىپ ئولتۇرماي. چۈنكى، ئۇ خوجا مۇھەممەت شېرىپ ئىشانىنىڭ كۆزىنى ئۆزاقىچە باغلاپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەپت - سالاھىيىتى بەربىر ئاشكارىلانماي قالمايتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ بۇ دىياردىن ۋاقتىدا كېتىۋېلىشى خۇددى يولۋاسنى توقايغا قويۇپ بەرگەندەك بىر ئىش بولاتتى. شۇڭا، ئۇ شەيخۇلئىسلام خوجا مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋار ئۆزىگە ئۇزاتقان خەلىپە ۋەكىللىك ئىنايەتنامىسىنى ئىككى قوللاپ ئەدەپ - ئىكرام بىلەن تاپشۇرۇپ ئېلىپ، ئۈچ قېتىم بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ كۆزىگە سۈرتتى ۋە شەيخ ھەزرەتلىرى بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلاپ بىر چەتتە جىم تۇرغان مۇھەممەت ۋەلى سوپى خوجا ئۇنى

ئۆزىتىپ قويۇپ، شەيخ ھەزرەتلىرىنىڭ ئالدىغا قايتىپ كىردى.
— ئى ھەزرىتى بۇزرۇكۋار پىرىم، — دېدى مۇھەممەت ۋەلى سوپى شەيخ ھەزرەتلىرىنىڭ مۇھەممەتئىمىن قەلەندەرنى خەلىپە ۋەكىل قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىنى تازا لازىم تاپماي، — سىز ئۇنى تۈزۈك سىناپ كۆرمەستىنلا، مەكىت ـ دولان يۇرتىغا خەلىپە ۋەكىل قىلىپ تەيىنلىدىڭىز. مۇبادا، ئۇنىڭ نىيەت ـ ئەفھالى ياخشى بولىسىغۇ، مەقسىتىڭىزگە يەتكەن بولىسىز، ئەگەر ئۇنىڭ نىيەت ـ ئەفھالى يامان بولسا، ئۇ سىزگە زىيان ئۇرماسمۇ؟
شەيخ كۈلۈپ قويدى ـ دە:
— سىنىڭچە، كىشىلەرنىڭ نىيەت ـ ئەفھالىنى قانداق بىلگىلى بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ.
— بۇنى بىلىش ناھايىتى ئاسان، ھەر قانداق كىشىنىڭ نىيەت — ئەفھالى ئۇنىڭ تۇرق ـ قىياپىتى ۋە ئەسلى نەسەب ـ ھەسىپىدىن مەلۇم بولىدۇ. مۇبادا، ئۇنىڭ نەسىل ـ ھەسەبى ناچار بولسا، ئۇنىڭ تۇرق ـ قىياپىتى ھەر قانچە ئېسىل بولغىنى بىلەنمۇ، نىيەت ئەفھالى ئاخىر ئاشكارا بولىدۇ.
— ئى مۇھەممەت ۋەلى سوپى ناھايىتى توغرا گەپ قىلدىڭ، — دەپ كۈلۈپ كەتتى شەيخ ھەزرەتلىرى، — بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ھەر قانداق نىيەت ـ ئەفھالىنى ئۇزاققىچە ئاشكارىلىماي تۇرالمايدۇ. بۇ خۇددى ئەسلى نەسلى ناچار بولغان بىر بۆرىنىڭ نىيەت ـ ئەفھالى ئاشكارىلىنىپ، رەسۋا بولغىنىغا ئوخشاش بىر ئىشتۇر. بىر كۈنى، يۇندى ـ چايقاندا يالاپ ئۆگىنىپ قالغان بىر بۆرە مەھەللىدىكى بىر بوياقچىنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ. بۇنى بوياقچى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، ئۇنى قوغلاپتۇ. بۆرە قاچقىنىچە بېرىپ بوياق كۆبىنىڭ ئىچىگە كىرىۋاپتۇ. كۆبتا ئىلقمۇلىق كۆك رەڭ بارئىكەن. بۆرە بوياقنىڭ ئىچىدە شۇڭغۇپ ئۇزۇپ يۈرۈپ

كۆك رەڭگە بويىلىپ كېتىپتۇ. بوياقچى كەتكەندىن كېيىن ھېلىقى بۆرە كۈبىنىڭ ئىچىدىن چىقىپ سەھراغا قاراپ راۋان بولۇپتۇ. ئۇنىڭ بەدىنى پەلەك رەڭگىدە كۆك — كۆرۈنۈشىمۇ پەلەكتەك ھەيۋەتلىك تۇسكە كەپتۇ. ئۇ بىر ئورمانلىققا يېتىپ كېلىپتۇ. ئورمانلىقتىكى ھايۋانلار بۆرىنىڭ پادىشاھلارغا خاس كۆك رەڭلىك تون، پەرىجىلىرىنى كۆرۈپ، قورقىنىدىن ئۇنىڭغا ئىتائەت قىپتۇ. كىشىلەر ماتەم مۇراسىمىدا كىيىدىغان بۇ كۆك رەڭلىك كىيىم بۆرىگە سۈر ھەيۋەت، بەلكى خۇشاللىق، بەخت ـ دۆلەت كىيىمى بوپتۇ.

بۆرە ئۆزىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئالدىنقى رەتكە مولۇن، چىلبۆرە ۋە تۈلكىلەرنى؛ ئىككىنچى رەتكە كېيىك، قوتاز ۋە قۇلانلارنى، ئۈچىنچى رەتكە بۇغا، ئۆكۈزلەرنى، تۆتىنچى رەتكە يىلپىز ۋە يولۋاسلارنى؛ ئەڭ كەينىدىكى رەتكە شىر، پىللارنى تۇرغۇزۇپتۇ. بۆرە سۆز قىلسا، ئالدىنقى رەتتە تۇرۇشقان چىلبۆرىلەرمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ سۆزلەيدىكەن. شۇڭا، ھېچقايسى ھايۋان بۇ «پادىشاھ» نىڭ بۆرە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەپتۇ.

بارا ـ بارا، بۆرە بۇ كۆك رەڭلىك لىباسى بىلەن مەغرۇرلىنىپ، «مەن مەڭگۈ پادىشاھ بولۇپ ئۆتىدىغان بولدۇم!» دەپ تەكەببۇرلۇق قىلىشقا باشلاپتۇ ۋە تەپ تارتماستىن ۋارقىراپ ـ جارقىرايدىغان بوپتۇ. بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان شىر ۋە يولۋاسلار ئۇنىڭ ئەسلىدە بۆرە ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئالدانغانلىقىغا پۇشايمان قىلىشىپتۇ ۋە:

— بۇ مەلئۇن ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ، بىزگە پادىشاھ بولۇۋاپتۇ، — دېيىشىپتۇ، — بۇنداق خورلۇققا ھەرگىز چىداپ تۇرالمايمىز. شۇڭا، ئۇنىڭ شاھانە تونىنى سالدۇرۇۋېلىپ، ئۆزىنىڭ قېنى بىلەن قىزىل تون كىيدۈرەيلى!

بۆرە ئۆزىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنىڭ ئاشكارىلىنىپ

قالغانلىقىنى ۋە قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغانلىقىنى سېزىپ قېلىپ، بۇ يەردىن قېچىپ، يىراق چۆل - باياۋاندىكى بىر بۆرىلەر توپىغا قوشۇلۇپتۇ.

— بىز سىنى ھەممە ھايۋانلارغا پادىشاھ بوپتۇ، دەپ ئاڭلىغاندۇق، — دەپ سورىشىپتۇ بۆرىلەر ئۇنىڭدىن، — بۈگۈن ئەجەب بۇ يەردە يۈرىسەنغۇ؟

بۆرە بولغان ۋەقەلەرنى ئۇلارغا باشتىن بايان قىلىپ بەرگەنىكەن.

— سەن ئۇ بەخت - دۆلەتكە لايىق بولمىساڭمۇ لېكىن ئۇ ساڭا نېسىپ بوپتۇ، — دەپتۇ بۆرىلەر، — سەن ئۇنىڭ قەدرىنى بىلمەي يەنە ئەسلىڭدىكى خۇيۇڭنى داۋاملاشتۇرۇپسەن. نەتىجىدە ئۆزۈڭنى رەسۋا قىپسەن. ھەر قانداق نەرسىنىڭ ياخشى - يامانلىقى ئىنىز - ئۆزىدىن مەلۇم بولىدىغانلىقىنى بىلمىدىڭمۇ؟...

— ھەق سۆزلىدىڭلە ئى بۇزرۇكۋار پىر ئەزەم، — دەپ شەيخنىڭ گېپىنى ماقۇللىدى مۇھەممەت ۋەلى سوپىمۇ، — بەتخۇي كىشىلەر كۆپىنچە ھاللاردا دەسلەپتە ياخشى سۈپەتلەر بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشىدۇ. لېكىن، ئاخىردا ئۇلارنىڭ بەتخۇيلۇقى ھامان ئاشكارىلانماي قالمايدۇ. بىر كىشىنى ياخشى سىناپ كۆرمىگىچە ئۇنىڭغا ئىشىنىپ كەتمەسلىك، ئوبدان چۈشىنىپ يەتمىگۈچە، كىشىنى يۇقىرى كۆتۈرمەسلىك لازىم. شۇڭا، ھەزرىتىم، بۇزرۇكلار: «ھىممەتسىز كىشىلەر تەمە ياكى قورقۇنچ ۋەسۋەسىسى بىلەن خىزمەت كەمىرىنى بويىنىغا سالىدۇ. ئەگەر ئۈمىدى ھاسىل بولۇپ، موھتاجلىقتىن قۇتۇلسا، كۇپرانە نېمەتلىك ۋە پىتنىخورلۇق ئوتىنى ياندۇرىدۇ. ئەگەر قورقۇنچ ۋەسۋەسىدىن قۇتۇلسا، تەپرىقاتچىلىق چەشمىسىنىڭ سۈيىنى لېيىتىدۇ» دېيىشكەن.

— ئى ياران، بۇ گېپىڭغۇ خاتا ئەمەس، — دېدى شەيخ

قولىدىكى تەسۋىسىنى سىرىپ تۇرۇپ، — خۇددى سەن ئېيتقاندەك قول ئاستىدىكىلەرنى نەپسى سەمرىپ يامان نىيەتكە كەلمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىنى تولىمۇ ئالدىراپ ئاشۇرۇپ دۆلەتمەن قىلىۋەتمەسلىك لازىم. بىراق، ئۇلارنى شەپقەت ۋە ئىلتىپاتتىنمۇ مۇتلەق مەھرۇم قىلىۋەتمەسلىك لازىم. بولمىسا، ئۇلار بىر يولىلا نائۇمىد بولۇپ يامانلىق تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئىشى دائىم ۋەدە، ئۈمىد ۋە خەۋپ - خەتەر ئارىسىدا تۇرۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى قورقۇنچ بىلەن تەھدىتنىڭ ئۈتتۇرىسىدا ساقلاش كېرەك. بىراق، ھەر قانداق بەندىنىڭ تەقدىر - قىسمىتى ئۇلارنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن بولىدۇ. كارامەتلەر كاتىپى ئەزەلدىن ھەر قانداق كىشىنىڭ لەۋھۇل مەھپۇزىغا مەڭگۈلۈك رەقىمىنى يازغان ئەمەس. مەۋجۇتلۇق نەققاشى كائىنات سەھىپىسىگە: «تەڭرىدىن ئۆزگە ھەممە نەرسە يوقىلىدۇ!» دېگەندىن باشقىنى نەقىش قىلالىغان ئەمەس! قۇدرەت چىراغچىسى سۆھبەت شامىنى ئاپەت بورىنىدا ئۆچۈرمەي مەڭگۈ ياندۇرالىغان ئەمەس!...

نەزمە

ھەممىدىن ھەم يامان بولار چېقىمچى،
كۆرمىدىم ھېچ ئۇنداق رەزىل يىلاننى.
نادانلىقى، بۇزۇق پىكرى بىلەن ئۇ،
بۇزۇۋېتەر ئىككى يېقىن يارەننى.

— شەيخ سەئىدى

## ئونىنچى باب

# سەھرادىكى مەرۋايىت

يورۇتتى ئۇ زۇلمەتنى شولا چېچىپ بۇ سائەت،
ھەيرانىمەنكى بەختىمدىن، نەدىن كەلدى بۇ دۆلەت؟
— شەيخ سەئىدى

مىلادى 1549 ـ يىلى (توخۇ يىلى) ياز.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان مەۋكەبكە بۇ يىلقى يازلىق شىكارغا جابدۇنۇش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى.

يىلدا ئىككى قېتىم شىكارغا چىقىش سەئىدىيە سەلتەنەتىنىڭ مۇھىم ھاكىمىيەت تۈزۈملىرىدىن ئىدى. ئۇ ھەم قەدىمدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان بىر تۈرلۈك ئۇيغۇر ـ ئوغۇز ئۆرپ ـ ئادىتى ھېسابلىناتتى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدىن تارتىپلا ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ بۇ قەدىمكى ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا ناھايىتى قاتتىق ئەمەل قىلاتتى. ئۇ بۇلارنى «ئوغۇزنامە» دېگەن قەدىمكى كىتابتىن ئوقۇپ چۈشەنگەنىدى. بۇ كىتابنى ئۇنىڭغا خان تاغىسى، ئۇلۇسبېگى مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات بەرگەنىدى. بۇ ئوۋ ئوۋلاش، بەزمە ۋە جاسارەتلىك كۆچمەنچىلەرنىڭ ھاياتى

سادda ۋە گۈزەل تىل بىلەن تەسۋىرلەنگەن بىر كىتاب ئىدى.
موغۇل سۇلتانلىرى ھۆكۈمدار ئاتىلىرى ياكى ئۇلارنى قورچاق قىلىۋالىدىغان موغۇل ئەمىرلىرىنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىدىن چۆچۈپ، تەختىنى ئىگىلەشتىن بۇرۇن ئۇزۇن يىل جەڭدە، ھەربىي يۈرۈشلەردە ۋە غۇربەتچىلىكتە ياشاشقا مەجبۇر بولاتتى. بۇ قىسمەتتىن ئەلۋەتتە سۇلتان ئابدۇرەشىدخانمۇ قۇرۇق قالمىغانىدى. ئۇ ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىنى ۋە ياشلىق باھارىنىڭ ئون يىلدىن كۆپرەك قىسمىنى چېگرا - ھۇدۇتلۇقلارغا يۈرۈش قىلىش ۋە چەت - ياقا ئۆلكىلەردە نايىبلىق قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن بولسىمۇ لېكىن ئۇ چىشىنى چىشلەپ چىداپ كەلگەنىدى. ئۇ بوش ۋاقىتلىرىدا نەزمە - رۇبائى يازاتتى، شاھمات ئويناشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئويۇندا ماھىر جەڭچى ھېسابلىناتتى. لېكىن، ئۇ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىش — ھەر يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان شىكار پائالىيىتى ئىدى. شىكار ھەر يىلى ياز پەسلى بىلەن قىش پەسلىدە ئىككى قېتىم ئۆتكۈزۈلەتتى. مەملىكەتنىڭ ئالىي ھۆكۈمدارى - سۇلتان باش بولغان بۇنداق شىكارغا سەلتەنەتتىكى ئەمىرۇل - ئۇمەرالار، نايىبلار، مەشھۇر باھادىرلار، شان - شۆھرەتكە تەشنا بولغان ياشلار قاتنىشاتتى. بۇ سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ شۆھرەتلىك ئاتا - بوۋىلىرىدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۇۋچىلىق ئادىتى ئىدى.
ھەر قېتىملىق شىكار ئادەت بويىچە ئون بەش كۈن داۋام قىلاتتى. ھەر قېتىمقى شىكاردا قەدىمكى ئۇۋ ئادىتى بويىچە سۇلتان ئالدىنقى قاتاردىكى ئۇۋچىلارنىڭ ئوتتۇرىدا تۇراتتى. ئاندىن بەگ - ئەمىرلەر ساراي قائىدىسى ۋە ئۆز دەرىجە - نىشانلىرى بويىچە بىر - بىرىدىن خېلىلا ئۇزاق ئارىلىق قالدۇرۇپ سۇلتاننىڭ ئىككى تەرىپىدىن قورشاۋ دائىرىسى بويىچە قاتار ئورۇن ئالاتتى. سۇلتان ماڭغاندىن كېيىن قالغانلارمۇ گويا ئىككىنچى كىچىكرەك ئىچكى قورشاۋ دائىرىسىنى ھاسىل قىلىش

ئۇچۇن ئاستا مېڭىشقا كىرىشەتتى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى شىكار ھايۋانلىرىغا مۇمكىن قەدەر سەزدۇرمەستىن يېقىنراق بېرىۋېلىشتىن ئىبارەت ئىدى. قەدىمكى ئۇيغۇر - ئوغۇز ئۆرپ - ئادىتى بويىچە، تۇنجى ئۇچىرىغان ئوۋغا سۇلتان بىرىنچى بولۇپ ئوق ئاتاتتى. ئاندىن بەگ - ئەمىرلەر، كېيىن ئوتتۇرا ھال ئەمەلدارلار، ئەڭ ئاخىردا ياشلار ئوق ئېتىشاتتى. بۇ ئارقىلىق بەگ - ئەمىرلەر، نايىب - ئەمەلدارلارنىڭ قوللىرىنىڭ كۈچى، كۆزلىرىنىڭ قۇۋۋىتى قالغان - قالمىغانلىقىنى، ئۇلارنى ياشلار بىلەن ئالماشتۇرۇش ۋاقتى بولغان - بولمىغانلىقىنى ئېنىقلاش مۇمكىن ئىدى. چۈنكى، قەدىمكى ئۇيغۇر - ئوغۇز ئادىتى بويىچە، مائاش - تەمىنات مەرتىۋىسىگە قاراپ ئەمەس بەلكى، خىزمەت - تۆھپىسىگە قاراپ بېرىلەتتى. بىر ئوقتا بىر قىرغاۋۇل ياكى بىر غازنى ئېتىپ چۈشۈرگەنلەرگە سۇلتان دۇبۇلغىسىغا تاقاش ئۇچۇن مۇكاپات بېرەتتى. يولۋاس ياكى يىلپىز ئېتىۋالغانلارغا بولسا، بوينىغا ئېسىش ئۇچۇن ئالتۇندىن ياسالغان قوتاس مۇكاپات بېرەتتى. بەزىدە شىكارگاھتا بەزمە ئۆتكۈزۈلەتتى. بەزمىدە ھەر بىر كىشىگە ئادەت بويىچە تۆھپىسى، نوپۇزى ھەم سۇلتانغا يىراق - يېقىنلىقىغا قاراپ ئوۋ غەنىيمەتلىرىدىن لوقما تەقسىم قىلىپ بېرىلەتتى. سۇلتان تەرىپىدىن ئىنئام قىلىپ بېرىلگەن ئاشۇ بىر لوقما گۆشنى يېيىش شەرىپىگە نائىل بولغۇچىنىڭ سۇلتانغا بولغان ساداقەتلىكى ھەسسىلەپ ئاشاتتى.

تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 956 - يىلى رەجەب، شەئىبان ئايلىرى ئىدى.[1] خاسىيەتلىك كۈنلەرنىڭ بىرىدە سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ياشلىقنىڭ تەقەززاسى بىلەن كۆڭلى ئويۇن ۋە

[1] مىلادى 1549 - يىلى 7-، 8- ئايلار.

شىكار سەيلىسىنى خالاپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن مەۋكەبكە: «شىكار ئەسۋابلىرىنى تولۇق تەييارلاپ، ئۆگىتىلگەن شۇڭقار، لاچىن ۋە تايغانلارنى ئېلىپ، ياخشى سائەتتە ئۇلۇغ ئېقىن ساھىلىغا يۈزلىنىڭلار!» دەپ ئەمىر قىلدى.

ئۇلۇغ ئېقىن[①] بويىدىكى يەر باشى سەھراسى[②] بۇ قېتىمقى شىكار مەيدانى قىلىپ تاللانغانىدى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان قوشۇنىنى باشلاپ دەبدەبە، ھەيۋەت بىلەن يەر باشى سەھراسىغا ئاتلاندى ۋە چۈشكە يېقىن شىكارگاھىغا بېرىپ ئورۇنلاشتى. ئەتىسى سەھەردە سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئەمىر ۋول ـ ئۇمەرالار، بەگ ـ بېگاتلار، ئەمىرزادىلار، شىر ـ شىكارلار بىلەن بىللە ئوۋ ئوۋلاش بىلەن مەشغۇل بولدى...

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بىر ئېگىز يەرگە چىقىپ ئەتراپقا نەزەر تاشلىۋىدى، يىراقتىكى بىر توغراقنىڭ ئاستىدا ياتقان بىر كېيىكنى كۆردى. ئۇ تازا سەمىرىپ تولغان بىر كېيىك ئىدى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان قول ئىشارىتى قىلىۋىدى، شىكارچىلار دەرھال تۆت ئەتراپتىن كېيىك تەرەپكە قاراپ ئات سېلىشتى. بۇ چاغدا، سۇلتان تويۇقسىزدىن بۇ كېيىكنى ئاتماي تىرىك قولغا چۈشۈرۈشنى خالاپ قالدى ـ دە، ھەمراھلىرىغا ئۇنى تىرىك تۇتۇشنى ئەمىر قىلدى. ئەمىر ۋول ـ ئۇمەرالار دەرھال ئوقيالىرىنى مۈرىسىگە ئېسىشىپ، قوللىرىغا سالما ئېلىشتى. نەچچىلىگەن سالمىلار قېچىپ كېتىۋاتقان كېيىكنى تۇتۇشنى نىشان قىلىپ تاشلانغان بولسىمۇ لېكىن كېيىك تۇتۇق بەرمىدى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخانمۇ ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ ئۇنىڭغا سالما تاشلىۋىدى، كېيىك ئۇنىڭ سالمىسىنىمۇ رەت قىلىپ، ئۇچقاندەك باياۋان تەرەپكە قاراپ قاچقىلى تۇردى.

---

① يەكەن دەرياسىنىڭ تارىختىكى ناملىرىدىن بىرى.
② مەكىت ئەتراپلىرىنىڭ قەدىمكى نامى.

— هېچ كىشى ئۇ كېيىككە تەگمىسۇن، — دېدى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان راسلىنىپ، — ئۆزۈم تۇتىمەن، كەينىمدىن كىشى كەلمىسۇن!

كېيىك باياۋان تەرەپكە قېچىپ خېلى يىراققا بېرىۋالغاندىن كېيىن خاتىرجەم ئوتلاشقا باشلىدى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئاتقا بىر قامچا ئۇردى - دە، ئارقىسىدىن قوغلاپ كەتتى، كېيىككە يېقىن بېرىپ سالما تاشلىۋېدى، ئۇ يەنە قاچقىلى تۇردى ۋە يىراققا بېرىۋېلىپ، يەنە ئوتلىغىلى تۇردى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان كېيىككە يېقىنلىشىپ بېرىپ يەنە سالما تاشلىۋېدى، ئۇ چەبدەسلىك بىلەن يەنە تېخىمۇ يىراققا قاچتى. شۇنداق قىلىپ ھېلىقى كېيىك سۇلتان ئابدۇرەشىدخان قوغلىسا قېچىپ، توختىسا توختاپ، ئۇنىڭ بىلەن مۆكۈ - مۆكۈلەڭ ئويناپ، سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننى ۋە ئۇنىڭ ئېتىنى ئىنسىقتا ھاردۇرۇپ كاردىن چىقاردى. ئاخىر، سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ غەزەپ - ئاچچىقى كېلىپ، سالمىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ساغداقتىن ئوقنى ئېلىپ، ياچاقنىڭ يېيىغا چىڭداپ تۇرۇپ، ھېلىقى قۇۋ كېيىكنى نىشانلاپ ئوقنى ئېتىۋەتتى. ئوق قېچىپ كېتىۋاتقان ھېلىقى كېيىككە قوغلاپ يەتتى - دە، ئۇنىڭ ئوڭ بېقىنىغا قادىلىپ قالدى.

زەخىملەنگەن كېيىك ئەندىككەندەك قىلىپ سەل توختىۋالغان بولسىمۇ ئەمما دەريا تەرەپكە بۇرۇلدى - دە، توغراقلىقنىڭ ئىچىگە قاراپ قاچقىلى تۇردى ۋە ئازاراق يۈگۈرۈپ كۆزدىن غايىب بولدى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئوق تېگىپ زەخىمناك بولغان كېيىكنى «ئەلۋەتتە يىقىلغاندۇ» دەپ ئويلاپ، ئارقىدىن يېتىپ كېلىپ قارىۋېدى، كېيىك ھېچنەدە كۆرۈنمىدى. ئىزدە - ئىزدە كەچ كىرىپ كەتتى. بىر چاغدا ئاسماننىڭ بۇرجىكىدىن ئاي كۆتۈرۈلۈپ، باياۋاننى يورۇتۇشقا باشلىدى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان قويۇق توغراقلىقنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، ئاينىڭ يورۇقىدا ھويلىسىدا يوغان بىر تۈپ چىنار سايە تاشلاپ تۇرغان بىر ئۆينى كۆرۈپ قالدى. «ھازىر كېچە بولۇپ قالدى، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، — ئۆي ئىگىسىدىن ئىجازەت ئېلىپ، بۈگۈن كېچىنى مۇشۇ ئۆيدە ئۆتكۈزەي. كېيىنكى ئەتە ئەتىگەندە ئىزدىسەممۇ كېچىكمەسمەن!»

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ھېلىقى چىنارلىق ھويلىنىڭ ئالدىغا يېقىن كېلىپ قارىۋېدى. بىر بۇلاقتىن بۇلدۇقلاپ سۇ چىقىپ، ھويلىنىڭ ئالدىدىكى كۆلگە قۇيۇلغىلى تۇرۇپتۇ. ئۇ ئاتنى توغراققا قاڭتۇرۇپ باغلاپ قويغاندىن كېيىن ئۆزى بۇلاق بويىدا تاھارەت ئېلىپ، ئىككى رەكەت ناماز شامنى ئەسىر قىلىپ ئوقۇۋالدى. شۇ ئەسنادا، ئۆزى كەلگەن تەرەپتىن بىرەيلەننىڭ ئات چاپتۇرۇپ تېز كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاندى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ھوشيارلىنىپ قولىنى قىلىچىغا ئۇزۇتۇشىغا، ھېلىقى ئاتلىق ئادەم ئۇنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىپ، ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى-دە، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىز چۆكتى.

— ئەكرەممۇ سەن؟! — دەپ سورىدى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ھېلىقى ئادەمدىن.

— ئېغىر گۇناھلىقمەن، ئى پۇشتىپاناھ! — دەپ يەر سۆيدى ھېلىقى ئەكرەم دەپ ئاتالغان كىشى، ئۇ سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ مەھرىمى ئىدى، — بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن، مەن قۇللىرىنى ئەپۇ قىلغايلا!

— مەن سىلەرنى ئارقامدىن كەلمەڭلەر، دېگەن تۇرسام، سەن قانداقسىگە گۇناھلىق بولۇرسەن؟ تۇرە ئورنىڭدىن، ئاتلارنى سۇۋۇتقاندىن كېيىن ئېغىزدۇرۇقلىرىنى ئېلىۋەت-دە، ئۇلاغلىرىنى بوشىتىپ قوي. ئوت يەۋالسۇن، ئۇنىڭغىچىلىك بىز بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى بىلەن تونۇشۇپ ئۇلگۇرىمىز! — دېدى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان خۇشخۇيلۇق بىلەن.

ئەكرەم ئاتلارنى ئوتقا قويۇپ بولغۇچە، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان مەھرىمى ئەكرەم ئالغاچ كەلگەن گۆشنانلار بىلەن ئازراق غىزالىنىۋالدى. ئاندىن مەھرىمىنى باشلاپ ھېلىقى ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئىشىكنى چەكمەكچى بولۇپ قولىنى كۆتۈردى - يۇ، ئەمما ئۆينىڭ ئىچىدىن ئاڭلىنىۋاتقان تەمبۇرنىڭ خۇشناۋاسىغا مەھلىيا بولۇپ تۇرۇپ قالدى. ئۆي ئىچىدە بىرى تەمبۇرنى پەنجىگاھ مۇقامىغا تەڭكەش قىلىپ چېلىۋاتقانىدى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان خېلى بىر چاغلارغىچە قۇلاق سېلىپ ئاڭلاپ تۇردى. بىر ئاش پىشىم ئۆتكەندىن كېيىن ئۆي ئىچىدىكى تەمبۇرچى تەمبۇرنى چېلىشنى توختاتتى. ئۆينىڭ ئىچىدە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى. پەنجىگاھ مۇقامىنىڭ كۈيى ئىچىگە چۆكۈپ كەتكەن سۇلتان ئابدۇرەشىدخان چۆچۈپ ئويغانغاندەك بولۇپ ئەتراپقا قارىدى. ئۇ يېڭىۋاشتىن قولىنى كۆتۈرۈپ ئىشىكنى ئەدەپ بىلەن قېقىشقا باشلىدى.

بۇ چاغدا، ئۆينىڭ ئىچىدىن:

— كىم، ئىشىك قېقىۋاتقان كىم؟ — دېگەن بىر ئەركىشىنىڭ بوغۇق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئابدۇرەشىدخان:

— بىز يولۇچى، مەكىت تەرەپكە ماڭغان يولۇچى ئىدۇق، كەچ قالدۇق، ئۆيىڭىزدە بىر كېچە خۇدايى قوناق بولساق دەيمىز! — دەپ جاۋاب بەردى.

بىركەملەردە ياغسىرىغان ئىشىك مۇجۇقى غىچىرلاپ، ئىشىك ئېچىلدى. ئۆينىڭ ئىچىدىن يېشى ئەللىكلەردىن ئاشقان بىر ئەر كىشى چىقىپ تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن ئۇلارنى ئۆيگە باشلىدى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان مەھرىمى ئەكرەم بىلەن ئۆيگە كىردى. ئۆينىڭ ئىچىدىكى بىساتلاردىن ئۆي ئىگىسىنىڭ نامرات ئادەم ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

سەھراغا لايىق ساددا كىيىنگەن سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۆي

ئىگىسى بىلەن سەممىي سالاملاشقاندىن كېيىن سۇپىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردى. سۇلتانىنىڭ مەھرىمى ئەكرەم بولسا پەگاھتا قول قوشتۇرۇپ ئۆرە تۇردى.

هال - ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۆي ئىگىسىنىڭ ئىسمىنىڭ مەھمۇت ئاخۇن ئىكەنلىكىنى، سەھرادا ئوتتۇنچىلىق قىلىپ كۈن كەچۈرىدىغانلىقىنى بىلىۋالدى. بۇ چاغدا رەسىدە بولۇپ قالغان چىرايلىق بىر سەھرا قىزى دەھلىز ئۆيدىن يېڭىدىن دەملەنگەن چاي بىلەن تۆت زاغرىنى كۆتۈرۈپ كىردى ۋە ناتونۇش مېھمانلارغا سالام قىلغاندەك قىلىپ پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويغاندىن كېيىن قولىدىكى چايجۇش بىلەن زاغىرلارنى داستىخان ئۈستىگە قويدى. ئاندىن تاختا بېشىدىن ئۈچ دانە قارا ھېجىرنى ئېلىپ، قاپاقتىكى سۇ بىلەن پاكىز چايقىغاندىن كېيىن ئاۋۋال مېھمانلارغا، ئاندىن دادىسىغا چاي قۇيدى.

ئۆي ئىگىسى مەھمۇت ئاخۇن زاغىرلارنى ئۇشتۇپ، مېھمانلارنى چايغا تەكلىپ قىلدى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان چاي ئىچكەچ، ئۆينىڭ ئىچىگە كۆز يۈگۈرۈتۈپ نەزەر سالدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزى ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا تۇرغان بىر تەمبۇرگە چۈشۈپ قالدى ۋە ھەيران بولۇپ:

— ھۆرمەتلىك تەقسىر، بۇ تەمبۇرنى باياتىن سىلى چالدىلىغۇ دەيمەن، — دەپ سورىدى مەھمۇت ئاخۇندىن، — مالال كۆرمىسىلە، بايا سىلى چالغان پەنجىگاھ مۇقامىغا يەنە بىر قېتىم چېلىپ بەرگەن بولسىلا.

مېھماننىڭ ئىلتىماسىنى ئاڭلىغان مەھمۇت ئاخۇن:

— يوقسۇ، ھۆرمەتلىك مېھمان، مەن تەمبۇر چېلىشنى بىلمەيمەن، — دېدى كەچۈرۈم سورىغاندەك قىلىپ قوللىرىنى مەيدىسىگە قويۇپ، — مۇشۇ قىزىم ماڭا تەمبۇر ئېلىپ بەرسىلە دادا، دەپ خاپا قىلىپ ئالدۇرغان. قىزىم چالالايدۇ.

— بۇ چىرايلىق قىزنىڭ ئىسىم - شەرىپى كىم بولىدىكىن؟ — دەپ سورىدى مەھمۇت ئاخۇندىن، ئۇنىڭ گېپىگە قىزنىقىپ سۇلتان ئابدۇرەشىدخان، — خانقىز، كىملىكىڭ بىزگىمۇ چېلىپ بېرىڭ!

— قىزىمنىڭ ئىسمى ئامانىساخان — دەپ جاۋاب بەردى مەھمۇت ئاخۇن. ئاندىن قىزى ئامانىساخانغا ئەمر قىلدى، — ئاپپاق قىزىم، تەمبۇرىڭنى قولۇڭغا ئال - دە، بۇ مېھمان ئاكىلىرىڭغا پۈتۈن ئىشتىياقىڭ بىلەن پەنجىگاھ مۇقامىدىن بىر پەدە چېلىپ بەرگىن.

ئامانىساخان دەپ ئاتالغان ھېلىقى قىزمۇ ئانچە تۈزۈت قىلىپ ئولتۇرۇپ كەتمىدى. ئۇ قولىغا تەمبۇرنى ئېلىپ، پەردىسىنى سەل - پەل تەڭشىۋالدى - دە، ئارقىدىنلا پەنجىگاھ مۇقامىغا كەلتۈرۈپ تەمبۇرنى شۇنداق سايرىتىۋەتتىكى، بۇنى ئاڭلاپ ھەيرانۇ - ھەس بولغىنىدىن سۇلتان ئابدۇرەشىدخانىنىڭ ھوشى كاللىسىدىن چىقىپ كەتتى! ھوشيار ئىدى، مەست - سەرمەست بولدى؛ ئويغاق ئىدى، خامۇش بولدى! بولۇپمۇ بۇ قىز ئۆزى يازغان بىر غەزەلنى مۇقامغا سېلىپ ئوقۇۋىدى، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان قىزنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ خۇشناۋاسىغا ئاشىق بولۇپ قالدى. قىز غەزەلنى مۇنداق باشلىدى:

ساڭا يۈز شۈكۈر يارەب، بىزگە ئادىل پادىشاھ قىلدىڭ،
پەقىر - مىسكىنگە ئابدۇرەشىدخاننى پەناھ قىلدىڭ!

. . . . . .

قىز بۇ غەزەلنىڭ ئاخىرىنى مۇنداق چۈشۈردى:

نەپسى كىچە - كۈندۈز دۇئا قىل تەڭرى ھەققىدە،
كى شاھنىڭ ھەققىدە قىلماي دۇئا قاتتىق گۇناھ قىلدىڭ.

قىزغەزەلنى تامام قىلىشىغا، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان:
— ئى چىرايلىق قىز، نەفىسى دېگەن شائىرە كىم؟ سىز بۇ غەزەلنى كىمدىن ئۆگەندىڭىز؟ — دەپ ئالدىراپ سورىۋېدى، ھېلىقى قىز ئۇنىڭ گېپىنى ياراتمىغاندەك قىلىپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى — دە:
— ئى ھۆرمەتلىك مېھمان، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دېدى جاۋابەن، — خەقنىڭ غەزىلىنىمۇ ياد ئېلىپ ئوقۇمدىكەن؟ مەن نەۋائى، فوزۇلىنىڭ[1] غەزەللىرىدىن باشقىسىنى ئوقۇمايمەن. بۇ غەزەل ئۆزۈمنىڭ، نەفىسى دېگەن مەن بولىمەن!
قىزنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ سۇلتان ئابدۇرەشىدخان تېخىمۇ ھەيران قالدى:
— سىز؟ . . . سىز نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟
— قىزىم ئامانىساخان بۇ يىل ئون تۆتكە كىردى، — دەپ جاۋاب بەردى مەھمۇت ئاخۇن.
— خېنىم قىزىڭىز قايسى مەدرىستە ئوقۇغان؟
— مېھمان، مەندە ئۇنى ئوقۇتالىغۇدەك قانچىلىك ماغدۇر بار دەيسىز، — دەپ بېشىنى چايقىدى قىزنىڭ ئاتىسى، — ئوتۇنچىلىق قىلىپ، مەئىشىتىمىزنى ئاران قامداۋاتساق.
بۇ چاغدا، ئامانىساخان ئورنىدىن تۇرۇپ تامدىكى ئويۇقچىدىن بىر يۆگەم قەغەزنى قولىغا ئېلىپ، سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئالدىغا قويدى. بۇ ئۇ يازغان شېئىر — غەزەللەرنىڭ بىر قىسمى ئىدى. بۇ غەزەللەر «خەتتى رۇقاقى» قىلىپ چىرايلىق كۆچۈرۈلگەنىدى. غەزەل پاساھەتلىك يېزىلغان بولۇپلا قالماي، خەتنىڭ ھۆسنىمۇ قىزنىڭ ھۆسنىدىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدە چىرايلىق ئىدى.
سۇلتان ئابدۇرەشىدخان يەنە ئىشەنمەي:

---

[1] فوزۇلى (1504 ـ 1562) — چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى. باغدادتا تۇغۇلغان ۋە شۇ يەردە شۆھرەت قازانغان.

— ئى چىرايلىق قىز، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — بىز قاراپ تۇرايلى، سىز هازىرنىڭ ئۆزىدە بىر غەزەل يېزىپ كۆرسەتكەيسىز!

ئامانىساخان دۇۋەت - قەلەم، قەغەز ئېلىپ كېلىپ، سەل ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى، جىنچىراغ يورۇقىدا ئۇنىڭ چېھرىدە تەبەسسۇم بىلىنەر - بىلىنمەس جىلۋىلەندى. ئۇ لېۋىنى چىشلەپ قويۇپ، قۇمۇش قەلەمنى دۇۋەتتىكى سىياهقا چىلاپ، قەغەز يۈزىدە يۈگۈرۈتتى. قەلەمنىڭ ئىزىدىن يېڭى بىر غەزەل پۈتۈپ چىقىشقا باشلىدى:

يارەب بۇ بەندە قىلدى ئەجەب گۇمان ماڭا!
گويا بۇ ئۆيگە ئۇندى بۇ ئاخشام تىكەن ماڭا!

— بولدى بەس، ئى چىرايلىق قىز، مەسخىرە قىلماڭ، — دېدى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان كۈلۈپ. ئۇ ئاخىر قىزنىڭ ئىستېداتىغا قايىل بولغانىدى، — بىز ئىشەندۇق!

بۇ چاغدا ئۆيىنىڭ ئىچىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى...[1]

ئەتىسى سەهەردە سۇلتان ئابدۇرەشىدخانلار قايتماقچى بولۇشتى. ئۇلار ئامانىساخان تەييارلاپ بەرگەن چايدا ناشتا قىلىپ بولۇشۇپ تۇرۇشىغا، مەهمۇت ئاخۇن مېھمانلارنىڭ ئاتلىرىنى سۇغىرىپ، ئېگەرلەپ تەق قىلىپ قويغانىدى.

— ئامان بولغايلا، هۆرمەتلىك مەهمۇت ئاكا، — دېدى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۆي ئىگىسى بىلەن خوشلىشىۋېتىپ ئەتراپقا قاراپ قويدى، بىراق، ئامانىساخان كۆرۈنمىدى. «بۇ ئەقىللىق قىز ئىچىمىزگە بىر پارچە ئۆتنى سېلىپ قويۇپ ئۆزى

① مولا ئىسمەتۇللابىننى نېمە تۇللا مۆجىزى: «تەۋارىخى مۇسقىيۇن» مىللەتلەر نەشرىياتى 1982 - يىل نەشرى، 65-، 66-، 67 - بەتلەر.

مۆكۈۋاپتۇ ـ دە، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە — بۇ قىز بىزگە مەھبۇب بولۇشقا لايىق ئىكەن! . . . »

— خۇدايىم سىلەرنى ئامان ـ ئېسەن قىلسۇن، — دېدى مەھمۇت ئاخۇن قوللىرىنى پاتىھەگە ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىپ تۇرۇپ، — ھۆرمەتلىك مېھمان، بۇ تەرەپلەرگە يەنە كەلگۈدەك بولۇشسىلا، بىزنىڭ بۇ ئاددىي كۇلبىمىزگە يەنە كېلىپ مېھمان بولۇشنى ئۇنتۇشمىغايلا!

— خوش! . . .

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان مەھرىمى ئەكرەم بىلەن بىللە شىكارگاھقا قايتىپ كەلگەندە، پۈتۈن مەۋكەب سۇلتاننىڭ يولىغا قاراپ پاراكەندە بولۇشۇپ تۇرۇشقانىدى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ چىرايىدىكى شادلىق كۈلكىسىنى كۆرۈپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ پاراكەندە كۆڭۈللىرى ئورنىغا چۈشۈپ خاتىرجەم بولۇشتى.

سۇلتان ئۆزىنىڭ خان چېدىرىغا كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن مەۋكەبنى ئۆزىنىڭ ھۇزۇرىغا چاقىرتتى ۋە ئۇلارغا ئۆزىنىڭ كېچىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى ھەمدە ئۆزىنىڭ مەھمۇت ئوتۇنچىنىڭ قىزى ئامانىيساخاننى ئەمرىگە ئېلىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

سۇلتاننىڭ بۇ قارارىغا مەۋكەبتىكى ئەمرۇل ـ ئۇمەرالارنىڭ كۆپى دەرھال ماقۇل بولۇشمىدى. بۇلار نەسەب ۋە ھەسەب سۈرۈشتۈرۈپ، بۇ نىكاھنىڭ سۇلتاننىڭ مەرتىۋىسىگە توغرا كەلمەيدىغانلىقىنى كۈچلۈك دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلىماقچى بولۇشتى.

— بىز موغۇل ئەۋلادلىرىدىندۇرمىز، — دېيىشتى ئۇلار، — بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز مەشرىقتىن مەغرىبكىچە، يەمەندىن يەسىيارغىچە، جابىرقىدىن جابولسقىچە زېمىن ئېلىپ، يەتتە ئىقلىمغا پادىشاھ بولغان.

— شۇنداق، — دېدى ھۆرمەتلىك ئۇستاز مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋارمۇ قوللىرى بىلەن ئاپئاق ساقىلىنى تۇتاملاپ تۇرۇپ، — سۇلتان سىز جەننەتپاناھ مەرھۇم ئاتىڭىز سۇلتان ـ سەئىدخاننىڭ تەختىدە ئولتۇرۇپ يۈكسەك مەرتىۋە، ئالىي دەرىجىلەرگە ئېرىشتىڭىز. ھەممە ئاقىل ـ پازىللارنى ئەتراپىڭىزغا يىغىپ، كېڭەشلىك ئىش كۆردىڭىز. مەرھۇم ئاتىڭىز تۈزگەن ئادەت، قائىدە ـ يوسۇنلارغا ئەمەل قىلىپ، پۈتۈن جاھاننى ئادالەت بىلەن سوراپ، ئەلنى ئاۋات قىلدىڭىز. ھالا بۈگۈن جاھان ئەھلى سىزنىڭ دانا تەدبىرىڭىزگە قايىل بولۇشۇپ، سىزنى «رەشىدىل شاھى ئەزەم» دەپ ئاپىرىن ـ مەدھىيىلەر ئوقۇشماقتا . . . بىراق، ئى پادىشاھى ئالەم، — دەپ سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا تىكىلدى.

— بىراق، ئى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان، سىز سالدۇرغان ئاشۇ كۆركەم ۋە مۇستەھكەم قەلئە ـ قورغانلار شەھەر ـ راباتلارنىغۇ باھارنىڭ تاشقىنلىرىدىن ۋە ياۋنىڭ باسقىنلىرىدىن ساقلار. بىراق، ئۆزىڭىزنى پىرلەرنىڭ دۇئايىبىتىدىن قانداق ساقلارسىز؟ شۇنى ئۇنۇتمىغايسىزكى، سىز قۇدرەتلىك ۋە باياشات بىر مەملىكەتنىڭ سۇلتانى بولغان ئادەمسىز! مۇبادا، ئاشۇ شاھ تاتارلىق[1] قارا تۈرك ئوتتۇنچىنىڭ رەققاس قىزى چوكان سىكلەكنى ئەمرىڭىزگە ئالسىڭىز، خەلقىئالەمنىڭ سۆز ـ چۆچەكلىرىگە قالمامسىز؟ شۇنى ئېسىڭىزدىن چىقارمىغايسىزكى، مالامەت ئوقلىرى تاشنىمۇ، تۆمۈرنىمۇ، تەننىمۇ ئوخشاشلا تېشىپ ئۆتىدۇ. سىزگە پىر ـ يارەنلەر مەدەتكار بولغاي. تېخىمۇ شۆھرەت تاپاي دېسىڭىز، چىن ئېتىقاد، تەرىقەتى بەرھەق ۋە سەلتەنەتنىڭ قۇدرىتىدىن قورغان قۇردۇرغايسىز. ئۇ يۈزمىڭ تاش قورغاندىنمۇ مۇستەھكەم ۋە مەزمۇت بولۇر!

---

① مەكىت ناھىيىسىدىكى قەدىمكى يەر ئىسمى. ھازىرقى نامى قومۇش مەھەللە دېيىلىدۇ.

— ھۆرمەتلىك ئۇستاز، — بىلەمدىلا، مەملىكەتنى پەقەت رەشىدىل شاھى ئەزەمدەك ئىلىم ـ مەرىپەت، ھۈنەر ـ سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىقلا سائادەت، قۇدرەت تاپقۇزۇش مۇمكىن، — دېدى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان تەرىپىدىن يېڭىدىن مۆھۈردارلىققا تەيىنلەنگەن يۇسۇپ قىدىرخان يەركەندى خوجا مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋارغا تەزىم قىلغاندىن كېيىن، — مىرزا ئابابەكرىدەك جەللاتقا زۇلۇم سېلىشقا، باشقىلارنى بويسۇندۇرۇپ جاھانگىرلىك شۆھرىتىگە بېرىلگەن شاھۇ ـ سۇلتانلار خۇددى تاياقتىن قورقۇپ يۈگرىگەن ئېشەككە، قامچىدىن قورقۇپ چاپقان ئاتقا ئوخشايدۇ. ئېشەك بېچارىمۇ ھارۋا تارتىۋاتقانلىقىدىن خەۋىرى يوق ياكى كۆز باغلاقلىق ئاتقا ئوخشاش، ئۇمۇ بىر دائىرە ئىچىدە ئايلىنىۋېرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ھارۋىنى ماڭدۇرۇپ ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېسىگە ھەرگىزمۇ كەلتۈرمەيدۇ! ھۆكۈمدارلار سەلتەنەت يۈرگۈزۈۋاتقان بولغاچقا، سەلتەنەتمۇ ھۆكۈمدارنى ئىشقا سالىدۇ. ھۆكۈمدارنىڭ سەلتەنەتى قانچىلىك كۈچلۈك بولغانسېرى، ئاشۇ سەلتەنەتنى كۆتۈرۈپ تۇرغۇچى ئەمىر ـ بەگلەر، روھانىي ـ پىرلەرنىڭ قۇدرىتىمۇ شۇنچىلىك زور بولىدۇ. چۈنكى، سەلتەنەت ھەممىدىن ئاۋۋال پۇل تەلەپ قىلىدۇ! بۇنىڭ ئۈچۈن يا بولمىسا، سىياسىيىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا، ئادالەتنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىلىم ـ مەرىپەت يولىنى كەڭ ئېچىشقا تايىنىش ئارقىلىق مەملىكەتنى بەختىيار قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ياكى بولمىسا، ئاۋام پۇقرالارغا، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلارغا، دېھقانلارغا ھەسسىلەپ ئالۋان ـ سېلىق سېلىپ، ئۇلارنىڭ قان ـ تەرىنى شوراشقا، مەملىكەتتە نادانلىق، خۇراپاتلىق ۋە جاھالەتنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، خەلقنى مەڭگۈ قاششاقلىقتا ياشاشقا مەجبۇرلاشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن، بۇ تولىمۇ خەتەرلىك، چۈنكى زۇلۇم ـ ستەم كۈچەيسە، سەلتەنەتنىڭ ئاساسىغا دەز كېتىدۇ! ئاۋام

خەلق سەلتەنەتىنىڭ قولى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سەلتەنەتنىڭ تۈۋرۈكىمۇ شۇلاردۇر! سۇ ھەم كېمىنى كۆتۈرۈپ، ھەم چۆكۈرگەندەك، شاھ - سۇلتانلارنى تەختكە چىقارغۇچىلارمۇ شۇلاردۇر؛ شاھ - سۇلتانلارنى تەختتىن چۈشۈرۈش ھەم ئۇلارنىڭ قولىدىن كېلىدۇ!

— سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۆزىنىڭ بۇ قارارىنىڭ مەۋكەبتە بۇنچىلىك تالاش - تارتىشقا سەۋەبچى بولىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. شۇڭا، ئۇ ئەمىرلەرنى سەۋرچانلىق بىلەن قايىل قىلماقچى بولدى:

— بىز ئىستىبداتلىق ھۆكۈمدار بولۇشنى ئىزدەپ نۇرغۇن خاتالىقلارنى سادىر قىلغانمىز، — دېدى ئۇ ئەمىرۇل - ئۇمەرالارغا تەكشى قاراپ چىققاندىن كېيىن، — مەرھۇم ئاتىخانىمىز سۇلتان سەئىدخانىنىڭ كىرپىكىگە توپا قونار - قونمايلا، ئوردىدىكى «شەيتانلار ئانىسى» بەتبەخت مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ ئۆسەك سۆزلىرىگە ۋە دەيدەيگە سېلىشىغا ئىشىنىپ كەتتۇق. بىزگە قارشى پىتنە كۆتۈرگەن، دېگەن گۇناھ بىلەن ساداقەتلىك بەگ - ئەمىرلەرنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدۇق. بۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا جەننەت ماكان پەدەرىمىزنىڭ تاغىسى، ئۈچ دەۋرانىنىڭ مۆتىۋەرى بولغان ئولۇسبېگى مىرزا سەئىد مۇھەممەت دوغلات جانابلىرىمۇ بار ئىدى. مەرھۇم پەدەرىمىز تېخى ئۇنىڭغا ئۆز قولى بىلەن يارلىق بېرىپ، ھەر قانداق چاغدا ئۇنىڭ جېنىغا، مېلىغا تەگمەسلىك ھەققىدە قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچكەنىدى...

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، كۆڭلى بىردىنلا بۇزۇلۇپ، تۆۋەن قارىۋالدى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان سەئىد مۇھەممەت مىرزىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇغاندا، ئاتىسى قاتارىدىكى بۇ پېشقەدەم ئەمىر تىز چۆكۈپ، ئۇنىڭدىن رەھىم - شەپقەت سورىغانىدى. نۆۋكەرگە تونىنىڭ

ئەستىرنى تىتىنىشتۇرغۇزۇپ، سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئاشۇ يارلىقنى تاپقۇزغان ۋە تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا سۇنغانىدى. بىراق، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ چاغدا خۇددى قۇترىغان يىرتقۇچتەك ھالەتكە ئۆتكەن بۇ ياش، تەجرىبىسىز ھۆكۈمدارنىڭ ئالدىدا بىھۇدە ئاۋارىگەرچىلىكتىن باشقا ئىش ئەمەس ئىدى. جاللاتلار ئۇنى خۇددى ئىتنى سۆرىگەندەك سۆرەپ تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىپ كاللىسىنى ئالغانىدى...

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ھەر قېتىم مۇشۇلارنى ئويلىغىنىدا يۈرىكى پۇشايمان ئىلكىدە سىقىلاتتى.

— بىز كۆپ گۇناھ قىلغانمىز، — دېدى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۆتكەنكى سەۋەنلىكلىرىگە ئېچىنىپ، — سەۋەنلىكلىرىمىزنى ئويلايدىغان بولساق، يۈزىمىز خىجالەتتىن ئۆيۈلىدۇ!

— ئى شاھ ئەزەم، ئۆتكەنكى سەۋەنلىكلەر دەستىدىن كۆپ ئىزتىراپ بولمىغايلا، — دەپ سۇلتانغا تەسەللى بەردى ئۇستاز مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋار، — تۆۋە قىلماق پەيغەمبەرلەر سۈننىتىدۇر. سەفى ئەلەيھىسسالام كۆپ ئابرۇيى تاپقاچقا، جەننەتكە كىرگەنىدى. ئەمما، گۇناھ ۋە مەردۇدلۇق يولىغا ماڭغانلىقتىن جەننەتتىن قوغلاندى. ئۇ ئۆز قىلمىشلىرىغا تۆۋا قىلغانىدى، يەنە رەھمەت باغىنىڭ سالقىن شامىلىغا مۇيەسسەر بولۇپ ھۆرمەتكە نائىل بولدى!

ئۇستازنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ئىلھاملانغان سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بېشىنى كۆتۈرۈپ، پۈتۈن مەۋكەبتىكىلەرگە قارىدى ۋە:

— ئى زاتى ئالىيلار، — دېدى ئۇ. كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ قەتئىي نىيەتكە كەلگەنلىكى تەپچىپ تۇراتتى، — ئەگەر

موھتاجلىقتا قىينىلىپ يۈرگەن ئىستىبدات ئىگىلىرىگە ھامىيلىق قىلىنمىسا، بۇنىڭ نائىنساپلىق بولىدىغانلىقىنى چۈشەنمەمسىلەر؟ شۇ تاپتا نائىنساپلىق بىلەن ئالىيجانابلىق ئوتتۇرىسىدا بىرلا قەدەم كېلىدىغان ئارىلىق تۇرۇپتۇ. ئەجەبكى، بىر مەملىكەتنىڭ تەخت ساھىبى بولغان بىزدەك ئادەملەر بىر قەدەم بېسىپ ئالىيجانابلىق تەرەپكە ئۆتەلمىسەك ـ ھە؟!

— ئى پۇشتىپاناھ، ھەق سۆزلىدىلە، — دېدى مۆھۈردار ۋەزىر يۈسۈپ قىدىرخان يەركەندى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ سۆزىنى ماقۇللاپ، — سەلتەنەت ئادەملەر ئۈستىدىن ئەمەس بەلكى، ئۇلارنىڭ قەلبى ئۈستىدىن قارار تاپىدۇ. شۇڭا، ھەدىستە: «ساڭا قانداقلا پەتىۋا بېرىشمىسۇن، ئۇ كىم توغرىسىدا بولمىسۇن، ئاۋۋال قەلبىڭ بىلەن كېڭەش!» دېگەن سۆز بىكارغا ئېيتىلمىغان!

سۇلتاننىڭ قەتئىي قارارغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، باشقا قارشى پىكىردىكى بەگ ـ ئەمىرلەرمۇ جىم بولۇشتى. مەۋكەب شىكار پائالىيىتىنى قايرىپ قويۇپ، جىددىي توي تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى.

* * *

يەكەندىكى ھەيدەر باغنىڭ كەينىدىكى سالقىن كۆل بويىغا جايلاشقان ئۈچ ئېغىزلىق كۆركەم خىلۋەتخانا سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ مۆھۈردارى يۈسۈپ قىدىرخان يەركەندىگە ۋاقىتلىق ئايرىپ بېرىلگەنىدى. ئۇ بۈگۈن ئوردىدىكى خىزمەتلىرىنى تولۇق بەجا كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن دەرھال ھەيدەر باغقا قايتتى.

يۈسۈپ قىدىرخان يەركەندى كەچلىك غىزاسىنى يەپ

بولغاندىن كېيىن خىلۋەتخانىنىڭ ئويما نەقىش قىلىپ ئىشلەنگەن ئايۋىنىغا چىقىپ، ئۇ يەردىن ياخشى كۆرۈنىدىغان ئەينەكتەك سۈزۈك كۆلنى تاماشا قىلغاچ ساتارىنى سازلاپ ئولتۇردى. ئۇ ساتارنى شۇنچىلىك ئىشتىياق بىلەن چالدىكى، ھەتتا قاراڭغۇ چۈشۈپ، ئاي كۆتۈرۈلۈپ ئەتراپنى سۈس يورۇتقانغا قەدەر ئورنىدىن مىدىرلىمىدى. بۇ چاغدا ئوردىدىكى خانائى خاسنىڭ① سەۋدەر باشى سۇلتاننىڭ ئۇنىڭ بىلەن ھازىرنىڭ ئۆزىدە كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

ئاسماندا ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئاي ئۈزۈپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ نۇرى ئاقسارايىنىڭ ئىچىدىكى ئەينەكتەك سۈزۈك كۆلنىڭ يۈزىدە ئاي يورۇقىدىن تار يول ھاسىل قىلغانىدى. كۆلنىڭ نېرىقى چېتىدىن سۇلتاننىڭ ئىستىراھەتخانىسىنىڭ ئالدىغا كەلگۈچىلىك بولغان بۇ يورۇق يولدا كۆل يۈزىدىكى جىمىرلاپ جىم تۇرمايۋاتقان سۇ دولقۇنلىرى گۆھەردەك جىلۋىلىنىپ كۆزنى قاماشتۇراتتى.

يۈسۈپ قىدىرخان يەركەندى سەۋدەر باشىنىڭ كەينىدىن ئاقسارايدىكى سۇلتاننىڭ ئىستىراھەتخانىسىغا تېز يۈرۈپ يېتىپ كەلدى ۋە سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ھوزۇرىغا كىردى.

دىۋان خاسنىڭ مەرمەر پەلەمپىيىدە ھاۋالىنىپ تۇرغان سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۇنى كۆرۈپلا، قولىنى شىلتىپ سەۋدەر باشىغا ئەمدى كەتسەڭ بولىدۇ، دەپ ئىشارەت قىلدى ۋە:

— سىزغۇ خىلۋەتخانىڭىزغا بېكىنىۋېلىپ، بەگ ـ ئەمىرلەرنىڭ كاساپەت مۇھىتىدىن ساتارىڭىز بىلەن قۇتۇلماقچى. لېكىن، بىز قانداق قۇتۇلارمىز؟ — دەپ چاقچاق قىلدى يۈسۈپ قىدىرخان يەركەندىگە خۇشخۇيلۇق بىلەن.

---

① خانائى خاس — سۇلتاننىڭ مەخسۇس ياتىقى.

سىز . . . شاھى جاھاندۇرسىز، ھەزرىتىم، پۈتۈن بەگ - ئەمىرلەر، پۈتۈن جاھان سىزنىڭ ئىتائىتىڭىزدە، — دەپ چاقچاق قىلدى سۇلتاننىڭ چاقچىقىغا جاۋابەن ئۇمۇ، — شۇڭا، سىز قاچىمەن دەپمۇ قاچالمايسىز — دە!

شۇنداق، ئىتائىتىمدە بولۇپ ئىتائەت قىلدۇرىدۇ! . . . بىراق، بۇ بەگلەرنىڭ ھەر بىرى بىردىن يالىڭاچلانغان قىلىچ. سەللا خاتا ئىش قىلىپ قويۇشىڭىز بىلەن بېشىڭىزدىن ئايرىلىسىز! . . . بۇ جاھاننىڭ شۇنداق قايىنامىلىرى باركى، سەللا بىخەستەلىك قىلسىڭىز، چۆكتۈرۈۋېتىدۇ.

— شۇنداق، ھەر قانداق ۋاقىتتا ھوشيار بولماق لازىم، — دەپ بېشىنى لىڭشىتتى يۇسۇپ قىدىرخان يەركەندى. سۇلتاننىڭ بۇ پىكرى ئۇنىڭغا بەك ياراپ كەتكەنىدى، — بىراق، سۇلۇك - تەرىقەت ماجىرالىرى سەلتەنەتنىڭ ئاساسىنى تەۋرەتمەكتە!

— مەملىكەتنىڭ ئاساسىنى تەۋرىتىدىغان سۇلۇك - تەرىقەت ماجىرالىرىنى مەنئى قىلىش ئۈچۈن مانا بىز بەل باغلىدۇق! — دېدى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان، — خۇدايىتائالادىن ئۈمىدىمىز باركى، بۇ ئۇلۇغ مەملىكەت ئەمدى يىگانە مەركەز ئەتراپىغا جىپسىلاشقۇسىدۇر. بىز مەملىكەتنى ئاۋات، بەختىيار ۋە قۇدرەتلىك قىلىش ئارزۇسىدىمىز. مەۋكەبتە بىزگە ھەمكار ۋە ھەمنەپەس بولىدىغان سىزگە ئوخشاش مەرىپەتپەرۋەر بەگ - ئەمىرلەر، ۋەزىر - ۋۇزرالار ۋە يېتۈك ئىستىبدات ئىگىلىرى كۆپەيمەكتە. شۇڭا، بىز ئاتا - بوۋىلىرىمىز قىلالمىغان زور ئىشلارنى قىلماقتىمىز!

يۇسۇپ قىدىرخان يەركەندى سۇلتاننىڭ دىلغا ئىلھام بېغىشلايدىغان بۇ مەردانە سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، بىردىنلا يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى ۋە:

— ھەزرىتىم ئىلتىپات قىلدىڭىز! — دېدى ھاياجان

ئىلكىدە، — ھەر ھالدا شاھى جاھاننىڭ مۇبارەك سەمىگە شۇنى سېلىپ قويغۇم كەلدىكى، جاھالەتپەرەست تەرىقەتچىلەر سەلتەنەتنىڭ تۆپىسىگە چىقىۋالسا، ئىش تەتۈرىگە بۇزۇلۇر. سابىق ئاقسۇ نايىبى ئىمىن خوجا سۇلتاننىڭ چۈشكۈنلىشىشى ۋە بۇزرۇكۋار مەرھۇم ئاتىڭىزغا قارشى قىلىچ كۆتۈرۈشى ئەنە شۇ لەنىتى نەپرەتلىك تەرىقەتچىلەرنىڭ ئارىغا تەپرىقە - پىتنە سېلىشىدىن باشلانغان!

— شۇنداق، سۇلۇك ئاداۋىتى خۇددى ئۇلۇس نىزالىرىغا ئوخشاش ئەلنىڭ گۈللىنىشىنى كۆرەلمەيدىغان ئىچى قارىلار تەرىپىدىن غەرەزلىك مەقسەتلىرى ئۈچۈن ئويلاپ چىقىرىلغان مەشئۇم سۈنئىي نىزالاردۇر! — دېدى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئاي يورۇقىدا ئۇششاق قۇم سېپىلگەن يولدا كېتىۋېتىپ، — بىز بۇرۇن تەبىئەتتە بولمىغان جاھالەت بىلەن خوراپاتلىقنىڭ، مۇناپىقلىق بىلەن مەنسەپپەرەسلىكنىڭ، پىتنىخورلۇق بىلەن خائىنلىقنىڭ، ھەسەتخورلۇق بىلەن چۈشكۈنلۈكنىڭ، تەپرىقات بىلەن تەرىقەتنىڭ سەئىدىيە جەمئىيىتىنى ئىچكى قىسىمدىن چىرىتىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىگەنىكەنمىز. توغرا، ئەتراپىمىزدا تەبىئەتتە بولمىغان ئىلىم - مەرىپەت، ھۈنەر - سەنئەت ۋە ئەقىل - ئىدراكقا ئىگە پازىل ئادەملەرمۇ بار. جەمئىيەتنى تاكامۇللاشقان مەرىپەتلىك جەمئىيەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ھەممىدىن ئاۋۋال ھىممەتلىك ئادەملەرنى ئەتراپىمىزغا يىغىشىمىز ۋە كىشىلەرنى تەبىئەتتىن يىراقلاشتۇرغان ئاشۇ سۈنئىيلىكلەرنى يوقىتىشىمىز لازىملىقىنى بارغانسېرى چۈشەنمەكتىمىز.

يۈسۈپ قىدىرخان يەركەندى چەكسىز ھاياجانغا چۆمدى:

— بارىكاللا، ئى ھەرزىتى شاھى جاھان! ھىممىتىڭىزگە ھەسسىنات! بۈركۈت ئېگىز ئاسماندا كۈچلۈك قانىتىغا تايىنىپ پەرۋاز قىلىدۇ، ئادەم ھىممىتى بىلەن ياشايدۇ! قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن نۇشىرۋان تولىمۇ ھىممەتلىك پادىشاھ ئىدى. بىر كۈنى،

بىر جىبسەكچى ئۇنىڭغا: «ئەي شاھىم، ئۆزلىرىگە بىر سوۋغات كەلتۈردۇم، باھاسى بىرلەك دەرھەمدۇر» دېدى. نۇشىرۋان: «ئۇ قانداق سوۋغات؟» دەپ جىبسەكچىدىن سورىدى. جىبسەكچى: «بۇ بىر تۆمۈر ھاسا بىلەن بىر چۆچەكتۇر» دەپ جاۋاب بەردى. نۇشىرۋان دەرھال بىرلەك دەرھەم بېرىپ، جىبسەكچىدىن ھېلىقى سوۋغاتنى سېتىۋالدى.

شۇ كۈنى، نۇشىرۋان بىر چۈش كۆردىكى، كېچىنىڭ ئاۋۋالقى ھەسسىدىكى كۆرگەن چۈشىدە ئۇ ناھايىتى چىرايلىق بىر ئايالنى كۆردى. نۇشىرۋان ئۇ ئايالدىن: «سەن كىم بولىسەن؟» دەپ سورىۋېدى، ئۇ ئايال: «مەن سىزنىڭ مال ـ دۇنيايىڭىز بولىمەن. مەن ھازىر سىز بىلەن خوشلاشقىلى كەلدىم» دېدى. نۇشىرۋان: «سەن نەگە بارماقچى؟» دەپ سورىۋېدى. ئۇ ئايال: «مەن ئۇزاقتىن بېرى سىز بىلەن بىللە ئىدىم. لېكىن، سىز بەختسىزلىكنى سېتىۋالدىڭىز. شۇڭا مەن سىز بىلەن خوشلاشماقچىمەن» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان نۇشىرۋان ئۇنىڭ كېتىشىگە رۇخسەت قىلدى. كېچىنىڭ ئىككىنچى ھەسسىدە ناھايىتى چىرايلىق بىر يىگىت نۇشىرۋاننىڭ چۈشىگە كىردى. نۇشىرۋان «سەن كىم بولىسەن؟» دەپ ئۇنىڭدىن سورىۋېدى، ئۇ يىگىت: «مەن سىزنىڭ رىزقىڭىز بولىمەن، بەختسىزلىك بار يەردە مەن ھەرگىزمۇ تۇرالمايمەن. ماڭا رۇخسەت بېرىڭ» دېدى. نۇشىرۋان ئۇنىڭغىمۇ رۇخسەت قىلدى. كېچىنىڭ ئۈچىنچى ھەسسىدە نۇشىرۋاننىڭ چۈشىگە بىر پەرىزات كىردى. نۇشىرۋان ئۇ پەرىزاتتىن: «سەن كىم بولىسەن؟» دەپ سورىۋېدى، ئۇ: «مەن سىزنىڭ ئەقلىڭىز بولىمەن، بەختسىزلىك بار يەردە مەن ھەرگىز تۇرمايمەن. ماڭا رۇخسەت قىلىڭ» دېدى. كېچىنىڭ تۆتىنچى ھەسسىدە نۇشىرۋاننىڭ چۈشىگە بىر پەرىشتە كىردى. نۇشىرۋان ئۇنىڭدىن: «سەن كىم بولىسەن؟» دەپ سورىۋېدى، پەرىشتە: «مەن سىزنىڭ

ھېممىتىڭىز بولىمەن. بەختسىزلىك بار يەردە، مەنمۇ ھەرگىز تۇرمايمەن. ماڭا رۇخسەت قىلىڭ» دېيىدى. نۇشىرىۋان دەرھاللا پەرىشتىنىڭ پېشىگە ئېسىلىۋالدى: «مەن سېنىڭ كۈچ - قۇدرىتىڭگە تايىنىپ تۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ قىلغان ئىشىدىن كەچتىم. مەن ساڭا تايىنىپ تۇرغۇن قىينىچىلىقلارنى يەڭدىم. ئەگەر سەن مەندىن يۈز ئۆرۈسەڭ مەن ھالاك بولىمەن. سەن مەندىن ياردەم قولۇڭنى تارتساڭ، بۇنىڭدىن كېيىن كىمگە تايىنىمەن؟» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ھىممەت كۈلۈپ كېتىپ: «سىز ماڭا چىن دىلىڭىزدىن تايانماقچى بولسىڭىز، مەنمۇ ئەلۋەتتە سىزدىن ياردەم قولۇمنى تارتمايمەن. قالغان ئۆمرۈمنى سىز بىلەن ئۆتكۈزىمەن» دېدى. بۇ چاغدا تاڭ ئاتتى. نۇشىرىۋان ئويغىنىپ قارىسا، مال، رىزىق، ئەقىل ۋە ھىممەتلەر ھەممىسى ئۆز ئورنىدا تۇرغانىكەن، — دەپ سۆزىنى توختاتتى يۈسۈپ قىدىرخان يەركەندى. ئەمما، سەل سۈكۈتتىن كېيىن ئۇ سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— بۇنىڭدىكى ھېكمەت شۇكى، نۇشىرىۋان قولىنى ھىممەتنىڭ ئېتىكىگە سۇنغانىدى، دۆلەت - تەخت ئۇنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتمىدى. ئاتا - بوۋىلىرىمىزمۇ ئەزەلدىن ئىلىم - ھېكمەتنى ئەلنىڭ زىبۇ زىنىتى دەپ قاراپ كەلگەن. چۈنكى، ئىلىم - مەرىپەت جارى قىلىنغان ئەلدە تۆۋپىق - بەرىكەت بولىدۇ. جاھالەت قۇشى قانات يايغان ئەلدە تۆۋپىق - بەرىكەت كۆتۈرۈلىدۇ. شۇنداقلا، مەملىكەت ئادىل، ھىممەتلىك پادىشاھلارنىڭ شاراپىتىدىن گۈللىنىدۇ. چۈنكى، ئادىل، ھىممەتلىك پادىشاھلار ئىلىم - مەرىپەتنى ئۆزلىرىگە دوست تۇتىدۇ. ئۇلار رىياكار شەيخ، جاھالەتچى ئىشان، پاسىق سوپىلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىدۇر؛ مىرزا ئابابەكرىدەك زالىم، قانخور پادىشاھلارنىڭ زۇلۇمىدىن ئاۋات جايلار ۋەيرانە، كەپتەر كۆۋۈكلىرى ھۇقۇشقا ئۇۋا بولغان. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھۇنىرى

قان تۆكۈش بولغىنى ئۈچۈن، ھەر بىر جان ئىگىسى ئۈلارنىڭ ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئىچىدە ياشايدۇ...

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان سۆتتەك ئاي يورۇقىدا يۈسۈپ قىدىرخان يەركەندى بىلەن بىللە باغنى ئارىلىغاچ، باغنىڭ ئارامبەخش سالقىن ھاۋاسىدا تاكى تۈن نىسپىگىچە ھۇزۇرلىنىپ سۆھبەت قۇرۇشتى.

* * *

سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان زامانلىرىدا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بولۇپ ئازغىنا كەم بىر ئەسىر ۋاقىت ئىچىدە سەئىدىيە مەملىكىتىدە ئىلىم - مەرىپەت ئىشلىرىنىڭ رىۋاجلىنىشى ۋە گۈللىنىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي يۈز بەرگەن ۋاقىتلىق ھادىسە ئەمەس ئىدى. ئۇيغۇر — سەئىدىيە دەۋرىدىكى ئىلىم - مەرىپەت قەدىمكى ئۇيغۇر قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئىلىم - مەرىپەتنى بارلىققا كەلتۈرگەن مۇشۇ تۇپراقتا ۋە مۇشۇ مۇھىتتا ئۆستى ۋە راۋاجلاندى. توغرىراقى، ئۇ ئەنە شۇ ئۆسۈش جەريانىنىڭ تەدرىجىي، مەنتىقىي داۋامى بولدى. ھالبۇكى، مەيلى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى مەرىپەتلىك خاقانلار بولسۇن ياكى سەئىدىيە دەۋرىدىكى مەرىپەتلىك خانلاردىن سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ۋە باشقا سۇلتانلار بولسۇن، بۇ ھۆكۈمران شەخسلەرنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى ئۇلارنىڭ ئىلىم - مەرىپەتنى ياقىلىغانلىقى، خەلقپەرۋەرلىكى ۋە ئادالەتپەرۋەرلىكىدىنلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن بەلكى يەنە ئۇلارنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن مۇھىتقىمۇ باغلىق ئىدى. مەسىلەن، ئۇيغۇر قاراخانىيلار دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن ئۇلۇغ ئۇيغۇر تىلچىسى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئاتىسى، شاھزادە ھۈسەيىن چاغرى تېگىن قاراخانىيلارنىڭ ئارسلان خانى سۇلايمان قاراخانىنىڭ

ۋەلىئەھدى ئىدى؛ «شەرق سىياسەتنامىسى» دەپ ئاتالغان مەشھۇر دىداكتىك ئەسەر — «قۇتادغۇبىلىك» نى يازغان يۈسۈپ بالاساغۇنمۇ قاراخانىيلارنىڭ ئارسلان خانى ھەسەن بۇغرا قاراخاننىڭ خاس ھاجىپى ئىدى. . . سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئۆزىمۇ مەرىپەتپەرۋەر ئائىلە مۇھىتىدا ئۆسكەنىدى. ئۇنىڭ بوۋىسى يۇنۇسخان ئەينى دەۋرىدىكى پەرغانىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر سۇلتانى — مىرزا ئۇلۇغبېگنىڭ ياردىمى بىلەن بۈيۈك تارىخچى مەۋلانە ئەل يەزدىگە 12 يىل شاگىرت بولۇپ، ئۇنىڭدىن تەلىم ئالغان ۋە ئۆز زامانىسىنىڭ يېتۈك ئەللامەسى بولۇپ يېتىشكەنىدى. سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئاتىسى سۇلتان ئەھمەتخانمۇ ئاتىسى يۇنۇسخاندىن بىۋاستە تەربىيە ئالغان ۋە ئوغلى — سەئىدىيە سۇلتانلىقىنىڭ تۇنجى سۇلتانى سەئىدخاننى كىچىكىدىنلا ئىلىم - مەرىپەت سۆيى بىلەن سۇغۇرغانىدى. سەئىدخان بىر نەۋرە قېرىندىشى، خوراسان ھۆكۈمدارى، شائىر ئۇبۇلقاسىم بابۇر بىلەن بىرگە مەزگىل ھەمسۆھبەت بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھەر خىل ئىلىم - ھېكمەتلەرنى پۇختا ئۆگەنگەنىدى. ئۇ يىگىرمە ياش ۋاقىتلىرىدا ھەر قايسى ساھەلەر بويىچە ئۆ دەۋرىنىڭ يېتۈك ئەللامەسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئەدەبىيات - سەنئەت، مۇزىكا ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىنى ئارتۇقچە قەدىرلەيدىغان مەرىپەتپەرۋەر خانغا ئايلانغانىدى.

سۇلتان سەئىدخان خەتتاتلىق، شېئىرىيەت، ھەلچىلىك، زەرگەرلىك، نەققاشلىق، مېماكارلىق، سازەندىلىك، زىھىر تەييارلاش، ئوق، قىلىچ، نەيزە ياساش، مېتالپۇرۇچلۇق قاتارلىق ھۈنەر - سەنئەتتە ئۆز دەۋرىنىڭ ئىقتىدارلىق كامىلى ئىدى. ئۇ ئىشقى - سەنئەتنى قىزغىن سۆيەتتى. ئۇد، ساتار، تەمبۇر، چارتار - غىجەكلەرنى ياخشى چالاتتى. تۈركچە ۋە پارسچە بەھۇزۇر شېئىر - نەزمە يازالايتتى. قىسقىسى، ئۇ ئەلەمگىمۇ ھەم قەلەمگىمۇ ماھىر ئىستىبدات ئىگىسى ئىدى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ مەرىپەتپەرۋەر، مۇتەپەككۇر شائىر، مۇسىقىيون، قەتئىي ئىرادىلىك جەسۇر پادىشاھ ئىدى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە قەشقەر، يەكەن ۋە باشقا شەھەرلەردە چوڭ - چوڭ بىلىم يۇرتلىرى — خانلىق مەدرىسىلەر ئەھيا قىلىنغانىدى. بۇ مەدرىسىلەردە ئاتاقلىق ئالىملار مۇدەررىسلىك قىلاتتى. مۇلكىي تۈركىستاندىكى ھەر قايسى ئەللەردىن نۇرغۇن ئىلىم تەلەپكارلىرى بۇ بىلىم يۇرتلىرىغا كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلاتتى. بۇ مەزگىللەردە سەئىدىيە مەملىكىتىدە ئىلىم - مەرىپەت ئىشلىرى ناھايىتى تېز راۋاجلانغانىدى.

دېمەك، سەئىدىيلەر دەۋرىنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىرىدە سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان... قاتارلىق ھۆكۈمدارلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلىمپەرۋەرلىك خۇسۇسىيەتلىرى، تەرەققىيپەرۋەرلىكى، خەلقپەرۋەرلىكى ۋە گۈزەل غايە - ئىنتىلىشلىرى بىلەن شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر مەرىپىتىنىڭ بىر مەزگىللىك ئالتۇن دەۋرىنى بەرپا قىلىپ چىققانىدى.

سەئىدىيە دەۋرىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە سەئىدىيە ھاكىمىيىتى دارۇلسەلتەنەت يەكەننى مەركەز قىلغان ھالدا ھەر قايسى مەركىزىي شەھەرلەردە ۋە ئاھالە مەركەزلەشكەن شەھەر - ئاۋدانلاردا ئالىي، ئوتتۇرا، ئىپتىدائىي مەدرىسە - مەكتەپلەرنى ۋە مەخسۇس ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ئۈچۈن خادىم تەربىيىلەيدىغان كەسپىي مەكتەپلەرنى قۇرغانىدى. مەسىلەن، ئالىي بىلىم يۇرتى ھېسابلىنىدىغان خانلىق مەدرىسىلەردىن مىرزا ھەيدەر مەدرىسى، يەكەن خانلىق مەدرىسى، كۈچادىكى ۋەلىيە مەدرىسى، قەشقەر ئوپالدىكى مەھمۇدىيە مەدرىسى، قەشقەر خانلىق مەدرىسى ۋە باشقا مەدرىسىلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەدرىسىلەر پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، بۇ مەدرىسىلەرنىڭ تەمراتى ھۆكۈمەت ۋە جامائەت تەرىپىدىن

بېرىلىدىغان ۋەخپە، ئەۋقاب، سەدىقە، خۇدايى ئىئانە، ئىجتىمائىي ياردەم، ئىگىسىز مۈلۈك كىرىمى، مىراسخورسىز كۆچمە ۋە كۆچمەس مۈلۈك كىرىملىرى ۋە باشقا شەكىللىك ۋە شەكىلسىز كىرىملەرنىڭ قۇۋۋىتى بىلەن باشقۇرۇلاتتى. بۇنداق مەدرىسىلەر شۇ زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ خەيرىخاھلىقى، ھېسىداشلىقى، ھامىيلىقى، ياردىمى ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەن، ئەڭ كەڭ ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولغان بىلىم يۇرتلىرى ھېسابلىناتتى. بۇنداق مەدرىسىلەردىن قەشقەردىكى «مەدرىسى كىرىمىيە»، «قازانچى مەدرىسى»، يەكەندىكى «مەدرىسە مۇھەممىدىيە»، «غازىيە مەدرىسى»، «ئوردانلىق مەدرىسى»، «ئارسلانباغ مەدرىسى»، يېڭىساردىكى «ھۆرىيەت مەدرىسى»، بايدىكى «سايرام مەدرىسى» ۋە باشقا نۇرغۇن مەدرىسلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن؛ ئىپتىدائىي مەدرىسە ــ مەكتەپلەر تولىراق مەركىزى يېزا ــ قىشلاقلار، كىچىك شەھەر ــ ئاۋۇدانلاردا، يېزا ــ قىشلاق بازارلىرىدا، چوڭ جامە، خانىقالارنىڭ يېنىدا، مازار، قەدەم جايلاردا قۇرۇلغان بولۇپ، بۇنداق مەدرىسە ــ مەكتەپلەرنىڭ چىقىم ــ خىراجەتلىرى ئاساسەن يېزا جامائەسىنىڭ تەمىناتى بىلەن مەسىلەن، ئاتا ــ ئانىلارنىڭ ئىئانىسى، كىچىك كۆلەملىك ئەۋلادى ۋەخپىلەر، ئاممىۋى خەير ــ ئېھسان، جامائەت ئىئانىسى بىلەن ھەل قىلىناتتى.

كەسپىي مەكتەپلەر ھەر قايسى دەۋرلەردىكى ھۆكۈمرانلىق ھۆكۈمرانلىق كەسپىي ئېھتىياجى ۋە زۆرۈرىيىتىگە ئاساسەن ئوردا تەرپىدىن ھەر خىل ناملار بىلەن تەسىس قىلىنغان مەكتەپلەرنى كۆرسەتتى. مەسىلەن، يەكەن، قەشقەر، خوتەن، كۇچا، ئاقسۇ، پەرغانە، تۇرپان ۋە باشقا جايلاردا ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي كەسپىي خادىملارنى تەربىيىلەيدىغان «مەكتەپى سىپاھىيە»، شۇ زاماندىكى قانۇن ــ ئەدلىيە مەكتەپلىرى بولغان «مەكتەپى ئەمنىيەت»، چېگرا ــ گۈمرۈك خادىملىرىنى

تەربىيلەيدىغان «مەكتىپى ھۇدۇدىيە»، تىببىي خادىملارنى تەربىيلەيدىغان «مەكتىپى شىپاھىيە» قاتارلىق تۈرلۈك كەسپىي مەكتەپلەرنى مىسالغا كۆرسىتىش مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا، ئىشقى - سەنئەت كەسپىي خادىملارنى تەربىيلەيدىغان «سانائى نەفىسە»لەر ھەممىلا شەھەرلەردە قۇرۇلغانىدى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ مۇھەررداری، ئاتاقلىق مۇسىقىيۇن يۈسۈپ قىدىرخان يەركەندىكى يەكەندىكى خانلىق مەدرىستە جۇڭگو، خوراسان، خارەزىم، ئەجەم - ئىراقىيلاردىن كەلگەن ئوقۇتقۇچىلارغا مۇزىكا ئىلمىدىن دەرس ئۆتكەنىدى.

ھەر دەرىجىلىك مەدرىسە - مەكتەپلەردە ئۆتۈلىدىغان دەرسلىكلەر ئىچىدە دىنىي ئىلىم، ئىلمىي تەجۋىد، ئانا تىل، ئەرەب، پارس تىلى، ئىلمىي مۇھەندىسە، تارىخ، ئىلىم ئىقلىمات، ئەدەبىيات، ئەخلاق، ئىلىم نۇجۇم، روھىي ئىلىم، كەزمە - تەنتەربىيە، شىپاھىيە، ئەل قانۇن، رۇشتە، ئىلمى غايىب، ئىلمىي خەزىنە، ئىلمىي تەبىئەت، ئىلمىي سىپاھىيە، رەققاسلىق ئىلمى، چىپەرلىك ئىلمى، ئەييارلىق ئىلمى، مۇسىقا، خەتتىپۇشلۇق ۋە باشقىلار بولۇپ، جەمئىي 90 خىلدىن ئارتۇق دەرسلىك بار ئىدى.①

دېمەك، بۇ مەكتەپ - مەدرىسە شەكىللىرى تارىختىن بۇيانقى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان كىلاسسىك ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى ھېسابلىناتتى.

ئۇيغۇر سەنئىتىيە مەملىكىتى ئىلىم - مەرىپەتنى گۈللەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، شۇ مەزگىللەردە ھەر رەڭ، ھەر شەكىلدىكى تۈرلۈك تەرەققەت جاھالەتچىلىكى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان مۇلكىي تۈركىستاندا يەنە بىر قېتىم نۇرلۇق مەرىپەت چىرىغى بولۇپ قالغانىدى!...

① بۇ تەپسىلاتلار ئۈچۈن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1988 - يىل 1 - سان، 34—، 40- بەتلەرگە قارالسۇن.

تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 957 ـ يىلى ماھى شەئىبانىنىڭ تۇنجى شەنبە ئاخشىمى،① يېڭى كېلىن ئامانىساخېنىم قۇمۇشلۇق مەھەللىسىدىكى مەھمۇد ئوتۇنچىنىڭ ئۆيىدىن سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئاقسارايدىكى ئوردىسىغا داغدۇغا بىلەن يۆتكەپ كېلىندى. ئالتۇن ـ كۈمۈش بۇيۇملار ۋە يىپەك گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن ئۈزۈنچاق خاننىڭ دەھلىزىگە گۈلدار قىزىل پاي‌انداز سېلىنغانىدى. يېڭى تويى بولغان ئامانىساخېنىم بۇ ياسىداق ئۆيدە سەل قورۇنغاندەك بولدى. ئۇ قاتمۇ قات قېلىن شايى كۆرپىلەرنىڭ ئۈستىدە تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى. چاشنەگىر ئايال تەرىپىدىن ئۇنىڭ قېشىغا قويۇلغان ئۇسما تېخى قۇرۇپ ئۈلگۈرمەستىن، كېنىزەكلەردىن بىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا ھاياجان بىلەن پىچىرلىدى:

— كېلىشتى.

ئايۋاندا بېشىغا تاج كىيىپ، ئۈستىگە دەۋراج يېپىنغان سۇلتان ئابدۇرەشىدخان كۆرۈندى. كېنىزەكلەر دەرھال ئامانىساخېنىمنى قولتۇقىدىن يۆلەپ خابگاھ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى. ئون تۆت ياشلىق يېڭى كېلىن كۈيۈسىگە نىسبەتەن كىچىككىنە، ئىنچىكىلا كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ بېشىدىكى ئالتۇن قاش تاقالغان، ئۇنچە مەرۋايىت، لەئەل ياقۇتلار بىلەن بېزەلگەن ئېگىز دوپپىسى، بوينىغا ئاسقان ئالتۇن ھەلھەل ۋە ھېقىق مارجانلار زىلۋا قامىتىگە ئېغىر كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

كېنىزەكلەر سۇلتانغا تەزىم قىلىشىپ، كۈيۈ بىلەن يېڭى كېلىننى يالغۇز قالدۇرۇشۇپ، كەينىگە سوخشاشقىنىچە خابگاھ

---

① مىلادى 1550 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى.

ئىچىدىن چىقىپ كېتىشتى.

ئامانىساخېنىم ھەددىدىن ئارتۇق ئۇياتچان ئىدى. ئۇ سۇلتان ئابدۇرەشىدخانىنى:

— مەرھابا، ھەزرىتىم! — دەپ خىجىل بولغىنىدىن ئاۋازى تىترەپ ناھايىتى تەشلىكتە تۆردىكى راسلاقلىق تۇرغان داستىخانغا تەكلىپ قىلدى.

— خۇشالمۇسىز؟ — دەپ سورىدى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان يېقى كېلىنىدىن.

— ئىنشائاللا ھەزرىتىم، — دەپ ئارانلا ئاڭلانغۇدەك جاۋاپ بەردى ئۇ.

ئامانىساخېنىم ئۇياتقىنىدىن داستىخانىنىڭ سۇلتان ئابدۇرەشىدخاندىن ئەڭ يىراق چېتىگە ئولتۇردى. كېيىن كۆيۈ بىلەن يېقى كېلىنىنىڭ ئارىسىغا ئادەمنى خىجىل قىلىدىغان جىمجىتلىق چۈشتى.

ئامانىساخېنىم تېخى تولۇق يېتىلمىگەن قىز ئىدى. ئانىسىدىن كىچىك قالغان بۇ قىز ئاتىسى مەھمۇد ئوتۇنچىنىڭ ھىمايىسىدە ئانا مېھرىگە قانماي ئۆسكەنىدى. ئۇ تىترەپ تۇرغان ئىنچىكە قوللىرى بىلەن چاي يۇيۇلغان ئالتۇن پىيالىنى كۆيۈسىگە ئۇزاتتى...

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان تېخى يېقىندىلا غەزەل بىلەن ئۆزىنى ھەجۋىيلەشتۇرگەن بۇ شوخ، چىچەن قىزنىڭ ھازىرقى تارتىنىپ ئولتۇرغان ھالىتىنى كۆرۈپ كۈلۈۋەتتى ۋە تارتىنىپ يەرگە قاراپ جىم ئولتۇرغان ئامانىساخېنىمنى چۆچۈتۇش ئۈچۈن، تۇيۇقسىز «نەفسى!» دەپ چاقىردى.

— ھە؟! — دەپ سالدى ئامانىساخېنىم ئۆزىنىڭ تەخەللۇسىنى ئاتىغانلىقىنى ئاڭلاپ.

— ھا، ھا!... — سۇلتان ئابدۇرەشىدخان كۈلۈپ

كەتتى. خابگاھ ئىچىدىكى ئادەمنى خىجالەت قىلىدىغان ھىيلىقىدەك جىمجىتلىقمۇ شۇنىڭ بىلەن ئازراق بولسىمۇ يوقاپ، ئامانىساخېنىممۇ بىر ئاز دادىللاشتى.

تۇنۇگۇن سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئادەت بويىچە ئون دانە مەكتەپ قويى بىلەن شايى - ئەتلەسلەرنى تەييار قىلغۇزۇپ، تۇن يېرىمىدا قىرىق يىگىت بىلەن مەھمۇت ئوتۇنچىنىڭ قومۇش مەھەللىدىكى ئۆيىگە بارغان ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىغانىدى.

مەھمۇت ئوتۇنچى قىزى ئامانىساخاننىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن ئۆز ئۆيىدە قىزى ئامانىساخان بىلەن كۆيئوغلى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ نىكاھ پاتىھەسىنى ئوقۇپ، ئۇلارنى چېتىپ قويغان ۋە خۇشاللىق ئىچىدە ئۇزاتقانىدى.

قىزى ۋە كۆيئوغلى ماڭىدىغان چاغدا، مەھمۇت ئوتۇنچى قوللىرىنى يەنە بىر قېتىم پاتىھەگە كۆتۈرۈپ تۇرۇپ:

— ئى پەرزەنت ئابدۇرەشىد، — دېگەنىدى ئۇ، — بۈگۈن سىزنىڭ نىكاھ ئايىمىڭىزدۇر، كۆزۈم ۋە كۆڭلۈمنىڭ نۇرى بولغان قىزىم ئامانىساخاننى ياخشى كۆتكەيسىز، دەپ سىزگە تاپشۇردۇم. چۈنكى ئۇ سىزگە ھالال جۈپتۇر. ئۈمىدىم شۇكى، ئۇنىڭغا دائىم ئادالەت مۇقامىدا مۇئامىلە قىلغايسىز. ھىممەت - ھىمايىتىڭىزنى ئۇنىڭدىن ھەرگىز كەم قىلمىغايسىز. ئەجدادىڭىزنىڭ يۈزى - ئۆزىڭىزنىڭ يۈزى ۋە ئەۋلادلىرىڭىزنىڭ نامۇ - نومۇسى يورۇق ۋە ساپ بولسۇن دېسىڭىز، ئەھلى ئايالىڭىز بىلەن ئۆتكۈزگەن ھەر بىر كۈنىڭىز - توي كۈنى، ھەر بىر كېچىڭىز - نىكاھ ئاخشىمى بولسۇن. ھالال جۈپتىڭىزنى قەلبىڭىزنىڭ ئەڭ تۆرىگە ئولتۇرغۇزۇپ كۈتكەيسىز. ھەرگىزمۇ: «ئەھلى ئايالىم بولغانلىقى ئۈچۈن ئەبدىي ھەمىشەملا كۆڭلۈمدە ئويلاپ يۈرمىسەممۇ بولۇر» دەپ قالماڭ. چۈنكى، بۇنداق دەپ

قارىغۇچىلار ئۇچمە كۆكۈل كىشىلەردۇر. شۇڭا ھەدىستە ئۇلار توغرۇلۇق: «ئۇلار پەقەت دۇنيانىڭ سۈرىتىنىلا كۆرىدىغانلار» دەپ بىكارغا ئېيتىلمىغان. ئىشقى ـ مۇھەببەت پەرۋىش قىلىسا ئۆسىدىغان، كارى بولمىسا، ئۆسمەي تۇرىدىغان نەرسىدۇر!

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان قېيناتىسى، بۇرۇنقى ئاددىي ئوتۇنچىنىڭ ئاغزىدىن مۇشۇنداق ئاددىي ئەمما چوڭقۇر مەنىلىك، گۈزەل سۆزلەرنىڭ ئۇنچىدەك تىزىلىپ چىقىشىنى ئويلىمىغانىدى. شۇڭا:

— خاتىرجەم بولغايسىز، ئى ھۆرمەتلىك ئاتا! مەن قىزىڭىزنى ئۆمۈرلۈك ھالال جۈپتىم دەپ بىلىمەن ۋە ئالقىنىمدا ئېلىپ يۈرىمەن! — دەپ تەنتەنىلىك ۋەزە قىلغانىدى...

نىكاھ ئاخشىمى قېيناتىسىنىڭ ئۆزىگە ئېيتقان چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلىرىنى ئەسلىگەن سۇلتان ئابدۇرەشىدخان:

— مەن سىزنى... ئالقىنىمدا ئېلىپ يۈرگەيمەن! — دەپ پىچىرلىدى.

— ھەجۋى قىلماڭ سۇلتان ھەزرەتلىرى! مەن يا سىزنىڭ ئالقىنىڭىزدا ئېلىپ يۈرىدىغان گۈل بولمىسام! — دېدى ئامانىيساخېنىم شوخلۇق قىلىپ.

ئامانىيساخېنىمنىڭ ئىشرەت ئەتكىز سۆزلىرى سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا تولىمۇ شېرىن تۇيۇلدى. ئۇنىڭ تومۇرلىرىدا يىگىتلىك قېنى كۆپچىگەندەك بولدى ـ دە، دەس ئورنىدىن تۇردى ۋە:

— ياق، سىز مېنىڭ ئالقىنىمدىكى ئەمەس، چېكەمگە قىسقان گۈلۈمسىز! — دېدى.

— زاڭلىق قىلماڭ.

— ئىسپاتلاپ بېرەيمۇ؟ — دەپ سۇلتان ئابدۇرەشىدخان يېڭى كېلىن تەرەپكە ماڭدى.

ئامانىساخېنىم ئۆركىگەك كېيىكتەك چاققانلىق بىلەن تۇردى - دە، قاچماقچى بولدى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ يىگىتلىك رىغبىتى ئۆرلىدى. ئامانىسا خېنىمنىڭ ئايدەك جامالى، ئاپئاق مامۇقتەك بەدىنى، نەرگىس كۆزلىرى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ يۈرىكىدە چاقماقتەك بىر ئوت پەيدا قىلدى. ئۇنىڭ دىلىدا ئىشقى - مۇھەببەتنىڭ شەھۋانىي نەپسى بىر دەقىقە غەليان كۆتۈردى. ھەيھات! بۇ جەزبىدار پەرىزاتنىڭ ئالدىدا ھەر قانداق ئىنسان بالىسى مۇھەببەت لەززىتىدىن بەھرە ئالماي، سۆيگۈ چەشمىسىدىن قېنىپ، شەھدۇ - شېكەر يۇتماي، نىگارىنىڭ ئىنچىكە بېلىدىن قۇچۇپ، ياقۇت لەۋلىرىدىن ھەسەل تەمىنى تېتىماي، تاقەت قىلىپ تۇرالىشى مۇمكىنمۇ؟!...

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان نىكاھ ئاخشىمى ئۇنى مەيلىگە قانداق يېنىك كۆتۈرۈپ ئولتۇرغۇزغان بولسا، ھازىرمۇ ئۇنىڭ نازۇك بېلىدىن ئاشۇنداق تۇتۇپ يېنىك كۆتۈرۈۋالدى ۋە تۆشەك تەرەپكە كۆتۈرۈپ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، قەندەللەردىكى يېنىۋاتقان شاملارنى پۈۋلەپ ئۆچۈردى. خابگاھ قاراڭغۇلۇق ئىچىگە چۆمدى...

نەزمە

مۇئەللىمىڭ بار شوخلۇقنى، دىلبەرلىكنى ئۆگەتكەن،
جاپا، كايىش، ناز قىلىشنى، زومىگەرلىكنى ئۆگەتكەن.
مەن ئادەمنى بۇ سۈرەتتە، بۇ قامەتتە، خۇلۇقتا،
كۆرگىنىم يوق، بەلكى پەرى بۇ ھۈنەرنى ئۆگەتكەن.

— شەيخ سەئىدى

# ئون بىرىنچى باب

# جاھالەت تىكەنلىرى ئۈنگەن تۇپراق

«مۇناپىق ئادەمنىڭ بىر نەپەستە تۇغدۇرغان پىتنىسىنى بىر يىلدىمۇ تىنچىتىپ بولغىلى بولماس.»

«قابۇسنامە» دىن

مىلادى 1550 ـ يىلى (ئىت يىلى) كۆكلەم پەسلى.

زەرەپشان ۋادىسىدىكى يەكەن مۇزاپىتىدە ياز بالدۇر كېلىدۇ. مانا ھەش ـ پەش دېگۈچە باھارنىڭ ئاخىرى بولۇپ قالاي دەپ قالدى. گۈل ـ چېچەكلەر ھۇپپىدە ئېچىلغان، دەل ـ دەرەخلەر يايپېشىل كۆكىرىپ، قۇشلار ئورماننى قاپلىغان يازمۇ كىرەي دەپ قالدى. زېمىننى تەكشى قاپلىغان كۆكلەم مەنزىرىسى ئادەملەرنىڭ كۆڭلىگە ئىلھام بېغىشلىسا، تېنىگە ھۇزۇر ئاتا قىلاتتى. كاككۇكلار ياشارغان تال ـ سۆگەتلەر ئارىسىدا توپ ـ توپ ئۇچۇشۇپ، ئەتراپنى چاڭ كەلتۈرۈپ بەس ـ بەستە سايرىشىپ، باھارغا تېخىمۇ ھۆسن قوشاتتى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۆزىنىڭ ھەر كۈنلۈك ئادىتى بويىچە سەھەر تۇرۇپ كەتكەنىدى. ئۇ يۇيۇنۇپ، تاھارىتىنى ئالغاندىن كېيىن بامدات نامىزىنى ئوقۇدى ـ دە، باغۇ ـ ئىرەمدىكى كۆل بويىغا ياسالغان شىپاڭغا كەلدى ۋە باغدا خەندان ئۇرۇپ بەس ـ بەستە سايرىشىۋاتقان بۇلبۇل، كاككۇكلارنىڭ يېقىملىق سادالىرى ئىچىدە كىتاب ئوقۇشقا باشلىدى.

ھەر كۈنى سەھەردە كىتاب كۆرۈش ئۇنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئادىتى ئىدى. بۈگۈن ئۇ «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن» دېگەن كىتابنى تۆتىنچى قېتىم ئوقۇشقا باشلىغانىدى.

بۇ كىتابتا كۆپلىگەن ئەللەرنىڭ تارىخى، ئىجتىمائىي ئەھۋالى، خەلقىنىڭ پسىخىك مايىللىقى، پادىشاھلارنىڭ خۇلق ـ مىجەزلىرى ۋە دۆلەت باشقۇرۇش يوسۇنلىرى، ئىسلام قانۇنلىرىغا ئائىت مەسىلىلەر ۋە شۇنىڭغا دائىر نۇرغۇن مەشھۇر ۋە ئىبرەتلىك قىسسە ـ ھېكايەتلەر سۆزلىنەتتى. قىرىق بابتىن تۈزۈلگەن بۇ چوڭ ھەجىملىك كىتاب مۇھىم ئەخلاق ئوقۇشلۇقى بولۇپ، ئۇنىڭدا مەملىكەتنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە گۈزەللىككە، تىنچ ـ ئىناقلىققا، سائادەت ۋە كامالەتكە قاراپ يېتەكلەيدىغان ئېسىل پەزىلەتلەر تەشەببۇس قىلىناتتى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخاندىن ئەللىك يىل مۇقەددەم ھىراتتا ياشىغان ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان مەشھۇر ئەدىب، ناتىق مەۋلانە ھۇسەيىن ۋائىز كاشىفىنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدىن بىرى بولغان ۋە «گۈزەل ئەخلاقلار كىتابى» دەپ ئاتالغان «ئەخلاقۇل ـ مۇھسىنىن» — شۇ زامانلاردا ئىستىبداتلىق ھۆكۈمدار بولۇشنى ئويلىغان ھەر قانداق بىر تەخت ساھىبى چوقۇم ئوقۇشقا تېگىشلىك بولغان مۇھىم كىتابلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىناتتى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان كىتابتىكى پادىشاھلار ھەققىدە

ئېيتىلغان سۆزلەرنى ئوقۇۋېتىپ، ئۇنى ئۆز ئىچىدە قايتا ـ قايتا مۇلاھىزە قىلدى: «. . . ئادەملەرنىڭ تەبىئىتى، — دېيىلەتتى بۇ كىتابتا، — شەھەرگە مۇۋاپىقتۇر. يەنى ئۇلارغا بىر ـ بىرى بىلەن تېپىشىپ، بىر شەھەردە ياكى بىر ماكاندا جەم بولۇپ ئولتۇرماي ئىلاج يوق. لېكىن، ھەقتائالا ئۇلارنىڭ مىجەز ـ ئەھۋاللىرىنى بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدىغان ياراتقانلىقتىن، ئۇلارنىڭ مەئىشەتلىرى ئىنتىزام تېپىپ، پاسات ۋە خاتالاردىن يىراق بولۇش ئۈچۈن بىر قائىدە كېرەك بولىدۇ. بۇ قائىدە ـ شەرىئەتتۇر. ئۇنىڭ ئەسلى ئاساسىنى ھەق ۋە پاك تەڭرى ياراتقان بولۇپ، ئۇنى زۇھۇرغا كەلتۈرۈپ، ئاشكارا قىلغۇچى پەيغەمبەر دەپ ئاتىلىدۇ. پەيغەمبەر قائىدە بەرپا قىلىپ تۇرغۇزغاندىن كېيىن بۇ قائىدىنى نازارەت قىلىپ راۋاجلاندۇرۇش ۋە كىشىلەرنىڭ تاجاۋۇزىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قۇدرەت ۋە شەۋكەت ئىگىسى بولغان بىر كىشى كېرەك. بۇ كىشى بولسا پادىشاھ دەپ ئاتىلىدۇ. . . ئۇ ئالەم ئەھلىنىڭ سۇلتانى بولۇپ، ئىززەت ۋە سائادەتنىڭ يەكتا گۆھىرى؛ يۈكسەك مەرتىۋىلىكلەرنىڭ پارلاق يۇلتۇزى؛ دىن ۋە دۆلەت ئەلەم (تۇغ، بايراق) كۆتۈرگۈچى، مەملىكەت ۋە مىللەتنىڭ چىھرىگە روشەنلىك بەرگۈچىدۇر!»

مەۋلانە ھۈسەيىن ۋائىز كاشىفىنىڭ بۇ سۆزلىرى سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا قاتتىق تەسىر قىلىپ، قەلبىنى ھاياجانغا سالدى: بۇ يەردە مەۋلانە ئادىل پادىشاھنىڭ پۈتكۈل تەرىپ ـ تۆسىپلىرىنى ئىنتايىن ئىخچام سۆزلەر بىلەن يېشىپ چۈشەندۈرۈۋاتاتتى. «بىز چوقۇم مەۋلانە ئېيتقاندەك تىرىشىپ ئادىل پادىشاھ بولۇشىمىز كېرەك، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — چۈنكى، زالىم پادىشاھلار تولىمۇ كېبىرلىك كېلىشىدۇ. ئۇلار يولۋاسقا ئوخشاش زالىمدۇر. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى ئىت ۋە سىرتلانغا ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ نەپسى مەنمەنلىك شامىلىنىڭ

ئۆزى. ئۇلار زەرلىك كىيىملىرىنى كىيىشكە ئامراق. ئۇلارچە بولسا، ئۆتۈكىنىڭ ناھاللىرىمۇ ئالتۇندىن قىلىنسا. نېمە ئۈچۈن ئۇلار مۇشۇنداق زالىم بولۇشىدۇ؟ بۇ ئۇلارنىڭ تۇغما خىسلىتى بولغاندىن تاشقىرى ئەڭ مۇھىمى، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئەقىل ـ ئىدراك ۋە ئىنسانىي تۇيغۇدىن مەھرۇم بولۇشقان بىر توپ ئىپلاسلار سۆھبەت قۇرۇشقان. بۇنداقلارنىڭ ھالى خۇددى تاپ ئۈستىگە يىغىلغان قۇزغۇنلارنى ئەسلىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىش ـ ئەمەلىمۇ، ئوي ـ خىيالىمۇ ھارام نەرسىنى يېيىش، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىشتىن ئىبارەت! . . .»

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان مۇشۇلارنى ئويلاۋېتىپ تۇيۇقسىز «سۆھبەت تەسىر قىلىدۇ!» دېگەن مەشھۇر بىر ھەدىسنى ئېسىگە ئالدى ـ دە، كىتابنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى.

«ئومۇمەن، سۆھبەتنىڭ تەسىرى تولىمۇ چوڭدۇر، — دەپ ئوقىدى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان، — ياخشى سۆھبەت ـ ئەتتار[1] مەسەللىكتۇر. گەرچە، ئالمىسىمۇ ئەمما قېشىدا ئولتۇرسا، خۇشبۇي ھىدىدىن بەھرىمەن بولىدۇ؛ يامان سۆھبەت تۆمۈرچى مەسەللىكتۇر. گەرچە ئوتىدا كۆيمىسىمۇ، تۈتۈن ـ تۇمانلىرىدىن دىماغ پەرىشان بولىدۇ. . . »

زادى قانداق كىشىلەر پادىشاھلارنىڭ سۆھبىتىگە لايىق، دەپ قارىلىدۇ؟ سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بۇ سوئالغىمۇ كىتابتىن جاۋاب تاپتى: «. . . بىرى، سۆزمەن يەنى شەرىئەت ئەھكامىنى تامام بىلىدىغانلار، — دېيىلگەنىدى كىتابتا، — ياكى پۇرسەت بولسىلا ھالال، ھارام، بۇيرۇش ۋە قايتۇرۇش يەنى، ياخشى يولغا بۇيرۇش، يامان يولدىن قايتۇرۇش، پەرھىز، سۈننەت، ناماز، روزا ـ ھەج، زاكات، غۇسۇل ـ تاھارەت ئەھكاملىرىنى روشەن ئىبارىلەر بىلەن بايان قىلالايدىغان كىشىلەر، ئۇلارنىڭ

[1] خۇش پۇراق نەرسىلەرنى ساتقۇچى.

بەرىكاتىدىن پادىشاھلارنىڭ دۆلىتى قۇدرەتلىك بولىدۇ!

يەنە بىرى، شېرىن سۆز ئەدىب ـ شائىرلاردىن بولۇشى كېرەككى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نەزمە ـ شېئىرلىرى ئارقىلىق ئىلگىرى ئۆتكەن ياخشى خۇلقلۇق دانالارنىڭ نام ـ ئابرۇيىنى كۆتۈرىدۇ؛ نەزمە مەيدانىدا پاساھەت، بالاغەت كۇيلىرى بىلەن ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسىتەلەيدۇ. شۇ ئارقىلىق پادىشاھنىڭ تەرىپ ـ ئەۋساپلىرىنىڭ جاۋاھىرىنى نەزمە رىشتىسىگە تارتىپ، شۆھرەت بازارلىرى ئىچىدە تەرغىب قىلالايدۇ؛ ئۆتكۈر، ئاچچىق ھەجۋىلىرى بىلەن يامان خۇلق ـ ئوسال ئادەتلىرىنى قامچىلايدۇ. ئۇلار ئۆتكەنكى پادىشاھلار ھەققىدىكى ھېكايەتلەرنى، ئۆلىما، پازىل، ھۆكۇمالارنىڭ كەلىمىلىرىنى، ۋەقەلەرنى، بۇرۇنقىلارنىڭ تارىخىي قىسسىلىرىنى كېيىنكى دۆلەت ۋە شەۋكەت ئەھلىلىرى ئۆز ئىستىبداتىغا ۋە ھىممىتىگە سىڭدۈرۈش ئارقىلىق چۈشەنچە ھاسىل قىلىشى ئۈچۈن كىتاب قىلىپ، بايان قىلىپ بېرەلەيدۇ. شۇڭا، جامى[①] شۇنداق ئېيتقانكى، دەۋرلەر ئالمىشىدۇ، ئىنسانلار خۇددى ئۆتكۈنچى كارۋانلاردەك ئۆتۈپ كېتىۋېرىشىدۇ. داڭلىق شەھەرلەرمۇ بۇزۇلىدۇ، مۇستەھكەم قەلئەلەرمۇ، خارابلىشىدۇ. ئېكىنزار، باغلارنىڭ ئورنىنى سەھرا ۋە چۆللەر ئىگىلەيدۇ. بىراق، كىتاب قېرىماي، ئەبەدىي ياشايدۇ. كىتابلار ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە مىراس بولۇپ قالىۋېرىدۇ. بۇ كىتابلارغا يېزىلغان ئالىجاناب پىكىرلەر، تەرغىب قىلىنغان يۈكسەك ئىنتىلىشلار ھەمىشە كېيىنكىلەر قەلبىدىن ئورۇن ئالىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، ئىلىم ـ مەرىپەتلا ئىنساننىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك دوستى ۋە ياردەمچىسىدۇر! . . .»

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئوقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە،

① جامى (1414 ـ 1492) — نۇرىددىن ئابدۇراخمان ئىبىن ئەھمەت ئىبىن مۇھەممەت جامى. ھىراتتىكى جام دېگەن يەردە تۇغۇلغان. ئاتاقلىق ئىسلام ئالىمى، شائىرى.

ئىختىيارسىز: «نېمە دېگەن توغرا ئېيتىلغان سۆزلەر بۇ» دەپ سۆزلەپ تاشلىدى.

ئۇ مەملىكەتنىڭ ئامان ـ ئېسەنلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان تاجاۋۇزچىلارنىڭ ھۇجۇمىنى ئۇزۇل ـ كېسىل بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئىچكى جەھەتتە مەملىكەتنىڭ قۇدرەت تېپىشىغا ۋە خەلقنىڭ پاراۋانلىقىغا تايىنىش زۆرۈرلۈكىنى ئىچ ـ ئىچىدىن ھېس قىلدى. مەملىكەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتا ئۇنىڭغا كىم ھەمدەم بولالايدۇ؟ پەقەت ھالال ۋە پىداكار ئادەملەر! بۇنىڭ ئۈچۈن، يېقىندا ئۆزى تەرىپىدىن مۇھۇردارلىققا تەيىنلەنگەن يۇسۇپ قېدىرخان يەركەندىدەك ۋە يېڭىياتىن ئۆز ئەمرىگە ئالغان ھالال جۈپتى ئامانىساخېنىمدەك ئاۋام خەلقنىڭ ئارىسىدا يېتىشىپ چىققان ئاقكۆڭۈل، پىداكار ئادەملەرنى مەۋكەبكە كۆپلەپ جەلپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مۇبادا، ئوردىدا ئاۋام خەلقنىڭ قەلب ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مۇشۇنداق پازىل ئادەملەر كۆپلەپ ئىشقا قويۇلسا، پۈتۈن سەئىدىيە ھۇدۇتلۇقىدا ياشايدىغان ھەر قىسىم ئۇلۇس ـ ئايماق خەلقى ئۇنىڭغا يېقىندىن ئەگىشىپ ماڭماسمۇ؟

بۇ سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۈچۈن بىردىنبىر نىجادلىق يولىدەك بولۇپ تۇيۇلدى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان يۇسۇپ قېدىرخان يەركەندى بىلەن بۇنىڭدىن تۆت يىل ئىلگىرى قەشقەر مۇزاپىتىدىكى تۈمەن دەرياسى بويىدا تاسادىپىي تونۇشۇپ قالغانىدى.

* * *

تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 951 ـ يىلى ماھىي سەپەرنىڭ

بىرىنچى كۈنى[1]، قەشقەر ھېيتىگاھ جامائەسىگە يىغىلغان ئون مىڭدىن ئارتۇق نامازخان سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئىماملىقىدا جۈمە نامىزىنى ئوقىدى. نامازدىن كېيىن سۇلتان ئابدۇرەشىدخان مەۋكەبنى باشلاپ تۈمەن دەرياسى بويىدىكى بارىگاھ تۆپىلىكىگە جايلاشقان يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىشقا ماڭدى.

تۈمەن دەرياسىنىڭ سارغۇچ لايقىلىق سۈيى كەڭ يېيىلىپ ئاقاتتى. سۇ دولقۇنلىرى دەريانىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىن بارىگاھ تۆپىلىكىنىڭ قىرغاقلىرىغا شىددەت بىلەن ئۇرۇلاتتى. ھەر ئۇرۇلۇشىدا سۇنىڭ شىددەتلىك زەربىسىگە چىدىماي گۈمۈرلۈۋاتقان توپا دەريا سۈيىگە تالاقشىپ چۈشەتتى.

بىر توپ ئاتلىقلار شەھەر تەرەپتىن چىقىپ ئۇدۇل بارىگاھ تۆپىلىكىگە قاراپ ئات سېلىشىپ كېتىشتى. ئۇلار تۆپىلىكنىڭ ئاستىغا يېتىپ كېلىشكەندىن كېيىن ئاتلىرىدىن چۈشۈشتى. ئۇزايدىن قارىغاندا، ئۇلار تۆپىلىك ئۈستىگە جايلاشقان مەۋلانە يۈسۈپ خاس ھاجىپ بالاساغۇنىنىڭ مەقبەرىسىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن كەلگەن زىيارەتچىلەردەك قىلاتتى.

ھازىر خاراب بولغان بۇ مەقبەرىنىڭ ئالدىدا قىرائەت قىلىپ ئولتۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەتراپ تىمتاس پىنھان ئىدى. ئادەتتىكى چاغلاردا بولسا، بۇ مەقبەرىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كېلىپ قالغان بىر - ئىككى ئادەمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ يەردە ئادەمنىڭ ئاياغ ئىزىنى ئۇچراتماقمۇ تەس ئىدى.

ھېلىقى زىيارەتچىلەرنىڭ ئىچىدە بەست - قامەتلىك كېلىشكەن، قوشۇما قاش، ساقال - بۇرۇتلىرى يارىشىملىق،

---

[1] مىلادى 1544-، 1545 - يىلى 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى.

كۆكرىكى كەڭ، يېشى ئوتتۇزلاردىن ئاشقان، ئۈستىگە ئۆڭۈپ كەتكەن ھەربىيچە تون كىيگەن بىر نەۋقىران يىگىت مەقبەرىگە قاراپ يالغۇز چىقىپ كېلىۋاتاتتى. قالغان كىشىلەر ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇشۇپ تۆپىلىكنىڭ ئاستىدا قالغانىدى.

بۇ نەۋقىران يىگىتنىڭ قويۇق قارا قاشلىرى ئاستىدىكى بىر جۈپ ئەقىللىق كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تەكشى قىرقىلغان يارىشىملىق قىسقا بۇرۇتلىرى ئاستىدىكى لەۋلىرى ئارىسىدىن سەدەپتەك پارقىراپ تۇرغان ئاپئاق چىشلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يىگىتنىڭ ھەربىيچە تونىنىڭ ئۈستىدىن باغلىۋالغان قىيىنچە يېشىل يىپەك رومىلىنىڭ چۇچىلىرى سەلكىن باھار شامىلىدا مەيىن يەلپۈنۈپ تۇراتتى. ئاپتاپتا كۆيۈپ قارايغان يۈزىدىن ئۇنىڭ ئۇزۇن ھەربىي يۈرۈشلەردە پىشىپ، سۆڭىكى قاتقان تەجرىبىلىك ھەربىيگە خاس قەيسەرلىك ۋە رەھىمسىزلىكى چىقىۋېلىپ تۇراتتى.

ھېلىقى نەۋقىران يىگىت تۆپىلىكنىڭ ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن مەقبەرە ئالدىدا قىرائەت قىلىپ ئولتۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق ئادەمنى كۆرۈپ، چىرايى ئۇنىڭغا ئىسسىق - تونۇشتەك ھېس قىلدى. بۇ كىشىنىڭ ئاستىغا كىچىك بىر زىلچا سېلىنغلىق ئىدى. يېنىدىكى چايجۇشنىڭ ئاغزىغا بىر پىيالە كۆمتۈرۈكلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا بىر ساتار قويۇقلۇق ئىدى. نەۋقىران يىگىت توپتوغرا ھېلىقى ئوتتۇرا ياشلىق ئادەمنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە:

— بىز بۇ يەردە بىزدىن باشقىلارنىمۇ ئۇچرىتىمىز، دەپ ئويلىماپتىكەنمىز، — دېدى خۇشخۇيلۇق بىلەن.

— ھەئە، بۇ يەردە ئادەتتە بىركىمنى ئۇچراتماق تەس، — دەپ ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى ھېلىقى كىشى ئېغىر ئۇھسىنىپ، — چۈنكى، بۇ مەقبەرىدە تەرىقەت ئەھلىنىڭ پىرى ئەمەس بەلكى ئىلىم مەرىپەت ئەھلىنىڭ پىرى مەۋلانە يۈسۈپ

خاس ھاجىپ بالاساغۇنى مەڭگۈ ئۇخلاپ ياتىدۇ. بىر ۋاقىتلاردا بۇ يەر زامانىسىنىڭ ئاتاقلىق، ئەقىللىق ئەللامەلىرى يىغىلىدىغان ئەنجۇمەن سورۇنى بولغان. ئەمدى بولسا ھۇۋقۇشلارغا ماكان بولدى.

ئۇ ئىلتىپات بىلەن ھىلىقى يىگىتنى زىلچا ئۈستىگە تەكلىپ قىلدى ۋە:

— ئەگەر مالال كۆرمىسىڭىز، ھۆرمەتلىك يىگىت، مېنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ، ئەسىرلەر زەربىسىدە ۋەيران بولغان مۇشۇ بىنانىڭ ئاستىدا مەڭگۈ ئۇيقۇغا كەتكەن مەۋلانە بىلەن سۆھبەتلىشىڭ، كۆزلىرىڭىزدىن كۆرۈپ ئولتۇرىمەن، سىز ياكى جان ـ دىلى بىلەن بىلىم ئىزدەپ يۈرگەنلەر قاتارىغا ياكى ئاشۇ بىلىم ئىزدىگۈچىلەرگە ھاشىيلىق قىلغۇچىلار قاتارىغا كىرسىڭىز كېرەك. نام ـ شەرىپىڭىز نىمە جانابىي يىگىت؟

— جان ـ دىلىم بىلەن جاۋاب بېرىمەن، ئى ھۆرمەتلىك تەقسىر، — دىدى ئۇ كۇلۇپ تۇرۇپ، — مېنى ئابدۇرەشىد ئىبنى سەئىدخان دىيىشىدۇ. سىزنىڭچۇ، ئى ھۆرمەتلىك تەقسىر؟

ھىلىقى كىشىنىڭ يۈرىكى قارت قىلىپ قالدى. مۇشۇ كۆز ئالدىدا تۇرغان نەۋقىران يىگىت سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ ھازىرقى ھۆكۈمدارى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بولمىسۇن يەنە؟! ئۇ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرماق بولۇپ ئۇمتۇلدى، ئەمما، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ مۈرىسىدىن بېسىپ تۇرغىلى قويمىدى:

— يوغۇسۇ، يوغۇسۇ، ھۆرمەتلىك تەقسىر، ئورنىڭىزدىن تۇرمىغايسىز، مانا مەن سىزنىڭ يېنىڭىزدا ئولتۇراي، ھەرگىز كېيماڭ، ھەرگىزمۇ كېيماڭ!

— جانابىي رەشىدىل شاھى ئەزەم، ھارمىغايلا، — دەپ سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا بېشىنى ئېگىپ تەزىم قىلدى ئۇ، — پېقىر بىر ۋاقىتلاردا جەننەت ماكان مەرھۇم ئاتىخانلىرى سۇلتان

سەئىدخان تەرىپىدىن ھۆرمەتلەنگەن مۇغەننى يۇسۇپ قىدىرى دېگەن كىشى بولىمەن. بىراق، ھازىر ئىسمىم سىلى جانابىي ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك ئېسىگە چۈشەرمىكىن؟ ئەلھال، پېقىر ئۇل ھۆرمەتلىك مەۋلانە يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ مەقبەرىسىنى ئۆزۈمگە ماكان تۇتۇپ، شۇل مۇبارەكنىڭ تۇپا بېشىنى سىپىرىپ- سۈپۈرۈپ تۇرۇپتىمەن.

— ئەجەبا، سىز ھۆرمەتلىك تەقسىر، — دەپ ھېلىقى ئوتتۇرا ياشلىق كىشىنىڭ قولىنى چىڭ قىستى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان، — زامانىمىزنىڭ موسىقى ئىلمىنىڭ ئۇستىسى، «فىساغۇرس سانى» دەپ ئاتالغان ھەزرىتى مەۋلانە يۇسۇپ قىدىرخان يەركەندى بولسىڭىز ھە. . . ؟ !

سولتان ئابدۇرەشىدخان سەئىدىيە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇلغان مەشھۇر مەۋلانە يۇسۇپ قىدىرخان يەركەندى بىلەن مۇشۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ تۇپراق بېشىدا ئۇچرىشىپ قېلىشنى ھەرگىز ئويلىمىغانىدى!

— شۇنداق، جانابىي ئالىيلىرى، — دەپ بېشىنى ئېگىپ خىجىلچىلىقىنى بىلدۇردى يۇسۇپ قېدىرخان، — بىر ۋاقىتلاردا ئۇلۇغ ئالىم، ئۇنتۇلماس سۇلتان سەئىدخاننىڭ ھەمسۆھبەتلىرى قاتارىدا بولغان مېنىڭدەك پېقىر كىشىنىڭ نامىنى ھازىر ئىمام رەببانى① تەرىقىتى قۇترىغان بۇ جاھالەت شەھىرىدە تىلغا ئېلىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس!

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان مەۋلانە يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ۋەيران بولغان مەقبەرىسى ئەتراپىدا چېچىلىپ ياتقان مەرمەر تاشلارنىڭ ۋە چىرايلىق قىلىپ ئىشلەنگەن بېزەكلەرنىڭ پارچىلىرىغا ئېچىنىپ قاراپ قويدى.

— بۇ مەرمەرلەرنى ۋە كۆكۈش رەڭ تاش تاختىلارنى، —

---

① رەببانى تەرىقىتى — شۇ چاغلاردا خالاستان ۋادىسىدا كەڭ تارقالغان نەقشبەندىيە تەرىقىتىدىكى بىر سۇلۇكنىڭ نامى ئىدى.

دېدى يۈسۈپ قېدىرخان يەركەندى قوللىرى بىلەن كۆزىنى سۈرتۈپ، — رەببانى تەرىقەتتىكى خوجا - ئىشانلار ئۆزلىرىنىڭ نادانلىق، خۇراپات ۋە جاھالەت ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان خانىقا - تۆنەكخانىلىرىنىڭ تاملىرىنى بىنزەش ئۈچۈن تۇشۇپ ئەپكېتىشتى. بىراق، «ئىنسان بىلىملىك بولغانلىقىدىن بۈيۈكلۈككە ئېرىشەلىگەن؛ پاراسەتلىك بولغانلىقىدىن تۈرلۈك سىرلىق تۈگۈنلەرنى يېشەلىگەن!»

— ھەق گەپ قىلدىڭىز، جانابىي مەۋلانەم، — دېدى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭ سۆزىنى قۇللاپ، — جەننەت ماكان ئاتا - بوۋىلىرىمىز قوللىرىنى ئىلىمگە سوزۇپ، ئىلىم ئەھلىگە ھامىيلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ۋەتىنىمىز ئۇيغۇرىيە روناق تاپالىغان! نادانلىق، خۇراپاتلىق ۋە جاھالەتكە بېرىلگەنلىكتىن تەختى - بەختى ۋەيران بولغان! شۇڭا، نادانلىقنى ياقلايدىغان جاھالەت كۈچلىرى قەدىمدىن تارتىپ دۇنيادىكى ئەڭ ئەشەددىي جىنايەتچىلەر بولۇپ كەلدى!

— ئۇلۇغ ئەللامە ئەل بىرونىينىڭ: «مەن دائىم يوشۇرۇنۇپ يۈرۈشكە، پاناھ ئىزدەشكە مەجبۇرمەن!» دېگەن سۆزى ئېسىمدە، — دېدى مەۋلانە يۈسۈپ قېدىرخان يەركەندى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى يېغىۋاشتىن چاقنىماقتا ئىدى، — لېكىن كۈن نۇرىنى ئېتەك بىلەن توسقىلى بولمىغاندەك، ئىلىم - مەرىپەت نۇرىنىمۇ توسۇش مۇمكىن ئەمەس! ئاللاتائاللا دۇنيانى ياراتقاندا، ئەڭ ئاۋۋال نۇرى ئىمانىنى، يورۇقلۇقنى ياراتقان. ئۇ دەسلەپتە يورۇقلۇقنى ئىنسانغا بەخش ئەتكەندە گۇناھى كەبىر بىلەن تولغان بۇ زۇلمەتلىك دۇنيانى يورۇتۇشنى مەقسەت قىلغان. كېيىن بۇ نۇرى ئىمان بىلەن ئىنساننىڭ قەلب دۇنياسىنىمۇ يورۇتقان ھەممە ئىنساننىڭ كۆزىنىمۇ ئەقىل نۇرىنى چاچالايدىغان قىلىپ ياراتقان. شۇڭا، ئەقىل - ئىدراك ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن يەرلەردە خەلق بۈيۈك

دەرىجىلەرگە كۆتۈرۈلگەن! شۇ يەردىكى ئىنسان تايىپىنى ئىلىم - مەرىپەتنى ئىگىلەپ ئۇلۇغلۇققا ئېرىشەلىگەن!

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان مەۋلانە يۇسۇپ قىدىرخانغا ئېھتىرام نەزەرى بىلەن قاراپ قويدى ۋە:

— مەۋلانە جانابلىرى، ناھايىتى توغرا سۆزلىدىڭىز، شۇنداق، بىز ۋەتىنىمىز تۇپرىقىدا ئۇنگەن بۇ جاھالەت تىكەنلىرىنى يۇلۇپ تاشلاشقا قەتئىي بەل باغلىدۇق. خاتىرجەم بولغايسىز، بۇ ئىلىم - مەرىپەت، ھۈنەر - سەنئەت كۆشەندىلىرىنى ۋەتىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىدىغان كۈنلەر ئۇزاق قالمىدى!

— ھەسسىنات، بارىكاللا ئى رەشىدىل شاھى جاھان. ئېيتقانلىرى قۇتاتسۇن! — دېدى يۇسۇپ قىدىرخان يەركەندى دىدىللىق بىلەن، — بىزنىڭ ۋەتىنىمىز قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ ئالدىدىن تارتىپلا گۈللەپ - ياشنىغان بەخت - سائادەتلىك زېمىن ئىدى! كېيىن قاراختايلار تەرىپىدىن خاراب قىلىندى؛ چاغاتاي ئۇلۇسىدىن چىققان خانلار خۇددى بابكارنىڭ موكىسىدەك بىرى كەتسە، بىرى كېلىپ، ئورنى زادىلا ئىنسىشمىدى؛ مىرزا ئابابەكرى زامانىدا يەنە نۇرغۇن قان تۆكۈلگەنلىكى ھېلىمۇ كىشىلەرنىڭ يادىدا تۇرۇپتۇ. جەننەت ماكان پەدەرلىرى سۇلتان سەئىدخان ئاخىر غەۋغا قايىنىغان بۇ ئەلنى ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك سەلتەنەتى ئاستىغا بىرلەشتۇردى؛ لېكىن نەقشىبەندىيىچى خوجا - ئىشانلار قارانىيەت شاھزادىلەر ۋە موغۇل بەگلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ، ئەلنى بۇلاپ تالىدى. ھەممىسى دېھقانىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچە جىرىس نېنىنىمۇ تارتىۋېلىشتى. ئاكا - ئۇكىلارنى بىر - بىرىگە قارشى قويۇشتى. ھالبۇكى، ئاشۇ قارانىيەت شاھزادىلەر ياكى موغۇل بەگلىرى ۋە ياكى ئۆزلىرىنىڭ تۇرلۇك سىياسىي مەقسەتلىرىنى كۆلاھۇ - جەندىلىرى ئاستىغا يوشۇرۇۋشقان نەقشىبەندىيىچى ئىشان - خوجىلار ھەممىسى

نادانلىقنى، خۇراپاتلىقنى ۋە جاھالەتنى ئۆزلىرىگە قالقان قىلىۋېلىشقانىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەلنىڭ بەخت - سائادىتىنى ئەمەس بەلكى ئەلنى يىغا - غەلىيان، تەپرىقە - قان ئىچىگە چۆكۈرۈشنى ئارزۇ قىلىشىدىغان نامۇسلۇلمانلار ئىدى. ئۇلار جاھاننىڭ قالايمىقان بولماسلىقىدىن ئەنسىرىشەتتى. چۈنكى، جاھاندا تۇپىلاڭدا توقاچ ئوغرىلىماقتىن ئوڭاي ئىش يوق! خەلقىمىز نادانلىق، خۇراپاتلىق ۋە جاھالەت پاتقىقىغا پېتىپ، تەپرىقاتچىلىق ۋاباسىدا قىرىلىپ، نەسلى تۈگەيدىغان پاجىئەلىك ئاقىۋەتنى كۆرۈش بىز مۇشۇ ئەۋلادتىكىلەرنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەنمىكىن؟ شورۇم قۇرۇسۇن مىنىڭ! بىزنىڭ بۇ گۈزەل ۋەتىنىمىز قاچان ئاشۇ قاراخاتىيلاردەك قۇدرەت تېپىپ، دەۋران سۈرەرىكىن؟ بۇ ئەل قاچان نادانلىق، خۇراپاتلىق، جاھالەت ۋە تەپرىقاتچىلىق ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ چىقارىكىن؟!

— ھۆرمەتلىك مەۋلانە، سىزگە ئوخشاش ھەققانىيەتچى ئەللامەلەر قانچە كۆپ بولسا، بىزنىڭ بۇ ئېلىمىز شۇنچە روناق تاپۇر. شۇڭا، بىز سىزنى ئۆزىمىزنىڭ يېنىدا ئىشلەشنى تەكلىپ قىلىمىز، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان سەممىيلىك بىلەن، — بىز سەلتەنەت ئىشلىرى بىلەن بەند بولۇپ كەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن، بۇ شەھەردە، بۇ ئۆلكىدە ۋە بۇ مەملىكەتتە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلاردىن تولۇق خەۋەردار ئەمەسمىز. شۇڭا، سىزنىڭ بۇ ھەقتە بىزگە ھەر ۋاقىت ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشىڭىزغا موھتاجمىز.

— باش ئۈستىگە، جانابىي ئالىيلىرى، — دەپ ماقۇللۇق بىلدۈردى يۈسۈپ قىدىرخان يەركەندى، — ئېلىم ئەھلىلىرى مەلئۇن رەببانى سۇلۇكىدىكى سەردار ئىشان دەستىدىن بىسىيار جەبىر - زۇلۇم ئىچىدە قالدى. ئۇلار ئېلىم ئەھلىنى خانىماندىن ئايرىدى. يۇرت - ئايمىقىدىن جۇدا قىلدى. ئەلھال، ئۇلار ئىلىم

ئەھلىنى ئىمامى رەببانى تەرتىپتىدە بەندىچىلىك قىلىشقا زورلىماقتا، بىز ئىلىم ئەھلىلىرى ئاللانىڭ بەندىسى تۇرساق، ئۇل جاھالەت پىرلىرىغا قانداقمۇ قول بېرەيلۇك؟ ئى پۇشتىپاناھ، بۇگۇن ئىنايەت قىلىپ ئۇل مۇبارەك تۇپراق بېشىغا قەدەم رەنج قىلىپتۇرلا. ئاۋۋال خۇدانىڭ خۇشنۇدلىقى، ئاندىن قالسا روھي پاك مۇھەممەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خالىسەنلىللاھلىقىدا، بىز ئەھلى ئىلىملەرنىڭ بېشىدىن بۇ بالائى ئەزىمنى دەپئى قىلغان بولسىڭىز، ئىندەللاھۇ، قىلغىنىڭىز ئىككىلا ئالەم بىكار كەتمەس ئىدى. ئۇنىڭدىن بۆلەك، كەمىنىلىرىنىڭ كىچىككىنە ئۆتۈنۈشۈم بار ئىدى. مۇبادا ئىجازەت بولسا، دەپ باققان بولسام.

— ئىجازەت، قېنى دەڭ، قولىمىز سىزدە!

— تۇمەن دەرياسى يىلدا بىر قېتىم ئۆز قىنىنى يۆتكىگەنلىكتىن، بارگاھ توپىلىكىنى كېمىرىپ تۈگەتمەكتە. ئۇلۇغ سۇ مەرھۇم يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ مۇبارەك مەقبەرىسىنى ئۇزاققا بارماي خاراب قىلىشى مۇمكىن. شۇڭا، ئۇل ھۆرمەتلىك زاتى ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك مەقبەرىسىنى تېخىمۇ بىخەتەر بولغان ئالتۇنلۇققا يۆتكىمەك لازىمدۇر! بىراق، بۇ ئىشنى سەلتەنەتنىڭ كۈچى بىلەنلا رۇياپقا چىقىرىش مۇمكىن. مۇبادا، رەشىدىل شاھى ئەزەم بۇ خاسىيەتلىك ئىشنى ئورۇنلاشقا رىياسەتچىلىك قىلغان بولسىلا، خەلق ئەۋلادتىن – ئەۋلادقىچە سىلىنى يادلىغان بولاتتى!

— خاتىرجەم بولغايسىز، يۇسۇپ قىدىرخان جانابلىرى، – دېدى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان قەتئىيلىك بىلەن، – تۆپرىقىمىزغا ئۇنىگەن جاھالەت تىكەنلىرىنى يۇلۇپ تاشلاپلا قالماستىن، ئۇلۇغ ئالىمىمىز مەۋلانە يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ مۇبارەك تۆپرىقىنىمۇ ساقلاپ قالغايمىز. ئۇ ياندۇرغان ئىلىم – مەرىپەت مەشئىلىنى مەڭگۈ ئۆچۈرمەيمىز. بۇ ئىشلارنى بىز

ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن مەۋكەبتە قارار قىلغايمىز.
ئۇنىڭ ئەستايىدىل قىياپىتىنى كۆرگەن مەۋلانە يۇسۇپ قېدىرخان يەركەندى سەئىدىيە سەلتەنەتىنىڭ سورىنى كۆرگەندەك بولۇپ، كۆڭلى خاتىرجەم بولدى...

هازىر بارىگاھ دەپ ئاتىلىدىغان بۇ تۆپىلىكتە قەدىمكى ئۇيغۇرلار قۇرغان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر دۆلەت ئەربابى ۋە سىياسىئونى ئەللامە مەۋلانە يۇسۇپ خاس ھاجىپ بالاساغۇنى دەپنە قىلىنغاندى. ئۇنىڭ مەقبەرىسى ئۆزىنىڭ ھەيۋەتلىكى ۋە ئىنلگىرىكى ھەشەمەتلىكى بىلەن ئەسىرلەردىن بېرى كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرۇپ كەتمەكتە ئىدى. مەقبەرە ئۇيغۇر - ئەرەب مىمارچىلىقىنىڭ جەۋھەرلىرىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئېگىز ئىككى مۇنارى كىشىدە گۇياكى ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ كېتىۋاتقان ئىككى شۇڭقاردەك تەسىرات قالدۇراتتى. ئەسىرلەردىن بېرى تۈمەن دەرياسى بويىدا قەددىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان بۇ ئاجايىپ گۈزەل ياسالغان مەقبەرىنى شەھەرنىڭ ئوتتۇرىدا تورۇپمۇ كۆرۈش مۇمكىن ئىدى.
«شەھرى بۇزرۇك» دەپ ئاتالغان بۇ قەدىمكى قەشقەرنىڭ داڭقىنى يىراق - يېقىنغا يايغان مەۋلانە يۇسۇپ خاس ھاجىپتەك ئۇلۇغ ئالىمنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە سەئىدىيە دەۋرىگىچە تۆتيۈزيىلدىن ئاشقانىدى. بۇ تۆت ئەسىر ۋاقىت ئىچىدە قەشقەر ئۇيغۇر قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ گۈللىنىشى ۋە خاراب بولۇشى، چىڭگىز - چاغاتاي ئولۇسلىرىنىڭ دەۋران سۈرۈشى ۋە خاراب بولۇشىدەك چوڭ ۋەقەلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈردى. قاراخانىيلار دەۋرىدە قۇرۇلغان نۇرغۇنلىغان ھەشەمەتلىك كاشانە ئىمارەتلەر بۇزۇلۇپ ئۆرۈلگەنىدى. بىراق، قەدىمكى قەشقەر ئىلگىرىكىدەكلا ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن مۇلكىي تۈركىستاندىكى باشقا ھەممە شەھەرلەرنىڭ ئالدى بولۇپ كەلمەكتە ئىدى.

تۈمەن دەرياسى قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىنى كامان شەكلىدە ئەگىپ ئۆتۈپ، شەھەرنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىن تۆشۈك دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە، بىردىنلا ئوڭ تەرەپكە ئەگىپ بۇرۇلاتتى ـ دە، بېلىنى رۇسلاپ، ياۋاغ، ① كۈزىچى يار بېشى، ② دۆڭباغ، ③ نەزەر باغ، ④ دۆلەت باغ⑤ قاتارلىق قەدىمكى باغلارنىڭ ئىچىدىن، تۇتاش كەتكەن يېزا ـ قىشلاقلارنىڭ يېنىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، جەنۇبتا يەنە قىزىل دەرياسىغا قۇيۇلاتتى.

مىلادى 1045 ـ يىلى (توخۇ يىلى) ياز پەسلىنىڭ تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرى، ئەتىگەن مەھەلدە بىر ناتونۇش يىگىت تۈمەن دەرياسى بويىدا پەيدا بولدى. ئۇزايدىن قارىغاندا، ئۇ يىراق يەردىن سەپەر قىلىپ كەلگەندەك قىلاتتى. ئۇستى ـ باشلىرىغا بىر قەۋەت قويۇق توپا ـ چاڭ قونغان بولۇپ، ئۇ بەستلىك، خۇشخۇي بىر يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى زىرەك ۋە ئەقىللىقلىقى چىقىپ تۇرغان بىر جۈپ قوڭۇر كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى.

ئۇ دەريا ياقىسىدا ئولتۇرۇپ، ئوچۇملىرىغا تولدۇرۇپ سۇ ئېلىپ، يۈز ـ كۆزلىرىنى پاكىز يۇيغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، بېلىدىكى يېپەك پوتىسى بىلەن يۈزىنى پاكىز سۈرتۈپ چىقتى. ئاندىن قاش ئۈستىگە چىقىپ شەھەرگە نەزەر سالدى. پايانسىز دەشت ـ چۆللەرنى كېزىپ، جەۋر ـ جاپالىق تۈركىستان جاڭگاللىقىنى بېسىپ، نۇرغۇن ئېگىز تاغ، چوڭقۇر سۇلاردىن كېچىپ ئۆتۈپ، ئاخىر ئۆزى ئۇزاقتىن بۇيان تەلپۈنگەن بۇ

① ②③④⑤ قەشقەر شەھىرىدىكى جاي ناملىرى.

مۇقەددەس تاۋابگاھغا يېتىپ كەلگەنلىكىگە كۆزى يەتكەندىن كېيىن ھاردۇقى چىقىقاندەك بولۇپ، رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرىدى. قەشقەر — ئۇيغۇر قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئوردۇ كەنتى بولغان بۇ قەدىمكى دىيار بارلىق ئىلىم تەلەپكارلىرىنى خۇددى يىراقتىن پارقىراپ كۆرۈنگەن ئالماستەك ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى.

بۇ يىگىتنىڭ ئىسمى مەۋلانە يۈسۈپ بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قوز ئوردۇسى بولغان بالاساغۇن شەھىرىدىن بولغانلىقتىن، مەۋلانە يۈسۈپ بالاساغۇنى دەپمۇ ئاتىلاتتى. ئۇ ئىلىم تەلەپ قىلىپ سەپەرگە ئاتلانغاندا، ئاچ - توق قىلىشقا قارىماستىن، بوران - چاپقۇنلۇق كۈنلەردىمۇ ھەرگىز ئارقىسىغا ياناماستىن، ئاسماننى يېپىنچا، يەرنى سېلىنچا قىلىپ، يىرتقۇچ بۆرە، يىلپىز، ئېيىق، يولۋاس قاينىغان قاراڭغۇ جاڭگاللارنى، ئېگىز تاغ - داۋانلارنى، جىددىي ئېقىنلارنى بىر - بىرلەپ كەينىدە تاشلاپ، نۇرغۇن تۈنلەرنى يالغۇز تۈنەپ، نەچچە مىڭ چاقىرىملىق مۇشكۈل سەپەرنى بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن بېسىپ تۈگىتىپ، ئاخىر ئۇيغۇر قاراخانىيلار سۇلالىسىنى ئاپىرىدە قىلغان بۇ ئەزىم دىيارغا يېتىپ كەلگەنىدى.

ئۇ قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ، ئانچە ھايالشىماستىنلا پايتەختتىكى خانلىق مەدرىسە - ساچىيە مەدرىسىگە ئوقۇشقا ئورۇنلاشتى ۋە يېتۈك بىلىمى بىلەن تېزلا ئۆزىنىڭ ئېجتىھاتلىق ئىزدەنگۈچى، تالانتلىق ئەللامە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى.

بۇ چاغدا ئۇيغۇر قاراخانىيلار دۆلىتى ئۆز ئەتراپىدىكى دۆلەتلەردىن ۋە مەملىكەت ئىچىدىن بۇ يەرگە كېلىپ ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، خانلىق مەدرىسلەرنى كۆپلەپ ييغىدىن تەسىس قىلىۋاتقان ۋە ئەسلىدىكى مەدرىسلەرنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنى

كېڭەيتىپ قۇرۇۋاتقانىدى. ساچىيە مەدرىسىسىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى.

ئالتۇن كۆز پەسلىنىڭ بىر كۈنى، ساچىيە مەدرىسىنىڭ يېڭى ئوقۇتۇش بىناسى پۈتۈپ، ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەن ۋاقىتتا، قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئارسلان خانى سۇلايمان قاراخان ئۆزىنىڭ ئەمرۇل ئۇمەرالىرى، ئەكابىر ــ ئەشرەپلىرىنى باشلاپ، ساچىيە مەدرىسىنىڭ يېڭىدىن پۈتكەن ئوقۇتۇش بىناسى ئالدىغا كەلدى. بۇ ئىككى قەۋەتلىك شەرق ئىسلام ئۇسلۇبىدا سېلىنغان كاتتا بىر ئىمارەت ئىدى. بۇ يەردە ساچىيە مەدرىسىنىڭ توقسان نەپەر مەۋلانە ــ مۇدەررىسى مىڭدىن ئارتۇق تالىپ ــ شاگىرتلىرى بىلەن ئارسلان قاراخاننى ۋە ئۇنىڭ مەۋكەبىنى گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئۇلار قاراخانىيلار ھۆكۈمدارىنىڭ يېڭى مەدرىسكە مۇدەررىس قىلىپ كىمنى بەلگىلەيدىغانلىقىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈشمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا باشقا ئىلىم ئىزدەنگۈچىلەرگە ئوخشاش سىپتا كىيىنگەن، پۈتىدىكى باشماقلىرىغا قونغان ئۇزۇن سەپەرنىڭ چاڭلىرى تېخى كەتمىگەن ھېلىقى مۇساپىر مەۋلانە يۈسۈپ بالاساغۇنىمۇ بار ئىدى.

ئارسلان قاراخاننىڭ ساچىيە مەدرىسىگە قەدەم تەشرىپ قىلىش شەرىپىگە چىلىنىۋاتقان ھەيۋەتلىك سەرباز چە مۇزىكىسى توختاپ، خان ئۆزىگە ئاجرىتىلغان ھۆرمەتلىك جايغا بېرىپ ئورۇن ئالغاندىن كېيىن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن مەخسۇس بۈگۈنكى مۇراسىمغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن ئەللامە ــ مەۋلىۋىيلەر، شەيخ ــ ئارىفلار، فىقىھ ــ قازىلارمۇ ئۆز ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشتى. بۇ چاغدا ساچىيە مەدرىسىنىڭ باشقۇرغۇچىسى تەبرىك سۆزىنى سۆزلىدى، ئاندىن ئارسلان

قاراخانغا ئېگىلىپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن ئۇنى سۆزگە تەكلىپ قىلدى.

— ھەر خىل ئىلىملەردىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولغان كىشىلا بۇ يېڭى مەدرىسىنىڭ مۇددەرىسى بولالايدۇ، — دېدى ئارسلان سۇلايمان قاراخان سالماق سۆزلەپ تۇرۇپ، — قېنى، شۇنداق ئادەملەر بولسا مەرھەممەت!

— مانا مەن، — دېدى ھېلىقى مۇساپىر مەۋلانە ئاستا ۋە قەتئىي يوسۇندا، — مەنكى يۈسۈپ بالاساغۇنى بۇ شەرەپلىك بۇرچنى ئۆز زىممەمگە ئېلىشنى خالايمەن!

يوغان سەللىلىك ئەللامەلەر، تەكەببۇر شەيخ - ئارىفلار، فىقىھ - مەۋلانىلەر، مۇددەرىس - موللىلار دەسلەپتە ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تاسادىپىيلىق ھېس قىلىشىپ، ھەيران بولۇشتى. ئاندىن ياراتماسلىق نەزىرى بىلەن يوغان سەللىلىك باشلىرىنى چايقاشتى. لېكىن، ئارسلان قاراخان بۇ مۇساپىر مەۋلانىگە دىققەت قىلىپ قارىدى ۋە يېنىدىكى ۋەزىردىن ئۇنىڭ كىملىكىنى سوراپ بىلىۋالغاندىن كېيىن:

— قېنى، بولمىسا، خالىغان ئادەم ھۆرمەتلىك مەۋلانە يۈسۈپ بالاساغۇنىغا سوئال تاشلىسا بولىدۇ! — دېدى يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ. ئارسلان قاراخان بۇ ياش مەۋلانىنىڭ دادىللىقىنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى.

ئەللامەلەر ئۇنىڭغا سوئال تاشلاشقا باشلىدى. بىر شەيخ ئۇنىڭدىن ئىسلام دىنىدىكى تۆرت مەزھەپ - ئېقىملار ھەققىدە سورىۋىدى، ئۇ مەملىكەتتىكى بۇ مەشھۇر روھانىيلار ئالدىدا قىلچىمۇ تەمتىرىمەستىن، ئىسلام دىنىدىكى تۆرت مەزھەپ - ئېقىملارنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنى، تۆرت مەزھەپلەرنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەرنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنى ھەققىدىكى ۋايىغا يەتكەن بىلىمىنى تولۇق نامايان قىلىپ، كىشىلەرنى

ھاڭ - تاڭ قالدۇردى! ئىسلام شەرىئىتى ھەققىدە سوئال سورىغان فىقىھلار بۇ مۇساپىر مەۋلانىنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ بىلىمسىزلىكىنى ھېس قىلىشىپ، ئۆزلىرىنى يوشۇرىدىغان جاي ئىزدەشكە ئالدىراشتى؛ ئۇلاردىن كېيىن مەۋلانە يۈسۈپ بالاساغۇنى سەييارىلەرنىڭ تۈرلۈك ئاسمان بۇرجلىرىدىكى ھەرىكىتى توغرىسىدا ئاسترونوملارنىڭ ئۆزلىرىگە مەلۇم بولغان نەرسىلەرلا ئەمەس بەلكى ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى تۈرلۈك پەرەزلىرى ھەققىدىمۇ كەڭ، چۈشىنىشلىك سۆزلەپ، ئاسترونوملارنى تولۇق قايىل قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تىل - ئەدەبىيات، ئىلمىي مەنتىقە، تارىخ، جۇغراپىيە، پەلسەپە، ئىلمىي رىيازەت، ئىلمىي ھەندىسە، تىبابەت ۋە باشقا ئىلىم ساھەسىدىكى مول يېتۈك بىلىملىرى بىلەن پۈتۈن ئەھلى ئىلىملەرنى قايىل قىلدى. ئاخىر مەۋلانە يۈسۈپ بالاساغۇنى ئارسلان سۇلايمان قاراخاننىڭ پەرمانى بويىچە ھەقلىق يوسۇندا ساچىيە خانلىق مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسلىكىگە تەيىنلەندى.

قۇياش ئىللىتقان باھار پەسلىنىڭ بىر كۈنى. ساچىيە مەدرىسىنىڭ ياش مۇدەررىسى مەۋلانە يۈسۈپ بالاساغۇنى بىر توپ شاگىرتلىرىنى باشلاپ تۈمەن دەرياسى بويىنى سەيلە قىلىشقا كەلدى.

ياش شاگىرتلار تەبىئەتنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى كۆرۈپ ئاللىقاچان مەستخۇش بولۇشقانىدى. ئۇلار تەبىئەت مەنزىرىسىنى قاپىيىلىك سۆزلەر بىلەن تەسۋىرلەپ، ئۆز ئارا مۇشائىرە ئېيتىشقا باشلىدى.

مەۋلانە يۈسۈپ بالاساغۇنى شاگىرتلىرىنىڭ نەزمە بېيىتلىرىنى ئاڭلاپ تۇراتتى. بىر چاغلاردا شاگىرتلىرىنىڭ جىم بولۇشۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ:

— سۆزلەرنى قاپىيىگە سېلىپ، مەلۇم ۋەزىن ھەم تۇراق

بۇيىچە تىزىپ ئېيتىش، — دېدى ئۇ شاگىرتلىرىغا سەممىلىي ھالدا، — خەت - ساۋادى بارلىكى ھەممە ئادەملەرنىڭ قولىدىن كېلىدىغان بىر ئىش. بىراق، ئاشۇ قاپىيىداش قۇرلاردىن تۈزۈلگەن نەزمە - بېيىتلار ئىنسانىنىڭ يۈرەك تارلىرىنى تىترىتىپ، دىلىدا شادلىق ياكى قايغۇ ھېسلىرىنى قوزغىيالىسا، باشقىلار مۇ بۇ مىسرالارنى ئوقۇغاندىن كېيىن ھاياجانلانماي تۇرالمىسا، ئاندىن ئۇنى ھەقىقىي شېئىر - نەزمە دېيىش مۇمكىن. مەن سىلەرنىڭ مۇشۇنداق نەزمىلەرنى يېزىپ چىقىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن!

ئۇستاز بىلەن شاگىرتلار سىخىي تەبىئەتنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن قانغۇچە بەھرە ئېلىپ، ھۇزۇرلانغاندىن كېيىن دەريا بويىدىكى ئوت - چۆپ بولۇق ئۆسكەن چىمەنزارلىقتا دائىرە بولۇپ ئولتۇرۇشتى.

— سىلەر كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەندىڭلار، — دېدى ئۇستاز شاگىرتلىرىغا ئەستايىدىل ھالدا، — قېنى كىم جاۋاب بېرەلەيدۇ، بىز ھازىر قەيەردە ئولتۇرۇۋاتىمىز؟

— دەريا بويىدىكى چىمەنزارلىق ئۈستىدە ئولتۇرۇۋاتىمىز، — دەپ جاۋاب بەردى شاگىرتلىرىدىن بىرى.

— بۇ چىمەنزارلىق ئىچىدە نېمە ئۆسكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟

— گۈل - گىياھلا ئۆسۈپتۇ! — دەپ جاۋاب بېرىشتى ئۇستازىنىڭ غەلىتە سوئالىغا ئەجەبلەنگەن شاگىرتلىرى.

— يەنچۇ؟

— يەنە بولۇق ئوت - چۆپلەرمۇ بار ئىكەن!

— ھەببەللى، چىمەنزارلىقتا گۈل - چېچەكلەر ئۆسۈپ قالماستىن بەلكى يەنە ئوت - چۆپمۇ ئۆسىدىكەن. بىراق، سىلەر بىلەمسىلەر، بۇ ئوت - چۆپلەرنى قانداق قىلغاندا يوقاتقىلى بولىدۇ؟!

يېتۈك ئۇستازنىڭ مۇشۇنچىلىك ئاددىي ئىشنىمۇ بىلمەيدىغانلىقىغا كۈلگىسى كەلگەن شاگىرتلار بىر - بىرىگە مەنىلىك كۆز بېقىشىۋالدى.

— ھەزرىتىم بۇ قانچىلىك قىيىن ئىش ئىدى، ئوت - چۆپنى يۇلۇپ تاشلىسىلا بولمىدىمۇ؟! — دېيىشىپ كۈلۈشۈپ كېتىشتى ئۇلار.

ئۇستاز ئۇلارنىڭ سۆزىگە بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇش بىلەن كۇپايىلەندى، خالاس.

— ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتسىمۇ بولىدۇ! — دېدى ئۇلاردىن بىرى.

ئۇستاز كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۈچىنچى شاگىرتىغا قارىدى.

— كۈل چېچىۋەتسە، ئوت - چۆپلەرنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋەتكىلى بولىدۇ! — دەپ جاۋاب بەردى ھېلىقى شاگىرتى. بۇ چاغدا، تۆتىنچى شاگىرتى:

— ساپان بىلەن يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ چىقىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئوت - چۆپ ئۈنمەيدۇ، — دەپ لوقما تاشلىدى.

— ھەممىڭلارنىڭ جاۋابى توغرا، — دېدى ئاخىردا مەۋلانە يۈسۈپ بالاساغۇنى شاگىرتلىرى تولۇق پىكىر بايان قىلىپ بولۇشقاندىن كېيىن، — ئوت - چۆپلەرنى تەلتۆكۈس يوقىتىشنىڭ بىرلا ئامالى بار. ئۇ بولسىمۇ، ئوت - چۆپ ئۈنگەن يەرنى ساپان بىلەن چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ چىققاندىن كېيىن ئۈستىگە زىرائەت تېرىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئوت - چۆپنى تەلتۆكۈس يوقاتقىلى بولىدۇ. ئوخشاشلا، ئىنسان مۇبادا يامانلىقتىن قول ئۈزۈشنى خالىسا، ئۆزىنىڭ مەنىۋىيىتىنى گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەت بىلەن بېزىشى لازىم.

ئارقىدىنلا، مەۋلانە يۈسۈپ بالاساغۇنى شاگىرتلىرىغا بۇ قائىدىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، پاساھەتلىك سۆز ئۈنچىلىرىنى

ئەقىل ـ پاراسەت يىپلىرىغا تىزىپ، ئىنتايىن تەسىرلىك بىر ھېكايەتنى سۆزلەپ بەردى:

«بۇرۇنقى تۇران زېمىنىدا جەننەتۇل رىزىۋاندەك بىر گۈزەل مەملىكەت بار ئىكەن. بۇ مەملىكەتنىڭ خەلقى ئاسايىشلىق ئىچىدە بەختىيار، پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ئۇلارغا ئادالەتنى دوست ـ ئاشىيان تۇتقان كۈنتۇغدى ئەلىگ ئىسىملىق بىر پۇقرا پەرۋەر خاقان ھۆكۈمدار ئىكەن. ئۇ ئۆز ئىلىمنى تېخىمۇ روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن، مەملىكەتكە ئىلان چىقىرىپ، دانالارنى ئۆز ئەتراپىغا يىغماقچى بوپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، خاقان كۈنتۇغدى ئەلىگنىڭ ئوردىسىغا ئايتولدى ئىسىملىك بىر دانىشمەن بىلىگ كەپتۇ. خاقان سىناپ كۆرۈپ، بۇ كىشىنىڭ ناھايىتى زېرەك، ئەقىللىق ۋە دانىشمەن ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ ـ دە، ئۇنى ئۆزىگە ۋەزىرلىككە بەلگىلەپتۇ. بۇ ۋەزىرنىڭ ئەقىل پاراسەتنى ئۆزىگە يار تۇتقان ئۆگدۈلمىش ئىسىملىك بىر ئوغلى ۋە ئودغۇرمىش ئىسىملىك شۇكۇر ـ قانائەتلىك بىر زاھىد قېرىندىشى بار ئىكەن. مەملىكەت ئادالەتلىك خاقان، دانىشمەن ۋەزىرنىڭ ئۇنۇملۇك باشقۇرۇشى بىلەن تېز روناق تېپىپ، يىراق ـ يېقىنلاردا مەشھۇر بولۇپ تونۇلۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، دانىشمەن ۋەزىر ئايتولدى بىلىگ قېرىپ، پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىلماقچى بوپتۇ. ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا خاقان كۈنتۇغدى ئىلىگكە پاراسەتلىك ئوغلى ئۆگدۈلمىشنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا ۋەزىرلىككە كۆرسىتىپ كۆز يۇمۇپتۇ. ئۆگدۈلمىش ئۆزىنىڭ مەملىكەتنى ئىدارە قىلىشقا ياردەملىشىش ئۈچۈن شۇكۇر ـ قانائەتلىك زاھىد قېرىندىشى ئودغۇرمىشنى زاھىدلىقنى تەرك ئېتىپ، دەھرىيلىككە قايتىشنى تەۋسىيە قىپتۇ. بىراق، زاھىد ئودغۇرمىش «خاقانغا خىزمەت قىلىش يولىنى بىلمەيمەن»، دەپ، دەھرىيلىك لىباسىنى كىيىشكە زادىلا ئۇنىماپتۇ. ئاخىر، پاراسەتلىك ۋەزىر ئۆزىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن

ئۆمرىگە پۇشايمان قىلىپ، ئۆزىنىڭمۇ دەھرىيلىك يولىنى تەرك ئېتىپ، بەش كۈنلۈك ئۆتنە ئالەمنىڭ مېھرىدىن قول ئۈزۈپ، زاھىدلىق يولىغا مېڭىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. ئەمما، ئۆزىنىڭ ساناقلىقلا كۈنلىرى قالغان زاھىد ئۇدغۇرمىش: «سەن ئەل پايدىسىنى بۇزۇپ، ئۆز پايداڭنىمۇ تاشلاپ، زاھىدلىق يولىغا ماڭغىنىڭ نېمىسى؟!»، دەپتۇ ـ دە، قېرىنداشى ۋەزىر ئۆگدۈلمىشنىڭ زاھىدلىق يولىغا مېڭىشقا زادىلا قوشۇلماپتۇ ۋە ئۇنىڭغا، ـ داۋاملىق ئەلىگ كۈنتۇغدىغا ھەمدەم بولۇپ «مەملىكەتنى ئادالەت بىلەن تۈزەپ، مۆمىنچىلىك بەرپا قىلغايسەن! شۇنداق قىلساڭلا، يۇقىرىسى بەگ ـ بېگات، تۆۋىنى پۇقرايۇ ـ پەقىرلەرگىچە ھەممە كىشى ئەدەب ـ سۆلكەتلىك بولۇر، ئەلدە غەم ـ قايغۇ كۆتۈرۈلۈر!»، ـ دەپ، كۆزىنى يۇمۇپتۇ. خاقان كۈنتۇغدى ئەلىگ بىلەن ۋەزىر ئۆگدۈلمىش ئىككىسى قاتتىق قايغۇرۇپ، زاھىد ئۇدغۇرمىشنىڭ قانائەتچان پەزىلەتلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىپتۇ. ئەلنى تېخىمۇ ئادالەت بىلەن تۈزەپ، خەلقنى باياشات، ئەدەبلىك ـ سۆلەتلىك قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىپتۇ...»

مەۋلانە يۈسۈپ بالاساغۇنى بۇ ھېكايەتنى سۆزلەپ تۈگەتكەندە، ئۆزىنى گوياكى ئاشۇ پاراسەتلىك ۋەزىر ئۆگدۈلمىش بىلگەندەك ھېس قىلماقتا ئىدى. شاگىرتلىرى بولسا ئۇستازىنىڭ پاساھەتلىك جەۋھەرلىرىدىن تۈزۈلگەن بۇ گۈزەل ھېكايىسىنى ئاڭلاپ بولۇشقاندىن كېيىن چوڭقۇر مۇتالىئەگە چۈشۈپ كېتىشكەنىدى.

— ئۇستاز سۆزلەپ بەرگەن بۇ ھېكايەتنىڭ مەزمۇنى ھەقىقەتەن بەك تىرەن ئىكەن، ـ دەپ ئالقىشلىدى ئۇستازىنى ئۇلار، — ئۇ چىن ھۆكۈمالىرىنىڭ تىمساللىرى بىلەن بېزىلىپتۇ. ماچىن ئۆلىمالىرىنىڭ ئەقىل ـ ئىدراك جەۋھەرلىرى بىلەن زىننەتلىنىپتۇ.

بىر شاگىرتى ئۇستازىغا تەزىم قىلغاندىن كېيىن:
— پۈتكۈل مەشرىق ۋىلايەتلىرىدە ۋە پۈتۈن تۈركىستان زېمىنىدا خاقانىيە تۈركىي ھۆنەرۋەنت تىلى بىلەن بۇنداق پاساھەتلىك سۆز ئۈنچىلىرىنى ھېچكىم، ھېچقاچان بۇنداق پاراسەت يىپىغا تەكشى تىزىپ چىقالىغان ئەمەس! — دەپ تەنتەنە قىلدى.
— ھەق گەپ قىلدىڭىز، — دەپ كۆپنى كۆرگەن يەنە بىر شاگىرت ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى، ئاندىن ئۇستازىغا قاراپ، — ھەزرىتىم، مۇبادا بۇ ھېكايەت كىتاب بولۇپ پۈتۈلسە، تۈرلۈك ئىنسان گۇرۇھى ئۇنى جەزمەن ئالقىشلاپ ئوقۇر! مۇبادا، شۇنداق بولىدىغان بولسا، بۇ كىتاب ھەقىقەتەنمۇ چىنىلىقلار ئۈچۈن «ئەدەبۇلمۇلۇك» (شاھلار ئەدەپ — قائىدىسى)، ماچىنلىقلار ئۈچۈن «ئايىنۇل مەملىكە» (مەملىكەتنىڭ ئەيىنكى)، مەشرىقلىقلەر ئۈچۈن «زىنەتۇل ئەمىر» (ئەمىرلەر زىننىتى)، ئەجەملىكلەر ئۈچۈن «شاھنامە تۈركىي» (پادىشاھلار دەستۇرى) ياكى «پەندىنامەئى مۇلۇك» (پادىشاھلار ئۈچۈن نەسىھەتنامە) بولۇشقا تېگىشلىك كىتاب بولغۇدەك.
— ھۆرمەتلىك ئۇستاز، سىلى بۇ كىتابقا قانداق ئىسىم قويۇشنى ئويلىدىلا؟ — دەپ سورىدى بىر شاگىرتى ئۇنىڭدىن.
— مەن بۇ كىتابنى «قۇتادغۇبىلىك» دەپ ئاتىسامىكىن، دەيمەن! — دېدى مەۋلانە يۈسۈپ بالاساغۇنى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — بىراق...
ئۇ سۆزىنى توختىتىپ، ئەلەملىك كۆزلىرى بىلەن يىراققا قاراپ جىم تۇرۇپ قالدى. ئۇ مۇشۇ تاپتا قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن ئاڭلىنىۋاتقان بىر ئاۋازغا قۇلاق سالماقتا ئىدى. بۇ زاھىد ئودغۇرمىشنىڭ ئاۋازى ئىدى: «ئەي بىلىملىك كىشى، — دەپ خىتاب قىلماقتا ئىدى ئۇ، — ئەتراپىڭغا باق،

نېمىلەرنى كۆرەرسەنكىن، نۇرغۇن ئادەملەر تۇغۇلدى، ئۇلار ئۆلدى، قۇتۇلدى، نۇرغۇن ئادەم تۇغۇلۇپ، يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچتى — يۇ، ئەمما تۇغۇلۇپ ھېچبىر خوشلۇق كۆرمىدى. بەزىلەر ئېگىزدىن قاتتىق يىقىلدى؛ يەنە بەزىلىرىنىڭ بېشى ئاسمانغا تاقاشتى. ياقىلار ئېتەك، ئېتەكلەر ياقا بولۇپ، ئاچ - زارلىقتا، موھتاجلىقتا ئۆتكەنلەر زەردار بولدى؛ چۈمۈچىدىن ماي تامىدىغانلار گاداي بولدى. بىلىملىكلەر خار بولدى. ئېتىباردىن چۈشتى. چەتكە قېقىلدى... ئەقىلىقلار تىلسىز، گاچا، ئۇلار ئاغزىنى ئاچالماس... ھالالنىڭ پەقەت ئېتىلا قالدى، ھەممە ياقنى ھارام، پاسىقلىق قاپلىدى. بۇنى سەزگەن ئادەم يوق... ۋاپا ئورنىنى جاپا ئىگىلىدى. توغرا يولدا ماڭغان خاقان نەدە؟ بۇ مەملىكەتكە بىلىگ سۆپەت ياخشىلارمۇ، ئىبلىس سۆپەت ئەسكىلەرمۇ كەلدى. بۇلارنى كۆرگەن كىشى نەدە؟...»

— يۈرەك ئەركىنلىكتىن ياشايدۇ، — دېدى مەۋلانە يۇسۇپ بالاساغۇنى ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ تۇرۇپ، — ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولغاندا، سەككىز ئۇچماغمۇ كىشىگە ھارام بولۇر!...

مەۋلانە يۇسۇپ بالاساغۇنى يۇقىرىقى سۆزلەرنى خىتاب قىلىۋاتقاندا، قاراخانىيلار ئاسمىنىنى جاھالەت، تەپرىقاتچىلىك قارا بۇلۇتلىرى قاپلىغان، قاراخانىيلار ئوردىسى ھاكىمىيەتخۇمار قارا نىيەت شاھزادە - تېكىنلەر قوزغىغان سىياسىي ئۆزگىرىش مالىمانچىلىقىغا پېتىپ قالغانىدى.

ھىجرىيە 448 ـ يىلى[1] (يولۋاس يىلى) ماھى رەجەبنىڭ يىگىرمىنچى كۈنى كېچىسى. قاراخانىيلارنىڭ ئوردۇ كەنتى بولغان قەشقەر شەھىرىنىڭ كوچىلىرىدا بىردىنلا ئۇرغۇن ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىگەن تۇياق ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. ئادەتتە مەۋلانە يۈسۈپ بالاساغۇنى كۈن بويى، بەزىدە ھەتتا يېرىم كېچىگىچە ساچىيە خانلىق كۈتۈپخانىسىدا كىتاب كۆرەتتى. بۈگۈنمۇ ئۇ شۇ ئادىتى بويىچە كۈتۈپخانا ئىچىدە خۇپتەنگىچە كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرۇپ قالدى. كوچىلاردىن ئاڭلىنىۋاتقان ئۇپۇر ـ تۇپۇر، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاۋازلارنى ئاڭلاپ، ئۇ ئانچە ئىرەڭشىمەي كەتمىدى: «سارايدا بۇنداق ۋاڭ ـ چۇڭلار ئازمىدى؟» كۈتۈپخانىغا قارايدىغان خادىم بىر ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ كېتىپ، تېخى قايتىپ كىرمىگەنىدى. خۇپتەندىن كېيىن مەۋلانە يۈسۈپ بالاساغۇنى كىتابلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، پىرىجىسىنى كېيىپ، ئالاغا قاراپ ماڭدى. ئۇ كوچىغا چىققاندا، كوچىلاردا لەشكەرلەر تولۇپ كېتىشكەنىدى، نېمە ئىش يۈز بەردىكىنە؟

— كىم سەن؟ — دەپ ۋارقىرىغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا، قوراللىرىنى جاراقشىتىپ، تۆت نۆۋكەر يۈگۈرۈشۈپ كەلدى، بىردىنلا تۆت نەيزە مەۋلانە يۈسۈپ بالاساغۇنىنىڭ كۆكرىكىگە تەڭلەندى.

— مەن ساچىيە خانلىق مەدرىسىنىڭ مۇددەرىسى، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ لەشكەرلەرنىڭ قوپاللىقىدىن ھەيران بولۇپ، — مەن مەۋلانە يۈسۈپ بالاساغۇنىدۇرمەن!

— كىم بولۇشۇڭ بىلەن كارىمىز يوق! — دېدى ھېلىقى نۆۋكەرلەردىن بىرى، — سەن بۇ يەردە ئارسلان مۇھەممەت ئىبنى

---

[1] مىلادى 1057 ـ يىلى.

يۈسۈپ بۇغرا قاراخاننىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا نېمە ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندىڭ؟ توختا، بىز سېنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭنى ھازىرلا بىلىۋالىمىز!

— مەن راستىنلا مۇدەررىسمەن، — دېدى مەۋلانە يۈسۈپ بالاساغۇنى ھودۇقۇپ.

— مۇدەررىس بولغان بولساڭ، مەدرىستە يۈرمەي، نېمىشقا كوچىدا يۈرىسەن؟ مۇدەررىس بولغان بولساڭ قېنى شاگىرتلىرىڭ؟ ساچىيە مەدرىسىدىكىلەر ئاللىقاچان قېچىپ يوشۇرۇنۇپ بولۇشتى. سەن بۇ كېچىدە كۇتۇپخانىدا نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ كىم بىلىدۇ، سەن تېخى سابىق ئارسلان خان سۇلايمان ئىبنى يۈسۈپ قاراخاننىڭ ئادەملىرىدىنمۇ؟ ياخشىلىقچە راستىڭنى ئېيت! بۇ كېچىدە نەگە بارىدىڭ؟

دەرۋازا ئالدىدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلاپ، يەنە بىر نۆۋكەرمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ قوراللىنىشى ۋە كىيىنىشىدىن ئۇنىڭ كىچىكرەك بەگلەر دەرىجىسىدىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش قىيىن ئەمەس ئىدى.

— مەن راستىنلا ساچىيە مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى مەۋلانە يۈسۈپ بالاساغۇنى بولىمەن. مانا ھازىرلا ساچىيە كۇتۇپخانىسىدىن يېنىپ چىقىشىم، — دەپ ئۆز سۆزىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولۇپ، قولتۇقىغا قىستۇرۇۋالغان كىتابلىرىنى ئۇلارغا كۆرسەتتى.

— بۇنىڭ بىلەن كۆپ سۆزلىشىپ، ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماڭلار. ئۇنىڭسىزمۇ ئىش دېگەن ئېشىپ - تېشىپ تۇرۇپتۇ، ئىسيانچىلارنى تۇتۇش ھەممىدىن مۇھىم. ئۇنى ئاپىرىپ زىندانغا قاماپ قويۇڭلار، ئەتە ئۇنىڭ سۆزىنىڭ راست - يالغانلىقىنى بىلىۋالىمىز.

نۆۋكەرلەر مەۋلانە يۈسۈپ بالاساغۇنىنى نەيزىسىنىڭ ئازارتى ئاستىدا زىندانغا ئاپىرىپ قاماپ قويدى. زىنداننىڭ ئىچى

ناھايىتى زەي ھەم قاراڭغۇ ئىدى.

مەۋلانە يۈسۈپ بالاساغۇنى زىندانغا كېتىۋېتىپ، ئۆزىنى ھەيدەپ ئېلىپ كېتىۋاتقان لەشكەرلەرنىڭ بىر - بىرىگە قىلىشقان سۆزلىرىدىن قاراخانىيلارنىڭ ئەڭ چوڭ خانى ئارسلان خان سۇلايمان ئىبنى يۈسۈپ قاراخان ئۆزىنىڭ ئىنىسى ھەم خانلىق شېرىكى بولغان بۇغراخان مۇھەممەت ئىبنى يۈسۈپ قاراخانغا قارشى سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، دۆلەت ھوقۇقىنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋالماقچى بولغاندا، ئۇرۇش پارتلاپ، جەڭدە چوڭ خان ئارسلان خان سۇلايمان ئىبنى يۈسۈپ قاراخانىنىڭ ئەسىرگە چۈشكەنلىكىنى ئۇقۇۋالدى...

ئەتىسى، مەۋلانە يۈسۈپ بالاساغۇنى ھازىرقى چوڭ خان — ئارسلان مۇھەممەت ئىبنى يۈسۈپ قاراخانىنىڭ پەرمانى بويىچە زىنداندىن ئازاد قىلىندى. ئۇ سابىق ئارسلان خان سۇلايمان ئىبنى يۈسۈپ قارا خاننى زىندانغا تاشلىغان ھەمدە قاراخانىيلارنىڭ بارلىق دۆلەت ھوقۇقىنى ئۆزىنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈۋالغانىدى.

ئارىدىن 15 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئارسلان خان مۇھەممەت ئىبنى يۈسۈپ قاراخان ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلى ھۈسەيىن چاغرى تېكىننى نامزات خان دەپ ئېلان قىلدى ۋە دۆلەتنىڭ ھوقۇقىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. بۇ ھۈسەيىن چاغرى تېكىن ئۇلۇغ تىلچى، بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئاتىسى ئىدى.

بىراق، ئارسلان خان مۇھەممەت ئىبنى يۈسۈپ قاراخانىنىڭ ھاكىمىيىتىمۇ ئۇزاق داۋاملىشالمىدى. ھىجرىيە 450 - يىلى (توڭگۇز يىلى)[1] كۈز پەسلىنىڭ بىر كېچىسى، ئارسلان خان

① مىلادى 1059 - يىلى.

مۇھەممەت ئىبنى يۇسۇپ قاراخان ئۆزىنىڭ قارا نىيەت بانۇسى ئالتۇن بىكە تەرىپىدىن سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. بۇ قارانىيەت بانۇ ئارسلان خان مۇھەممەت ئىبنى يۇسۇپ قاراخاننىڭ چوڭ شاھزادە ھۇسەيىن چاغرى تېكىننى نامزات خان قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىگە نارازى ئىدى. ئۇ دۆلەت ھوقۇقىنى ئۆزىنىڭ ئوغلى، شاھزادە ئاشتال① تېكىنگە تارتىپ ئېلىپ بەرمەكچى بولۇپ ئۇزاقتىن بىرى پۇرسەت كۈتۈپ تۇراتتى.

بۇ پۇرسەت ئاخىر يېتىپ كەلدى! ئالتۇن بىكە ئېرى ئارسلان خان مۇھەممەت ئىبنى يۇسۇپ قاراخاننى ئوغلى ھۇسەيىن چاغرى تېكىن بىلەن يۇسۇپ خاندانىنىڭ بىر نەچچە مۇھىم ئەزاسىنى قوشۇپ زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئادەم ئەۋەتىپ، ئېرىنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشى، زىنداندا يېتىۋاتقان سابىق چوڭ خان ئارسلان خان سۇلايمان ئىبنى يۇسۇپ قارا خاننىمۇ بوغۇزلاپ تاشلىدى... تاكى تاۋغاچ ئارسلان خان ئەبۇ ئېلى ھەسەن ئىبنى سۇلايمان قاراخان قايتا سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، قارانىيەت ئالتۇن بىكە باشلىق ھاكىمىيەت ئوغرىلىرىنى يوقىتىپ، ھاكىمىيەت تىزگىنىنى ئۆز قولىغا ئېلىپ، يېغا-غەلىيان ئىچىدە قالغان قاراخانىيلار دۆلىتىنى ئۆز ئىزىغا چۈشۈرگەنگە قەدەر، قاراخانىيلار سۇلالىسى داۋالغۇش ئىچىدە تۇردى...

بۇ قانلىق پاجىئەلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن مەۋلانە يۇسۇپ بالاساغۇنى بىھۇدە يېمەك-ئىچمەكتىن قول يىغىپ، ئەيش-ئىشرەتنى، ئويۇن-تاماشىنى ئۆزىگە ھارام قىلىپ، كۆڭلىنى تۇنىلەرگە ئۇلاپ، ئۆزى تەرىپىدىن «قۇتادغۇبىلىك» دەپ نام بېرىلگەن ئۆلمەس ئەسىرىنى يېزىشقا كىرىشتى. بۇ ئارىلىقتا

① ئاشتال — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «كەنجى ئوغۇل» دېگەنلىك بولىدۇ.

مەشرىقتا بەش يۈز قېتىم كۈن چىقىپ، مەغرىبتە بەش يۈز قېتىم كۈن پاتتى. بۇ بەش يۈز كۈن ۋە بەش يۈز تۈندە، ئۇ تەپەككۇر قېيىنقىنى دىل دېڭىزىغا سېلىپ، تىل قىرغىقىغا چىقاردى. «دىل دېڭىز، تىل قىرغاقتۇر، — دەيتتى ئۇ ھەمىشە، — دىل دېڭىزى دولقۇن كۆتۈرسە، ئۆز قوينىدا بارىنى تىل قىرغىقىغا سۈرۈپ، چىقىرىدۇ!»

مەۋلانە يۈسۈپ بالاساغۇنى ئۆزىنىڭ يازغانلىرىنى تۆت ئۇلۇغ ئۇل ئۈستىگە بىنا قىلدى. بۇ تۆت ئۇلۇغ ئۇلنىڭ بىرى، ئادالەت سىمۋولى، ھۆكۈمدار كۈنتۇغدى ئەلىگ ئىدى؛ يەنە بىرى، بەخت ـ سائادەت سىمۋولى، ۋەزىر ئايتولدى ئىدى؛ ئۈچىنچىسى، ئەقىل پاراسەت سىمۋولى ۋەزىر ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىش ئىدى؛ تۆتىنچىسى، شۈكۈر ـ قانائەت سىمۋولى، زاھىد ئۇدغۇرمىش ئىدى.

مەۋلانە يۈسۈپ بالاساغۇنى دانىشمەن، چوڭقۇر بىلىملىك، ئەقىل ـ پاراسەتتە ئۆتكۈر ۋە ئوت يۈرەك تىرىشچان ئىزدەنگۈچى بولغاچقا، ئون سەككىز ئاي ئىجتىھات بىلەن يېزىپ، جەمئىي 85 باب، 6645 بېيىت، 13 مىڭ 296 مىسرالىق غايەت زور ھەجىمدىكى بۇ كاتتا قامۇسۇل كىتابىنى ئاخىر روياپقا چىقاردى. بۇ كىتابقا ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئەجىر ـ تۆھپىسى ۋە قان ـ تەرى سىڭگەنىدى! بۇ كىتاب ئۇنىڭ پۈتۈن شەرق ۋە غەرب پەلسەپىسى ئۈستىدىن چىقارغان ھۆكۈمى ئىدى. مۇدھىش قاباھەتلىك ئوتتۇرا ئەسىردىكى كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ پۈتكۈل قانۇنىيەتلىرى ئۈستىدىن چىقارغان يەكۈنى ئىدى!

ئۇ بۇ كىتابنى كىم ئۈچۈن يازدى؟ نېمە ئۈچۈن يازدى؟ ئۇنىڭ بۇ كىتابتا يازغانلىرىنى زادى قانچىلىك ئادەم ئوقۇپ چۈشىنەلەيدۇ؟ كۈنلەرنىڭ بىرىدە جاھالەت ھامىيسى بولغان بىرەر نادان ھۆكۈمران مەيدانغا كەلسە، ئۇ چاغدا بىلىمدارلارنىڭ ھالى قانداق بولۇر؟ ئۇنىڭ بۇ كىتابى گۈلخان بولۇپ يېنىپ، كۈلى

كۆككە سورۇلماسمۇ؟

ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە ئەقىل ـ ئىدراك كۈچىنىڭ يۈكسەكلىكى توغرىسىدا قەدىمدىن تارتىپ ناھايىتى كۆپ سۆزلەنگەن بولسىمۇ ئەمما نادانلىق، ۋەھشىيلىك، خۇراپاتلىق ۋە جاھالەت ھەر ۋاقىت ئۆز كۈچىنى يەنىلا تەرسالارچە كۆرسىتىپ كەلدىغۇ؟ كۆپىنچە ھاللاردا تېخى ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ بېلى ئۈشتۈلۈپ، نادانلىق، خۇراپاتلىق ۋە جاھالەت ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم سۈرۈپ كەلدىغۇ؟ قەدىم ئەيىامدىن تارتىپ، ئىرادىلىك كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ دۆلەتنى ۋە كىشىلىك جەمئىيەتنى قانۇن ـ تۈزۈم، ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەت بىلەن ئىدارە قىلىش ھەققىدىكى بىر قاتار غايىۋى تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كېلىشتى. بىراق، ئىشقا ئاشتىمۇ؟ بۇ دۇنيادا بىلىملىك كىشىلەر بولمىسا بولمايدىغان، ھۆكۈمدارلار ئۆزلىرىنىڭ ياۋايى ئىرادىسى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئىلىم ـ مەرىپەتكە مۇراجىئەت قىلىدىغان، پۈتۈن دۇنيا بويىچە بۈيۈك بىرلىك، بۈيۈك ئادالەت ئىشقا ئاشقان، ئىنسان گۇرۇھلىرى بىر ـ بىرىنىڭ زېمىنىنى بېسىۋالمايدىغان، بىر ـ بىرىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرمەيدىغان، بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرمەيدىغان، يېغا ـ غەلىيانسىز، تىنچ ـ ئاسايىشلىق زامانلارمۇ بارلىققا كېلەرمۇ؟...

قارا چىراغنىڭ يورۇقى ئاستىدا چوڭقۇر خىيالغا پاتقان مەۋلانە يۈسۈپ بالاساغۇنى پىلىكنىڭ چىرسىلىغان ئاۋازى بىلەن خىيال دېڭىزىدىن قايتىپ چىقتى ـ دە، قۇمۇش قەلىمىنى قايتىدىن قولىغا ئېلىپ، دۆگەتتىكى سىياھىغا ئۇچىنى تۇگۇرۇۋالغاندىن كېيىن قەغەزگە مۇنۇ سەتىرلەرنى ئۈنچىدەك تىزىشقا باشلىدى: «ئەي ئەلىگ، سەن تېۋىپقا ئوخشايسەن، پۈتۈن ئاغرىق خەلق ساڭا موھتاجدۇر... بىرى چەككەچ زۇلۇم، بەختى قارادۇر. بىرى يوقسۇللۇق غېمىدە بىنەۋادۇر. بىرى ئاچ، يەنە

بىرى يالىڭاچ يۈرەدۇر. بىرى غەم ئىلكىدە پىغانلار چېكۇر. سىنىڭدە تۇرۇپتۇ بۇنىڭ دورىسى. داۋالا بولۇپ سەن ھەكىم ـ ئۇستىسى. بېرىپ دورا ـ داۋاسىنى قىلمىساڭ، سىنىڭدىن بۇ خەلققە پالاكەت كېلۇر!..»

مىلادى 1069 ـ يىلى كۈزدە، مەۋلانە يۈسۈپ بالاساغۇنى ئاخىر «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق بۈيۈك ئەسىرىنى يېزىپ تاماملىدى ۋە ئۇنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمدارى تاۋغاچ ئارسلان خان ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئىبنى سۇلايمان قاراخانغا تەقدىم قىلدى. بۇ چاغدا، مەۋلانە يۈسۈپ بالاساغۇنى توپتوغرا ئەللىك ياشقا كىرگەنىدى!

تاۋغاچ ئارسلان خان مەرىپەتپەرۋەر خان ئىدى. ئۇ مەۋلانىنىڭ بۈيۈك ئەسىرىنى زور ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ چىقتى. خان مۇئەللىپنىڭ زور تالانت ئىگىسى، يېتۈك سىياسىئون ئىكەنلىكىنى بايقاپ، دەرھال ئۇنى خاس ھاجىپلىق دەرىجىسى بىلەن تارتۇقلاپ، ئۆزىگە ئەل ئۇگەسى قىلىۋالدى.

مەۋلانە يۈسۈپ بالاساغۇنىمۇ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ» نامى بىلەن ئۇلۇغلىنىپ، تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە ئۇيغۇر قاراخانىيلار ئوردىسىدا ھەر قايسى ئارسلان قاراخانىيلارنىڭ ئەل ئۇگەسى بولۇپ ئىشلىدى.

* * *

ھەش ـ پەش دېگۈچە مىلادى 1550 ـ يىلىنىڭ كۆكلەم پەسلى ئاخىرلىشىپ قالاي دەپ قالدى. خالاستان ۋادىسىدا گۈل ـ چېچەكلەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ، دەل ـ دەرەخلەر تامام كۆكىرىپ، قۇشلار چاڭگا تىزدى. كۆكلەم مەنزىرىسى كىشىلەرگە ئىلھام بېغىشلاپ، تەرەپ ـ تەرەپتىكى باغلارنى

گۈل ـ چېچەككە ئورىدى. دەل ـ دەرەخلەر باراقسانلاپ، قۇشلار ساداسى ھەممىلا يەردە ياڭرىدى. كاككۇكلار تالى چىمەنلەر ئارىسىدا توپ ـ توپ ئۇچۇشۇپ، بەس ـ بەس بىلەن سايرىشىپ، خالاستان بويلىرىنى چاڭ كەلتۈرۈشۈپ، باھارغا تېخىمۇ ھۆسن قوشۇشاتتى. پۈتۈن ئەتراپ جىگدە چېچەكلىرىنىڭ مەستخۇش قىلىدىغان شېرىن پۇراقلىرىغا تولغانىدى.

ئارىلاپ باھارنىڭ ئۆتكۈنچى يامغۇرى يېغىپ تۇرغان، غۇبارسىز ئوچۇق ئاسماندا ئىللىق قۇياش پارلاپ چىققان كۈنلەرنىڭ بىرى ئىدى. بەزىدە ئاسماندا يۇپقا ئىستەك لەيلەپ يۈرگەن باھار بۇلۇتلىرى ئاستا سۇرۇلۇپ كۈننىڭ بىر تەرىپىنى توسۇپ ئالاتتى. توساتتىنلا قاراسلاپ ئۆتكۈنچى يامغۇر يېغىپ، يەنە بىردەمنىڭ ئىچىدىلا توختاپ قالاتتى. چوڭ ھەم قويۇق چۈشكەن يامغۇر تامچىلىرى دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئۈستىدە خۇددى مەرۋايىتتەك لىغىرلاپ كۆزنى قاماشتۇراتتى. باھار شامىلىدا شىرىلداپ ئاۋاز چىقىرىۋاتقان ئوت ـ چۆپلەرمۇ يامغۇر سۇلىرىدىن قېنىپ ئىچىپ سۆمۈرمەكتە ئىدى. ھۆل بولۇپ كەتكەن دەرەخ يوپۇرماقلىرى ھالسىز تەۋرىنەتتى. تومۇچۇقلار يامغۇر ساداسىغا تەڭداش قىلىپ، يېقىملىق ئاۋازدا ۋىچىرلىشىپ چۇچۇك سايرىشاتتى. باھار يامغۇرى توپا ـ توزانلىق يېزا يوللىرىغا تەكشى سۇ سېپىپ چىقاتتى. ئارقىدىن غۇر ـ غۇر شامال چىقىشى بىلەن تەڭ ئاسماندىكى قارا بۇلۇتلار تارقاپ، ھاۋا ئېچىلىپ قۇياش كۈلۈپ زېمىنغا باقاتتى. يەردىكى ئوت ـ چۆپلەر ۋە گۈل ـ چېچەكلەر ئۆزلىرىنىڭ يايپېشىل، ساپسېرىق ۋە ئوتقاشتەك قىپقىزىل رەڭلىرىنى نامايان قىلىشقا باشلايتتى. دەريا بويىدىكى مەجنۇنتاللارنىڭ ھۆل يوپۇرماقلىرى تېخىمۇ سوزۇلۇپ، باشقىلاتتىن كۆركەملىشىپ كېتەتتى. ھەممە ياقتىن نەمخۇش توپىنىڭ پۇرىقى كېلەتتى.

خالاستان ۋادىسى بويىغا جايلاشقان ياستۇق[1] مەھەللىسى بىلەن ئاقتام[2] مەھەللىسىنىڭ ئارىلىقى يىراق ئەمەس، كۆپ بولسا ئىككى پەرسەخ كېلەتتى. ئاقتامدىن ئۆتسە قوزبال[3]، ئۇنىڭ نېرىسىدا پوسكام[4] قىشلىقى بار ئىدى. بۇ قىشلاقلار بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، ھەممىسى باغ - ۋاران، تۇتزار، ئۈزۈمزار ۋە ئانارلىق ئىدى. لېكىن، ھازىر باغلىرى تۇتىشىپ كەتكەن بۇ قىشلاقلارمۇ خۇددى ئىگىسىز قالغان مازارلىقتەك چۆللىشىپ كېتىشكەنىدى. تەندۇرۇست ياش ئەر، ياش ئاياللارنىڭ ھەممىسى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ ئەتراپتا كەڭ تارالغان ئىمامى رەببانى تەرىقىتىگە مۇرىت بولۇشۇپ، خانىقا - تۇنەكخانىلاردا «سەردار ئىشان» دەپ ئاتىلىدىغان بەدەخشانلىق سەئىد ئاسىپ ئىشانغا بەندىچىلىك قىلىشاتتى. ئىككى تەرىپى ئەنجان تېمى بىلەن توسالغان تار كوچىلاردا، ھەتتا بازار - رەستىلەردىمۇ ئادەمزات كۆرۈنمەيتتى. پەقەت ھاسا تاياتقان بوۋاي - موماي لار، ئىگىسىز قالغان مال - چارپايلار ۋە لالما ئىتلار ئاندا - ساندا ئۇچراپ قالاتتى.

بۈگۈن جۈمە كۈنى ئىدى. ياستۇقدا ئىمامى رەببانىي سۇلۇكىدە بەندىچىلىك قىلىدىغان ئەر - ئايال مۇرىتلارنىڭ ھەممىسى سەردار ئىشانغا ئاتاپ يېڭىدىن سېلىنىۋاتقان ھەشەم - ھەيۋەتلىك، كاشانە ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇشىغا ھاشارغا ئىشلىشىۋاتقاندى. ئۇلارغا قامچىسىدىن قان تامىدىغان بەش - ئالتە شىگال دىۋانە - سوپى نازارەتچىلىك قىلىۋاتاتتى. ئادەملەر قاپلارغا توپا ئۇسۇشۇپ، ئۇنى قۇرۇلۇۋاتقان يېڭى ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە يانتۇلۇقتىن قىينىلىپ يۇرۇپ ئاران ئېلىپ چىقىشىۋاتاتتى. بۇ خۇدايى بەندىلەر ئارىسىدا يەكەنلىك چار تارچى

---

① ②③④ پوسكام ناھىيىسىكى يەرناملىرى.

بابايى قەمبەر دېگەن قىزىقچى ئادەممۇ بار ئىدى. ئۇ نەدە پەيدا بولسا، شۇ يەر بىردەمنىڭ ئىچىدىلا جانلىنىپ كېتەتتى.

— ئۇ ھازىر ئۆگزىگە چىغىرىق بىلەن لاي چىقىرىپ بېرىۋاتقانىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىغا بىر مۇنچە ئادەملەر ئولىشىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ قىلىشقانىدى.

— بىر زاھىد كېتىۋاتقانىكەن، — دەپ سۆزلەۋاتاتتى بابايى قەمبەر چىغىرىقنىڭ ئىلمىكىگە لىق لاي ئۇسۇلغان سوغىنى ئېلىپ تۇرۇپ، — يول ياقىسىدىكى بىر تاغنىڭ ئۆڭكۈرىدە رەڭگىرەڭ ھېچبىر ئادەمزاتقىمۇ، دۆ — پەرىزاتقىمۇ ئوخشىمايدىغان ئىككى مەخلۇقنى ئۇچرىتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرىنىڭ قەددى ناھايىتى زور، يەنە بىرىنىڭ ناھايىتى كىچىك ئىكەن. زاھىد «بۇ قايسى تائىپىدۇر؟» دەپ ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ. بۇ چاغدا ھېلىقى پاكار بويلۇقى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام قىلىپتۇ ۋە:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەي مۇستافا سەللەللاھۇ ھەزرىتى ۋەسەللەمنىڭ ئىسلام يولىدىكى شەرەپلىك ئادەم! زاھىدلىق كۇلاھىنى كىيگىنىڭگە، مۇھەممەت مۇستافانىڭ يولىنى تازىلىغىنىڭغا مۇبارەك بولسۇن! — دېگىنىچە ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىن كەپتۇ.

— سەن كىم بولىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇنىڭدىن ھېلىقى زاھىد.

— مەن شەيتان ئازازۇلمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى پاكار بويلۇق مەخلۇق، — بىز ئادەم ئاتاڭلار بىلەن گۇناھنى تەڭ سادىر قىلغانىدۇق. خۇدايىتائالا ئۇنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلدى. مەن: «ئى ئاللا، بىزنى ياراتقۇچىمۇ سەن، جان بەرگۈچىمۇ سەن، بىزنىڭ سېنىڭ ئالدىڭدا گۇناھ قىلغۇدەك قانداق قۇدرىتىمىز بولسۇن؟ توۋا قىلدۇرغۇچىمۇ سەن» دەپ گۇناھىمنى بوينۇمغا ئالغىلى ۋە توۋا قىلغىلى ئۇنىمىدىم. ئاللا

گۇناھىمدىن ئۆتمەي، لەنەتگەردى بولدۇم. تەۋقىي لەنەت بويۇنتۇرۇقى گەدىنىمگە چۈشتى.

زاھىد ئۇنىڭ بوينىغا تەۋقى لەنەتنىڭ باغلانغانلىقىنى كۆرۈپتۇ ھەم ئاللاغا شۈكۈر ـ سانا ئېيتىپ توۋا قىپتۇ ۋە:

— ھەممىنى بىلىدىكەنسەن، ئۆزۈڭ قايسى دىندا، قايسى مەزھەپتە مۆمىن بەندىلىك قىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ شەيتاندىن.

— خۇدانى بىر دەپ بىلىمەن، پەرىشتىلىرىنى ئۆزۈم كۆرگەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — نەچچە يىل پەرىشتە ـ مالائىكىلەرگە ئۇستاز بولغانمەن. قايسىلىرىكى ئاللا تائالانىڭ بەندىلىرىگە چۈشۈرگەن كىتابلىرىنىڭ راستلىقىنى ھەم بىلىمەن، پەيغەمبەرلەرنىڭ بەرھەق ئىكەنلىكىنى سىلەردىنمۇ ئوبدانراق بىلىمەن. ئەمما ئاللا گۇناھىمدىن ئۆتمەيدۇ. چۈنكى، ئادەملەر مېنىڭ مۇددىئايىم بويىچە ئۆزئارا ھەسەت قىلىشىپ، تەپرىقە ـ تەرەققەت، سۇلۇك ـ جاھالەت بەرپا قىلىشىپ، بىر ـ بىرىگە بويسۇنۇشمايدۇ. مەن بۇلارنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە نېمە دەپ مۆمىن بەندە بولغۇدەكمەن؟

زاھىد ئۇنىڭ سۆزىگە كۈلۈپتۇ.

— كۈلىسەنغۇ؟ — دەپتۇ شەيتان كۆزىنى چىمچىقلىتىپ، — سەنلەر مۇشۇ نادانلىقىڭ پېتىچە قىلىشىۋېرىشسەڭ خوراپاتقا قول بېرىشسەڭ، جاھالەتكە بويۇن ئېگىشسەڭ ۋە تەپرىققازلىق قىلىۋېتىشسەڭ، سەنلەرنىڭ زېمىنىڭمۇ ئۆزاققا بارماي خۇددى مېنىڭ مۇشۇ ئۆۋامدەك بولىدۇ! مۇبادا، ماڭا قول بېرىپ، مېنى پىر تۇتىدىغان بولساڭ، مەن سېنى بىر سائەتتىلا ئوقۇتۇپ تولۇق موللا قىلىپ چىققان بولاتتىم. ئەمما سەن ھەرگىزمۇ ماڭا قول بەرمەيسەن. كەل، ماڭا قول بەرگىن، مەن سېنى موللا قىلىپ ئوقۇتۇپ، روھىي ـ زېمىنگە قۇتبىل ئەقتابلىققا بەلگىلەيمەن!

زاھىد: «سەن ئادەم پەرزەنتىنىڭ دۈشمىنى» دەپ شەيتانغا قول بىر شىكە زادى ئۇنىماپتۇ. بۇ چاغدا شەيتان يىغلاپ تۇرۇپ:

— لەنەتگەردى بولغان دىگەن مانا شۇ! — دەپتۇ، — ئادەم پەرزەنتىگە ياخشىلىق قىلاي دىسەم، ھەرگىز ئىشەنمەيدۇ، يامانلىقنى ھەر كىم ئۆزى قىلىشىدۇ. ئەمما «بۇ ئىشنى نىمىشقا قىلدىڭ؟» دىسە، ھەممە كىشى: «بۇنى شەيتان ئۆگەتكەن!» دەپ جاۋاب بىرىشىدۇ. مەن سىنى ئاللانىڭ قۇدرىتى، ئاللانىڭ دوستى ۋە شەرەپلىك مۇستاپا يولىدىكى زاھىد ئىكەنلىكىڭنى بىلىپ، چىن دىلىمدىن ياخشىلىق قىلاي دىسەم، مانا سەنمۇ ئۇنىماپتىسەن!

بىر كۈنى، بىر مۇنچە ئادەملەرنىڭ توپلىشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، «نىمە ئىش بولغاندۇ؟» دەپ مەنمۇ ئۇ يەرگە بىرىپتىمەن. قارىسام، بىر ئادەمنى باغلاپ قويۇپ تاياق - توقماق بىلەن راسا ئۇرۇپ ئازابلىشىۋاتقانىكەن. ھىلىقى ئادەم: «مىنى شەيتان ئازدۇرۇپ، شۇ ئىشنى قىل، دىدى» دەپ پەرياد چېكىۋاتاتتى. مەن: «بۇ يەرگە تىخى ھازىرلا كەلگەن تۇرسام، قانداقسىگە ئۇنى ئازدۇرغۇدەكمەن، ئۇ تۆھمەت قىلىۋاتىدۇ!» دەپ ئويلىدىم - دە، خالايىقتىن: «بۇ ئادەم نىمە گۇناھ قىپتىكەن؟» دەپ سورىدىم. ئۇلار: «بۇ ئادەم ئىنسان بالىسى قىلمايدىغان ئىش قىپتۇ. تۆگىگە بويى يەتمىسە، ئۇ پۇتىغا ياغاچ ئاياغ باغلاپ، تۆگە بىلەن تەڭلەشكەندىن كىيىن يامان ئىش قىپتۇ. شۇڭا، ئۇنى جازالاۋاتىمىز» دىدى. مەن: «ئۇنداق بولسا، ئۇنى تېخىمۇ قاتتىقراق ئۇرۇڭلار، ماڭا تۆھمەت قىپتۇ. ئى ئىنسانلار، ئاگاھ بولۇڭلاركى، خۇدايىتائالا ئۆز دەرگاھىدىن قوغلاپ چىقارغان شەيتان ئازازۇل دىگەن مەن بولىمەن. مەن نۇرغۇن ئادەملەرنى ئالدىدىم، نۇرغۇن يامان ئىشلارنى قىلدىم. ئەمما ئادەمزاتقا تۆگە بىلەن يامان ئىش قىلدۇرماقنى ھەرگىزمۇ ئويلاپ باقمىغان!» دەپ قەسەم ئىچىپ بەردىم.

شەيتان ئۆز دەردىنى تۆكۈپ ئىچىنى بوشاتقاندىن كېيىن:

— توغرا، مەن ئەزەلدىن سىلەر ئادەمزات بىلەن دۈشمەن بولۇپ كەلدىم، — دەپتۇ زاھىدقا، — شۇڭا، ئادەم پەرزەنتىگە ھەر قانچە ياخشىلىق قىلاي دېسەممۇ ئىشەنمەيدۇ. قارا، سېنى ئوقۇتۇپ موللا قىلاي، روھىي - زېمىنگە قۇتبىل ئەقتاپ قىلاي دېسەممۇ ئۇنىمايۋاتىسەن. ئادەم پەرزەنتلىرى بۇ ئالەمدە ھەر قانچە گۇناھ قىلسىمۇ، «شەيتان ئازدۇردى» دەپ مەسئۇلىيىتىنى ماڭا ئارتىپ قويۇشىدۇ. ھەتتا كىچىك باللارمۇ مېنى دۈشمەن كۆرىدۇ: «بىزنى ئازدۇرغۇچى شەيتان» دەپ ئۆيلىشىپ، مېنىڭ نامىمغا لەنەت ئوقۇشىدۇ. شۇڭا، سىلەر ئادەمزات ماڭا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلساڭلار، مەن يەنە نېمىشقا سىلەرنى دۈشمەن تۇتماي!

شەيتان سۆزلىگەنسېرى غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كېتىپتۇ. ئاخىر ئۇ زادى چىدىيالماي:

— ھەي دەججال، قېنى سەن! مانا دۈشمىنىڭ ئالدىڭدا تۇرۇپتۇ. ئۇنى ئۇرماي نېمە قاراپ تۇرىسەن! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

زاھىد سول يېنىغا قاراپ يەردە ئولتۇرغان بىر ھەيۋەتلىك مەخلۇقنى كۆرۈپتۇ. ھېلىقى مەخلۇق قولىدىكى بەش يۈز پاتمان كەلگۈدەك بىر جوۋالدۇرۇز بىلەن توقۇم تىكىپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇنىڭ يېنىدا بىر پاتمان پايىپما ۋە ئېشەك سۈرەتلىك بىر جانىۋار بارىكەن. ئۇنىڭ رەڭگى قىزىل مەخمەلدەك بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر بىر تال تۈكىدىن خىلمۇ خىل ئاۋاز چىقىرىپ تۇرىدىكەن. بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان ھەر قانداق ئادەم زادى چىداپ تۇرالمايدىكەن. بۇ جانىۋارنىڭ پېشانىسىگە: «بۇ ئېشەك دەججالنىڭ ئېشىكى، ئېتى لەئىللانىيە. قىيامەت كۈنى، دەججال بۇ ئېشەككە مىنىپ مالىمان چىقىرىدۇ» دەپ يېزىپ قويۇلغانىكەن.

بۇ چاغدا دەججال ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ۋە:

— سىلەر ئادەمزات مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە ئىشەنمەي

مېنى يالغان پەيغەمبەر، دەيسىلەر. خەپ، بىزنىڭمۇ ئوتتۇرىغا چىقىدىغان كۈنىمىز كېلۇر، شۇ چاغدا سەن ئادەم پەرزەنتلىرىدىن ئۆچ ئالمىغىنىمىزنى كۆر! — دەپ ۋارقىراپتۇ - دە، قولىنى ئۇزارتىپلا زاھىدنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپتۇ.

بۇ چاغدا زاھىد ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ، بىر ھۈرۈپلا دەججالنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇرماقچى بوپتۇ. بۇ چاغدا شەيتان ئارىغا چۈشۈپ:

— ھەي قۇدرەتۇللاھ، مەنغۇ بىكار كىشى. ئۆزىڭىزنى ھاردۇرۇۋالىسىز. دەججالغا ئۆلۈم يوق، دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ؟ ئۇنى قويۇپ بېرىڭ. مېنىڭ ھازىرغىچە ئۇرۇشقان ئىككى ئادەمنى ئاجرىتىۋاتقىنىم مۇشۇ، — دەپ سالا - سۆلھى قىپتۇ. بۇ چاغدا غايىبتىن:

— ئى ھەزرىتى ئادەم، ئۇنى قويىۋەت. ئۇنىڭ ئەجىلى ھەزرىتى ئەيسانىڭ قولىدا، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. «كۆللى فىرئۇنىل مۇسا، كۆللى دەججاللىل ئەيسا»① دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

قۇرۇلۇشقا ھاشار ئىشلەۋاتقان مۇرىتلار بابايى قەمبەرنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ، چاشگاھ ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقىنىمۇ تۇيۇشمىدى. ئىسسىقتا ئىشلەپ دۇمبىسىدىن ئاققان تەرنىڭ دەستىدىن كۆڭلەكلىرى بەدەنلىرىگە چاپلىشىپ كەتكەن ھاشارچىلار ھېرىپ - ئېچىپ ماغدۇرىدىن كەتكەندە، ئۇلارنى ئىشقا سېلىۋاتقان ھەمدەم سوپى دېگەن خەلىپە ئۇلارنى چۈشلۈك تاماق يېيىشكە ئاران قويۇپ بەردى. ئېغىر مېھنەتنىڭ دەستىدىن ماغدۇرىدىن كېتىشكەن بۇ خۇدايى بەندىلەر سەردار ئىشان تەرىپىدىن بېرىلىدىغان خۇدايى ئاشقا ئاران ئېغىز تېگىشتى.

① ئەرەب ماقالى: «ھەرفىرئۇنغا موسا پەيغەمبەر بار. ھەر دەججالغا ھەم ئاخىر بىر ئەيسا پەيغەمبەر بار.»

بۇ خۇدايى ئاشنىڭ خېمىردىن سۇيى كۆپ ئىدى، بەرگەن پۇچۇق زاغرىسى خۇددى تېزەككە ئوخشايتتى. نىرىراقتا نەشە - بەڭنى تولا شوراپ، مەست - سەرمەست بولۇشۇپ كېتىشكەن بىر توپ بەڭگى سوپىلار ھەدەپ ۋارقىرىشىپ جەررە سېلىشىۋاتاتتى. باياتىن ھايۋاندىن بەتتەر ئىشلەپ يامان ھېرىپ كەتكەن بابايى قەمبەر نارازى بولۇپ، بىر - ئىككى ئېغىز غۇدۇڭشۇپ قويۇۋېدى، بۇنى ئاڭلاپ قالغان بىر سوپى دەرھال سەردار ئىشانغا چېقىپ قويدى. ئۇزاقتىن بېرى بابايى قەمبەرنىڭ كوكۇلىسىنى تۇتالماي پايلاپ يۈرگەن سەردار ئىشان بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— ھە، شۇنداقمۇ؟ — دېدى زەھەرخەندىلىك بىلەن، — مۇقەددەس دۇئالار ئۇنىڭغا كاشىلا قىلىۋېتىپتۇ - دە! ئەسلىدە بىزمۇ بۇ مۇرتەتنىڭ نوخلىسىنى ئېلىپ قويايلى، دەپ ئويلىغان. ئۇنداق بولسا، بىز ئۇنىڭغا چىرايلىق ئاۋازلار ئاڭلىنىدىغان بىر ماكان تېپىپ بېرەيلۇق! ئۇنى ئاپىرىپ ھەپسە تېگىگە تاشلاڭلار!

بىر نەچچە زەھەرخەندە سوپى سەردار ئىشاننىڭ پەرمانىنى ئاڭلاپ، بابايى قەمبەرنىڭ داد - پەرياد كۆتۈرگىنىگە قارىماستىن، ھەپسە تەرەپكە سۆرەپ مېڭىشتى...

* * *

سەردار ئىشان مەخدۇم ئەزەمدىن كېيىن مۇلكىي قەشقەرىيىدە باش كۆتۈرگەن يەنە بىر ئەشەددىي تەرىقەتچى ئىدى. ئۇ بارغانلىكى يەرلەردە ئۆز ئەتراپىغا بىر توپ ئەسەبىي لۈكچەك، تەلۋە سوپى، تەرسا ئاشىقلارنى يىغىپ، زەرەپشان، خالاستان ۋادىلىرىدىكى يەكەن، پوسكام، قاغىلىق، مەكىت، مارالۋېشى قاتارلىق جايلاردىكى ئېلىم - مەرىپەت، ئىشقى سەنئەت ئەھلى ئارىسىدا «توۋا قىلدۇرۇش»، «قىنىغا سېلىپ قويۇش»، «نوخلىسىنى ئېلىپ قويۇش»، «رەسۋايى ئەزىم قىلىش»

قاتارلىق قانۇنسىز سۇلۇك پائالىيەتلىرىنى كەڭ ئەۋج ئالدۇرۇپ، بارغانلىكى يۇرت ـ ئايماق، كىرگەنلىكى ئۆي ـ خانىمان، كۆرگەنلىكى سورۇن ـ سۇكىنلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇچرىغانلىكى كىتاب ـ نامىلەرنى كۆيدۇرۇپ، ئىلىم ـ مەرىپەت، ھۇنەر ـ سەنئەت ئەسۋابلىرىنى چېقىپ ـ بۇزۇپ، كىتاب ـ نامىلەرنى ساقلىغان، ئوقىغان، نەغمە ـ ئۇسسۇل، غەزەل ـ قوشاق، بېيىت ـ قىزىقچىلىق. . . ئوينىغان، ئوينايدىغان، قىلىدىغان، قىلغان، باشلىغان، باشلايدىغانلارنىڭ ھەممىسىنى «شەيتان يوقى يېگەن» دېگەن گۇناھ بىلەن «توۋا» قىلدۇرۇپ، «نۇخلىسىنى ئېلىۋېتىپ تۇرۇشقان» ئىدى. . . «سەرداخوجام لەشكەرلىرى يەكەن، قاغىلىق، مەكىت. . . تەۋەلىرىدىكى داڭدار مۇغەننى، ئۇستا رەققاس ۋە ئىشقى ـ سەنئەت ئەھلىدىن يەكەنلىك مەشھۇر چارتارچى بابايى قەمبەر باشلىق ئون ئۇچ زاتنى چىپپان سۈيى بويىدىكى جاۋجاندا غار تۆشۈكلىرىگە كىرگۈزۈپ، ئاغزىنى بېكىتىپ تاشلاپ، ئۇلارنى، دۇملىنىمە تۆشۈك قىلىپ ئۆلتۈرۈشتى. . . جاۋجانغا بەند قىلىنغانلار ئارىسىدا ئۇچ خەرەك، بىر خارەت، ئىككى داپەندە، ئىككى ناىناق، ئىككى چارتاچى، ئۇچ ئاغلاقچى بار ئىدى. . . بابايى قەمبەر تاڭلار مەھشەرگىچە چارتار چېكىپ ھايات تۇردىلەر. . .»[①]

كېيىنكى چاغلاردا ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا «بابايى قەمبەر ناۋالىرى» دەپ مەشھۇر بولغان نەزمە ـ بېيىتلار شۇ چاغدا بابايى قەمبەر جاۋجان غارىغا «دۇملىمە تۆشۈك» قىلىپ تىرىك كۆمۈلگەندە، تۆشۈكنىڭ ئىچىندە تۇرۇپ ئېيتقانىدى:

سېنىڭ سەللە كۇلاھىڭدىن،
مېنىڭ تەتۈر جالام ياخشى.

① «بابايى قەمبەر». قولىيازما.

سېنىڭ تەشنىسى، ئىماتىڭدىن،
نامازسىز پاك نادان ياخشى.

ھارام نەپسى مالامەتتىن،
ھالال نەغمە ـ ناۋا ياخشى.
سېنىڭ سۇلتان مازارىڭدىن،
مېنىڭ چاۋجان غارىم ياخشى.

سېنىڭ «ئاپتاپ» چىنرايىڭدىن،
مېنىڭ مەشرەپ كۈنۈم ياخشى.
سېنىڭ راھەت ـ پاراغىتىڭدىن،
مېنىڭ نەغمە ـ كۈيۈم ياخشى.

ئايا، قەمبەر تىنىم تاپماي،
يولۇڭدىن يۈرگىنىڭ ياخشى!

چاۋجان — قاغىلىق ناھىيىسى چىپان يېزىسىدىكى تاراغىز ـ ئازغانسالدىكى بىر تاغنىڭ نامى ئىدى. كىشىلەر تارىختىن بۇيان بابايى قەمبەر تىرىك كۆمۈلگەن ئاشۇ چاۋجان غارىنى «بابايى قەمبەر مازىرى» دەپ تاۋاپ قىلىشىپ كەلمەكتە.

دېمەك، شۇ چاغلاردا تېز زورىيىپ يېتىلگەن سەردار ئىشانىڭ تەرىقىتى سەئىدىيە مەملىكىتىدە سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ دەھرىي سەلتەنىتىدىن قالسىلا، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى، ئىش ـ ھەرىكىتىنى ئىدارە قىلىدىغان يەنە بىر ئەۋھامچى «سەلتەنەت» بولۇپ قالغانىدى. سەردار ئىشان ھەتتا سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ۋە ئۇنىڭ مەۋكەبدىكى ئىشەنچلىك

ۋەزىرلىرىگە ئۆزىنىڭ «ئىلمانى رەببانى مەشرۇتىيىتى[1]» بىلەن سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ دەھرىي مەشرۇتىيىتىنى بىرلەشتۈرۈش ھەققىدە «مەسلىھەت» بېرىپ، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان باشچىلىقىدىكى سەئىدىيە سەلتەنەتىنى ئۆزىنىڭ تەرىقىتىنى قوللاشقا ۋە ئۇنى ھىمايە قىلىشقا قىستىدى. ئەمما بۇ چاغدىكى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۇن يەتتە يىلنىڭ ئالدىدىكى ۋەلىئەھد سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئەمەس ئىدى. شۇ چاغدا سەئىدىيە مەملىكىتىدە ئاساسىي ھۆكۈمران ئورنىدا تۇرۇۋاتقان ئىلىم - مەرىپەت، ھۈنەر - سەنئەت ئىدىيىسىمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي شەكلىنى ئاساس قىلغان، جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئىلىم - مەرىپەت ۋە مىللىي سەنئەت ئىدىيىسى ئىدى. بۇنداق ئىلىم - مەرىپەت ۋە مىللىي سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ مەزمۇنى، ماھىيىتى، ئەھمىيىتى؛ رولى، خاراكتېرى ئىپادىلەش شەكلى، ئۇسۇل - قۇراللىرى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى سەئىدىيە مەملىكىتىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئەنئەنىسىنى، مىللىي غۇرۇرىنى، مىللىي ئىقتىدارىنى، مىللىي ئىرادىسىنى، مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ۋە مىللىي ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى نامايان قىلىش مەۋقەسى ئۈستىگە قۇرۇلغانىدى! بۇنداق ئىلىم - مەرىپەت ۋە مىللىي سەنئەت ئىدىيىسى كىشىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئۈندەيتتى ۋە يېتەكلەيتتى؛ ھەققانىيەت ۋە پاك مۇھەببەت، ھالال تۇرمۇش، گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەت ۋە ئۇلۇغۋار غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىراتتى.

سەردار ئىشان باشچىلىقىدىكى جاھالەت كۈچلىرىنىڭ ئىلىم - مەرىپەتنى ۋە مىللىي سەنئەتنى دەپسەندە قىلىپ، بابايى

---

① مەشرۇتىيەت — شەرىئەت، ھاكىمىيەت، ئاساسىي قانۇن.

قەمبەر «قاتارلىق 13 سەنئەت ئەھلىنى ئۆلتۈرگەنلىكى — سەئىدىيە جەمئىيىتىگە قىلىنغان خىيانەت بولۇپ، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ھاكىمىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەھدىتكە دۇچ كېلىشۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇڭا، بۇنداق تەھدىت — سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا جاھالەت كۈچلىرىنىڭ تەدرىجىي يوسۇندا سەئىدىيە دۆلىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان ئىنتايىن زور خەۋپكە ئايلىنىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

بابايى قەمبەر پاجىئەسى يۈز بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەي، سەردار ئىشان «سەئىدنامە» دېگەن رىسالىنى يېزىپ چىقىپ، تىغ ئۇچىنى بىۋاسىتە سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ ھۆكۈمدارى سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا قاراتتى. بۇ رىسالىدە مۇنداق دېيىلگەنىدى:

«. . . بۇ مۇسۇلمانچىلىقتا، كۇپرانە — ناشايان قىلىقلار، ساز، نەغمە — ناۋالار، كۈلكە — چاقچاق، ئەپسانە قىلىقلار قەتئىي تەرك ھېسابلانغان زامانلارنىڭ بىرى ئەردى. پىر ياران ئۇلۇغلارنىڭ پايى — قەدەملىرى تېخى يەتمىگەن دۇئا — نەپەسلىرىنىڭ تەسىرى پۇرسەت تاپالمىغان ئۇلۇغ ئېقىن بويىدىكى يەر باشى سەھراسىدا شاھى تاتارلىق چوكان — سىكىلەك خاتۇنىنىڭ ئامەتلىرى ئاسمانغا ئۆرلەپ، رەشىدىل شاھى ئەزەم بىلەن قىرىق كېچە — كۈندۈز كۇپرانە ناشايان ئىشقى بىدئەتلىكى سادىر بولدىلەر . . . شاھى ئالەم شادلىقى خالايىققا ئالقىش ئەتمەك ۋاجىپلىنىپ، بىدئەتلىك قىلىدىغان تەرسائى بەندىلەرنىڭ سانى ئېشىپ، بۇخالىرى ئۆرلەپ، ئاشكارا ئىشىق قىلماققا تۇتۇندىلەر . . . بۇ ئىش (ئەلدە) ئادەت بولۇپ قانات يايدىلەر . . . شاھى ئالەم چوكان خاتۇنى بىلەن بىر قىرىق كېنىزەك، قىرىق ئەللامە، ساپاھ ھەمراھ ئەيلەپ، كۆكىيەر، يولبۇرس ئوردىگاھلىرى، ئىشىق رەققاسلىرى شادلىق كۆرسەتتىلەر . . . تارتتىلەر. بۇ چاغلاردا تارىخقا توققۇز يۈز

ئەللىك يەتتە، رەجەب، شەئبان ئىدىلەر...»[1]

بۇ رىسالىدە تىلغا ئېلىنغان «شاھى تاتار» دېگەن جاي ھازىرقى مەكتىنىڭ قۇمۇش مەھەللىسىنىڭ قەدىمكى نامى ئىدى. مەلىكە ئامانىساخان ئاشۇ شاھى تاتار دېگەن يەردىن ئىدى؛ «كۆكيەر»، «يولبۇرسى» دېگەن يەرلەر قاغىلىقتىكى كۆكيار، يۈۋۈس دېگەن يەرلەرنى كۆرسىتەتتى؛ «رەشىدىل شاھى ئەزەم» — سۇلتان ئابدۇرەشىدخانى، «چوكان سىكىلەك» — مەلىكە ئامانىسا خېنىمنى كۆرسىتەتتى.

«سەئىدنامە» — سەردار ئىشان باشچىلىقىدىكى جاھالەت كۈچلىرىنىڭ رېئال سىياسىي ھاكىمىيەتكە ئۇمۇمىي ھۇجۇم قوزغاش سىگنالى ئىدى. دۆلەتنىڭ ھايات - ماماتلىقىغا ئالاقىدار بۇنداق چوڭ ھەق، چوڭ ناھەق مەسىلىسىدە ئەمدى يول قويۇشقا، بىپەرۋالىق قىلىشقا ۋە يۇمشاق قوللۇق قىلىشقا زادى بولمايتتى. جاھالەتچى كۈچلەرنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىش ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىش بىلەن تەڭ ئىدى. شۇڭا، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان پەرمان چۈشۈرۈپ، سەردار ئىشان باشلىق يەتتە ئىشاننى دەرھال قولغا ئېلىپ، جاھالەت كۈچلىرىنىڭ ئۇۋىسى — ياستۇقىغا ھەيدەپ ئاپىرىپ، كاللىسىنى ئالدۇرۇپ، جامائەتكە سازايى قىلدۇردى...

نەزمە

كەچتىم مەن زامانەڭدىن، ياخشىكىم - يامانىڭدىن،
ئاق سەللە، يېشىل سەللە، بىزارمەن تامانىڭدىن.
كەمبەغەل كەيسە كۇلاھىنى، ئىشانلىرىڭ ئادەم ئەمەس،
ئۆلگۈچە ئىيتسام مۇقامىمنى، مەن ئۇچۇن ماتەم ئەمەس!

— يۇسۇپ قىدىرخان يەركەندى

① «سەئىدنامە»، قولىيازما، 6 - بەت.

## ئون ئىككىنچى باب

# دۇئاغا چۈشكەن تەقدىر

«گۈلى ئۆچۈن، تىكىنىمۇ نائىلاج سۇغىرىلىدۇ.»

ـــ ئۇيغۇر خەلق ئەقلىيە سۆزلىرى

**مىلادى** 1560 ـ يىلى (مايمۇن يىلى) كۈز پەسلى.

بۇ يىل خوتەن دىيارىدا كۈز تولىمۇ ئىسسىق كەلدى. ئالما ـ نەشپۈت قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر قايتا چېچەكلەپ كەتتى. بۇنداق ئەھۋالنى ياشلار تۇرماق، ھەتتا كۆپنى كۆرگەن كاداك قېرىلارمۇ ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ھەممە ئۆيلەرنىڭ گۈللۈكىدە ئەتىرگۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەنىدى. باشقا گۈللەرمۇ بەس ـ بەستە ئېچىلىشىپ، زېمىنغا خۇش پۇراقلىرىنى چاچماقتا ئىدى؛ كېچىلىرى يۇلتۇزلار پارىلداپ ئاسمانغا پاتماي قالاتتى؛ كۈندۈزلىرى غۇبارسىز كۆك ئاسماندا نۇرلۇق قۇياش كۈن بويى پەرەنجىسىنى بېشىدىن ئېلىپ تاشلاپ ھەر كۈنى ئەتىگەندىن تا كەچكىچە زېمىن ئۈستىدە ئۆزىنىڭ كۈمۈش قالقىنىنى ئوينىتاتتى؛ كىشىلەرمۇ ئۆيىنىڭ

ئىچىدىكى تىنجىق ئىسسىققا چىدىيالماي، چۈشلۈك، كەچلىك غىزالىرىنى باغدىكى دەرەخلەرنىڭ سايىسى ئاستىدا يېيىشىدىغان بولۇشقانىدى. كىراكەشلەر تەكشى سۇ سېپىلگەن توپا يوللاردا ئاتلىرىنى قاترىتىپ، سەيلىچىلەرنى يۇرۇڭقاش[①] بويىدىكى سالقىن سەيلىگاھلارغا توشۇپ ھارمايتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىلگىرى بۇنداق ئادەت زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغانىكەن. زەھەردەك ئاچچىق كۆز ئاپتىپى قەدىمكى ئۇدۇن[②] بوستانلىقىنى يورۇتماقتا ئىدى. ئاسمان ئىنتايىن سۈزۈك بولۇپ، قۇياش كۆزنى چاقناتقۇدەك دەرىجىدە پارلىماقتا ئىدى. پايانسىز تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن ئورالغان بۇ خوتەن ھۆدۇتلۇقىدا بۇنداق سۈزۈك ياخشى كۈنلەر ناھايىتى كەم بولاتتى. بىراق، ھازىر ئۇدا بىر قانچە كۈن شۇنداق بولۇپ قالدى.

* * *

بۈگۈن ھىجرىيە 967 - يىلى ماھى مۇھەررەمنىڭ تۈنجى جۈمە كۈنى[③] ئىدى. قوللىرىغا ھاسا تاياق تۇتقان ئۈچ سالپى ساياق دەرۋىش چوڭ يولدا تاراقلاپ چېپىپ كېتىۋاتقان كىرا مەپىلىرىنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ كېلىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرى تولىمۇ سالاپەتلىك، يېشى قىرىقلاردىن ئاشقان، ئوتتۇرا بوي، ئورۇقراق ئەمما گەۋدىلىك ئادەم ئىدى. يېنىپ تۇرغان يوغان ئىككى كۆزى ئۇنىڭ نۇرانە چىرايىنى تېخىمۇ ئىللىق كۆرسىتەتتى. چېچى ئۇستۇرا بىلەن پاكىز قىرىلغان ئەمما ئارىلاپ ئاق سانجىغان ساقىلى ئۇنىڭغا بۆلەكچىلا سۆلكەت ئاتا قىلغانىدى. ئۇ ئۇچىسىغا يوللۇق دەرۋىش جەندىسىنى

---

① خوتەن دىيارىدىكى بىر دەريانىڭ نامى.
② خوتەننىڭ قەدىمكى ناملىرىنىڭ بىرى.
③ مىلادى 1560 - يىلى 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى.

كىيىۋالغان بولۇپ، بېلىنى شوينا بىلەن چىڭ باغلاپ، قەلەندەرلىك كاچكۇلىنى بويىنىغا ئېسىۋالغانىدى. ئوتتۇرا ياشلىق بۇ دەرۋىشنىڭ يېنىدا كېتىۋاتقان قالغان ئىككى دەرۋىشنىڭ بىرى تولىمۇ جۇدەڭگۈ بولۇپ، ئۇستىگە ئاق بۆزدىن تىكىلگەن يەكتەك كىيىۋالغان، بويىنىدىن ئورۇقلۇقى، قوڭۇر رەڭلىك تېرىسىدىن سۆڭىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاز - تولا ئاق ساڭگىلغان پاخما قارا چاچلىرى، قورۇق كىرگەن ياداڭغۇ، ياغاق يۈزىگە قارىغان ئادەمنىڭ تېنى ۋەھشىيەتتىن شۈركىنەتتى. ئۇنىڭ بىر تۇتام قارا ساقىلىنىڭ ئۇچىغا بىر تال سامان چاپلىشىپ قالغان، يەنە بىر تال سامان ئۇنىڭ چەپ يۈزىدىكى يىرىك ساقىلىغا چاپلىشىپ قالغانىدى؛ يەنە بىر دەۋرىش پاكار سېمىز بولۇپ، خۇددى بىر نەچچە كۈن بەزى يېيىلگەن مۈشۈكنىڭكىدەك كۆزلىرى بىلەن ئالاق - جالاق بولۇپ ئەتراپقا تىكىلەتتى. ئۇنىڭ جاۋغايلىرىدا مۇغەمبەرلىك، خۇشامەتچىلىك كۈلكىسى ئويناپ تۇراتتى. ئۇ بېشىغا يېشىل رەڭلىك دەرۋىش كۇلاھىسى كىيىۋالغانىدى.

بۇ ئۈچ دەرۋىشنىڭ ئارىسىدىكى سالاپەتلىك، سۇلكەتلىك بىرى — سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ «رەشىدىل شاھى ئەزەم» دەپ ئاتالغان پادىشاھى — سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئىدى. قالغان ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىدىكى ئوزۇنتۇرا دەرۋىش — سۇلتاننىڭ مىر ئەنۋار سوپى دېگەن ساقىيسى؛ پاكار سېمىز دەرۋىش — سۇلتاننىڭ موللا مەھمۇت سوپى دېگەن مەھرىمى ئىدى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۆزىنىڭ ئادىتى بويىچە دەرۋىشچە كىيىنىپ ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم بىر ئۆلكىنى باشتىن - ئاياغ پىيادە كېزىپ چىقاتتى. بۇ ئۇنىڭ سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ تەخت ساھىبى بولغاندىن كېيىن خوتەن مەۋزىئىنى ئىككىنچى قېتىم پىيادە كېزىپ كۆزدىن كەچۈرۈشى ئىدى. بۇ قېتىم ئۇ مەخسۇس

يورۇڭقاش دەرياسى ساھىلىغا بېرىپ، قاشتېگەر[1] لەرنىڭ دەريادىن قاشتېشى سۈزۈشىنى كۆرمەكچى ئىدى.

* * *

ئۇلار چاشگاھ مەھەلدە يورۇڭقاش بويىدىكى جامەدار[2] دېگەن راباتقا يېتىپ كېلىشتى. بۇ راباتقا بىر قېرى كىشى قارايتتى. دەرۋىشلەر راباتقا كىرىپ بىر دەم ئارام ئېلىشتى. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ھېلىقى ئۇزۇنتۇرا دەرۋىش راباتچى قېرىغا قاراپ تەزىم قىلدى ۋە:

— ئى ھۆرمەتلىك تەقسىر، بىز ئۇزۇن سەپەردىن كەلدۇق، ناھايىتى ھاردۇق ۋە تولىمۇ چاڭقاپ كەتتۇق. قورساقلىرىمىزمۇ ئېچىپ، ماغدۇرىمىزدىن كېتىپ قالدۇق. قازان - قۇمۇچىڭىزنى بېرىپ تۇرغان بولسىڭىز، بىز ئۇماچ ئېتىپ يەۋالغان بولساق؟ — دېدى.

ۋاي ئىسىت، — دېدى راباتچى قېرى ھەسرەت چېكىپ، — سۆكەندە ئۇنۇم تۈگەپ قالغاندى. بولمىسا، ھازىرلا ئۇماچ پىشۇرۇپ بەرگەن بولاتتىم. ئازراق تەخىر قىلغان بولساڭلار، خانلىق خەزىنىدىن ئۇن سېتىۋېلىپ كېلىپ، دېگىنىڭلارنى قىلىپ بەرگەن بولسام.

دەرۋىشلەر راباتچى قېرىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بىر - بىرىگە قاراشتى. بۇ چاغدا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى سېمىز، پاكار دەرۋىش ھېلىقى سالاپەتلىك دەرۋىشكە — سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا قاراپ:

— تەقسىر خوجام، سىز بىر يەردە ئازغىنا دەم ئېلىپ تۇرغايسىز، مەن مىر ئەنۋار سوپى بىلەن بىللەن ئۇچقاندەك

---

① قاشتىگەر — دەريادىن قاشتېشى سۈزگۈچى.
② خوتەن شەھىرىگە قاراشلىق بىر جاينىڭ نامى.

شەھەرگە كىرىپ، سىز ئۇچۇن يەيدىغان بىر نەرسە تېپىپ چىقاي، — دېۋىدى، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ماقۇل بولۇپ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە:

— ھەممە ئىشنى ئۆزىڭىز بىلىسىز، — دېدى، — شۇنداق قىلىشنى لازىم كۆرگەن بولسىڭىز، خۇدايىمغا ئامانەت، يول بولسۇن! تېز كىرىپ، تېز چىققايسىزلەر. خوتەن مەۋزىئىنىڭ ئۇلۇغلىرىنى ھەرگىز چۆچۈتۈپ، بىزاۋىتە قىلىپ قويمىغايسىزلەر!...

— قۇللۇق! — دېيىشتى مىرئەنۋار سوپى بىلەن موللا مەھمۇد سوپى تەڭلا. ئاندىن ئۇلار سۇلتان بىلەن خوشلىشىپ شەھەرگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كېتىشتى.

ھۆرمەتلىك كىتابخان مەلۇم بولغايكى، سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ مىرئەنۋار سوپى بىلەن موللا مەھمۇت سوپى ئىككىسىگە: «خوتەن مەۋزىئىنىڭ ئۇلۇغلىرىنى چۆچۈتۈپ بىزاۋىتە قىلىپ قويمىغايسىزلەر!» دەپ ئالاھىدە جېكىلىشىدە مۇنداق بىر سەۋەب بارئىدى. بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن كەينى يەنىلا ئاقسۇ نايىبى، شاھزادە ئابدۇلەتىپ خاننىڭ ئۆلۈمىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ جەمئىي ئون ئىككى ئوغۇل پەرزەنتى بار ئىدى. بۇ ئوغۇللاردىن ئالتىسى خانىكە چۇچۇك خانىمدىن تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇلار: ئابدۇلەتىپ سۇلتان،

ئابدۇكەرىم خان سۇلتان، ئابدۇرەھىم سۇلتان[1]، ئىبراھىم سۇلتان، مۇھەممەت خان سۇلتان[2] ۋە ئەبۇ سەئىد سۇلتانلار ئىدى؛ بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئابدۇلەتىپ سۇلتان ئاقسۇغا نايىب قىلىنىپ ئەۋەتىلگەندىن كېيىن ئىسيانچى قازاق سۇلتانى ھەقنەزەرخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەنىدى؛ ئىبراھىم سۇلتان — سوپى سۇلتان دەپمۇ ئاتىلاتتى. ئۇ ھازىر قەشقەرنىڭ نايىبى بولۇپ تۇرۇۋاتقانىدى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ باشقا تائىپەلەردىن ئەمرىگە ئالغان خانىش، بانۇلىرىدىن تۇغۇلغان يەنە ئالتە ئوغلى بار ئىدى. ئۇلار: قۇرەيش سۇلتان، مۇھەممەت باقى سۇلتان، مۇھەممەتشاھ سۇلتان، يۇنۇس سۇلتان ۋە ئابدۇرەھىم خان سۇلتانلار ئىدى ئابدۇرەھىم خان سۇلتان ئابدۇرەشىدخان قازا قىلىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن دۇنياغا كەلدى. ئۇنى سۇلتان ئابدۇكەرىم خان بېقىپ چوڭ قىلدى.

شاھزادە ئابدۇلەتىپ خان قازاغا ئۇچرىغاندىن كېيىن سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۆزىنىڭ شاھزادىلىرى ئارىسىدىن كىمنى ئاقسۇغا نايىب قىلىپ تەيىنلەش ھەققىدە باش قاتۇرۇۋاتقاندا، ئۇنىڭ مۆھۈردار ۋەزىرى ئەمىر يۇسۇپ قىدىرخان يەركەندىن سۇلتانغا ئىككىنچى شاھزادە ئابدۇكەرىم خاننى ئاقسۇغا نايىب قىلىپ بەلگىلەشنى تەكلىپ قىلدى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخانمۇ ئابدۇكەرىم خاننى ئاقسۇغا نايىب قىلىپ قويۇشنى دەرھال ماقۇل كۆردى. بىراق، شاھزادە ئابدۇكەرىم خان ئاقسۇنىڭ نايىبلىقىنى قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمىدى.

— ئەي شانۇ شەۋكەتلىك سۇلتان ئاتا، — دېدى ئابدۇكەرىم خان، — ئەي ھەزرىتى شاھىي ئەزەم، ھەزرەتلىرىنىڭ ئۆمرى

---

① ئابدۇرەھىم سۇلتان — سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ھايات ۋاقتىدا، تىبەت سوقۇشلىرىنىڭ بىرىدە قازا بولۇپ كەتكەنىدى.

② مۇھەممەت خان سۇلتان — «ھەزرىتى خاقانى ئەزەم سۇلتان مۇھەممەت خان» دېيىلگەن كىشى، ئۇ سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ 4 - ئەۋلات خانى بولغان.

ئۇزۇن بولسۇن، دۆلەتلىرى ھەددىدىن زىيادە بولسۇن، ھەزرەتلىرى شاھلىق تەختىدە مەڭگۈ ئولتۇرغايلا. مەندەك بىر ئاددىي پەرزەنتىنىڭ ئۆزلىرى قەدەم باسقان ئورۇنغا ئاياغ قويۇشقا نىمە ھەددىم بولسۇن؟ ئۆزۈمنى ھەقتا ئاللا يولىدا ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە بېغىشلىغان بەندىمەن. مېنىڭچە ھەزرىتى پەدەرىمنىڭ مۇبارەك پايەسىنى ئاستانە تۇتۇپ، بىر نەچچە زامان ھەزرەت سۇلتان ئاتامنىڭ خىزمەتلىرىدە بولسام دېگەن نىيەتتىن باشقا نىيەت يوق. ئاقسۇ ھۆددۇتلۇقىدەك چوڭ بىر ئۆلكىنىڭ نايىبلىقىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسلىقتىن ئەنسىرەپ، كۆپ پەرىشان بولۇپ تۇرۇپتىمەن. مېنىڭدەك بىر نادانغا يېڭىساردەك كىچىك بىر يۇرتنىڭ نايىبلىقىمۇ كۆپايە قىلۇر. ماڭا ئۇنىڭدىن ئارتۇقچە بىر نەرسە كېرەك ئەمەس.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئوغلىنىڭ بۇ سەمىمىي سۆزلىرىنى ئاڭلاپ جىم ئولتۇرۇپ قالدى.

بىراق، بۇ چاغدا شاھزادە ئىبراھىم سۇلتاننىڭ ئەتكەسى، بارلاس ئەمىرلىرىدىن ئەمىر ئەھمەت بارلاس بىلەن ئەمىر مەھمۇت بارلاسلار سۇلتانغا: «شاھزادە ئابدۇكەرىم خان قارانىيەتلىك قىلىپ، سەلتەنەت داغدۇغىسى قىلىۋاتىدۇ. ئۇ تەمەننا دېمىغىدىن ھاكىمىيەت دۇتىينى چىقىرىۋاتىدۇ!» دەپ چېقىمچىلىق قىلىشتى.

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۆز پۇشتىدىن بولغان شاھزادىلىرى ئىچىدە شاھزادە ئابدۇكەرىم خان دېگەن ئوغلىنى راستچىللىقى ۋە سەمىمىي، ھالال ئىش قىلىدىغانلىقى بىلەن باشقا ھەممە ئوغۇللىرىدىن ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئاقسۇنىڭ نايىبلىقىنى رەت قىلغانلىقىنى كۆرگەن سۇلتان ئۇنىڭدىن رەنجىپ قالدى ـ دە، ئۇنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ، ئۇنى دەرھال ھۇزۇرىغا چاقىرتتى ۋە: «مونۇ بېيىتنى رەقەم قىل» دەپ ئەمىر قىلدى. شاھزادە ئابدۇكەرىم خان دىر ـ دىر تىترەپ تۇرۇپ، ئاتىسى

سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئاغزىدىن دانىمۇ دانە قىلىپ ئېيتىلىۋاتقان پارسچە بېيىتنى قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈشكە باشلىدى:

پەدەر كۇش پادشاھى رانەشايەد،
ئەگەر شايەد بەجۇز شەش ماھانە پايەد!

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۆنىڭغا پارسچە ئېيتىلغان بۇ بېيىتنى يەنە ئۇيغۇرچە يېزىپ چىقىشقا ئەمىر قىلدى:

شاھزادە ئابدۇكەرىم خان دەرھال بەلۋېغىنى بويىنىغا سېلىپ يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق يازدى:

— ئاتىسىنى ئۆلتۈرگۈچىلەرگە تەخت ياراشماس،
ياراشسىمۇ، تەختتە ئالتە ئايدىن ئارتۇق ئولتۇرالماس!

— ئى پەرزەنت ئابدۇكەرىم خان، بىز سېنىڭ بۇ قىلىقىڭنى ھەرگىز چۈشەنمىدۇق، — دېدى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۇنىڭغا كايىپ تۇرۇپ، — سېنىڭ ئاقسۇ ھۇدۇتلۇقىنىڭ ۋايىبلىقىنى رەت قىلىشىڭ راستتىنلا باشقىلار ئېيتقاندەك، تەمەننا دىمىغىڭدىن ھاكىمىيەت دۇتىنى چىقىرىۋاتقانلىقىڭدىن بولغان بولسا ـ ھە؟! كېرەك يوق. بۇنداق ئىشلارغا ئەجەبلىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ. بىلەمسەن، قەدىمدىن تارتىپ كېلىپ چىقىشى شۇنداق ئېسىل پادىشاھزادىلەرنىڭ قولىدىنمۇ شۇنداق پەسكەشلىك تولا كەلگەن. مەسىلەن، خىسراۋ پەرۋىز[①] شىرۇيە تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. شىرۇيە خىسراۋ پەرۋىزنىڭ ئوغلى

① خىسراۋ پەرۋىز (590 ـ 628 ـ يىللىرى تەختتە) — ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ 14 ـ ئەۋلاد پادشاھى.

ئىدى، خىسراۋ پەرۋىز هورمۇزنىڭ ئوغلى، هورمۇز[1] نۇشىرۋاننىڭ ئوغلى. نۇشىرۋان[2] كەيقۇبادنىڭ ئوغلى، كەيقۇباد[3] فىروزەنىڭ ئوغلى، فىرئوزە[4] يېزدىگىرنىڭ ئوغلى، يېزدىگىر[5] بەهرام گورنىڭ ئوغلى ئىدى. بەهرام گور[6] مۇ ئەسلى پۇشتىدىن ئالغاندا، پەرىدۇنغا ئۇلىشىدۇ. پەرىدۇن[7] مۇ ئەسلى پۇشتىدىن ئالغاندا كىيامۇرسقا يېتىدۇ. كىيامورس ئەجەم نەسەبچىلىرىنىڭ قارىشىچە ئادەم ئەلەيهىسسالامغا ئۇلىشىدىكەن. مانا مۇشۇنداق بىر ئىسىل پادىشاه بالىسىمۇ بىر رەزىل ئىشنى قىلىپ قويۇپ، ئالتە ئايدىن كېيىن تائۇن كېسىلىگە مۇپتىلا بولۇپ، جەهەننەمگە يول ئالدى.

ئەرەبلەردىكى خەلىپە خاندانىدىنمۇ مۇنتەسىر[8] خەلىپىدىن ئىسىلراق كىشى يوق ئىدى. ئۇ بولسا مۆتىۋەككىلنىڭ ئوغلى، مۆتىۋەككىل[9] مۇئتەسىمنىڭ ئوغلى، مۇئتەسىم[10] — هارۇن رەشىدنىڭ ئوغلى، هارۇن رەشىد[11] مەهدىنىڭ ئوغلى،

---

① هورمۇز يەنى هورمۇز VI (579 ـ 590 ـ يىللىرى تەختتە) — ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ 13 ـ ئەۋلاد پادىشاھى.

② نۇشىرۋان (531 ـ 579 ـ يىللىرى تەختتە) — ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ 12 ـ ئەۋلاد پادىشاھى.

③ كەيقۇباد، يەنى كەيقۇباد I (487 ـ 531 ـ يىللىرى تەختتە) — ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ 11 ـ ئەۋلاد پادىشاھى.

④ فىرئوزە يەنى پىروز (458 ـ 487 ـ يىللىرى تەختتە) ـ ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ 10 ـ ئەۋلاد پادىشاھى.

⑤ يېزدىگىر، يەنى يېزدىگىر II (440 ـ 458 ـ يىللىرى تەختتە) — ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ 9 ـ ئەۋلات پادىشاھى.

⑥ بەهرام گور (420 ـ 440 ـ يىللىرى تەختتە) — ئىران ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ 8 ـ ئەۋلاد پادىشاھى.

⑦ ئىرانلىقلارنىڭ ئەپسانىۋى پادىشاھلىرى.

⑧ مۇنتەسىر (861 ـ 862 ـ يىللىرى تەختتە) — ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ 11 ـ ئەۋلاد خەلىپىسى.

⑨ مۆتىۋەككىل (847 ـ 861 ـ يىللىرى تەختتە) — ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ 10 ـ ئەۋلاد خەلىپىسى.

⑩ مۇئتەسىم (833 ـ 842 ـ يىللىرى تەختتە) — ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ 8 ـ ئەۋلات خەلىپىسى.

⑪ هارۇن رەشىد (786 ـ 809 يىللىرى تەختتە) — ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ 5 ـ ئەۋلات خەلىپىسى ئىدى.

⑫ مەهدى (775 ـ 785 ـ يىللىرى تەختتە) — ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ 3 ـ ئەۋلاد خەلىپىسى ئىدى.

مەھدى مەنسۇرنىڭ ئوغلى، مەنسۇر[1] مۇھەممەتنىڭ ئوغلى، مۇھەممەت ئەلىنىڭ ئوغلى، ئەلى ئابدۇللانىڭ ئوغلى، ئابدۇللا ئاببا س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ئىدى.

ماۋرا ئۇننەھردە ئابدۇلەتىف مىرزا سەمەرقەندنىڭ سىرتىدىكى ئابى سۇرۇخنىڭ لېۋىدە ئاتىسى ئۇلۇغبېك مىرزىدەك ئۇلۇغ ئالىم، ئادىل پادىشاھنى ئۆلتۈردى. ئابدۇلەتىف مىرزا ئۇلۇغبېكنىڭ ئوغلى، ئۇلۇغبېك شاھرۇھ مىرزىنىڭ ئوغلى، شاھرۇھ مىرزا ساھىبقىران تېمۇر كوراگانىنىڭ ئوغلى ئىدى.

قارا، شىرۇيە، مۇنتەسىر ۋە ئابدۇلەتىف مىرزىدەك شۇم پېشانە پادىشاھزادىلەر ئاتىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ئالتە ئايدىن ئۇشۇق ياشىيالمىدى. ئى پەرزەنت، بىلىش كېرەككى، ئادەم نەسەب ــ ھەسىبى بىلەن مەرتىۋىلىك سانالماس، بەلكى دىيانەتلىك ۋە تەقۋادارلىق بىلەن ئۇلۇغ مەرتىۋىلەرگە ئۇلىشالايدۇ!

ئاقسۇ ئۆلكىسى سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ شىمالىي ھۇدۇتلۇقىدىكى چېگرا ئۆلكىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بالىلىق ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدا مۇشۇ ئۆلكىدە نايىب بولغانىدى. ئىسيان كۆتۈرگەنلىكتىن، ئاكىسى سۇلتان سەئىدخان تەرىپىدىن يوقىتىلغان شاھزادە ئىمىن خوجا سۇلتانمۇ مۇشۇ يەردە نايىب بولغانىدى. شۇڭا، بۇ يەرگە قانداق ئادەمنى نايىب قىلىش ــ پۈتۈن سەئىدىيە سەلتەنەتىنىڭ ئامان ــ ئېسەنلىكىگە بېرىپ تاقىلىدىغان مۇھىم دۆلەت ئىشى بولۇپ ھېسابلىناتتى. سابىق ئاقسۇ نايىبى، سۇلتاننىڭ تۇنغۇچ ئوغلى ۋەلىئەھد ئابدۇلەتىپ سۇلتان ئىسيانچى قازاق ــ قىرغىزلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بۇ ئۆلكىگە نايىبلىققا بەلگىلەش ئۈچۈن بىرەر مۇۋاپىق نامزات

① مەنسۇر يەنى ئەبۇ جەئفار (754 ــ 775 ــ يىللىرى تەختتە) ــ ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ 2 ــ ئەۋلاد خەلىپىسى ئىدى.

تاپالماي بېشى قېتىپ تۇرغىنىدا، مەۋكەب ئىككىنچى ئوغۇل شاهزادە ئابدۇكەرىم خاننى ئاقسۇغا نايىپ قىلىپ كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما شاهزادە ئابدۇكەرىم خان ئاقسۇنىڭ نايىبلىقىنى قوبۇل قىلىشنى خالىمىدى.

ئابدۇكەرىم خان سالىھ، پەرھىزكار ۋە كەمبەغەلپەرەس بىر شاهزادە ئىدى. ئۇ خوجا مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋارنىڭ چوڭ يارانلىرىدىن بولغان مۇھەممەت ۋەلى سوپىغا قول بېرىپ، مۇرىتلىقنى قوبۇل قىلغانىدى.

* * *

بىر كۈنى، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان مۇلازىملىرى بىلەن ئۇلۇغ ئېقىن بويىدىكى دولان سەھراسىدا شىكار قىلدى. شۇ كۈنى ئابدۇكەرىم خان ۋە ئىبراھىم سولتانلارمۇ ئاتىسى سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا ھەمراھ بولۇپ شىكارغا بىللە چىققانىدى، ئۇلار شىكار قىلىۋاتقاندا بىر كېيىك ئاۋات — دولان چېگرىسىدىكى شاقۇر① جاڭگاللىقىقا قاراپ قاچتى. سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئىككى ئوغلىغا «ئات!» بۇيرۇق قىلدى. ئۇلار ھېلىقى كېيىكنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ شاقۇر جاڭگاللىقىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

* * *

ئىبراھىم سۇلتان كېيىكنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يىراقلاپ كېتىپ قالدى. كېيىك چۆلدە قارا كۆرسىتىپ، قارا كۆرسىتىپ تىنىماستىن قېچىپ كېتىپ باراتتى. ئىبراھىم سۇلتانمۇ ئۇنى

① شاقۇر — مارالبېشى ناھىيىسىدىكى بىر جاي.

«كۆزىدىن يوقىتىپ قويمىسام بولاتتى» دەپ، ئىتتىغا قامچا ئۇرۇپ تېخىمۇ تېز چاپتۇردى. چاڭگاللىق تۈگەپ چۆل باشلاندى. چۆل تۈگىسە يەنە ساي باشلىناتتى. دەشت ـ باياۋاننىڭ چېكى كۆرۈنمەيتتى. بىركەملەردە تۇيۇقسىز كەتكەن بىر سايدا ئۇنىڭ كۆزىگە چۆلدىكى يالغۇز بۇتخانىدەك بىر يېگانە ئۆي ئىلغاشتى. ئۇ ئىتىنى تېخىمۇ تېز چاپتۇرۇپ ھېلىقى ئۆيگە يېقىنلاپ كەلدى. قارىسا، پۇتۇنلەي يايپېشىل ئوت ـ چۆپلەر بىلەن قاپلانغان بىر پارچە ئوتلاق تۇرۇپتۇ. بۇلاق سۈيى ئوتلاقنىڭ ئىچىدە ۋىلىقلاپ كۆلگىنىچە ئېقىپ تۇراتتى. بۇلاقنىڭ يېنىدا بىر ئۆي بار بولۇپ، ئۇ ئۆينىڭ ئىشىكى ھەم يېپىقلىق تۇراتتى. ئۇچقۇر كېيىكنى كەينىدىن تولا قوغلاپ ھېرىپ چاڭقاپ كەتكەن ئىبراھىم سۇلتان گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى بىر يالاپ قويۇپ، قامچىسىنىڭ سېپى بىلەن ھېلىقى ئۆينىڭ ئىشىكىنى قاققىلى تۇردى. ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئىشىك قىيا ئېچىلىپ، ئۆينىڭ ئىچىدىن يېشى ئاتمىشلاردا بار ۋىجىك بىر بوۋاي چىقىپ، ئات ئۈستىدە تۇرغان ئىبراھىم سۇلتانغا سالام قىلدى.

ئىبراھىم سۇلتان:

— چاڭقىغان يىگىتكە بىر يۇتۇم سۈيىڭىز بارمىدۇ؟ — دېۋىدى، ھېلىقى ۋىجىك بوۋاي بىر چەتكە ئۆتۈپ:

— خوجام، ئاتتىن چۈشۈپ ئۆيگە مەرھەمەت قىلغايلا! — دېدى تەزىم قىلىپ تۇرۇپ.

ئىبراھىم سۇلتان دەرھال ئاتتىن ئىرغىپ چۈشتى ـ دە، بوۋايغا سالام قىلغاندەك قىلىپ بېشىنى سەل ئېگىپ قويدى. ئاندىن ئاتنىڭ تىزگىنىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ ئۆزى ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

ئىبراھىم سۇلتان ئۆيگە كىرىپلا بوۋايدىن سۇ ۋە نان سورىدى. ئۇ ئەتىگەندىن تارتىپ كېيىكنىڭ كەينىدىن قوغلاپ ئاچلىق ۋە تەشنالىقتىن ھالىدىن كەتكەنىدى.

بوۋاي مېھمان يىگىتنىڭ ئالدىغا بىر قاچىدا سوغۇق چاي ۋە بىرمۇنچە تېرىق نېنى كەلتۇردى.

ئىبراھىم سۇلتان سوغۇق چاي بىلەن تېرىق نېنىنى يەپ بولۇپ، ھېلىقى بوۋايدىن:

— بۇ يەرنى نېمە دەپ ئاتايدۇ. ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ يەرنى قۇمبۇلاق[1] دەيدۇ. مەن ئۆزۈمگە كەلسەم، — دېدى ھېلىقى بوۋاي ئىبراھىم سۇلتاننىڭ شۈبھىلىك كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، — يىگىت سىز ئۇچۇن بۇنى بىلىش شۇنچىلىك مۇھىممۇ؟ مەن خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان دېگەن كىشى بولىمەن. خوجا مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋارنىڭ مەكتەپ - دولان يۇرتىغا ئەۋەتكەن خوجا مەسئۇلىدۇرمەن. بۇ يەر ھەقىقەتەن جەننەت بېغىدەك زىننەتلىك، ھەرەم ئۆيىدەك ھەيۋەتلىك بولۇپ، كەمىنىلىرى جاپاكارلىق تېغىدىكى زۇلۇم قاپلىنىدىن قېچىپ، بۇ پىنھان خالىي جايغا يېكىنىۋالغان ناتىۋان قېرىندۇرمەن. بۇ يەردە مەن باشقا مەملىكەتلەردىن ھېرىسمەنلىك ۋە ئارزۇ ھەمىيانلىرىنى تىكىپ، ئۆزلىرىنى تەمە بىلەن خار قىلىپ كەلگەن ئەزىزلەرنىڭ دەۋاسىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ مەرۋايىتزارلىقلارغا كىرىش تەمەسى بىلەن ئۇلۇغ - ئۇششاقلارغا يېقىنچىلىق قىلىشلىرىنى، ئاچكۆزلۈك بىلەن تولغان كۆزلىرىدىن چىچىلىۋاتقان ئۈمىد شولىلىرىنى، چۈشىدە كۆرگەن ئەۋلىيالار سالىمىنى ئېلىپ كەلگەنلەرنىڭ تەئقىسلىقلىرىنى، توققۇز تال ھەشەمەتلىك چىش كولىغۇچنى بەرگۈچىلەرنىڭ ئۇنىڭغا تەمە چىشلىرىنى ئۇرنىتىشلىرىنى، لايىغا مىلەنگەن تەسۋىلىرىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ھايات كەچۈرگۈچىلەرنىڭ دۇئا - تىلاۋەت قوللىرىنى سوزۇشلىرىنى، ساغلام جىسمىنى

[1] مارالبېشى ناھىيىسىدىكى بىر جاينىڭ نامى.

كېسەل قىلىپ كۆرسىتىپ، شەربەت تىلىگۈچىلەرنىڭ نېسىۋە كۆزلەشلىرىنى، تىرىكلەرنى ئۆلۈكتەك ياتقۇزۇپ قويۇپ كېپەن ھەققى تىلەپ نالە ـ زار قىلغۇچىلارنىڭ ھىيلىگەرلىكىنى، «نەمەنگاندىن كەلدۇك» دەپ، ئىستىقامەت يۇكلىرىنى بۇ يالغۇز ئۆيۇمگە چۇشۇرگەنلەرنىڭ بۇ يەردە بىكارغا يەپ ـ ئىچكەنلىرىنى، «نەمەنگانغا قايتىمىز» دەپ، ئۇمىد ئاتلىرىنى ئىشىكىمگە ھەيدەپ كەلگەنلەرنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قىلىپمۇ قىلىپ-بولالماي، بۇ كىشىلەرنىڭ مۇددىئالىرىدىن قىسمەن كەم ئورۇندىلىپ قالغانلارنىڭ نارازى كۆڭلىنى ئېلىپ بولالماي، قېيداشلىرىغا چىداپ، ئىستىقامەت قىلىپ ئولتۇرۇپتىمەن. يەنە نۇرغۇن مۇشەققەتلەر باركى، ئېيتسام، ئېيتسام سۆز رىشتىسى ئۈزىراپ كېتىپ، سىز مېھمان يىگىتكە يېقىمسىزلىق ۋە مالاللىق كەلتۈرۈپ قويۇشتىن قورقىمەن. ئەگەر ئاسماننى ۋاراق، تۈن قاراڭغۇسىنى سىياھ قىلىپ يازغان تەقدىردىمۇ، غېمىم سۇبھىسىنى ياق، بەلكى غېمىم كېچىسىنىڭ شەرھىيسىنى يېزىپ تۈگەتكىلى بولماس!

ئىبراھىم سۇلتان بۇ ۋىجىك بوۋاينىڭ سۆزىگە قىزىقىپ قالدى ـ دە، ئۇنىڭدىن:

— ئى بابايى بۇزرۇك، يەنە ئىچكۈدەك نەرسىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مېھمان يىگىت، بۇ ئىسسىقتا سىزگە مەي زىيانلىق، شۇڭا، مەندە نەشە ـ بەڭ بار، چېكەمسىز، — دەپ سورىدى بوۋاي كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بولىدۇ، ھەر ئىككىلىسى ياخشى نەرسىلەر، ئادەمنى خۇش كەيپ قىلىپ، بۇ دۇنيانىڭ رىيازەتلىرىنى ئازراق بولسىمۇ ئۇنتۇلدۇرىدۇ! — دېدى ئىبراھىم سۇلتانمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

بوۋاي ئىچكەركى ئۆيدىن بىر قولىدا چىلىمنى، يەنە بىر قولىدا بىر كوزىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. كوزىدىكى مەي ئازا ئىچىپ

كۆچلىنىپ قىيام بولغان مەي ئىدى. بوۋاي ئاۋۋال چېلىمىنىڭ سەيخانىسىغا بارماقتەك بىر تال بەڭنى سېلىپ، ئوت تۇتاشتۇردى ـ دە، خورلاپ، خورلاپ تازا چوغ قىلغاندىن كېيىن چېلىمنى ئىبراھىم سۇلتانغا سۇندى. ئاندىن ھېلىقى كوزىدىكى مەيدىن كاسەگە لىپمۇلىق قويۇپ ئۆزى ئىچىۋەتكەندىن كېيىن يەنە بىر كاسە مەي قۇيۇپ يىگىتكە تۇتتى. ئۇنىڭغىچىلىك يىگىت چېلىمنى تازا شوراپ ھاردۇقى چىققۇدەك چېكىپ قىنىۋالغانىدى.

ئۇ بوۋاي سۇنغان لىپمۇلىق بىر كاسە مەينى غۇرت، غۇرت قىلىپ بىر تىنىقتىلا سۇمۇرۇپ ئىچىۋەتتى. ئاندىن بوۋايدىن:

— ئى بابايى بۇزرۇك، مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى سىزنىڭ بىلگۈڭىز يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئى ھۆرمەتلىك يىگىت، سىزنى ئىللا ـ بىللا تونۇماسمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

— مەن ھەزرىتى رەشىدىل شاھى ئەزەمنىڭ مۇلازىملىرىدىن بىرى بولىمەن.

ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، خوجا مۇھەممەتئىمىننىڭ ئىشانىنىڭ يۈرىكى ئاغقاندەك بولدى — يۇ، ئەمما چاندۇرمىدى ۋە:

— مەرھابا يىگىت، خۇش كەپسىز! — دىدى كۈلۈمسىرەپ.

ئىبراھىم سۇلتان مەيدىن يەنە بىر كاسە ئوتلىۋەتكەندىن كېيىن بوۋايدىن:

— ئى بوۋاي، مېنى تونامسەن؟ — دەپ يەنە سورىدى.

— ئۆزىڭىز ھېلىلا: «ھەزرىتى رەشىدىل شاھى ئەزەمنىڭ مۇلازىمى بولۇرمەن» دىدىڭىزغۇ، — دەپ جاۋاب بەردى خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان تەئەججۇپ نەزەرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ.

ئىبراھىم سۇلتان بېشىنى چايقىدى:

— ياق، مەن . . . مەن مۇلازىم ئەمەس. بەلكى سۇلتاننىڭ كاتتا ئەمىرلىرىدىن بىرىدۇرمەن!

خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان دەرھال ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى.

— مېنىڭ كىملىكىمنى ئەمدىغۇ بىلگەنسەن؟

— ھۆرمەتلىك يىگىت، ئۆزىڭىز ھازىر «مەن ئەمىر بولىمەن» دېدىڭىزغۇ؟

— ئى بابايى بۇزرۇك، خاتالاشتىڭ، سەن چوقۇم خاتالاشتىڭ! مەن مۇلازىممۇ ئەمەس، ئەمىرمۇ ئەمەس، بەلكى سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ چوڭ خانى. . .

ئۇنىڭ سۆزى تېخى تۈگىمەي تۇراتتى، خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان دەرھال بېرىپ ئۇنىڭ قولىدىن مەي كاسىسىنى تارتىۋالدى. يىگىت ئۇنىڭدىن:

— ھەي بابا، نېمىشقا قولۇمدىن مەي كاسىسىنى تارتىۋالىسەن؟

— ئەي يىگىت، يەنە بىر كاسە مەي ئىچىدىغان بولساڭ، پەيغەمبەرلىك دەۋاسىنى قىلىدىغان ئوخشايسەن. كىم بىلىدۇ، بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى دەۋانى قىلامسەن تېخى. . .

ئىبراھىم سۇلتان ۋىجىك بوۋاينىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— مەن راستتىنلا سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئىبراھىم سۇلتان دېگەن شاھزادىسى بولىمەن.

ئۇ خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان بىلەن ئەنە شۇنداق سۆزلىشىپ تۇراتتى. بۇ ئارىدا ئىبراھىم سۇلتاننى ئىزدەپ چىققان مۇلازىملار توپ ـ توپ بولۇشۇپ ھەر تەرەپتىن يالغۇز ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىشىپ، شاھزادىنىڭ ئالدىدا قول باغلىشىپ تۇرۇشتى.

بۇ ھەشەم ـ كاراماتنى كۆرگەن خوجا مۇھەممەتئىمىنىڭ

ئۇلارنىڭ چىرايلىرى نۇرلىنىپ كەتتى. ئۇلار ئىككى كۆزىگە ئىشىنەلمەي،
ئىشان ساراسىمە ئىچىدە ھودۇقۇپ قالدى. ئىبراھىم سۇلتان تەسەللى تەسكىن ئېيتىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلدى ۋە ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئىنئاملارنى بەردى.

— ئى شاھزادەم، ھەسسىنات، تۇمەنمىڭ رەھمەت سىزگە! — دېدى ئىنئاملارغا ئېرىشىپ ئادەتتىن تاشقىرى خۇش بولۇپ كەتكەن خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، — ئى ھەمدۇ سانالارنى ئاڭلىغۇچى يېگانە ئاللا، ئى ھاجەتلەردىن راۋا قىلغۇچى ھەممە موھتاج ئاللا، ھېچقانداق نەرسە ساڭا سىر ھەم مەخپىي ئەمەس. ئى، دۇئالارنى ئىجابەت قىلغۇچى ئاللا، بەندىلىرىڭنىڭ ھەر قانداق دۇئا ـ تىلاۋەتلىرىنى ئىجابەت قىلغايسەن! رەھمەتلىرىڭنىڭ دەرۋازىلىرىنى ئۇل بەختىيار شاھزادىگە كەڭ ئېچىپ قويغايسەن! ئى بەختىيار شاھزادە، سىز ئەگەر تۆتىنچى، بەشىنچى قېتىملىق دەۋانى قىلسىڭىزمۇ، مەن ئۇنىڭ بەرھەق ئىكەنلىكىگە مۇشۇ نەقشبەندىيچى ئىمانىم بىلەن گۇۋاھلىق بېرۇرمەن ۋە نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ ئىشانكالانلىق مەرتىۋەم بىلەن سىزگە دۇئا قىلۇرمەن!...

* * *

كېيىكنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەتكەن ئابدۇكەرىم خان ئۇنىڭغا قوشۇپ جەمئىي بەش كېيىكنى ئېتىپ كەلگەندى. ئوغلىنىڭ شىكار غەنىيمەتلىرىنى كۆرۈپ، سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ كۆڭلى تېخىمۇ سۆيۈندى ـ دە، ئۇنىڭدىن: «ئى پەرزەنت، ھارمىغايسەن!» دەپ ھال سورىۋىدى، ئابدۇكەرىم خانمۇ:

— ھەزرىتىم، بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى. ئۇلۇغلار: «باشى چوڭ بەگ بولۇر، ئاياغى چوڭ قۇل بولۇر!» دەپتىكەن. بىز

سىلى ئۇچۇن مەڭگۈ پەرمانبەرداز! — دەپ جاۋاب بەردى قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپ.

ئوغلىنىڭ جاۋابىدىن رازى بولغان سۇلتان ئابدۇرەشىدخان:

— باركاللا، ئۇنداق بولسا، بىزدىن كېيىن ئابدۇلكەرىم سۇلتان خان بولۇر! — دەپ ئەھدى قىلدى. سۇلتانىنىڭ بۇ سۆزىنى ماقۇل كۆرۈشكەن مەۋكەبمۇ بىر ئېغىزدىن:

— ئابدۇكەرىم سۇلتان ۋەلىئەھد بولۇشقا ھەم بەسىي قابىل ۋە لايىق، — دېيىشتى.

— ئاكىڭىزنىڭ ئورنىغا ئاقسۇغا نايىب قىلىپ بەلگىلىسەك ئۇنىمايسىز، — دېدى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان كۈلۈپ تۇرۇپ، — قەشقەرنىغۇ سوپى سۇلتانغا جۇلدۇ - چاساق قىلىپ بەردۇك. ئەمىسە، سىز كىچىك دېمىسىڭىز يېڭىسارغا بېرىڭ! سىزگە ئەمىر مىرزا جان مۇھەممەت بايرىنىنى ئاتالىق قىلىپ بۇيرۇپ بېرەيلى!

سۇلتان سۆزىنى تۈگىتىپلا سوپى سۇلتان دەپ ئاتىلىدىغان ئوغلى ئىبراھىم سۇلتانغا مەنىلىك قاراپ قويدى.

— ...

بۇ مەزگىللەردە، تۆتىنچى شاھزادە سوپى سۇلتان — ئىبراھىم سۇلتان قەشقەردە نايىب بولۇپ تۇرۇۋاتقانىدى. ئۇ سىرتىدىن قارىغاندا تولىمۇ رايىش، مۇلايىمدەك قىلغىنى بىلەن، ئەمما ئىچى يامان، نىيىتى تولىمۇ قارا بەتبەخت بىر شاھزادە ئىدى. سەئىدىيلەر خاندانىنىڭ ئادىتى بويىچە قەشقەر نايىبى بولغان شاھزادىلا سەئىدىيە سەلتەنەتىنىڭ تەخت ساھىبى بولالايتتى. بىراق، تۇنغۇچ شاھزادە ئابدۇلەتىپ خان ۋاقىتسىز قازا قىلىپ كەتكەندىن كېيىن سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۇچىنچى شاھزادە — ئابدۇكەرىم خاننى ئۆزىنىڭ تەخت ۋارىسى قىلىپ تاللىدى.

يۇقىرىدا سۇلتان ئابدۇرەشىدخان تەرىپىدىن سوپى سۇلتان دەپ ئاتالغان تۆتىنچى شاھزادە ئىبراھىم سۇلتان گەرچە ئۇچىنچى شاھزادە ئابدۇكەرىم خان بىلەن بىر ئاتىدىن، بىر ئانىدىن بولغان قان - قېرىنداشلاردىن بولسىمۇ ئەمما ئۇلارنىڭ نىيەت - ئىقباللىرى تامامەن بىر - بىرىدىن پەرقلىنەتتى. ئابدۇلەتىپ سۇلتان قازاغا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ۋەلىئەھدىلىك ئورنى تا مۇشۇ كۈنگىچە بوش تۇرغانىدى. بىراق، سوپى سۇلتان ئاتىسى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ سەئىدىيە تەخت ساھىبىنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە قەشقەر نايىبى بولغان ئۆزىنى تاللىماستىن، بەلكى ئابدۇكەرىم خان سۇلتاننى تەخت ۋارىسى قىلىپ تاللىغانلىقىنى ئاڭلاپ تولىمۇ نارازى بولدى، غەزەپلەندى، ھەتتا قولىدىكى بىر بۆلۈك لەشكەرلەردىن پايدىلىنىپ دارۇلسەلتەنەتكە بايقۇت ئېلان قىلماقچىمۇ بولدى. بىراق، بۇنداق قىلىش مۇمكىنمۇ؟ ھېچ بولمىغاندا، ھازىرقى شارائىتتا بۇنداق قىلىش ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىش بىلەن باراۋەر ئىدى. شۇڭا، ئۇ: «سەئىدىيە سەلتەنەتىنىڭ تەخت ساھىبلىقىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم ۋاستە تاللاپ ئولتۇرماسلىقىم لازىم!» دېگەن نىيەتكە كەلدى.

بارلاس ئەمىرلىرىدىن بولغان يەكەن ھاكىمى مىرزا مەھمۇت بارلاس بىلەن خوتەن ھاكىمى مىرزا ئەھمەت بارلاسلار قارا نىيەت شاھزادىنىڭ بۇ شۇم نىيىتىدىن تولۇق خەۋەردار ئىدى. ئۇلار سوپى سۇلتاننى بۇ يامان ئىشتىن توسماق يوق بەلكى ئۇنىڭ پۇچقىقىدىن پۇۋلەپ يەل بېرىپ، ئۇنىڭ تەمەننا دىمىغىدىكى ھاكىمىيەت تۇتۇنىنىڭ تېخىمۇ دۈت ئېلىپ، تۇتەپ يېنىشىغا تۈرتكە بولۇشتى.

سوپى سۇلتان بۇ كاززاپ بارلاس ئەمىرلىرى بىلەن ئۇسۇل - تەدبىردە، ئىش - كەسپتە ۋە ھىيلە - مىكىردە ھەمتاۋاق ئىدى. ئۇلار بىر ھەرپلىك، ئوخشاش قاپىيىلىك،

ھەتتا، يۇلتۇزلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر بۇرجىدا كۆرۈنگەن، بەخت - تەلەيلىرى باراۋەرلىكتە بىر خانىدىن ئورۇن ئالغان كاززاپ قىزىل كۆزلەر ئىدى. بويىنىغا دوزاخ ئوتى سىرتماق بولغۇر كۆپرانى، قارا نىيەت شاھزادە سوپى سۇلتاندەك ئالا كۆڭۈللەرنىڭ دىلىغا شەيتان لەئىنىدەك ئەنە شۇنداق قاراسايە تەخت تەمەسىدەك ۋەسۋەسە ئوتىنى سالغاندىن كېيىن ئۇ بۇ دوزاخ ئۇچقۇنىدا يانماي قالارمۇ؟

ئۇلۇغلار: «نەيزە تۇز بولغىنى ئۇچۇن مەغرۇرتىك تۇرىدۇ؛ ئوقيا ئەگرى بولغىنى ئۇچۇن ئىككى ئۇچى يىپ بىلەن بەنت قىلىنىپ باغلاپ قويۇلغان» دەپ بىكارغا ئېيتىشمىغانىكەن. شۇنداق، ئادەمنىڭ تەپەككۇرى خام خىيال ئورنىغا دەسسىتىلسە، خۇددى غىزاغا زەھەرنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەندەك بولىدۇ. خۇددى ھاياتمۇ ئۆز ئىپقىمىدىن چىقىپ كەتسە، بۇلاقتا ئوخشاش، سان - ساناقسىز تارامىلارغا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. لېكىن، بۇ ۋاپاسىز، مەككار ئېقىنىنىڭ قايسى تارامىلارغا بۇرۇلۇشىنى ئالدىنئالا بىلىۋېلىش بەسى قىيىن. ئەگەر ھايات بوگون سايازلىقتا ئوخشاش تېپىزلىشىشقا باشلىسا، شۇ دەرىجىگە بېرىپ يېتىدۇكى، ئاستىدىكى پۈتۈن چىركىن - مەينەتچىلىكلەرنىڭ ھەممىسى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپلا قالىدۇ! ئەتىسى بولسا، يەنە دەريادەك تاشقىن بولۇپ، ھەممىنى بېسىپ ئاقىدۇ.

سوپى سۇلتاننىڭ ۋەلىئەھدلىك ئورنىنى تالىشىش سۇيىقەستى بىتچىت بولغاندىن كېيىن ئۇ سەئىدىيەلەرنىڭ تەختى - بەختىنى خانۇ - ۋەيران، ئاتىسى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننى تىرىپىرەن قىلىشنى قەستلەپ يۈردى. ئەمما، ئۇ ئىسيان كۆتۈرۈپ ئاتىسى سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا بىۋاستە قارشى چىقىشقا پېتىنالمايتتى. چۈنكى، ئۇ زەئىپ بولۇپ، كۈچلۈك ۋە لەشكەرلىرى كۆپ سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا ھەرگىز تەڭ كېلەلمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئوردىدىكى ھوقۇقلۇق ۋە

تەسىرى كۈچلۈك بارلاس ئەمىرلىرىنىڭ ۋەكىلى بولغان ئەمىر مەھمۇت بارلاس ۋە ئەمىر ئەھمەت بارلاسلار بىلەن بىر يەرگە جەم بولۇپ، سەئىدىيە تەختىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. ئۇلار ئۇنىڭغا: «پەقەت سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننى ھىيلە ۋە سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرگەندىلا، ئاندىن سەئىدىيە تەختىگە ئولتۇرالايسىز» دەپ ئەقىل كۆرسەتتى! سوپى سۇلتان بۇ مەسلىھەتكە بارىكاللا ئېيتىپ، سۇلتاننىڭ يېقىندىكى ساقىيسى مىرئەنۋار سوپى بىلەن مەھرىمىي موللا مەھمۇت سوپىنى نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرگە سېتىۋېلىپ، سۇلتانغا زەھەر بەرگۈزمەكچى بولدى ۋە بۇ ئىشنى ئورۇنلاشنى يەكەن ھاكىمى ئەمىر مەھمۇت بارلاسقا تاپشۇردى.

ئەمىر مەھمۇت بارلاس خۇپىيانە ھەرىكەت قىلىپ، مىرئەنۋار سوپى بىلەن موللا مەھمۇت سوپىلارنى بويى بىلەن تەڭ ئالتۇنغا چۆمدۈردى. ئالتۇنغا سېتىلغان بۇ ئىككى ناكەسمۇ سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا زەھەر بېرىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى ۋە سەئىدىيە تەختىنى سوپى سۇلتانغا سويۇپ ئېلىپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى...

تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 966 ـ يىلى ئارا ئاي كۈنلىرىنىڭ بىرىدە① سۇلتان ئابدۇرەشىدخان دەرۋىشچە ياسىنىپ، مىرئەنۋار سوپى ۋە موللا مەھمۇت سوپى دېگەن ئىككى مۇلازىمنىڭ ھەمراھلىقىدا خوتەن دىيارىغا پىيادە يولغا چىقتى.

سوپى سۇلتان يەكەن ھاكىمى ئەمىر مەھمۇت بارلاسنى خوتەن ھاكىمى ئەمىر ئەھمەت بارلاسقا بۇ ھەقتە دەرھال خەۋەر بېرىۋېتىشكە بۇيرۇدى ھەمدە، پۇرسەت بولسىلا سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا شۇ يەردە قول سېلىشقا پەرمان بەردى...

① مىلادى 1559 ـ يىلى 8 ـ ئاي.

قارانىيەت شاھزادە سوپى سۇلتانغا ئالتۇنغا سېتىلغان بۇ ئىككى ناكەس سوپى ئەسلىدە خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشانغا ئەگىشىپ پەرغانىدىن كەلگەن ھىلىقى تۆت سوپىنىڭ ئارىسىدىكى ئىككىسى ئىدى. خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان ھەزرىتى سۇلتان مازىرىدا ئىستىقامەت قىلغاندا، ئۇلار خوجىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن شەيخۇلئىسلام خوجا مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋارنىڭ خىزمىتىگە كىرىپ، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ خاس سوپىلىرىدىن بولۇپ قېلىشتى. بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى، خوجا مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋار جان تەسەددۇق قىلىش ئالدىدا[①] ئۇلارنى يەنە سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا خاس مۇلازىملىققا تەۋسىيە قىلغانىدى. ئۇلار ئوردىغا خىزمەتكە ئېلىنغاندىن كېيىن تېزلا ئوردىدىكىلەر بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ كېتىشتى. ئۇلار سەئىدىيە ئوردىسىدىكى تاشقى زىننەت، گۈزەللىك ئاستىدىكى كۆڭلى قارىلىق، پىتنە ـ پاسات، ھىيلە ـ مىكىرگە ئوخشاش ئىپلاسلىقلارنى كۆردى. سىلىق ـ سىپايە، يۇمشاق مۇئامىلە، ھۆرمەت تەزىم پەردىسى ئاستىدىكى قانلىق قورشاق ئويۇنلىرىنى، يەڭ ئىچىگە يوشۇرۇلغان قانلىق خەنجەرلەرنى، قانلىق خىيانەتلەرنى كۆردى. بۇ مۇھىتتا ئۇلار خۇددى بىلىق سۇغا ئېرىشكەندەك ھوزۇرلۇق ھېس قىلىشتى. بولۇپمۇ بارلاس ئەمىرلىرىنىڭ زورلۇق ـ زومبۇلۇقلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ شۇم كۆڭۈللىرى ئوت ـ يىقىتلارنىڭ يەنە داۋاملىشىدىغانلىقىنى سېزىشتى. ئۇلار خوجىسى ئىشانكالان خوجا مۇھەممەتئىمىننىڭ

---

① موللا مىرسالىھ قەشقەرى يازغان «چىڭگىزنامە» دېگەن كىتابىنىڭ 111 ـ بېتىدە: «ھەزرىتى خوجا مۇھەممەت شېرىپ قەددەسەللاھۇ رۇھەھۇ سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئەنەرەللاھۇ بۇر ھانەھۇدىن ئىككى يىل بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. . . » دېيىلگەن. شۇنداق بولغاندا، خوجا مۇھەممەت شېرىپ ئىشان مىلادى 1558 ـ يىلى ۋاپات بولغان بولىدۇ. بۇ ھەقتە قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1985 ـ يىلى نەشر قىلغان «چىڭگىزنامە» دېگەن كىتابقا قارالسۇن.

تاپشۇرۇقى بويىچە ئوردىدىكىدىكى بارلاس ئەمىرلىرىگە ۋە ئۇلار تەرىپىدىن قورچاق قىلىنىۋېلىنغان قارا نىيەت شاهزادە، تۆرىلەرگە مەقسەتلىك يېقىنلىشىشقا باشلىدى. دارۇلسەلتەنەت يەكەننىڭ هاكىمى ئەمىر مەهمۇت بارلاس ئوردىدىكى بارلاس ئەمىرلىرىنىڭ سورۇن بېشى ئىدى. ئۇ هېلىدىن ـ هېلىغا ئۆز دەرگاهىدا بۆلەكچىلا چوڭ بەزمە ـ زىياپەتلەرنى بېرەتتى ۋە بۇ بەزمىلەرگە ئوردىدىكى بەگ ـ بېگاتلار، ئەمىرۇل ـ ئۇمەرالارنى قالدۇرماي چىللايتتى. بۇنداق بەزمىلەردە بەزى چاغلاردا هەتتا مىرئەنۋار سوپى بىلەن موللا مەهمۇت سوپىلارغا خىزمەت قىلىشقا توغرا كېلىپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇلار ئۆز هۈنەرلىرىنى كۆرسىتىپ، ئەمىر مەهمۇت بارلاسنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىشقا تىرىشاتتى. مەي ـ شارابتىن، قىزغىن بەزمىدىن مەست ـ سەرمەست بولغان هاكىم مېهمانلارنى ئۇزاتقاندىن كېيىن خىزمەتكارلارنى، نۆكەرلەرنى يىغىپ، زىياپەت داستىخىنىدىن قالغان ـ قۇتقان نازۇ نېمەتلەر بىلەن مېهمان قىلاتتى. مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇلار ئوردىدىكى بەزى ئىشلارنىڭ بىر ئاز ئۇچىنى چىقىرىپ قويۇشتى. هاكىم ئەمىر مەهمۇت بارلاس ئۇنىڭغا بەكمۇ قىزىقىپ، ئۇستىلىق بىلەن ئۇلارنى گەپكە سالدى. كېيىن سوپى سۇلتاننىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن ئەمىر مەهمۇت بارلاس بىر تۇمەن دانە شاراقلاپ تۇرغان ئاق كۈمۈش سەئىدىيە بەدىلىگە ئۇلارنى «ئىشقا ئالدى». بۇ ئىككىسىمۇ جىنايەتنى ساۋاب دەپ بىلىپ، بۇ خىيانەتكار تاپشۇرۇقنى ئوڭايلا قوبۇل قىلىشتى. . .

بىراق، دەسلەپ ناهايىتى ئوڭاي كۆرۈنگەن جىنايەتنى سەئىدىيە ئوردىسى ئىچىدە ئەمەلگە ئاشۇرماق زادىلا مۇمكىن بولمايدىغان ئىشتەك تۇيۇلدى. ئوردىدىكىلەر يەرنىڭ تېگىدە قىمىرلىغان يىلاننى سېزىدىغان دەرىجىدە هوشيار ۋە زېرەك ئىدى. بۇ يەردە هەممە تامنىڭ «قۇلىقى» ۋە «كۆزى» بار ئىدى.

شۇڭا، ئۇلار ئىچىنى زەھەرلىك چاياندەك چېقىپ زادى جىم تۇرغۇزمايۋاتقان مەشئۇم نىيەتلىرىنى ۋاقتىنچە بولسىمۇ يوشۇرۇشقا، يۈرەك - باغىرلىرىدىكى جىنايەتنىڭ يىلان تىلىدەك ئويناپ تۇرغان زەھەرلىك نەشتىرىنى ۋاقىتلىق مىكىر غىلابىغا سېلىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولۇشتى. كىشىلەردە شۇبھە - گۇمان تۇغدۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۇلار زەھەر تەپچىپ تۇرغان ئەپت - بەشىرىلىرىنى ئاق كۆڭۈللۈك، سادىقلىق پەردىسى ئىچىگە ئۇستىلىق بىلەن يوشۇرۇشتى. ئاخىر سۇلتان ئابدۇرەشىدخان خوتەنگە قاراپ ماڭغاندا، سۇلتاننى خوتەن چېگرىسى ئىچىدە زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈش ھەققىدە سوپى سۇلتاننىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان يوشۇرۇن پەرماننى تاپشۇرۇپ ئېلىشتى. لېكىن ئۇلار سوپى سۇلتاننىڭ بۇ پەرمان بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ ئىش ۋۇجۇدقا چىققاندىن كېيىن ئىز قالدۇرماسلىق ئۈچۈن بۇ ئىككىسىنى دەرھال ھەلقۇم تىغ قىلىپ ئۆلتۈرۈش ھەققىدە خوتەن ھاكىمى ئەمىر ئەھمەت بارلاسقا يەنە بىر مەخپىي پەرمان چۈشۈرگەنلىكىدىن بىخەۋەر ئىدى!

* * *

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان راباتنىڭ سەيناسىغا سايە تاشلاپ تۇرغان بىر تۈپ يوغان تۈت دەرىخىنىڭ ئاستىدا «ئەخلاقۇل - مۇھسىنىن» دېگەن كىتابنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ ئولتۇراتتى. ئەللىك يىل مۇقەددەم ھىراتلىق مەۋلانە ھۇسەيىن ۋائىز كاشىفى تەرىپىدىن يېزىلغان بۇ ئەسەرنىڭ ئىشقى زامانلار ھەم ۋاقەلەرنىڭ ئۆتۈشىگە قارىماي، تېخىچىلا ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىنى يوقاتمىغانىدى. سۇلتان تازا بېرىلىپ كىتاب ئوقۇۋاتقاندا، مىرئەنۋار سوپى بىلەن موللا مەھمۇت سوپىلار قوللىرىدا بىر جۈمرا مۇزدەك ئانار شەربىتى ۋە تۈرلۈك ناز ۇ نېمەتلەر يۆگەلگەن

داستىخاننى كۆتۈرۈشۈپ سەينا ئىچىگە كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئولتۇرغان تۆت دەرىخىنىڭ سايىسى ئاستىدىكى سۇپىغا داستىخان سېلىپ، نازۇ نېمەتلەرنى يۆگەكتىن چىقىرىپ داستىخان ئۈستىگە تىزدى. سۇلتاننىڭ ساقىيسى مىرئەنۋار سوپى خۇمىرىدىن قاچىغا مۇزدەك ئانار شەربىتىنى قۇيۇپ سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا تەۋازۇلۇق بىلەن سۇندى. تازا چاڭقاپ تۇرغاندا، ئۆزىگە سۇنۇلغان ئارامبەخش مۇزدەك بىر قاچا ئانار شەربىتىنى كۆرۈپ، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان نېرى ـ بېرىسىنى ئويلاپ ئولتۇرمايلا، ئۇنىڭ قولىدىن قاچىنى ئالدى ـ دە، قاچىدىكى مۇزدەك ئانار شەربىتىنى ئىككى ئوتلاپ پاك ـ پاكىز ئىچىۋەتتى. ئاندىن بوشىغان قاچىنى ساقى مىرئەنۋار سوپىنىڭ قولىغا ئۇزاتتى ۋە بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئۆزىدىن ئەيىپچىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى! ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر خىل مەشئۇم سوغۇق نۇر چېچىلىۋاتاتتى!

ئەيىۋھانناس! ئۇشبۇ ئالەمدە تەقدىر دەپتىرىگە پۈتۈلگەن قىسمەتلەرنى ھەر قانداق ھىيلەيۇ ـ مىكىر، ھەر قانداق ئەييار ۋە دەستىگىر ئۆزگەرتىۋېتەلمەس! سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئەدلۇ ـ ئادالەتتە رەئىيەتكە خوپ ئىدى. توغرۇلۇق ۋە ھەقىقەتكە مەنسۇپ ئىدى! ئۇ سەگەك ئەقىلغا، زېرەك ۋە سەزگۈر كۆزگە ئىگە ئىدى. ساقىي مىرئەنۋار سوپى بىلەن مەھرەم موللا مەھمۇت سوپىنىڭ ھۇدۇقۇشلىرىدىن سۇلتاننىڭ ئاپتاپتەك كۆڭلىگە دەررۇ گۇمان چۈشتى. ئۇ خىزمەتكارلىرىغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ قاراپ ئېيتتىكى:

— ئەي ساقى، شەربەت پاكمۇ، نازۇ ـ نېمەتلەر يېيىشكە لايىقمۇ؟

سۇلتاننىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ساقى مىرئەنۋار سوپىنىڭ ۋۇجۇدى لەرزىگە چۈشۈپ، بەدەنلىرى غال ـ غال تىترەپ كەتتى. سۇلتاننىڭ نازۇ ـ نېمەتلەرنىڭ زەھەرلەنگەنلىكىدىن ۋاقىپ

ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتتى ـ دە، شۇ هامان سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئايىغىنى قۇچاقلاپ، زار ـ زار يىغلاپ دېدىكى:

— ئى ھەزرىتى شاھى ئەزەم، ئۇشبۇ شەربەت ۋە تائام زەھەرلەنگەندۇر، ئۇنى ئىچىشكە ھەم يېيىشكە لايىق ئەمەس! ھالال تۇزىڭىزغا خىيانەت قىلدۇق، خۇدا ئالدىدا ھەم سىزنىڭ ئالدىڭىزدا گۇناھى ئەزىمگە پاتتۇق، كاللىمىزنى ئالسىڭىزمۇ رازى بولىمىز! بىراق، بۇ ئىشنى ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن قىلمىدۇق، بەلكى يەكەن ئەمىرى مەھمۇت بارلا سنىڭ پەرمانى بويىچە بۇ ناشۇكۇر ئىشنى سادىر قىلغانمىز!

زەھەر سېلىنغان شەربەت سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ بەدىنىگە بىردىنلا تەسىر قىلىپ، ئۇنى قۇرۇق ھۆ تۇتۇشقا باشلىدى. ئۇ شۇنداق قاتتىق قەي قىلدىكى، ھوشىدىن كېتىشكە تاس قالدى. سۇلتان ئۆزىنى ئاران ـ ئاران تۇتۇپ تۇراتتى. بۇ چاغدا، راباتنىڭ ئىشكى تاراقلاپ ئېچىلىپ بىر توپ نۆكەرلەر بىلەن خوتەن ھاكىمى ئەمىر ئەھمەت بارلاس پالاقلاپ كىرىپ كەلدى.

ئۇ سۇلتاننىڭ بەدىنىگە تەپكەن زەھەرنىڭ كاساپىتىدىن بارغانسېرى ھالسىزلىنىۋاتقان ئەھۋالىنى كۆرگەندىن كېيىن كۆڭلىدە خۇشال بولغان بولسىمۇ ئەمما قىلچە چاندۇرمىدى:

— ھەزرىتىم، نېمە بولدىلا؟!

— بۇل خىيانەتكار نابكارلار بىزگە زەھەر سېلىنغان شەربەت ئىچۈردى!... — دېدى سۇلتان زەئىپ ئاۋازى بىلەن ئۇ بارغانسېرى ئاجىزلاپ كېتىۋاتاتتى.

— خاتىرجەم بولغايلا، مەنكى قۇللىرى ئۇل تۇزكورلارنى تۇتۇپ زىندانغا تاشلاپ تاكى راستىنى ئېيتقانغا قەدەر قىيناپ ئازابلاپ سوراق قىلغايمەن! — دېدى، ئاندىن نۆكەرلەرگە، — تۇتۇڭلار بۇ ئىككى ناكەسنى! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

ئۇ نۆۋكەرلىرىگە ئەمىر قىلىپ ئەنۋار سوپى بىلەن موللا مەھمۇت سوپىنى تۇتقۇزۇپ چەمبەرچاس قىلىپ باغلاتقۇزدى، ئاندىن ئۇلارنى ئېلىپ مېڭىڭلار! دەپ قولىنى شىلتىدى.

— ئى ھەزرىتى شاھى ئەزەم، بىزگە بەك ئۇۋال بولۇپ كەتتى! ئەھمەت بارلاس مۇغەمبەرلىك قىلىپ يالغان سۆزلەۋاتىدۇ! — دەپ ۋارقىراشتى مىر ئەنۋار سوپى بىلەن موللا مەھمۇت سوپى ئىككىسى تەڭلا.

بىراق، نۆۋكەرلەر ئاغزىغا ئۇرۇپ ئۇلارنى سۆزلەتكىلى قويمىدى ۋە خۇددى ئىتنىڭ ئۆلۈكىنى سۆرىگەندەك ئۇلارنى سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى.

— ھاي قايسىڭ بار؟ سۇلتان ھەزرەتلىرىنى سۇپىغا ياتقۇزۇڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى خوتەن ھاكىمى ئەھمەت بارلاس خۇپسەنلىك قىلىپ.

قالغان نۆۋكەرلەر سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننى يۆلەپ سۇپىغا ئاۋايلاپ ياتقۇزۇپ قويدى.

— ھەي ئەمىر مەھمۇت بارلاس! سەن ئۆز ئادىمىڭنى ئەمەسمىدىڭ؟! ھەي ئاجىز، گۇمراھ بەندە، ھەي ئەقلىدىن ئازغان بىچارە نادان، — دېدى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان چوڭقۇر پۇشايمانلىق ئازاب ئىچىدە پۇچۇلىنىۋاتقان گەۋدىسىنى ئاران كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، — ھەر قانداق خىيانەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىنىڭ ھېسابتا قولى تىترەيدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ ھەقىقىي قاتىللار، جاللاتلار، ئەڭ قەبىھ خىيانەتكارلار سەئىدىيە يۇرتىدا، ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ئىشەنچىمىزگە ئېرىشىۋالغان قارانىيەت شاھزادە، بەتنىيەت ئەمىر، تەپرىقىچى خوجا ـ ئىشانلاردۇر. ئادەمىيلىكنى يوقاتقان بۇ قانخورلار بەش كۈنلۈك ئۆتنە ـ ئالەمنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ئالتۇن بىلەن، مەنسەپ بىلەن، تەمە ـ ھەسەت بىلەن ئۆلچەيدىغان بەتبەختلەردۇر! ئى ئادەملەر بىلەمسىلەر، باشقىلارنىڭ خۇشاللىقىنى كۆرۈش —

ھەقىقىي ئادەمىي ئىنسان ئۈچۈن بەخت ھېسابلانسىمۇ، ئەمما شەيتانىي ئادەملەر ئۆز راھەت ـ پاراغىتى، بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ خۇشاللىقىنى پايىمال قىلىشىدۇ. شۇڭا، ئۇنداق ئادەملەر كىشىلىك ھاياتنىڭ باھار، ياز گۈلىستانلىرىدىكى رەڭمۇ ـ رەڭ گۈل ـ چېچەكلەرنى، چىمەنزارلىقلارنى خازان قىلغۇچى كۈز ۋە قىشنىڭ سوغۇق شاماللىرىدۇر. ئەسلى بەتبەختلىك مۇشۇ ئىككەيلىكىنى ئۇلار چۈشىنىشنى زادىلا خالىمايدۇ. ئىسىت، تۇمەنىمنىڭ ئىسىت! ئەل ـ يۇرتىمىزنىڭ تەقدىرى مانا مۇشۇنداق شەيتانىي خىسلەتلىك نادان ۋە قارا قورساق، قارا نىيەت شاھزادىلەر، ئەخلاقسىز پاسىق، كالتە قۇيرۇق يالغانچى ۋە خۇشامەتچى ئەمىرلەر، تەپرىقىچى، ھەسەتخور، تېجىمەل يۇندىخور رىياكار خوجا ـ ئىشانلارنىڭ قولىدا نابۇت بولىدىغان بولدى! ئۇلار دەستەكسىز دۇئا بىلەن نان، دۇئا بىلەن جان، دۇئا بىلەن ۋەج، دۇئا بىلەن ئابرۇي تېپىشماقچى! بىز ئۈچۈن بۇ ھالىنى كۆرۈش — ھەر كۈنى مىڭ مەرتىۋە زەھەر ـ زۇقۇم ئىچكەندىنمۇ بەسىي ئېغىر ۋە مۇشكۈلدۇر!

سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ بۇ ئىچىنىشلىق ئەھۋالىنى كۆرۈپ تۆۋكەرلەر كۆزلىرىدىن ئىختىيارىسىز تارامالاپ ئېقىۋاتقان كۆز ياشلىرىنى زادىلا توختىتالماي، ھۆركىرەپ يىغلاپ نالە ـ زار قىلىشقا باشلىدى.

— ئى پەرزەنتلىرىم، يىغلىماڭلار، قازايى مۇتلەققە مىڭ يىغلىغان بىلەنمۇ ھېچبىر كار قىلماس! ئى ئەمىر ئەھمەت بارلاس، پەرمانىمىزنى ئاڭلىغايسىز! — دېدى ھالسىزلانغان سۇلتان ئابدۇرەشىدخان زەئىپ ئاۋازى بىلەن. بۇ ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا چۈشۈرگەن ئەڭ ئاخىرقى پەرمانى ئىدى، — ئۇل مىرئەنۋار ساقى بىلەن موللا ئەھمەتلەرنى قاتتىق ئېھتىيات چارىلىرى بىلەن دارۇلسەلتەنەت يەكەنگە ساق ـ سالامەت

يەتكۈزگەيسىز ھەمدە ئۇلارنى دەرھال ئوغلۇم ئابدۇلكەرىم خاننىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەرگەيسىز. بۇ ناكەسلەرنى ئۇ ئۆزى تەركە قىلىپ جىنايەتلىرىنى ئىنقىلاپ چىققاندىن كېيىن ئوردىدىكى ئۇلارنىڭ ھەمشىرىكلىرىنى تازىلىغاي! يەنە، يەنە، قارانىيەت شاھزادە . . . سو . . .

سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ سۆزى تېخى ئاياغلاشمىغانىدى، ئۇنىڭ بېشى شىلىققىدە بىر يانغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ تىنىقتىن توختىغانىدى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىدىكى نۇرلار بارا - بارا ئۆچۈپ ئەبەدىي خىرەلىشىشكە باشلىدى. . .

سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە تارىخچىلار ھەر خىل مەلۇماتلارنى بېرىشىدۇ. شاھ مەھمۇت جوراس ئۆزىنىڭ «تارىخىي رەشىدى. زەيلى» دېگەن كىتابىدا: «. . . قاشتېشىنى تاماشا قىلىشقا كېتىۋېتىپ، جامەدار يېزىسىغا يەتكەندە (تۇيۇقسىز) قازايى - قەدىر يېتىپ ۋاپات بولدى. ئۇ ئاتىسى (سۇلتان سەئىدخان) ھايات ۋاقتىدا ئاقسۇ ۋە مۇغۇلىستاندا بولۇپ ئون يىل پادىشاھلىق قىلدى. ئاتىسى (سۇلتان سەئىدخان) نىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، ئاقسۇ، خوتەن، ھەتتا (پەرغانە) بەدەخشانغىچە مۇستەقىل ھالدا پادىشاھلىق قىلدى. ئەللىك يىل ياشىدى. . .»[1] دەپ يازغان بولسا، موللام مىرسالىھ قەشقەرى: «. . . خان قەلەندەر بولۇپ يۈرۈر ئىدىلەر. سەيرى ئۈچۈن خوتەن (گە) بارىپ ئىدىلەر. سەھرايى فانىدىن مەنزىلى - جاۋىدانىنى مەيىل قىلدىلەر. يىگىرمە يىل سۇلتان سەئىدخان ئىستىئىلان خان بولدى. (سۇلتان ئابدۇرەشىدخان) تارىختا ھىجرى توققۇز يۈز قىرقىدا[2] يىل

① بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن شاھ مەھمۇت جوراسىنىڭ «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دېگەن كىتابىغا قارالسۇن. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 - يىل، 9 - ئاي 1 - نەشرى 19- بەت.

② مىلادى 1533 - يىلى.

باش كۆنى خان بولدىلەر، توققۇز يۈز ئاتمىش يەتتە (ھىجرى) دە ئەبدۇرەشىدخان ۋاپات بولدىلار. يىگىرمە يەتتە يىل پادىشاھلىق قىلدىلەر. قىرىق توققۇز يىل ئالتە ئاي ئۆمۈر كۆردىلەر. ‹قالوئىننالىللاھى ۋە ئىننائىلەيھى راجىئون!›»[1]

* * *

سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ۋاقىتسىز قازاغا ئۇچرىشى سەئىدىيە مەملىكىتىدە زور داۋالغۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسىمۇ ئەمما مەملىكەتتە يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىقلار ئۇنىڭ ئىستىبداتلىق ۋە قابىلىيەتلىك ئوغلى سۇلتان ئابدۇكەرىم خان تەرىپىدىن تېزلا ئوڭشىۋېلىندى. ئۇ ئۇستازى مۇھەممەت ۋەلى سوپىنىڭ ياردىمى ۋە ئانىسى شاھ سانىيە چۇچۇك خانىمنىڭ قوللىشى ھەمدە خوجا ئابدۇللا ۋەزىر، مىرزا مۇھەممەت يەئقۇپ باشلىق ئەمىر ئۆل ـ ئۆمەرالار، بەگ ـ بېگاتلارنىڭ ھىمايە قىلىشى بىلەن قارانىيەت شاھزادە، قەشقەر نايىبى سوپى سۇلتان باشچىلىقىدىكى زۇلمەت كۈچلىرى سەئىدىيە تەختىگە چاڭگال سېلىشتىن ئىلگىرى سەئىدىيە تەختىدە ئولتۇرۇپ، مەملىكەتدارچىلىق ئىشلىرىنىڭ تىزگىنىنى ئۆز قولى بىلەن جۇڭغۇرۇشقا باشلىدى. «... چۇچۇك خانىم، خوجا ئابدۇللا ۋەزىر، جان مۇھەممەت مىرزا بايرىن، مىرزا فىرۇز بارلاس، مىرزا يەئقۇپ دوغلات، مىرزا ساتقىن ئىشكئاغا باشلىق جەمئىي ئۆمەرالار قۇرۇلتاي قىلىپ، ئەبدۇلكەرىمخاننى خان (قىلىپ) كۆتەردىلەر. ئۆمەرا، ۋۇزەرالار ئىنشا قىلدىلەر. شۇ ئەرايى

[1] بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن موللا مىرسالىھ قەشقەرىنىڭ «چىڭگىزنامە» دېگەن كىتابىغا قاراڭ. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1985 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى. 109 ـ، 110 ـ بەتلەر.

قەسىدە ئۆتكۈزدى......»[①] پۈرسەتنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى كۆرگەن سوپىي سۇلتان دەرھال سۇلتان ئابدۇكەرىم خانغا: «سىزنى ئاتىمىزنىڭ ئورنىدا دەپ بىلىمىز، جان ـ دىلىمىز بىلەن سىزگە بويسۇنىمىز» دەپ بەيئەت قىلدى.

سۇلتان ئابدۇكەرىم خان سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ تەخت ساھىبى بولغاندىن كېيىن ھەممىدىن ئاۋۋال ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمىنىڭ سىرىنى ئېنىقلاپ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن مىرزا ئەھمەت بارلاس بىلەن مىرزا مەھمۇت بارلاسلارنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا چاقىرتتى. بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى، مىرزا ئەھمەت بارلاس شوراق قىلىش نامى بىلەن مىرئەنۋار سوپى ۋە موللا مەھمۇت سوپىلارنى قاتتىق قىيناپ ئازابلاپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكتىن، سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئۆلۈمىنىڭ سىرى ۋاقتىنچە يېپىلىپ قالدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇلتان ئابدۇكەرىم خان قەشقەر نايىبى سوپى سۇلتانغا يېڭىسارنىمۇ قوشۇپ باشقۇرۇشقا بۇيرۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قارانىيىتى ۋاقتىنچە تەسكىن تېپىپ، خاتىرجەم بولدى......

* * *

خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشاندىكى غايە ۋە مەرتىۋە ھېرىسمەنلىكى ئالەمگە سىغمىغۇدەك دەرىجىدە زور ئىدى. لېكىن، ئۇ نەمەنگاندا مەرتىۋىسىز قاڭقىپ يۈرگەن ئاشۇ چاغلاردا، ئۆز ھاياتىنىڭ خار ـ زار، يوقسۇللۇق، مەرتىۋىسىز ۋە مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك ئىچىدە ئۆتىدىغانلىقىغا ۋاقىتسىز

① بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن شاھ مۇھەممەت جوراسنىڭ «تارىخىي رەشىدى. زەيلى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 23 ـ ، 24 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن. بۇ كىتاب «سەئىدىيە خانىدانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دېگەن نام بىلەن قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1985 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

ئىشىنىپ، تۇرلۇك قىسمەت سەۋدالىرىغا قىيىداپ يۈردى. ئۇ ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىدىن نەپرەتلىنەتتى. ئاتىسىدىن ئۇنىڭغا مىراس قالغان ئىشانكالانلىق مەرتىۋىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇددى تۈگىتىپ ئىچىۋېتىشكە مەڭگۈ مۇۋەپپەق بولغىلى بولمايدىغان بىر قەدەھ مەيگە ئوخشاش تۇيۇلاتتى. شۇڭا، ئۇ مەي قۇيۇلغان بۇ قەدەھكە لېۋىنى تەگكۈزۈشنى پەسكەشلىك دەپ ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا، تەرىقەتكە ئوخشاش كىشىلىك ھاياتىمۇ ئوتتۇرا يول يوق ئىدى. يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە مۇشەررەپ بولغانلار مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلار بولۇپ ھېسابلىناتتى. مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان ئادەم ئۈچۈن بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا تەمتىرەپ يۈرمەكتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

ئۇ دەھبىدىنكى ئۆيىدە بۇزرۇكۋار ئاتىسى مەخدۇم ئەزەمنىڭ قولىدىن نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ ئىشانكالانلىق ئىرشاتنامىسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، ئىشانكالانلىق داستار ـ پەرجىسىنى كىيگەن ۋە خاس مۇرىتلار تەرىپىدىن «پىر ئەزەم» دەپ ئالقىشلانغان بولسىمۇ بىراق دەھبىد مۇلكىي قەشقەرىيە ئەمەس ئىدى. پەقەت مۇلكىي قەشقەرىيە ھۇدۇتلۇقى ئىچىدە ئۇنىڭ «ئىشانكالان» لىق مەرتىۋىسى كەڭ مۇرىت ـ مۇرشىدلار تەرىپىدىن تولۇق ئېتىراپ قىلىنغاندىلا، ئاندىن ئۇ ھەقىقىي يوسۇندا نەقشىبەندىيە تەرىقىتىگە «پىرئەزەم» بولغان بولاتتى.

ئۇ ھەزرىتى سۇلتان مازىرىدا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى يوشۇرۇپ «مۇھەممەتئىمىن دىۋانە» دېگەن نام ئاستىدا ئىستىقامەت قىلىپ يۈرگەن ئاشۇ كۈنلەردە، تەقدىر ـ قىسمەت ئۇنى ئۆزىنىڭ ئاتا دۈشمىنى بولغان شەيخ خوجا مۇھەممەت شېرىپ ئىشانىنىڭ قولىغا قارام قىلىپ قويدى. ئۇ مەرتىۋىلىك ۋە بەختىيار كىشىلەرنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەخت ـ سائادەتلىرىنىڭ ئۇۋاقلىرى بىلەن بەختىيار بولۇشقا تىرىشىدىغان ئادەملەردىن قاتتىق يىرگەنسىمۇ، ئەمما، ئۇ يەنە

ئاشۇ ھەزرىتى شەيخ دەپ ئاتىلىدىغان خوجا مۇھەممەت شېرىپ ئىشانىنىڭ قولىدىن سوپى ۋەكىلىلىك ئېرىشاتنامىسىنى ئېلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. ئەلھال، ئۇ نېمىلا بولسۇن خوجا مۇھەممەت شېرىپ ئىشان تەرەپدارلىرىنىڭ تەقىبىدىن قۇتۇلۇپ، ئاسمىنى كەڭ مەكىت - دولان يۇرتىغا ئامان - ئېسەن كېلىۋالدى. مانا ئەمدى گاھ شېھىد دۆڭ دېگەن يەردىكى ئىگە - چاقىسىز، ياشانغان بىر تۇل خوتۇننىڭ ئۆيىدە يېتىپ - قوپۇپ ئىستىقامەت قىلسا، گاھ چۆلدىكى يالغۇز بۇتخانىدەك مۇشۇ يېگانە ئۆيىدە يېتىپ - قوپۇپ، ھۆل - يېغىن، بوران - چاپقۇنغا قارىماي، سوپى ۋەكىللىك ئېرىشاتنامىسىنى قولتۇقلاپ، ئاچقان، ھارغىنىغا ۋايسىماستىن، ھەر قايسى تۇنەكخانا، خانىقا ۋە قەدەم جايلارنىڭ ئارىلىقىدا قاتراپ يۈردى. بىراق، ئۇنى تۇگەشتۈرۈۋاتقان نەرسە ئەسلىدە جىسمانىي جەھەتتىكى ھارغىنلىق ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆزىنى كۈندىن - كۈنگە چۈشكۈنلىشىۋاتقاندەك، ھەتتە سەزگۈر غۇرۇرىدىنمۇ ئايرىلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى.

ئۇ مەكىت - دولان يۇرتىدا گەرچە نامدا خوجا مۇھەممەت شېرىپ ئىشان تەرىقىتى بىلەن شۇغۇللانسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆز سۇلۇكىنىڭ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشتى. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي بۇ تىرىشچانلىقىنىڭمۇ شامالغا سورۇلۇۋاتقانلىقىنى سەزدى. بۇ يەردىمۇ خۇددى قەشقەردىكىدەكلا خوجا تەقىبى ناھايىتى ئېغىر ئىدى. ئۇ ئاسمىنى كەڭ بولغان مۇشۇ مەكىت - دولان يۇرتىدىمۇ خوجا مۇھەممەت شېرىپ ئىشان تەرەپدارلىرىنىڭ قاتتىق نازارىتى ئاستىدا سۇلۇك تەرغىباتىنى ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر ئىدى. ئۇنىڭ ھەر بىر قەدىمى ۋە ھەر بىر سۆز - ھەرىكىتى يۈزلىگەن ھوشيار كۆزلەرنىڭ تەقىبى ئاستىغا ئېلىنغانىدى. شۇڭا، ئۇزاق ئۆتمەيلا، مەكىت - دولان يۇرتىدىكى ھاياتمۇ ئۇنىڭغا دەھىبىدىتىكىدىنمۇ بەتتەر مەنىسىز

تۇيۇلۇشقا باشلىدى «بۇ يەردىن كەتسەممىكىن، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — ھېچبولمىغاندا، بىر نەچچە يىل بولسىمۇ ئاقسۇ تەرەپكە كەتسەممىكىن. ئاقسۇ خەلقى پاراكەندە خەلق. شۇڭا ئۇ يەرگە سىڭىپ كەتمەكمۇ ئوڭاي. . . ھەي، ئانام رەھمەتلىك مېنى نېمىشقا قۇش قىلىپ تۇغمىغان بولغىيتتى؟ قۇش بولغان بولسام، قاناتلىرىمنى كېرىپ ئۇچاتتىم. ھارغىنىمدا دەرەخ شاخلىرىغا، تاملارنىڭ ئۇستىگە قونۇپ دېمىمنى ئالغان بولاتتىم. ئۇسسىسام دەريا ـ ھاۋزىلارغا، قورسىقىم ئاچسا، خۇدادىن باشقا ئىگىسى بولمىغان باغۇ ـ بوستانلارغا قونۇپ ئۆتەتتىم. بۇ نېمىدېگەن ھۇزۇرلۇق ياخشى ساياھەت بولغان بولاتتى ـ ھە؟! . . .»

ئۇ ئاخىر شېھىد دۆڭنى تاشلاپ، دولان ـ ئاقسۇ چېگرىسىدىكى مۇشۇ قۇمبۇلاققا قېچىپ كېلىۋالدى. ئۆتكەن يىلى① تەقدىر ئۇنى ئىبراھىم سۇلتان دەپ ئاتالغان سوپى سۇلتان بىلەن ئۇچراشتۇرغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن خېلى سىر ـ ئەسرارلىشىپ تونۇشقان بولسىمۇ ئەمما بۇ ئۇچرىشىش ئۇنىڭغا ئامەت ۋە ئارزۇ ئېلىپ كېلەلمىدى. بەلكى، ئۇنىڭدىكى بۇنداق مەيۇس ئۇمىدسىزلىك تېز سۇرئەت بىلەن كۇچەيسە كۇچەيدىكى، ئاجىزلاشمىدى. بىراق كۇتۇلمىگەندە، خوجا مۇھەممەت شېرىپ ئىشان ۋە سۇلتان ئابدۇرەشىدخانلارنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلۈپ كېتىشى، بولۇپمۇ قەشقەردە يۈز بەرگەن مىرزا زېرەك دەرۋىش ۋەقەسى ئۇنى ئويلىمىغان يەردىن زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتۇردى. . .

* * *

سوپى سۇلتان دارۇلسەلتەنەت يەكەندىن قەشقەرگە قايتىپ

① مىلادى 1559 ـ يىلى.

كەلگەندىن كېيىن دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ قالغان كۆڭلى ئۇرنىغا كەلدى. ئاكىسى، سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ هازىرقى هۆكۈمدارى سۇلتان ئابدۇكەرىم خاننىڭ پەقەت خوتەن هاكىمى ئەهمەت بارلاسنى تەركە قىلىپ، ئۆزىنى تەركە قىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ۋۇجۇدىدىكى مەغرۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق ۋە قارانىيەت قۇشى ئۇنىڭ مېڭە ئۇۋىسىدا باشقىلاتىن تۇخۇم بېسىشقا باشلىدى. تەخت ساهىبلىق تەمەسىنىڭ ئوت يالقۇنى ئۇنىڭ دىمىغىدا پىكىۋاشتىن دۇت ئېلىپ بىقسىپ تۇتەپ يانغىلى تۇردى.

سۇلتان ئابدۇكەرىم خان سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ تەخت ساهىبى بولغاندىن كېيىن دەرهال ئاتىسىنىڭ قان ـ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن، پىتنىچىلەرنى تەركە قىلىپ بېسىقتۇرۇشقا كىرىشتى. مىرزا مەهمۇت بارلاس بىلەن مىرزا ئەهمەت بارلاسلارنىڭ بۇ قانلىق ۋەقە بىلەن چېتىشلىقى بار ئىكەنلىكى سېزىلگەندىن كېيىن سۇلتان ئابدۇكەرىم خان ئۇلارنى مەككىگە يولغا سېلىش نامى بىلەن تۇتۇپ كاللىسىنى ئالدى. سوپى سۇلتانغا هازىرغىچە تەگمەسلىكنى قارار قىلدى.

* * *

شۇ چاغلاردا قەشقەر بەشكېرەمدە مىرزا زېرەك دەيدىغان جەزبىسى كۈچلۈك مەشهۇر بىر دەرۋىش بار ئىدى. كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا: «ئابدۇكەرىم خان مەزكۇر مىرزا زېرەك خانىقادىكى چاغدا ئۇنىڭ سۆهبىتىنى خالاپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ سالام قىپتىكەن، مىرزا زېرەك: ‹كەلسىلە! ماڭا تەزىم قىلغۇدەك سۇلتان ئەمەسمەن. مەن سىلىنى قوشاقچىنىڭ كىچىك ئوغلىمىكىن دەپ ئويلاپتىمەن. ئەسلىدە سىلى ئىكەنلا، دىنىنىڭ كاتتىلىرى (ئاللا ئۇلارنىڭ روهلىرىنى پاك قىلغاي) ئۆزلىرىنى

خانلىق مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈشتى، ۋاقىپ بولۇپ قالغايلا!»، دەپ دۇئا قىلغانىكەن. سۇلتان ئابدۇركەرىم خان ئۇنىڭ دۇئاسىنىڭ بەركىتى بىلەن سەئىدىيە تەختىگە مۇشەررەپ بولغان» دېگەن رىۋايەت كەڭ تارقىلىپ يۈرەتتى.[1] ئۇنىڭ «قوشاقچى» دېگىنى سۇلتان ئابدۇرەشىدخانغا قارىتىپ ئېيتىلغانىدى. بۇ چاغدا، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان تېخى هايات ئىدى.

سوپى سۇلتان ئۆزىنىڭ قارا نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغانلىقىدىن نائىلاج، «ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە، ئۇر توقۇمنى» دېگەندەك، ئۆچىنى مىرزا زېرەك دەرۋىشتىن ئالماقچى بولدى. .

بىر كۈنى، سوپى سۇلتان ئۆز مۇلازىملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ بازار ئارىلاپ يۈرۈپ، بازاردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئىككى دەرۋىش بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئۇلار ئۇستىگە دەرۋىشلىك جەندىسى ۋە كۇلاھ كىيىۋالغان بولۇپ، بىر ـ بىرىگە هەم دوست بۇرادەر، هەمنەپەس ۋە سىرداش، هەم بىر ـ بىرىگە مېھرىبان ۋە غەمگۇزار ئىدى.

سوپى سۇلتان ئۇلارنى ئالدىغا چاقىرتتى ۋە:

— سېنىڭ بۇ هەمراهىڭ بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىڭ بار؟ — دەپ سورىدى دەرۋىشلەرنىڭ ئارىسىدىكى بىرىدىن.

— بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى مۇناسىۋەت، — دەپ جاۋاب بەردى هېلىقى دەرۋىش ئۇنىڭغا، — دوستلۇق، بۇرادەرلىك، هەمدەملىك، هەمكارلىق، هەمنەپەسلىك ۋە بىر ـ بىرىمىزگە يار ـ يۆلەكتە بولۇش، بارچە ئىشتا ئورتاق بولۇش مۇناسىۋىتىدۇر.

---

[1] بۇ هەقتىكى تەپسىلاتلار ئۇچۇن موللا مىرسالىھ قەشقەرىنىڭ «چىڭگىزنامە» دېگەن كىتابىنىڭ 112 ـ، 113 ـ بەتلەرگە قارالسۇن. بۇ كىتاب قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1988 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

— ھەي سالپى ـ ساپاق، قېنى ئېيتچۇ، — دېدى يەنە سوپى سۇلتان، — ياخشىلىق جەھەتتە مەن ئارتۇقمۇ ياكى بۇ دوستۇڭمۇ؟

— ئەي بەختىيار كىشى، — دەپ جاۋاب بەردى جەندە كۇلاھ كىيگەن بۇ دەرۋىشمۇ دەرھال، — مەن بۇ دەرۋىش دوستۇم بىلەن سىنىڭ ئەھۋالىڭدىن نېمىنى بىلگەن بولسام شۇنى ئەينەن بايان قىلىمەن. بۇنىڭغا قاراپ ئۆزۈڭ بىر نېمە دېگەيسەن.

— قېنى سۆزلە، — دېدى سوپى سۇلتان ئۇنىڭ نېمە دەيدىغىنىغا قىزىقىپ، — مەن توغرۇلۇق نېمىلەرنى بىلىسەنكىن؟

— ئەي بەختىيار كىشى، ئالدى بىلەن سەن ئۆزۈڭنىڭ ئەھۋالىڭغا قاراپ باققىن. سەن گەرچە بەختلىك ئادەم بولساڭمۇ لېكىن مۇشۇ سۆزۈڭدىن سېنىڭ تەڭرىنىڭ ھىدايىتىدىن بىخەۋەر ئىكەنلىكىڭ چىقىپ تۇرۇپتۇ!

— سەن مېنىڭ كىملىكىمنى بىلەمسەن؟ — دېدى سوپى سۇلتان ئۇنىڭغا دوق قىلىپ تۇرۇپ، — مەن مۇشۇ ئۆلكىنىڭ نايىبى بولۇرمەن. شاھزادە ئىبراھىم سۇلتان دەپ ئاڭلىغانمىدىڭ؟!

— ئوبدان بىلىمەن ئەي تاجدار شاھزادە سوپى سۇلتان! — دېدى دەرۋىش ئۇنى مەنسىتمىگەندەك قىلىپ مىيىقىدا كۈلۈپ تۇرۇپ، — سەن گەرچە بۇ ئەلگە نايىب بولساڭمۇ، لېكىن ھىدايەتنى مەقبۇل كۆردۈڭمۇ؟ ھەق يولغا نايىب بولدۇڭمۇ؟ سېنىڭ تۇرلۇك ناشايان قىلمىشلىرىڭ پۈتكۈل پايتەختكە، پۈتكۈل مۇلكىي قەشقەرىيىگە پۇر كەتتى! قارا، بۇ دەرۋىش گەرچە سەندەك بەختىيار بولمىسىمۇ، پۇچۇق نانغا خار ـ زار بولۇپ يۈرسىمۇ ئەمما ھىدايەتنى ئۆزىگە ئاشىيان تۇتقاندۇر، تەڭرىنىڭ پەرمانىنى ياخشى ئادا قىلىپ كەلگەندۇر! ھەق يولىدىن تاشقىرى قەدەم باسمىغاندۇر! بەلكى ھەقتا ئاللانىڭ

ئەمرىسىز تىن تارتمىغاندۇر. سەنچۇ، ئى بەختىيار شاھزادە، سەن گەرچە قەشقەردەك چوڭ بىر ئەلگە پادىشاھ بولۇپ تۇرۇقلۇق، نەپسىڭ كەينىگە كىرىپ ئەسىر بولدۇڭ. يەنە تېخى باشقىلارنىڭ نېسىۋىسىگە — ساڭا زادىلا تەئەللۇق بولمىغان لوقمىغا قول سۇنۇشقا پېتىندىڭ! بۇ دوستۇم گاداي بولسىمۇ ئەمما نەپسىنى يېڭىپ ئەسىر قىلدى. ھاياتلىق ئالىمىدە ئىككىڭلارنىڭ ئەھۋالى شۇكى، بۇ گادايلىق ۋە موھتاجلىقتا، سەن پادىشاھلىقتا ئولتۇرىسىلەر. ئەمما، ئۆلگەندىن كېيىن بۇ پادىشاھ بولىدۇ، سەن بولساڭ گاداي بولىسەن. چۈنكى، بۇ ھىدايەتنى ئۆزگە تۇغ - ئاشىيان تۇتۇپ، ھەق، توغرا يولدا ماڭدى. سەن بولساڭ غەپلەت ئۇيقۇسىدا غاپىل بولۇپ مەست - سەرمەستلىك بىلەن ھايات كەچۈرۈپ، خىيانەت، تۇزكورلۇقنى ئۆزۈڭگە توغرا كۆردۈڭ.

— يارەببى، يا ئەلھەزەر! — دېدى سوپى سۇلتان ئالاق - جالاق بولۇپ، — ھەيدەڭلار، بۇ تەلۋىنى! بولمىسا ھېلى چىپىپ تاشلايمەن!

بۇ چاغدا غەلۋە خۇمار قەشقەرلىقلەر بۇ ئىككى دەرۋىشنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغانىدى.

— ۋۇي، مىرزا زېرەك دەرۋىشقۇ بۇ؟ — دېيىشەتتى ئۇلار بىر - بىرىگە پىچىرلىشىپ.

— چاپ، سەن ئۆزۈڭنىڭ ئاتىسىنىمۇ زەھەر - زۇقۇم قىلىپ ئۆلتۈرگەن يەردە، مەندەك خۇدانىڭ ناتىۋان گادىيىنى چىپىش ئەلۋەتتە قولۇڭدىن كېلىدۇ!

ياساۋۇللار يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ، مىرزا زېرەك دېيىلگەن ھېلىقى دەرۋىشكە ئېسىلىشتى. ئۇ ياساۋۇللارنىڭ قولىدىن بوشىنىشقا ئۇرۇنۇپ تىپىرلىغاچ:

— ھە . . . ھەزەر! ئەلھەزەر، سىنىڭدەك ئاتا قاتىلىدىن! — دېدى خىرقىراپ، — بارچە ئەۋلىيا ۋە ئەنبىيالار

ھەققىدە قەسەمياتكى، ئاللانىڭ قەھرىگە ئۇچرايسەن، بىلەمسەن، يەر يۇتىدۇ سىنى!

— كۆتىگە تىپىپ شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىڭلار بۇ ئىچىمەلنى! — دەپ ۋارقىرىدى جىيلە بولغىنىدىن ئۆز گۆشىنى يىگۇدەك بولۇپ سوپى سۇلتان. ئۇ مۇشۇ تاپتا يەر يىرىلسا يەرگە كىرىۋالغۇدەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇ مۇلازىملىرىنىمۇ قارىماستىن پېشىنى قاققىنىچە ئاقسارايغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئاقسارايدىكى خابگاھىغا كىرىپ، چوغدەك قىزىق پېشانىسىنى ئالتۇن تەختىنىڭ مۇزدەك يۆلەنچۇكىگە قويدى.

ياساۋۇللار مىرزا زىرەك دەرۋىش بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھىنى ياقىسىدىن تۇتۇپ سۆرىگىنىچە، مۇشتلاپ ياۋاغ دەرۋازىسىنى تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. ئەمما، مىرزا زىرەك دەرۋىش ئاغزىنى قويىۋەتكەندى:

— مەلئۇن، ئاتا قاتىلى! ئاتاڭنىڭ ئەرۋاھىنىڭ قەھرىگە ئۇچرىغايسەن! ئىلاھىم، يەر يۇتقاي سىنى، سېنىڭدەك قارا نىيەتنى! . . .

سوپى سۇلتان خابگاھ ئىچىدە ئۇياق ـ بۇياققا ماڭاتتى. «ئەستاغپۇرۇللا، ئەقلىدىن ئازغان بۇ تەلۋە دەرۋىش قانداق بىلگەندۇ؟ — دەيتتى ئۇ ئۆزىچە چالۋاقاپ، — ئۇنىڭغا بۇ سىرنى كىم ئېيتقاندۇ؟ مەن دەرھال ئۇنى تۇتقۇزۇپ كېلىپ سوراق قىلىپ بىلىشىم كېرەك! ئاتا قاتىلى؟ ئاللانىڭ غەزىپىگە ئۇچرايسەن؟! يەر يۇتىدۇ سىنى؟!! ياﺋاللا، يا رەببى! نېمىدېگەن دەھشەتلىك سۆز بۇ؟ بۇ سىر ئەتىلا پۈتۈن پايتەخت، پۈتۈن مەملىكەتكە پۇر كەتمەسمۇ؟ قانداق قىلىش كېرەك؟ . . . ھە، توغرا، بۇ ئەقلىدىن ئازغان تەلۋە دەرۋىش ئىلمۇ ـ غايىبتىن خەۋەردارمەن، دەپ يۈرۈيمىشقۇ، بۇ خۇدالىق دەۋاسىنى قىلغانلىق بولماي نېمە؟ بۇ گۇناھى ئۇنىڭ كاللىسىنى

تېنىدىن جۇدا قىلدۇرۇشقا تولۇق يېتىدۇ. مەن ئۇنىڭ نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېنىقلاتقۇزاپچۇ، ئاندىن نېمە دەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقىمىز ئۇنىڭ! . . .»

ئۇلۇغلار: «كىشى بىلمىسۇن دېسەڭ، ئۆزۈڭ قىلما!» دەپتىكەن. يەنە: «قىڭغىر ئىش قىرىق يىلدىن كېيىنمۇ بىلىنەر» دېگەنىكەن. سوپى سۇلتان ئۆزىنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىنىڭ ئاشكارىلىنىپ، چاۋىسىنىڭ چىتقا مۇنداق تېز يېيىلىشىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغان بولغىدى. كىمكى ئەلدىن ئىنساب تەلەپ قىلىپ، ئۆزى ئىنساپ قىلمىسا، ئۇ مۇتلەق نائىنساپدۇر. ئىنسابسىز كىشىدىن هايۋان ياخشىراقتۇر. شۇڭا، ئاتا ـ بوۋىلار ئىنساپسىزلارنى ئادەم قاتارىدىن چىقىرىۋېتىشكەنىدى! سوپى سۇلتان دەل مۇشۇ مەقامدىكى ئادەملەرگە تىمسال ئىدى!

* * *

بۇ كۈز پەسلىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. بەشكېرەم جامەسىنىڭ ئالدىدىكى كۆلدە بىر قەۋەت ئەينەكتەك مۇز تۇتقانىدى.

سوپى سۇلتان ئادەملىرىگە بۇيرۇپ، مىرزا زېرەك دەرۋىشنى ئىستىقامەت قىلىۋاتقان يېرىدىن تۇتقۇزۇپ كەلدى.

— ئەي نەپرەتلىك جۇلدۇركېپەن! — دەپ قەھر قىلدى سوپى سۇلتان ئۇنى كۆرۈپ، — ئاڭلىسام ئىلمۇغايىبتىن خەۋەردار ئىمىش سەن!

— شۇنداق، — دېدى مىرزا زېرەك دەرۋىش بىمالال جاۋاب بېرىپ، — ئى بەختىيار شاھزادە، مەن كىشىلەرنىڭ كەلگۈسىدىن بېشارەت بېرىپلا قالماستىن بەلكى ئۆتمۈشىدىنمۇ جېشارەت بېرەلەيمەن.

ئۇنداق بولسا قېنى ئېيتقىنچۇ، مېنىڭ ئۆتمۈشۈم نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ كەلگۈسىم نېمىدىن بېشارەت بېرىدۇ؟

— ئى بەختىيار شاھزادە، — دېدى مىرزا زېرەك دەرۋىش مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، — بۇ دۇنيا ئىبرەت بىلەن تولغان، شۇنىڭدەك ئىبرەت ئالمىغۇچىلارنىڭ كۆز ياشلىرى بىلەنمۇ تولغان. نەپسى ـ تەمە — ئاچكۆزلەرنىڭ جورىسى. ئاچكۆزلەرنىڭ نەپسى — تەمەدىن ھەرگىز ئايرىلالمايدۇ. چۈنكى، ئادەملەرنىڭ ئىختىيارلىق تىزگىنى نەپسى ـ تەمە ئىلكىدىلا بولىدىكەن، شەيتان ئۇنىڭغا ئادەتتىكى بىر شاگىرت بولۇپ قالىدۇ. مانا، ئۆزۈڭمۇ كۆرۈپ تۇرۇپسەن، سېنىڭدىكى نەپسى ـ تەمە كۆڭلۈڭگە شۇ قەدەر مەغرۇرلۇقنى ئورنىتىپتۇ، مەنىۋىيىتىڭگە ھېسابسىز زىيان ساپتۇ. بۇنى كۆرگەن شەيتانمۇ ھەيرانۇھەس بولۇپ، ھەسرەت ـ نادامەت ۋادىسىدا سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپتۇ؛ ئادەمنىڭ نەپسى قايسى ئىش بىلەن مۇرادىغا يەتكەن بولسا، شەيتانمۇ دەل شۇ ئىشتىن ئارزۇ ۋىسالىغا قانغان بولىدۇ. چۈنكى، شەيتان قانداق ئىشنى قىلىشنى ئارزۇ قىلغان بولسا، ئادەمنىڭ نەپسى ـ تەمەسىمۇ ئۇنى ۋەسۋەسىگە سېلىپ مۇشۇ ئىشنى ئاللىقاچان ۋۇجۇدقا كەلتۈرگۈزگەن بولىدۇ! شۇڭا، سېنىڭ نەپسىڭدە يۈزلىگەن شەيتاننىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرى ئورۇن ئالغان. بولمىسا، ئۆزۈڭگە مەنسۇپ بولمىغان تەختنى تالىشىپ، ئۆز ئاتاڭغا سۇيىقەست قىلىپ، ئۇنىڭ ھايات شېمىنى بىمەھەل ئۆچۈرەرمىدىڭ؟! بىلىپ قال، بۇ سېنىڭ ئۆتمۈشۈڭدىن مەن بېرىدىغان بېشارەت!

— بولدى، بەس! ئارتۇقچە سۆزلىمە! — دەپ ۋارقىرىدى سوپى سۇلتان ئۇنىڭغا قول شىلتىپ.

— ئى بەختىيار شاھزادە، سېنىڭ كەلگۈسىڭدىن بېشارەت بېرىشىمنى ئاڭلاپ باققىڭ يوقمۇ؟

— . . .

— ئۇلۇغلار: «ئەي ھىيلىگەر، ساختىپەز كىشىلەر! سىلەر ھىيلىگەرلىك بىلەن شۇنچە مال - دۇنيا توپلايسىلەر، سىلەر يىغقان بۇ مال - دۇنيالار خوتۇنۇڭلارنىڭ كېيىنكى ئېرى ئۈچۈنمۇ؟» دەپ ئېيتىشمىغانمىدى؟ شۇڭا، ئى بەختىيار شاھزادە، مۇبادا سېنىڭدىكى ھېرىسمەنلىك ۋە ھەۋەس خامانلىرى كۆككە سورۇلمىسا، مىڭەڭدىكى نەپسانىيەت ۋە ھاۋايۇ - ھەۋەس قەسرى يېقىتىلمىسا، ئۇ ھالدا سەن نادانلىق شارابى بىلەن داۋاملىق مەست - سەرمەست بولۇپ يۈرۈۋېرىسەن. ئاخىردا، تەكەببۇرلۇق ھەۋەسلىرى دىمىغىڭدىن تۈتۈن چىقىرىپ، ئىنتايىن جاھىل، ئىنتايىن نادان، ئىنتايىن ئەخمەق ۋە ئىنتايىن باشباشتاق ھۆكۈمدارغا ئايلىنىپ قالىسەن. گەرچە سېنى ھەر ۋاقىت يامانلىقتىن قول ئۈزۈشكە دەۋەت قىلغۇچى ئۇلۇغ ئاللا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ساڭا سادىقلىق، راستچىللىق بىلەن شۇ قەدەر توغرا، چىن ۋە خالىس ياردەم قىلسىمۇ، ھەتتا ئۇ ئەلچىلىك خەزىنىسىنىڭ سىرلىرىنى بىلگۈچى ۋە پەيغەمبەرلىك سىرلىرىدىن مۆجىزە كۆرسەتكۈچى بولغان تەقدىردىمۇ، سېنىڭ كۆزۈڭ باشتىن ئەسلىدىنلا كور بولغانلىقتىن، رەسۇلۇللانىڭ بۇ ئاجايىباتلىرىنى سېھىرگەرلىك بىلەن ئوخشاش دەپ قارايسەن. ھەتتا، پەيغەمبەر رەسۇلۇللانىڭ بۇ مۆجىزىلىرىنى «ھىيلە - نەيرەڭ» دەپ ئۆز خاھىشىڭ بىلەن كەمسىتىسەن. شۇڭا، «بەتبەخت ئانىسىنىڭ قورسىقىدىمۇ يەنىلا بەتبەخت» دېگەن دەلىل بويىچە، بۇ دۇنيادا تەۋقى - لەنەت تۆۋرۈكىگە چارمىخ قىلىنىپ، مەڭگۈلۈك خارلىقتا ئۆتىسەن! ئاخىرەتتە ئەبەدىي دوزاخ ئازابىغا قالىسەن! شۇڭا، قۇرئاندىكى «ئۇلار دوزاخ ئەھلىدۇر. ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ»[1] دېگەن ئايەت سېنىڭدەك ناشۈكۈر ئادەملەر ئۈچۈن نازىل بولغان!

---

[1] قۇرئان كەرىم. سۈرە ئال ئىمران. 116 - ئايەت.

— بۇ تەلۋىنى يالىڭاچلاپ، دەرھال كۆلگە تاشلاڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى سوپى سۇلتان زادىلا چىداپ تۇرالماي، — ھەممىڭلار قولۇڭلارغا ئۇزۇن خادىنى ئېلىپ كۆل ياقىسىدا قاتار تۇرۇڭلار!...

سوپى سۇلتاننىڭ جاللاتلىرى مىرزا زېرەك دەرۋىشنىڭ ئۇستىدىكى ئىگىن - لىباسلىرىنى بەدىنىدىن سويۇپ ئېلىپ، قىپيالىڭاچلىغاندىن كېيىن ئۇنى كۆلگە تاشلىدى. مۇزدەك كۆل سۇيىگە تاشلانغان مىرزا زېرەك دەرۋىش نەشتەردەك سانچىلىۋاتقان ئاچچىق سوغۇقنىڭ دەستىدىن ھوشىدىن كېتىشكە تاسلا قالدى. ئۇ قىرغاققا چىقماقچى بولۇپ، كۆلنىڭ لېۋىگە ياماشقانىدى، سوپى سۇلتاننىڭ ئادەملىرى قوللىرىدىكى خادا تاياق بىلەن ئۇنى ئۇرۇپ، زادىلا يېقىن كەلتۈرگىلى قويمىدى.

— ئى بەتبەخت شاھزادە، — دەپ قارغىدى سوغۇقتىن قاتتىق مۇزلاپ كەتكەن مىرزا زېرەك دەرۋىش، — مېنى بۇنداق ئازابلىما، ماڭا زۇلۇم سالما! سېنىڭ باتىنىڭمۇ ئەسلىدىن كور ئىدى. ئەمدى زاھىرى كۆزۈڭمۇ كور بولۇر!

— ئى تەلۋە، سەن: «ئىلمۇ غايىبتىن خەۋەردارمەن» دېمىگەنمىدىڭ؟ — دېدى قىرغاقتا ئۇنىڭ سوغۇق ئاۋازىدا جان تالىشىشىنى تاماشا قىلىۋاتقان سوپى سۇلتان ئۇنى زاڭلىق قىلىپ، — ئەجەبا، ئۆزۈڭنىڭ سوغۇق كۆل سۇيىدە غەرق بولىدىغانلىقىڭنى بىلمىگەن بولساڭ— ھە؟! خۇدالىق دەۋاسىنى قىلغان سېنىڭدەك تەلۋە دەرۋىشنىڭ قارغىشى ماڭا قانچىلىك تەسىر قىلالىسۇن؟

— ھەي سوپى سۇلتان! — دەپ ۋارقىرىدى مىرزا زېرەك دەرۋىش بارلىق كۈچىنى يىغىپ تۇرۇپ، — سەن ئاتا قاتىلى، شەيتاننىڭ دېگىنى بويىچە ئەڭ ئېپلاس قىلىقنى قىلىۋاتىسەن. تەڭرىتائاللانىڭ قاتتىق غەزىپىگە ئۇچرىغايسەن، ھەر ئىككىلا ئالەمدە ئەبەدىي قارا يۈز بولغايسەن! تەڭرى سېنىڭدەك

شەيتانىيلار توغرىسىدا قۇرئاندا: «سىلەر ھەقىقەتەن قەبىھ ئىش قىلىۋاتىسىلەر. سىلەردىن ئىلگىرى جاھان ئەھلىدىن بىرمۇ مۇنداق قەبىھ ئىشنى قىلغان ئەمەس!»[1] دېيىلگەن.

سوپى سۇلتان ئادەملەرگە مىرزا زىيرەك دەرۋىشنى قىلچىمۇ رەھىم - شەپقەت قىلماستىن داۋاملىق ئۇرۇپ ئازابلاشنى بۇيرۇدى. ئۇ ئاخىر ھالسىزلىنىپ نېپىز بىر قەۋەت مۇزنىڭ ئۈستىگە بېشىنى قويغان پېتى يېتىپ قالدى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئاستا - ئاستا جىمىدى ۋە قايتا سۆز قىلمىدى، ئاخىر جان ئالغۇچى ئەزرائىل كېلىپ، ئۇنىڭ روھ قۇشىنى بەدەن قەپىزىدىن چىقىرىپ، تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا ئۇچۇرۇۋەتتى.

* * *

مىرزا زىيرەك دەرۋىشنىڭ سوپى سۇلتان تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە ئازابلاپ ئۆلتۈرۈلۈشى — قەشقەر مۇزاپىتىدىكى كەڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى.

بۇ ئىش يۈز بېرىپ توقسان كۈن ئۆتكەندىن كېيىن مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن خالايىق جۈمە نامىزىدىن يېنىپ دارۇلسەلتەنەت يەكەندىكى خان ئوردىسى — ئاقسارايىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توپلاندى. غەزەپلەنگەن ئالامان سۇلتان ئابدۇكەرىم خان بىلەن ھازىرنىڭ ئۆزىدە كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋېلىشتى. ئالامانىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، سۇلتان ئابدۇكەرىم خان نائىلاج ئاقسارايىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا چىقتى.

— ئى خالايىق، نېمە ئىلتىجا - تەلەپلىرىڭلار بولسا، مانا بىز بەجا كەلتۈرگەيمىز! — دېدى سۇلتان ئابدۇكەرىم خان قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپ، — ئەل - يۇرتنىڭ تىنچ - ئاسايىشلىقى

[1] قۇرئان كەرىم. سۈرە ئەنكەبۇت. 28 - ئايەت.

ھەممىدىن ئەلادۇر! شۇڭا، غوۋغا قىلماي، بىر - بىرلەپ سۆزلەڭلار!

بۇ چاغدا ئاقسارايىنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا بىر مويسىپىت ئادەمنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ياڭرىدى:

— پۈتكۈل مۇسۇلمانلار ئېلىنىڭ ئىززىتىگە سازاۋەر بولغان ھۆرمەتلىك شاھى ئادىل! — دەپ سۆزلىدى ئۇ، — سىزنىڭ ھەزرىتى رەشىدىل شاھى ئەزەم ئالدىدا: «ئەل - يۇرتنى ئەدلۇ - ئادالەت بىلەن سورىغايمەن!» دەپ قەسەم بەرگەنلىكىڭىزنى ئاڭلىغانلىقىمىز! قېنى ئۇ ئادالەت؟ ئى پادىشاھى ئالەم، پۇقرائى — پەقىرلەرنىڭ روزىگارىنىڭ قانداق بولۇشى سىزنىڭ مەملىكەتنى قانداق سورىغانلىقىڭىزغا باغلىقتۇر. ئەجەبا، سىز ئۆزىڭىزنىڭ قول ئاستىڭىزدىكى قەشقەر ھۇدۇتلۇقىدا كۆپكۆندۈزدىلا ئاشۇنچىۋالا ۋەھشىيلىكلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە يول قويغان بولسىڭىز؟! ئەگەر، سىز ھەقىقەتەن ھىدايەتنى ئاشىيان تۇتقان مۇسۇلمانپەرۋەر ئادالەتلىك پادىشاھ بولسىڭىز، تەرىقەت ئەھلىگە ياۋۇزلارچە زىيانكەشلىك قىلغۇچى ئاشۇ زالىملارنى ئوردىدىن تازىلىغايسىز. پۇقرائى - پەقىرلەرگە ئازار بەرگۈچىلەرنىڭ جازاسىنى تەخىرسىز بەرگەيسىز، پۇقرالار سىزدىن رازى بولسا، ئاللامۇ سىزدىن رازى بولۇر!

— ئى ھۆرمەتلىك مويسىپىت، سىز كىم بولۇرسىز! — دەپ سورىدى سۇلتان ئابدۇكەرىم خان بۇ ناتونۇش كىشىدىن، — بىز ئەجەب سىزنى تونۇمايدىكەنمىزغۇ؟

— ھۆرمەتلىك شاھى ئادىل، — دېدى ھېلىقى مويسىپىت، — ئەگەر بىلمەسىڭىز، بىلىپ قېلىڭ، مەن تەرىقەت ئەھلىنىڭ پېشىۋاسى، نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ پىرى مەخدۇم ئەزەمنىڭ ۋارىسى، ھازىرقى نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ ئىشانكالانى خوجىزادە مۇھەممەتئىمىن خوجا بولۇرمەن!

خالايىق ئىچىدە غۇلغۇلا باشلاندى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى

چوڭ ياشتىكىلەرنىڭ ئىپسىدە قالغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئادەملەر مەخدۇم ئەزەمنىڭ كىملىكىنى بىلمەيتتى، مۇھەممەتئىمىن خوجا دېگەننى تېخىمۇ بىلمەيتتى. ئەلۋەتتە!

— ئى ئەھلى مۇرىتلار، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئۆزىنى ئىشانكالان مۇھەممەتئىمىن خوجا دەپ ئاتىغان ھېلىقى موپسىپىت، — مەخدۇم ئەزەم قەددەسە روھەھۇ بۇرھانەھۇ مېنى سىلەرگە قۇتبىل ئەقتاب قىلىپ ئەۋەتتى.

— يالغان! ئۇنىڭ دېگىنىگە ئىشەنمەڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى بۇ چاغدا، توپنىڭ ئىچىدە بىرەيلەن. ئۇ مۇھەممەت ۋەلى سوپىنىڭ مۇرىتلىرىدىن بىرى ئىدى، — ئىشانكالانلىق دەستىكىنى قېنى؟ ھازىرنىڭ ئۆزىدە بىزگە كۆرسىتىسەن، بولمىسا يۈزۈڭگە قارا سۈرتۈلۈپ، رەسۋايى ـ ئەزىم بولىسەن!

خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان قىلچىمۇ ھودۇقمىدى. چۈنكى ئۇ ئوتتۇز يىلنىڭ ئالدىدىكى تەجرىبىسىز ئىشان ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە!

ئۇ قوينىدىن ئىشانكالانلىق ئىرشاتنامىسىنى بىسمالال چىقىرىپ خالايىققا تەكشى كۆرسىتىۋەتكەندىن كېيىن ھېلىقى ئۆكتىچى بىلەن قىلچىمۇ كارى بولماستىن، سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— ئى ھەزرىتى شاھى سۇلتان ئادىلى، — دېدى ئۇ، — ھەر كىمنىڭ ئەسلى زاتىدا كۈپۈرلۈقنىڭ ئەسكىلىكى بار بولسا، ھەر خىل ئىلىملەرنى ئۆگىنىش بىلەن ئۇنى ئوبدان مۇسۇلمان قىلىش مۇمكىن ئەمەس. خۇددى قارا تاشنى قىزىل قان بىلەن بويىسا، رەڭگى قىزارغىنى بىلەن، بەدەخشان ياقۇتىغا ئايلىنالمىغانلىقىغا ئوخشاش، تۇتىقۇشقا سۆز ئۆگەتسە، ئۇ ئىنساننىڭ سۆزىنى دورىيالىغىنى بىلەن، ئەمما ئىنسان بولالمايدۇ. ھەر بىر ئۇزۇنتۇرا شىجائەتلىكمەن، دەپ دەۋا

قىلالمايدۇ. چۈنكى، بويى ئېگىز ئۆسكەنلىكى دەرەخنىڭ ھەممىسى سەرۋى بولالمايدۇ. سوپى سۇلتاننىڭ ئەسلى ۋۇجۇدىدا كۈپرانىيلىق ئورۇن ئالغان بولغاچقا، گەرچە ئۇ ھەزرىتى رەشىدىل شاھى ئەزەمنىڭ ئۆز پۇشتىدىن تامغان پەرزەنتى بولسىمۇ ئەمما ئۇنىڭ ئەسلى زاتىدا كۇپۇرلۇقنىڭ ئەسكىلىكى ئورۇن ئالغانلىقتىن، مەلئۇن ئاتا قاتىلىغا ئايلاندى ۋە تەرىقەت ئەھلىگە زۇلۇم سېلىپ، بىگۇناھ نەقشىبەندىيە مۇرىتلىرىنى خارلاپ، مىڭ بىر جاپالار بىلەن ۋەھشىيلەرچە ئازابلاپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئى پۇشتىپاناھ، جاۋاب بېرىڭچۇ، مىرزا زېرەك دەرۋىشنىڭ گۇناھى زادى نىمە؟ ئۇ ئۆلۈمگە لايىقمىدى؟

خالايىق تەۋرىنىپ، گۇركىرىشىپ كېتىشتى.

— ئى خالايىق تىنچلىنىڭلار! — دەپ كۆپچىلىككە مۇراجىئەت قىلدى سۇلتان ئابدۇركەرىم خان قولىنى كۆتۈرۈپ، — ئى خالايىق، ھۆرمەتلىك خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشانكالان قەددسەھۇ «ھەر كىمنىڭ ئەسلى زاتىدا كۇپۇرلۇقنىڭ ئەسكىلىكى بار بولسا، ھەر خىل ئىلىملەرنى ئۆگىتىش بىلەن ئۇنى ئوبدان مۇسۇلمان قىلغىلى بولمايدۇ» دەپ ياخشى ئېيتتى. شۇنداق، بىز جەننەتپاناھ ئاتىمىز رەشىدىل شاھى ئەزەمنىڭ تۇيۇقسىز قازا تېپىشىدىكى سىر ـ ئەسرارىنى تېخى تولۇق ئېنىقلاپ بولالمىدۇق. بۇ ئىشقا چېتىشلىقى بولغان خوتەن ھاكىمى ئەمىر ئەھمەت بارلاس بىلەن يەكەن ھاكىمى ئەمىر مەھمۇت بارلاسلارنى قولغا ئالدۇق! نۇرغۇن ئالامەتلەر مەلئۇن شاھزادە سوپى سۇلتاننىڭ بۇ ئىشتا بىۋاستە قولى بار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا. ئەلھال، لەنتى سوپى سۇلتان جىنايەتتىن يەنە قول ئۈزمەي، بىگۇناھ بىر دەرۋىشنى ئۆلتۈرۈپ، گۇناھ ئۈستىگە گۇناھلىق بولدى. بىز ئۇنىڭغا ياساۋۇل ئەۋەتىپ، «دەرھال ياخشىلىقچە دارۇلسەلتەنەت يەركەنگە كەلسۇن! بولمىسا، قىساسى بار مۇرىت ـ مۇرشىدلار ئۇنى مىڭ

بىر ئازابلار بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ!» دېدۇق. ئۇ ئەگەر ھەزرەت ئاتامنىڭ روھىدىن مەدەت تىلەپ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىشنى تىلىسە، بەلكى ھايات قالار!

— ئى خالايىق، — دەپ خىتاب قىلدى ئىشانكالان مۇھەممەتئىمىن خوجا دەرھال، — ئاللاتائالا ئىبراھىم خەلىلۇللاغا ئەمىر قىلىپ، بىر توز، بىر قاغا، بىر ئۆردەك ۋە بىر خورازنى ئۆلتۈرگۈزۈپ قىيما - چىيما قىلغۇزدى. ئاندىن ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ ھېلىقى تۆت جانىۋارنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈردى. ئى خالايىق بىلەمسىلەر، ئاللا تائاللانىڭ بۇ تۆت جانىۋارنى ئۆلتۈرۈپ، قايتا تىرىلدۈرۈشىنىڭ سەۋەبى نېمە ئىدى؟ سەۋەبى شۇكى، توز ھەممىدىن ياسانچۇق ئىدى؛ خوراز شەھۋەتپەرەست ئىدى؛ ئۆردەكنىڭ نەپسى بالا، قاغا نىجاسەتكە ئامراق ئىدى. تەڭرىتائاللا ئادەم بالىسىنى مۇشۇلاردەك بولۇپ قالمىسۇن، نەپسى ئۇچۇن ئۆزىنى بۇلغىمىسۇن، دەپ شۇنداق قىلدى.

— بەرھەق! ھەقدۇست، نەقشىبەندى بەلاگەردان پىرىم! — خالايىقنىڭ ئارىسىدىكى سوپىلىرى ئۇنىڭغا تەڭ دوست تارتىشقا باشلىدى.

خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشانكالان سۆزلىگەنسېرى قىزىدى، سۆزلەر ئۇنىڭ ئاغزىدىن مارجاندەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى:

— سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ شانۇ شەۋكىتى، تاجۇ - دۆلىتى، ئىززەت - ھۆرمىتى ۋە ئەيش - پاراغىتى مەھپۇز قەلەمدە ھەزرىتى سۇلتان ئادىلى ئابدۇكەرىم خاننىڭ قىسمەت سەھىپىسىگە پۈتۈلگەندۇر! ئەييۇھەنناس، ئۇشبۇ ئالەمدە تەقدىر دەپتىرىگە پۈتۈلگەن قىسمەتلەرنى ھەر قانداق ھىيلەيۇ - مىكىر، ھەر قانداق ئەيیارۇ - دەستىگىر مۇتلەق ئۆزگەرتىۋېتەلمەس! مىرزا زېرەك دەرۋىش نەقشىبەندىيە تەرىقىتىگە ئۆزىنى بېغىشلىغان پاك ئىنسان ئىدى، مۇبادا، ئۇنىڭدەك ئادەم ھايات

بولسا ئۇنى پىر تۇتماقلىق كېرەك. ئەگەر ئۆلگەن بولسا ئۇنىڭ ياتقان جايىنى مازار قىلماقلىق لازىمدۇر!

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ سوپىلىرىنىڭ قولىدىن ئىشانكالانلىق داستار ـ پەرىجىلىرىنى كىيىدى ـ دە، زار ـ زار يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئى خالايىق! ئاللاتائاللا ئېيتىدۇركى، ئەلۋەتتە ئامىن مىڭغا يەتسە، تىلاۋىتىڭلار بەسىي ئەجابەت بولۇر. شۇڭا، ھەممىڭلار پۈشمىنى تۇتۇپ، ماڭا ئەگىشىپ ئامىن! دېگەيسىزلەر! مەن ھەزرىتى مەخدۇم ئەزەم قەددىسەھۇ پىرىمدىن مەدەت تىلىگەيمەن. شاھىددۇركى، ئاللا تائاللا ئىجابەت قىلسا، ھەزرىتى قەددەسەھۇ بۇرھانەھۇ مەخدۇم ئەزەم مەدەت قىلسا ئەجەب ئەمەس. سىلەرگە ئۈمىدۇر دەرا ئاتا قىلسا ئەجەب ئەمەس! ـ دېدى.

خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشانكالان بېشىغا كۇلاھۇ ـ داستار ئەگلىگە جەندەيۇ ـ لىباس كىيىپ، خالايىق بىلەن بىللە دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، مەخدۇم ئەزەم پىرىدىن مەدەت تىلەپ مۇنۇ مۇناجاتنى ئوقىدى:

قادىر ئاللاھ ئىگەم مېنىڭ پەناھىم،
نەقشىبەندىيە مەدەت بېرۇر كۇنۇڭدۇر.
سەندىن ئۆزگە يوقتۇر مېنىڭ ئىلاھىم،
نەقشىبەندىيە مەدەت بېرۇر كۇنۇڭدۇر.

ئىككى ئالەمدەدۇرسەن بىرۇ بارىم،
تىرىكنى ئۆلتۈرۇرسەن پەرۋەردىگارىم.
ئۆلۈكنى تىرىلدۇرۇرسەن قادىر ئىلاھىم،
نەقشىبەندىيە مەدەت بېرۇر كۇنۇڭدۇر.

ئىشاندۇرمەن باشىمدادۇر كۇلاھىم،
سەن ـ سەن مېنىڭ ئەۋۋەل ـ ئاخىر پەناھىم.
جاننى تەنگە باغىشلا قادىر ئىلاھىم،

نەقشبەندىيە مەدەت بېرۇر كۆنۈگدۇر.

..................

ئىشانكالان مۇھەممەتئىمىن خوجا مىرزا زىرەك دەرۋىشكە تەزىيە تۇتۇپ، مۇناجات ئېيتىۋاتاتتى، ھەممە خالايىق غۇلغۇلا قىلىشىپ، داد ـ پەرياد كۆتۈرۈشتى:

— ئەيبارا خۇدايا، ئۇل شاھى ئادىل ئابدۇكەرىم خانغا ئۆمرى دەرا ئاتا قىلغىل، ياكى ھەممىمىزنىڭ جانىنى ئالغىل! — دەپ يىغا ـ زار قىلىشتى.

شۇنداق، ھايات شامىلى توختىماي يەلپۈنۈۋېرىدۇ. يىللار بۇ ئۇلۇغ زېمىنغا ئۆزلىرىنىڭ پەسىل ئەلچىلىرى ئارقىلىق قانچە قېتىملاپ يېشىل تون ـ لىباس كىيگۈزۈپ، گۈل ـ چېچەكلەر تاقىمىدى؟ قانچە قېتىم بىپايان يېشىللىقنى قېلىن قار ـ مۇز بىلەن كۆمۈپ تاشلىمىدى؟ ھاياتنىڭ دەرياسىغا يېڭى ـ يېڭى ئېقىنلار قوشۇلدى. قىسقىسى، كۈنلەر كۈنلەرنى، ئايلار ئايلارنى، يىللار يىللارنى قوغلاپ ئۆتۈۋېرىدۇ!...

نەزمە

ئەي فەلەك چەرخىڭ بۇزۇق، كىملەرگە خار قىلدىڭ مېنى،
مەيلى بارۇ مەيلى يوققە ئىنتىزار قىلدىڭ مېنى،
رەغمى ئەنق ئەيلەپ مېنى، كۆپ بەدقىمار قىلدىڭ مېنى،
تۆت تەرەپتىن ئەسىر ئەيلەپ تار ـ مار قىلدىڭ مېنى،
مەززە كەز غەمدە قويۇپ، ۋەقتىمنى تار ـ مار قىلدىڭ مېنى.

— شەھىدى[1]

---

[1] شەھىدى (1918 ـ 1978) — مۇھەممەت روزى داموللام. خوتەن لوپ ناھىيىسىنىڭ جىيا يېزىسىدىن. يەكەن خانلىق مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان.

# ئون ئۇچىنچى باب

## «سەججادۇ بېھىشىن»[1] — خوجا مۇھەممەت ئىسھاق ۋەلىيۇللا

كىمكى ئەلدىن ئىنساپ تەلەپ قىلىپ، ئۆزى ئىنساپ قىلمىسا، ئۇ مۇتلەق نائىنسابتۇر.

— خاتىرەمدىن

**مىلادى** 1561 ـ يىلى (توخۇ يىلى) تومۇز پەسلى.

ئايكۆل مەۋلانەم بۇزرۇگاھدىكى[2] بىر گۇمبەزنىڭ ئىچىدە كىيمىلىرى كونىراپ، ئۆزلۈكىنى يوقاتقان، ساقاللىرى مەيدىسىدىن، چاچلىرى مۇرىسىدىن ئېشىپ پاخپىيىپ تۇرغان ئىككى دەرۋىش پىل ـ پىل قىلىپ ئاران يېنىپ تۇرغان جىنچىراقنىڭ يورۇقىدا باشلىرىنى تەپەككۇر سىنەسىگە ساڭگىلىتىپ، قوللىرىنى تىزلىرىغا قويۇپ، خامۇشلۇق دېڭىزىغا غەرق بولغان، ھەيرانلىق ئالىمىگە پېتىشقان ھالدا سۆھبەت قۇرۇپ ئولتۇرۇشاتتى. جىنچىراغ قارىداپ كەتكەن چىراغپايىنىڭ

---

① سەججادۇ بېھىشىن — جەننەتتەك سەجدىگاھ.

② ئايكۆل مەۋلانەم بۇزرۇگاھ — ئاقسۇ شەھىرىدىكى بىر مەشھۇر مازارگاھنىڭ نامى.

ئۇستىگە قويۇلغان بولۇپ، بۇ ئىككىسىنىڭ غېرىبانە تۇرقىدىن ئۇلارنىڭ يار ـ دىيارىدىن ئايرىلغان، بىنەۋالىق دەردىگە پاتقان، بەختسىزلىك ۋە تەلەيسىزلىك دەردىدە ھەيرانلىق، غەشلىق، نەسلىك ۋە كۇلپەت تۇپرىقىدا سۇلغان ئەمما جاھان كۆرگەن، ھەممە ئىشلاردىن خەۋەردار، تېجىمەل ۋە كاززاپ مەسەللىك مۇغەمبەر كىشىلەردىن ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

كېچە يېرىملاشقان بولسىمۇ ئەمما ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسى قاچقان بولۇپ، پۈتۈن تۈننى ئۆرە ئولتۇرۇپ بىدار ئۆتكۈزمەكچى بولغاندەك قىلىشاتتى.

— ئەي ئۇشتۇر[1] خەلىپە، — دېدى بۇ ئىككى دەرۋىشنىڭ ئارىسىدىكى بىرى، — كاچ پەلەك بىزلەرنى يۇرت ـ ماكانلىرىمىزدىن ئايرىپ، ھەددى ـ ھېسابسىز جەۋر ـ جاپالار ئىچىدە چۆل ـ باياۋانلاردا باش كۆتۈرگىدەك پۇرسەتمۇ بەرمەپتۇ. ئەلھال، تەقدىر ئەزەلى بىزلەرنى خۇددى سەمەرقەند ئالمىسىنى چۆرۈپ تاشلىغاندەك، بۇ يەرگە ئەكېلىپ تاشلىدى. بىزلەرنىڭ بۇ ناتىۋان باشىمىزغا پەلەك گەردىشىدىن يەنە قانداق خاك ـ تۇپراقلارنىڭ چېچىلىشىنى ۋە پىتنە ـ بالالارنىڭ يېغىشىنى بىلمەدۇك!

— ھەق گەپنى قىلدىلا ئى خوجا مۇھەممەت ئىسھاق ۋەلىيۇللا ئىشان، — دەپ خوجىسىنىڭ سۆزىنى ماقۇللىدى ئۇشتۇر خەلىپە دەپ ئاتالغان ھېلىقى دەرۋىش دەرھال، — بىزلەر ئەسلىدە نەمەنگان تەرەپلەردە ھەر كۈنى بىر لوقما تائامنى غەنىمەت بىلىپ، ھەر يىلى كونا بىر لىباسىمىز بىلەن پەخىرلىنىپ يۈرىدىغان پۇشتى ـ پاناھسىز زىندىلەر[2] ئىدۇق. زامانە سەركارلىرى ئوقىغان ئەپسۇن ۋە ئەپسانىلارگە ئالدىنىپ، جاھان سازەندىلىرىنىڭ يالقۇنلۇق ئاۋازلىرى ۋە نەغمە ـ نەۋالىرىغا

---

① ئۇشتۇر — تۆگە دېگەن مەنىدە.
② زىندە — تىرىك، ھايات، بۇ يەردە «تىرىك بەندىلەر» دېگەن مەنىدە كېلىۋاتىدۇ.

ھەۋەس قىلىپ، بوستانلار ئارا مەست ـ ئەلەست بولۇپ يۈردۇق. ئۆمرىمىزنى زايە، مال ـ مۈلۈكلىرىمىزنى نابۇت قىلدۇق. ئاخىر بېشىمىزدا كونا كۆلاھ ـ سەللە، ئۇچىمىزدا يىرتىق جەندە توندىن بۆلەك ھېچنەرسىمىز قالمىدى. ئاچ ـ زېرىنلىق، موھتاج ـ تەڭقىسلىق ۋە تاقەت ـ تەشنالىق دەردىدە لەۋلىرىمىز قۇرۇپ، تىللىرىمىز چاك بولدى. ئاخىر خارابە مەسچىت، ۋەيرانە خانىقانى تاشلاپ، نەمەنگاننى تەرك ئېتىپ، ئاتا مۇلۇكىمىز بولغان قەشقەر مەۋزەئىسىگە كېلىشۋېلىشقا مەجبۇر بولدۇق.

— شۇنداق، نەمەنگان تەرەپلەردە ۋۇجۇد بېشىمىز جاپا ـ خەنجىرىنىڭ زەخمىتى بىلەن مەجرۇھ بولغان، گۈلدەك رۇخسارىمىز باھار چېچىكىدەك سولىشىپ سارغايغان، نەپسى ـ تەمە چەشمىمىز تولىمۇ زەئىپلەشكەنىدى، جاھان گۈلىستانىنىڭ ھەۋىسىدىن كۆزىنى يۇمغانىدى، — دېدى ئىسھاق خوجا مەيۇس ھالدا.

— ئى مەخدۇمزادەم، — دېدى ئۇشتۇر خەلىپە خوجىسىنىڭ كۆڭلىنى ياساشقا ئالدىراپ، — بىزلەر شۇنچە يىراق يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ بۇ يەرگە كەلدۇق. مەن تەنتەنىلىك رەۋىشتە قەسەم ئىچىشىم مۇمكىنكى، يۇسۇپنى قۇدۇقتىن ساق چىقارغان مۆجىزىلەر ئىگىسى بىزلەرگىمۇ مۆجىزىلەر ئاتا قىلسا ئەجەب ئەمەس. چۈنكى، ئۆزىڭىزمۇ ھەر كۈنى مۇشۇنداق مۆجىزىلەرنى كۆرۈپ تۇرغۇچى ۋە ھەتتا مۆجىزە ـ كارامەتلەرنى بەرپا قىلغۇچىغۇ؟

— ھەي، نېمىسىنى دەيسەن ئۇشتۇر خەلىپە، — دېدى ئىسھاق خوجا خورسىنىپ قويغاندىن كېيىن، — بىز ئەسلىدە بۇ ھۇدۇتلۇققا تېچقىنا ياشايمىز دەپ كەلگەنىدۇق. بىراق، بۇ يەرگە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ياۋۇزلۇق كۈچلىرى بىزنى مۇشۇ يەردىمۇ قوغلاپ يەتتى. بۇ ياۋۇزلۇق بىزنىڭ نەسەبىي رەقىبىمىز، نەپرەتلىك خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشاندۇر. بۇ ياۋۇز ئادەم

يىلاننىڭ زەھىرى بىلەن ئۆمۈچۈكنىڭ تاش بېغىرلىقىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن! ئۇ ھەرگىزمۇ بۈزرۈكۋار پەدەرىم مەخدۇم ئەزەمنىڭ پۇشتىدىن تامغان بولماستىن، بەلكى ياغاچنىڭ چىرىگەن يامان يېرىدە ئۆسۈپ چىققىدىغان سېسىق يەر مەدىكىدەك بىر نەرسىدۇر! نە ئىلاج؟ بۇ ھۆدۈتلۇقتا نەپرەتلىك خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشاننىڭ ئىشانىيە سۇلۇكى بىزگە ھەرگىزمۇ كۈن بەرمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەكەن دىيارىدا لەنىتى ئاتا رەقىبىمىز مۇھەممەت شېرىپ ئىشان تۇجۇپىلەپ يېتىشتۇرگەن ئۇۋەيسىيە سۇلۇكىمۇ بىزلەرگە ھەرگىز يول بەرمەس. شۇڭا، بىزلەر كۆڭلىمىزگە رەنجۇ ـ ئازاب يەتمىسۇن، دەپ قەشقەر مەۋزەئىدە تۇرالماي، رىزالىقتىن كامىدىل ھاسىل قىلماقنىڭ كويىدا خوتەن مەۋزەئىسىگە كەتكەن بولساقمۇ، ئۇ يەردىمۇ، قازاننىڭ قۇلىقى تۆت ئىكەن، ئۇ يەردىمۇ رىزالىقتىن كامىدىل ھاسىل قىلماقنىڭ سۈرىتىنى بەسىي تاپالمىدۇق. شۇڭا، نام ـ نومۇسىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ۋاپاسى يوق، جاپاسى كۆپ ئۇل يۇرتتىن باشىمىزنى ئېلىپ چىقىپ كەتتۇق! ئەلھال، سەھرايى ـ قىيامەت بولسىمۇ، بۇ مازاردا ھىممەت ئىزدەپ يۈرمەكتىمىز. ئېنىقكى، ئەزەلدىن تەقدىر قەلىمى پېشانە دەپتىرىمىزگە ئۇشبۇ تەرىقىغە جارى بولغان ئوخشايدۇ، قېنى پۇرسەت كۇتەيلۇق. خۇدايىتائالا بىزگە ئاتا قىلغان تەقدىرىمىزنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرەيلى. قېنى، بۇ روزىگارى ئالەم ئەتىگىچە قايسى رەڭدە بولۇر ئىكىن؟! بۇ بىۋاپا پەلەك بېشىمىزغا يەنە قانداق خاك ـ تۇپراقلارنى ياغدۇراركىن؟!...

بۇ دەرۋىشلەرنىڭ ئارىسىدا خوجا مۇھەممەت ئىسھاق ۋەلىيۇللا ئىشان دەپ ئاتالغىنى — مەخدۇم ئەزەمنىڭ قەشقەرلىق خوتۇنىدىن تۇغۇلغان تۆتىنچى ئوغلى ئىسھاق خوجا ئىدى. ئۇ بۇ خارادا مەدرىسلەردە ئوقۇپ، ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن

كېيىن ھىرات، خوراسان ئەللىرىدە سۇلۇك تەۋرىتىپ يۈردى. ئۇ ئۆز ئالدىغا مەزھەپ تىكلەش ئۈچۈن، ھەتتا تاجىكلار ئارىسىدىمۇ پائالىيەت يۈرگۈزگەنىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ خوجا ئەھمەت يەسەۋىيىنىڭ جەھرىيە① سۇلۇكىنىڭ بەزى ئۇسۇل - مۇراسىمىنى قوبۇل قىلىپ، ھەتتا مەۋلىۋىيە② سۇلۇكىنىڭ پىرىخۇنلۇق - ساما سېلىش ئۇسۇللىرىنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرۈپ، قادىرىيە③ سۇلۇكىنىڭ تەلىماتلىرىنى ئۆزىگە ئۇلگە قىلىپ ئۆز ئالدىغا يېڭى بىر ئۇسلۇپ — ئىسھاقىيە سۇلۇكىنىشەكىللەندۈرگەنىدى. بىراق، ئۇنىڭ بۇ سۇلۇكى پەرغانىدە «بىدئەت» دەپ قارالدى ۋە قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىدى. سەمەرقەندنىڭ ئابرۇيلۇق ئادەملىرىدىن بىرى بولغان چوڭ روھانىي، شەيخۇلئىسلام قاسىم شەيخ بۇخارا ھۆكۈمدارى ئابدۇللا خانغا ئىسھاقىيە سۇلۇكىنى «بىدئەت»، «ئازغۇن ئەقىدە» دەپ جاكارلاشنى تەۋسىيە قىلدى. ئاخىر خوجا مۇھەممەت ئىسھاق ۋەلىيۇللا ئىشان بۇخارا ھۆكۈمدارى ئابدۇللا خان تەرىپىدىن قارشى ئېلىنمايدىغان ئادەم، دەپ جاكارلاندى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەرغانىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى...

مىلادى 1560 - يىلى كۈزدە، خوجا ئىسھاق ئۆزىنىڭ خەلىپە مەسئۇلى ئۇشتۇر خەلىپىنى ئېلىپ، پەرغانىدىن ئانىسىنىڭ ۋەتىنى مۇلكىي قەشقەرىيىگە يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا سەئىدىيە مەملىكىتىدە تەخت ساھىبى ئالماشقان، «رەشىدىل شاھى ئەزەم» دەپ ئاتالغان سۇلتان ئابدۇرەشىدخان قازا قىلىپ كەتكەن، ئورنىغا ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇكەرىم خان سۇلتان بولغانىدى.

خوجا مۇھەممەت ئىسھاق ۋەلىيۇللا ئىشان قەشقەر

---

① ② ③ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام دىنى نەقشبەندىيە مەزھىپىنىڭ تۈرلۈك سۇلۇك - گۇرۇھلىرىنىڭ نامى.

ھۇدۇتلۇقىغا قەدەم باسقاندىن كېيىن ئادەت بويىچە ھەممىدىن ئاۋۋال ئاتۇشتىكى ھەزرىتى سۇلتان مازىرىنى تاۋاپ قىلىشقا كەلدى. بۇ يەرگە ئۇ قىرىق يىلنىڭ ئالدىدا ئاتىسى مەخدۇم ئەزەم بىلەن بىر قېتىم كەلگەن بولۇپ، شۇ چاغلاردا ئۇ ئاران سەككىز ياشلاردا ئىدى.

مازارنىڭ ئىچىدە خوجا مۇھەممەت ئىسھاق ۋەلىيۇللا ئىشان بىلەن ئۇشتۇر خەلىپىدىن باشقا يەنە ئىككى تاۋاپچى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى سېرىق ساقال، سېرىق قاشلىق، بويى ئېگىز رەك كەلگەن ئوتتۇرا ياشلىق بىرىنىڭ ئىسمى موللا ئىبنى يۇسۇپ خوتەنى ئىدى. ئۇ خوتەن دىيارىنىڭ شەيخۇلئىسلامى بولۇپ، خوتەندىن بۇ يەرگە ھەزرىتى سۇلتان مازارىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن كەلگەنىدى. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان سېمىز رەك بىرىنىڭ ئىسمى موللا قاسىم قەشقەرى بولۇپ، قەشقەر جامەسى - ھېيتكار مەسچىتىنىڭ ئىمامى، موللا ئىبنى يۇسۇپ خوتەنىنىڭ يەكەن خانلىق مەدرىسىدىكى ھەمساۋاق بۇرادىرى ئىدى. ئۇلار خوجا مۇھەممەت ئىسھاق ۋەلىيۇللا ئىشانغا كۆز قىرى بىلەن قاراپ قويۇشۇپ، ئاستا پىچىرلاشتى. خوجا مۇھەممەت ئىسھاق ۋەلىيۇللا ئىشانمۇ ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە ھالاقىت بېرىپ قويماي، دەپ ئويلاپ، ئۇلارغا كەينىنى قىلىپ، بىر چەتكە سۇرۇلۇپ ئولتۇردى. بۇلۇڭدىكى پىچىرلىشىپ سۆزلىشىش بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقتى. ئۇ ھەيرانلىق ئىلكىدە ئۆزىگە تىكىلگەن بۇ ئىككى جۈپ كۆزلەرنى قارىماي تۇرۇۋېمۇ سېزىپ ئولتۇردى. «ئۇلار مەن توغرىلىق سۆزلىشىۋاتىدۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، — مەيلى، ئۇلار قېشىمغا كېلىپ سورىغۇچە جىم ئولتۇراي!»

ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولۇپ چىقتى. ھېلىقى ئىككى تاۋاپچىنىڭ ئارىسىدىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ، خوجا مۇھەممەت ئىسھاق ۋەلىيۇللا ئىشانىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئى ھۆرمەتلىك تەقسىرلەر، — دېدى ئۇ ئىككى قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ تۇرۇپ، — سىزلەر بۇ دىياردىن ئەمەسقۇ دەيمەن؟!
— ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام! — دەپ ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى خوجا مۇھەممەت ئىسھاق ۋەلىيۇللا ئىشانمۇ، — بىزنىڭ بۇ دىيارلىق ئەمەسلىكىمىزنى قانداق بىلدىڭىزكى ھۆرمەتلىك تەقسىر؟!
— بىز سىزلەرنىڭ كىيىملىرىڭىزدە ئۇزاق سەپەردە قونغان ئاق چاڭنىڭ ئىزلىرىنى بايقاپ قالدۇق! چۈنكى، بىزنىڭ بۇ دىيارىمىزنىڭ تۇپرىقى قىزغۇچ ۋە چېكىمۇ قىزغۇچ بولىدۇ. شۇڭا، سىزلەرنى چەت ئەل ئادىمى ۋە نەمەنگان تەرەپتىن كەلگەن دەپ پەرەز قىلدۇق. مېنىڭ پەرىزىم توغرىمۇ؟
نەمەنگان — شۇ چاغلاردا پەرغانە تەرەپلىرىنىڭ ئورتاق-نامى ھېسابلىناتتى.
— ئى ھۆرمەتلىك كىشى، پەرزىڭىز ناھايىتى توغرا چىقتى: بىز خۇددى نەمەنگان — پەرغانىدىن كەلدۇق.
— ھۆرمەتلىك مېھمان، نام - ئەمالىڭىزلەرنى بىلىشكە مۇمكىنمۇ؟
— بۇ زات نەقشىبەندىيە سۇلۇكىنىڭ پىرئەزەمى — مەخدۇم ئەزەمنىڭ ۋارىسى خوجا مۇھەممەت ئىسھاق ۋەلىيۇللا ئىشان دېگەن كىشى بولىدۇ. ھازىر ئۇ ئىسھاقىيە سۇلۇكىنىڭ پىر ئەزەمىدۇر! — دېدى ئۇنىڭغا جاۋابەن ئۇشتۇر خەلپە.
— خوجا مۇھەممەت ئىساق ۋەلىيۇللا ئىشان؟! — دەپ خىتاپ قىلدى تەڭلا ھېلىقى ئىككى تاۋاپچى ھەيرانلىق ئىلكىدە، — سىلى راستىنلا ئىسھاقىيە سۇلۇكىنىڭ پىرى ھېلىقى خوجا مۇھەممەت ئىسھاق ۋەلىيۇللا ئىشان بولسىلا - ھە؟!
ئۇلار سۆزلىرىنى تۈگەتمەستىنلا يەرگە تىز چۈكۈشتى.

خوجا مۇھەممەت ئىسھاق ۋەلىيۇللا ئىشان ئۆز شۆھرىتىنىڭ ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن پەرغانىدىن شۇنچە يىراقتىكى مۇلكىي قەشقەرىيىنىڭ شەھەر ـ سەھرالىرىغىچە تارقىلىپ كەتكەنلىكىگە تولىمۇ مەمنۇن بولۇپ، گېپىدىن كەتتى.

— سىلەر ھەيران بولغىنىڭلاردىن كۆزۈڭلەرگە ئىشەنمەيۋاتىسىلەرغۇ ـ دەيمەن؟! — دېدى ئۇشتۇر خەلىپە ئۇلارغا، — بۇ زاتى شەرىف ئەزىزانە كىشى ئەلۋەتتە مەخدۇم ئەزەمنىڭ ۋارىسى، نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ پىرى، ئىسھاقىيە سۇلۇكىنىڭ تەرىقەت بىناسىنى تۇزگۇچى، شەرىئەتنىڭ مەرىكە مەيدانىدا ئات چاپتۇرغۇچى، تەرىقەتنىڭ مەيدانىنى تۇزگۇچى، شەرىئەت، تەرىقەت، ئۇسۇل ـ سۇلۇك، ھەقىقەتلەر ۋە ئۇمىدلەرنىڭ گۇلتاجى، جىمى ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنىڭ قۇتبىل ئەقتابى بولمىش خوجا مۇھەممەت ئىسھاق ۋەلىيۇللا ئىشاندۇر!

خوجا مۇھەممەت ئىسھاق ۋەلىيۇللا ئىشان مەمنۇن بولغىنىدىن كۈلۈمسىرىشىنى يوشۇرالمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلتىپاتچانلىقىنى بۇ ئىككى سۆھبەتدىشىغا تېخىمۇ كەڭرەك ياياماقچى ۋە ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز ئۇلۇغ دانىشمەنلىكى ھەققىدە ئۇلارغا تېخىمۇ مۇكەممەل، تېخىمۇ تولۇق سۆزلەپ بەرمەكچى بولۇپ، ھېلىقى ئىككى تاۋاپچىغا ئۆرۈلۈپ قارىدى. بۇنىڭدىن ئۇ مەنمەنلىك ھەۋىسىگە بېرىلگەن بۇ ساددا سۆھبەتداشلىرىنىڭ ئەمدى ھەر بىر دوقمۇشتىلا «قۇتبىل ئەقتاب خوجا مۇھەممەت ئىسھاق ۋەلىيۇللا ئىشان بىلەن ئۇچرىشىپ مۇلاقەتتە بولۇش شەرىپىگە نائىل بولغانمىز» دەپ سۆزلەشكە، ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ ماختاشقا ۋە ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىمۇ ھۆرمەت ـ ئاتاق قازىنىش ئۈچۈن سۆزلەشكە باشلايدۇ، دېگەن نىيەتكە كەلدى. چۈنكى، ئۇلۇغ زاتلارنىڭ ئىلتىپاتىغا نائىل

بولغان پەقىر ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق قىلىشاتتى. «بۇمۇ يامان ئىش ئەمەسقۇ، — دەپ ئويلىدى خوجا ئىسھاق ئىچىدە، — ئەلۋەتتە، بۇ ئىش مەن مۈلكىي قەشقەرىيە ھۆدۇتلۇقىغا قەدەم باسقاندىن كېيىن بۇ ناتونۇش ئەلدە پۇت تىرەپ ئىز باسالىشىمدىكى ياخشى باشلىنىش بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس. شۇڭا، بۇمۇ ئارتۇقچىلىق قىلمايدۇ. ئاۋامنىڭ ئارىسىدىكى مەن توغرۇلۇق بولغان گەپ - سۆزلەر دەرھال سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ تەخت ساھىبىنىڭ ئۆز قۇلىقىغا بېرىپ يېتىدۇ. چۈنكى، باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلانغان تەرىپلار مېنىڭ ئۆز ئاغزىم ئارقىلىق ئاڭلىنىدىغىنىدىن شەكسىز ئەڭ ياخشى تەرىپات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاخىردا، بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن مەن ئۆزۈمگە پايدا ئۇندۇرۇۋالالايمەن ئەمەسمۇ؟!»

— سىلەرچۇ، سىلەر كىم بولىسىلەر؟ — دەپ سورىدى ئۇ ھېلىقى ئىككى تاۋاپچىدىن، — زاتى - شەرىپىڭلار كىم، ئى ھۆرمەتلىك كىشىلەر؟!

— كەچۈرگەيلا، بىز ناتىۋان ئادەملەر نادانلىق قىپتۇق! — دەپ ھېلىقى ئىككى تاۋاپچىنىڭ ئارىسىدىكى سېمىزرەكى ئۆزلىرىنى تونۇشتۇرمىغانلىقىغا قاتتىق ئۆكۈنۈپ ئەپسۇسلۇق بىلدۈردى. ئاندىن ھېلىقى ئېگىزرەك تاۋاپچىنى كۆرسەتتى:

— بۇ كىشى خوتەن دىيارىنىڭ شەيخۇلئىسلامى موللا ئىبنى يۈسۈپ خوتەنى بولىدۇ. ئۇ مېنىڭ يەكەن خانلىق مەدرىستە بىللە ئوقۇغان بۇرادىرىم بولىدۇ. پېقىر قەشقەر شەھىرىدىن، ئىسمىم موللا قاسىم قەشقەرى بولۇرمەن!

— ئى شەھىدانە خوتەن ۋە بۇزرۇكانە قەشقەرنىڭ ئۇلۇغ ئۇششاق ئىسھاقىيە ئەھلى! — دەپ خىتاب قىلدى خوجا ئىسھاق چەكسىز ھاياجان ئىلكىدە، — سىزلەر بۇنىڭدىن بۇرۇن ماڭا يىراقتىن ئەگىشىپ ئىقتىدا قىلىپ كەلگەنىڭىزلەر. مەن ئۇ چاغدا، سىزلەر ئۇچۇن چۆل - باياۋاندا يىراقتا كۆرۈنىدىغان

ئالۋۇن، تەيەممۇم قىلغىنىڭىزلاردا خاك ـ تۇپراق بولغانىدىم. بۇ پەقەت ئىلاجىسىزلىقتىن بولغان ئىش ئىدى. ھالا بۈگۈن سىزلەر ئەزىم دەريانىڭ ياقىسىغا يېتىپ كەلدىڭىزلەر. ئەلھال، ئەمدى سىزلەرگە تەيەممۇم بىھاجەتتۇر. سىزلەرنى ئىسھاقىيە ھىدايىتىگە باشلايدىغان سۇلتانۇل مۇھەققىن بولىمىش مەنكى قۇتبىل ئەقتابىڭلار ئۆز ئورنىغا كەلدى. ئەمدى بىز ئاتامىراس مۇلكىمىز قەشقەرىيە ھۇدۇتلۇقىدا ئۆزىمىزنىڭ ئىسھاقىيە سۇلۇك تەرغىباتىمىزنى ھېچبىر تەشۋىشسىز ئاشكارا يۈرگۈزگەيمىز!

موللا قاسىم قەشقەري بىلەن موللا ئىبنى يۇسۇپ خوتەنىيلەر ئىسھاق خوجىنىڭ ئۇلۇغۋار سۆھبىتىگە مۇشەررەپ بولۇشتىن چىن دىللىرىدىن سۆيۈنۈپ كېتىشتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ چىن ئىخلاسى بىلەن ئۇل ئەزىزنى پىر تۇتىدىغانلىقلىرىنى چىن كۆڭلىدىن ئىلتىماس قىلىشتى. ئىسھاق خوجىمۇ ھەزرىتى سۇلتان مازىرىدا ئۇلارنى ئۆزىگە مۇرىتلىققا قوبۇل قىلدى ۋە ئۇلارنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا خوتەن بىلەن قەشقەردىكى ئىسھاقىيە سۇلۇكىنىڭ كەلگۈسى خەلىپە ۋەكىلى قىلىپ تەيىنلىگەنلىكى ھەققىدە ئىرشاتنامە بەردى. «موللا قاسىم خەلىپىمۇ بارلىق تەۋەلىكى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن بىللە ئۇ زاتقا ئېتىقاد قىلىپ مۇرىت بولدى. موللا ئىبنى يۇسۇپمۇ خوتەندىن مۇرىت، مۇخلىس ۋە ئېتىقادلىق كىشىلىرى بىلەن كېلىپ، ھەزرىتى ئەزىزلەرنىڭ بوسۇغىسىنى تاۋاپ قىلىشقا مۇيەسسەر بولدى. ھەزرىتى ئەزىزلەر ئۇ ئىككى ئۇلۇغ خەلىپە ھەققىدە دۇئايى خەير قىلىشتى. قەشقەرلىقلارمۇ بۇ ئۇلۇغلارنى بىر كۆرۈپلا بويسۇنۇشتى.»① خوجا مۇھەممەت ئىسھاق ۋەلىيۇللا ئىشان

① شاھ مەھمۇت جوراس: «تارىخى رەشىدى. زەيلى» («سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى، 30 ـ، 31 ـ بەتلەر.

خەلىپىلىرىنى باشلاپ خوتەن مەۋزەئىدە بىر مەزگىل تۇرۇپ، خوتەن ئەھلىنى ئىسھاقىيە تەرىقىتىگە باشلىغاندىن كېيىن ئۈشتۈر خەلىپىنى ئېلىپ، دارۇلسەلتەنەت يەكەنگە كەلدى.

ئىراق، بۇ چاغدا دارۇلسەلتەنەت يەكەندە مۇھەممەت ۋەلى سوپى باشچىلىقىدىكى ئۇۋەيسىيە سۇلۇكىنىڭ تەسىرى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. ئۇۋەيسىيە — سابىق شەيخۇلئىسلام مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋار تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان بىر سۇلۇكنىڭ نامى ئىدى. بۇ سۇلۇكمۇ نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ مۇلكىي قەشقەرىيەدىكى خىلمۇ خىل ناملاردا ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقان نۇرغۇن سۇلۇكلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئىدى. سۇلتان ئابدۇكەرىم خان مۇھەممەت ۋەلى سوپىغا قول بەرگەنلىكتىن، تەبىئىي يوسۇندا مۇشۇ سۇلۇكتە بەندىچىلىك قىلاتتى. ئۇ بىر ئىخلاسمەن مۇسۇلمان پادىشاھ بولۇش سۈپىتى بىلەن، پۈتۈن سەئىدىيە ھۆكۈمرانلىقى ئىچىدە ئاتىسى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان بىلەن بوۋىسى سۇلتان سەئىدخانلار تۈزگەن ھەر خىل مەملىكەتدارچىلىق قائىدە ـ تۈزۈملىرىنىڭ كەمكۈتىسىز ئىجرا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، مەملىكەتنى تۈزۈپ، ئەلدە مۆمىنچىلىك، مەمۇرچىلىك بەرپا قىلغانىدى. ئۇ يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىدا قىلچىلىكمۇ خاتالىق ئۆتكۈزمىگەن، ئادالەت بىلەن ئىش كۆرىدىغان پادىشاھ بولغانلىقتىن، «شۇ چاغلاردا مەككە مۇئەززىمدە ئابدۇكەرىم ئادىلىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن ھەر نامازدىن كېيىن دۇئا قىلىناتتى...»[①]

خوجا مۇھەممەت ئىسھاق ۋەلىيۇللا ئىشان يەكەن دىيارىغا كېلىپ، قارا ھەججاج دېگەن يەردە تۇرۇپ سۇلۇك تەرغىباتى

① شاھ مەھمۇت چوراس: «تارىخى رەشىدى. زەيلى» («سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»). قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1998 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى، 26 ـ، 27 ـ بەتلەر.

يۈرگۈزدى. بىراق، بۇ يەردە ئىش قەشقەر بىلەن خوتەن مەۋزەئىيسىدەك ئۇنداق ئاسانغا توختىمىدى. . .

بىر كۈنى، ساراي ۋەزىرى مىرزا ساتقىن ئىشكئاغا شاھىنشىنغا كىرىپ، سۇلتان ئابدۇكەرىم خانغا:

— پۇشتىپاناھىمغا شان ـ شەرەپلەر بولغاي! — دەپ تەزىم قىلدى، ئاندىن خوجا مۇھەممەت ئىسھاق ۋەلىيۇللا ئىشان ھەققىدە مۇنداق بىر خەۋەرنى ئۇنىڭغا يەتكۈزدى:

— ئۆزىنى «ئىسھاقىيە سۇلۇكىنىڭ پىرى خوجا مۇھەممەت ئىسھاق ۋەلىيۇللا ئىشان» دەپ ئاتىۋالغان ئەزىزلەر پەيدا بوپتۇ. ئۇ: «پەيغەمبەرلەردىن قالسا، ئۈچ خىل ئادەمنىڭ مەرتىۋىسى ئوخشاشتۇر. بىرىنچى، قۇتبىل ئەقتابلار، ئۇلار غەۋس دەپمۇ ئاتىلىدۇ؛ ئىككىنچى، يۇقىرى دەرىجىلىك شېھىدلەر؛ ئۈچىنچى، ئادىل پادىشاھلاردۇر! قىيامەت مەھشەر كۈنى، ئاللا ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا بەندىلىرىدىن ئىماندىن ھىساب ئېلىپ بولغاندىن كېيىنلا، ئادالەتتىن ھىساب ئالىدۇ!» دەپ يۈرگۈدەكمىش. ①

— خوجا مۇھەممەت ئىسھاق ۋەلىيۇللا ئىشان! — دەپ خىتاب قىلدى سۇلتان ئابدۇكەرىم خان ھاياجان ئىلكىدە جانلىنىپ، — ئۇ نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ ئىمامى مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئوغلىغۇ؟! بىز ئۇ ئەزىزنىڭ بۇ دىيارىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىدىن نېمىشكە بۇرۇنىراق خەۋەر تاپمىدۇق ـ ھە؟! جانابى مىرزا، دەرھال مەۋكەبكە خەۋەر قىلىڭ، بىز دەرھال ئۇلار تامان بارغايمىز ۋە ئۇل ئەزىزلەرنىڭ جەندە ـ كۈلاھىدىكى مۇبارەك چاڭ ـ توزانلارنى كۆزىمىزگە سۈرتكەيمىز!

① شاھ مەھمۇت جوراس: «تارىخ رەشىدى. زەيلى» («سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى، 27 ـ بەت.

— باش ئۇستىگە، ھەزرىتى شاھى ئادىل! — دەپ قوللۇق بىلدۈردى مىرزا ساتقىن ئىشكئاغا ئىككى پۈكلىنىپ تۇرۇپ.

سۇلتان ئابدۇكەرىم خان پۈتۈن مەۋكەبىنى باشلاپ قارا ھەجاج خانقاسىغا يېتىپ كەلدى...

بۇ چاغدا ئىسھاق خوجا خىلۋەت ئۆيدە ئىبادەت قىلىۋاتاتتى. سۇلتان ئابدۇكەرىم خاننىڭ يېتىپ كەلگەنلىك توغرىسىدىكى خەۋەر «ھەزرىتى ئەزىزلەرگە يەتكۈزۈلدى. ھەزرىتى ئەزىزلەر خاننىڭ ئالدىغا چىقىشنى لازىم تاپقان بولسىمۇ ئەمما خەلىپىلەر: ‹ئابدۇكەرىم خان بولسا سەھرالىق بىر موغۇل، سەل كېچىكىپ ئىستىقبال قىلغانلىقلىرى ياخشىمىكىن›، دېيىشىپ، ئۇنى توسۇپ قويۇشتى. شۇ سەۋەبتىن ھەزرىتى ئەزىزلەرنىڭ خاننىڭ ئالدىغا ئىستىقبال قىلىپ چىقىشى كېيىنگە سوزۇلۇپ كەتتى. ئابدۇكەرىم خان بىلەن ۋەزىر ئەزەم خوجا ئەبەيدۇللالار ئۇۋەيسىيەسۇلۇكىنىڭ پىرى مۇھەممەت ۋەلىي سوپىنىڭ مۇرىتلىرى ئىدى. شۇ سەۋەبلىك، خاننىڭ خاتىرىسىگە بۇ ئىش تولىمۇ ئېغىر كەلدى. خوجا ئەبەيدۇللا كۆرەلمەستىن: ‹بىز ھازىر ئوردىغا قايتىپ كېتەيلى!›، دېۋىدى، خانمۇ ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە قوشۇلدى ـ دە، مەۋكەبىنى باشلاپ ئوردىغا قايتىشتى. شۇ سەۋەبتىن خان بىلەن ئەزىزلەر ئارىسىدا سوغۇقچىلىق پەيدا بولدى...»[1]

گەرچە، مۇشۇ تاپتا خوجا ئىسھاق خۇددى ئۇۋ ئۇۋلايمەن، دەپ كۆپ يىللاردىن بېرى جىرالار ئارىسىدا ئۇۋنى تولا ئىزلەپ ئاخىر ئۇنى تېپىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ئەمما بۇلدۇقلاپ تۇرغان

---

① شاھ مەھمۇت جوراس: «تارىخى رەشىدى، زەيلى» («سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى، 31 ـ بەت.

بولاقنىڭ قىرغىقىدا تېخى شامال ئۆچۈرۈشكە ئۈلگۈرمىگەن ئۇ ئىزنى ھەتتا ئۇۋنىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ قالغان بىتەلەي ئۇۋچىدەك، سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ تەخت ساھىبىنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشكە مۇۋەپپەق بولالىغان بولسىمۇ ئەمما ئۇ بىرزەدەمدىلا چاتقاللىقنىڭ ئارىسىدىن ئاۋاز چىقارماستىن شىپپىدە ئۆتۈپ كەتكەن ئۇۋنىڭ شولىسىنىلا كۆرەلىگەن ئۇۋچىدەك، سۇلتان ئابدۇكەرىم خاننىڭ قەدەم تىۋىشىنىلا ئاڭلىيالىدى، ئەمما ئۇنىڭ دىدارىنى كۆرەلمىدى!

ئۇۋەيسىيە سۇلۇكىدىكى مۇھەممەت ۋەلى سوپى بىلەن ئىشقىيە مۇلۇكىنىڭ ئىشانكالانى مۇھەممەتئىمىن خوجىلار بۇ ۋەقەدىن پايدىلىنىشنى ئەلۋەتتە ئۇنتۇپ قېلىشمىدى. ئۇلار پىتنە ـ پاسات تارقىتىش، ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

سۇلتان ئابدۇكەرىم خان بىلەن ئىسھاق خوجا ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئاشۇ قېتىملىق كۆڭۈلسىزلىك ۋەقەسىدىن قىرىق كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ۋەزىر ئەزەم خوجا ئەبەيدۇللا سولتان ئابدۇكەرىم خاننىڭ پەرمانى بويىچە قىرىلار مىنىندىغان پاكار بىر قىرچاڭغۇ ئاتنى ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن ئىگەر ـ جابدۇقلىرى بىلەن يېتىلەپ كېلىپ، ئىسھاق خوجىغا تاپشۇردى ۋە ئۇنىڭغا دەرھال يەكەندىن نەمەنگانغا قايتىشنى بۇيرۇدى...

بىراق، سۇلتان ئابدۇكەرىم خان بىلەن ئىسھاق خوجا ئوتتۇرىسىغا چۈشكەن بۇ سوغۇقچىلىق كېيىنكى دەۋرلەردە پۈتۈن سەئىدىيە مەملىكىتىنى ئىچىدىن يەپ تۈگىتىدىغان مىتىڭگە ئايلىنىپ قالدى. سۇلتان ئابدۇكەرىم خان تەرىپىدىن ھۆرمەتلەنگەن ئىسھاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ياندىماچلىرى بولسا كېيىنكى چاغلاردا سەئىدىيە مەملىكىتىدە يۈز بەرگەن بىر قاتار قانلىق زور سىياسىي قاتىللىقلارنىڭ باش پىلانلىغۇچىلىرى

بولۇپ قالدى. . .

* * *

— ئى ئىبراھىم سۇلتان، سەن قاچان ئۆز لەۋزىڭدە تۇرغانىدىڭ؟ — دەپ تەنە قىلدى سۇلتان ئابدۇكەرىم خان ئۇنىڭغا، — مۇشۇ يىللاردىن بېرى، سەن ئۆزۈڭنىڭ سەئىدىيە سەلتەنىتىگە قانچە قېتىملاپ خىيانەت قىلغانلىقىڭنى بىر ئەسلەپ باققىنچۇ؟ قاچانكى، سېنىڭ ئەفھالىڭ گۇناھ ۋە ئىسيان بىلەن ياماناشقاندىن بېرى قارا يۈز بولدۇڭ. جەننەت ماكان ئاتىمىز ساڭا قەشقەرنى ئوڭچە سوراپ جۇڭغۇر ۋشۇڭغا بۇيرۇپ بېرىپ، سېنى بۈيۈك مەرتىۋىلەرگە ئىگە قىلغان بولسىمۇ ئەمما سېنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىڭ تەرەققىي قىلىپ ئاخىر جىنايەت - مەردۇدلۇققا بېرىپ يەتتى. ئى قارا يۈز شاھزادە، بىلەمسەن، بۈيۈك تەڭرى ئىنسانىيەتنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتقاندا، ئۇنى شۇ قەدەر ساپ ۋە پاك، بىغۇبار قىلىپ ياراتتىكى، ئۇنىڭ لەقىمىنىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ سەپىيۇللاھ — تەڭرىنىڭ ئەلچىسى، دەپ ئاتىغانىدى. ئۇنىڭ بېشىغا ھىدايەت تاجىسىنىمۇ بىللە كىيگۈزۈپ قويغان ھەتتا بۇ تاجىغا يەنە تېخى نۇبۇۋەت — پەيغەمبەرلىك گۆھىرىنىمۇ تىكىپ قويغانىدى. بىراق، قاچانكى ئىسيان مەردۇدلۇق ئوتى دۇت ئېلىپ، ئۇنىڭ تەمەننا دىمىغىدىن تۈتۈن چىقىرىۋىدى، تەڭرى ئۇنىڭ كۆكسىگە رەددىيە پەنجىسىنى ئۇرۇپ، جەننەت بېغىدىن قوغلاپ چىقاردى. ئاخىردا، ئۇنىڭ نېسىۋىسى يۈزلىگەن خىجالەتچىلىكلەردىن ئىبارەت بولدى. «ئەگەر بۇرادىرىڭ ساڭا خىيانەت قىلغان بولسا قەلبىڭ دەپتىرىدىن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ھىيلە - مىكرىدىن ساقلان» دەپ ھەزرىتى شاھ ئاتام ناھايىتى توغرا ئېيتقانىكەن. مەن سېنى

قان ـ قېرىنداش دەپ، باشقىلارنىڭ سېنىڭ ئۇستۇڭدىكى تۇرلۇك شىكايەتلىرىنى «پىتنە ـ پاساتتۇر» دەپ ئويلاپ قاپتىمەن. ئاتام مېنى ئاقسۇ ھۇدۇتلۇقىغا نايىب قىلىپ تەيىنلىگەندە، مەن بارغىلى ئۇنىمىسام، سەن: «ئابدۇكەرىم خان تېخى باشقا داغدۇغىلارنى قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ يامان خىيالى بار» دەپ، ماڭا بوھتان چاپلىدىڭ؛ ئاتام مېنى تەخت ۋارىسى — ۋەلىئەھدلىككە بېكىتىپ، «مېنىڭدىن كېيىن ئابدۇلكەرىم خان تەختتە ئولتۇرسۇن» دېسە، سەن ئوردىدىكى قارا نىيەتلەر بىلەن تىل بىرىكتۇرۇۋېلىپ، تەختنى مېنىڭدىن تارتىۋېلىشقا ئۇرۇندۇڭ؛ سەن ناھەق قان تۆكۈش قەستىگە چۈشۈپ، ھەزرىتى ئاتامدىن پەرزەنتلىك مېھرىگىنى ئۈزدۇڭ ۋە بىر قورساق قېرىندىشىڭ بولغان ئاكاڭ — ماڭا زۇلۇم ـ جاپا قىلىشنى تېزلەتتىڭ. ئاتا مېھرىنى ۋە قېرىنداشلىق مېھرىنى دۇنيانىڭ پۈچەك پۇلغا ئەرزىمەيدىغان مېھرىگە سېتىپ، جىنايەت پۇرستىنى زارىقىپ كۈتتۇڭ؛ بىگۇناھ زاھىد مىرزا زېرەك دەرۋىشنىڭ بېشىغا مىكىر ئازابلارنى سېلىپ، ۋەھشىيلەرچە قىيناپ ئۆلتۇردۇڭ؛ ئاخىر مېنىڭ ھەم سېنىڭ ئۆز ئاتىمىز بولغان ھەزرىتى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان شاھى ئەزەمگە زەھەرلىك قول سېلىشقا جۈرئەت قىلىپ، ئۇنىڭ ھاياتلىق شامىنىڭ ۋاقىتسىز ئۆچۈشىگە زامىن بولدۇڭ! بۇ جىنايەتلەرنى كەچۈرۈش مۇمكىنمۇ؟!

— مېنى لەنتى بارلاس ئەمىرلىرى ئازدۇرغان، — دەپ تېنىۋالدى سوپى سۇلتان مۇتتەھەملىك بىلەن، — راست، سىز دېگەن ئاشۇ گۇناھى كىبىرلەرگە پېتىپ، ھەر ئىككىلا ئالەملىك قارا يۈز، دەيۈز گۇناھكار بولدۇم. لېكىن، ھەزرىتى شاھ ئاتامنى مەن ئەمەس، بەلكى مىر ئەنۋار سوپى بىلەن موللا مەھمۇت سوپى ئىككىسى بىرلىشىپ ئۆلتۇردى!

ئۇنىڭ ئۆز جىنايىتىدىن تېنىۋالغانلىقىنى كۆرگەن سۇلتان

ئابدۇكەرىم خان قاتتىق غەزەپلەندى ۋە:
— يالغان! — دەپ ۋارقىرىدى، — مىرزا ئەنۋار بىلەن مولللا مەھمۇتلار سىنىڭ كۆرسەتمەڭ بويىچە قاتتىق قىيىن - قىستاقلارغا ئېلىنغاندىن كېيىن ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. لېكىن، يەكەن ھاكىمى مەھمۇت بارلاس بىلەن خوتەن ھاكىمى ئەھمەت بارلاسلارغا بۇ ئىككى قاتىلنى بويى بىلەن تەڭ ئالتۇنغا سېتىۋېلىش ھەققىدە كۆرسەتمە بەرگەن كىم، سەن ئەمەسمۇ؟ سېنى ئۇلار بىلەن دوست قىلغان نەرسە — ئىچىڭدە قۇتراپ تۇرىدىغان كۆڭلى قارىلىق، نادانلىق ۋە ھەسەتخورلۇق ئەمەسمۇ؟ بۇ ئىللەتلەر ساڭا ھەزرىتى ئاتىمىز سۇلتان ئابدۇرەشىدخاندىن مىراس قالغان ئەمەس. بەلكى ئاشۇلاردىن خۇددى ساقايماس تائۇن كېسەللىكىدەك ساڭا يۇققان ئەمەسمۇ؟ ئاتىمىز مەرد، باھادىر، ئاق كۆڭۈل، ھىممەتلىك، ئالتۇنغا تېگىشكۈسىز ياخشى ئادەم ئىدى. سېنىڭدىكى ھەسەتخورلۇق سېنى ئەتراپىڭنى ئورىۋالغان ئىبلىسلارنىڭ قولىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. سەن دائىما مېنى كۆزگە ئىلماي كەلدىڭ. مەن تەخت ۋارىسى بولۇۋېدىم، سېنىڭ كۆزۈڭ ھەسەت ئوتىدىن قىزاردى. خۇددى مىرزا زېرەك دەرۋىش ئېيتقاندەك، باتىنىڭمۇ ئەسلىدە كور ئىدى، ئەمدى زاھىرەن كۆزۈڭمۇ كور بولسۇن!... مىرزا ساتقىن ئىشىكئاغا!
— لەببەي ھەزرىتى شاھى ئادىل!
— مۇنىڭ كۆزى ئويۇپ تاشلىنىپ، ھەسەتتىن قىزارغان ئىككى كۆزى كۆرمەس قىلىپ تاشلانسۇن!
مىرزا ساتقىن ئىشكئاغا قورۇقچى نۆكەرلەرگە قول شىلتىدى:
— تۇتۇڭلار بۇ ئاتا قاتىلى ناكەسنى!
— ياق، ياق كۆزۈمنى كور قىلغاندىن كۆرە، ئۆلتۈرۈپلاۋېتىڭلار مېنى! — دەپ سوپى سۇلتان ۋارقىراپ ئارقىسىغا داجىدى.

قۇرۇقچى نۆكەرلەر ئىككى قولىدىن مەھكەم تۇتقىنىچە ئۇنى شاھنىشىندىن تالاغا سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بىر دەمدىن كىيىن، كۆز ئويىدىغان كۇمۇش قوشۇقلار كۆتۈرۈپ ئاقسارايىنىڭ ئاستىدىكى قىيناقخانىلارنىڭ بىرىگە كىتىۋاتقان باش جاللاتنى كۆرۈشتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئاقسارايىنىڭ ئاستىدىكى پەنجىرىدىن سوپى سۇلتاننىڭ ئاغرىق ئازابىغا چىدىيالماي قاتتىق چىرقىراپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

— ئا... ئا... ئا! ۋاي، مەن چىدىيالمىدىم، رەھىم قىلىڭلار ماڭا! رەھىم.... ئى نائىنساپلار، بولدى قىلىڭلار دەيمەن، بولدى!...

— ئۆزۈڭ نائىنساپ، — دىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى يەر تېگىدىن. بۇ مىرزا ساتقىن ئىشكئاغىنىڭ ئاۋازى ئىدى، — ھەي ناكەس، ئىنساپسىز بولمىساڭ ئۆز ئاتاڭنى ئۆلتۈرەرمىدىڭ؟ ئۇلۇغلارنىڭ: «كىمكى ئەلدىن ئىنساپ تەلەپ قىلىپ، ئۆزى ئىنساب قىلمىسا، ئۇ مۇتلەق نائىنساپتۇر!» دىگەنلىكىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ!...

سوپى سۇلتان قاتتىق ئاغرىق ئازابى ئىچىدە بەش ـ ئالتە قېتىم قايتا ـ قايتا ئىچىنىشلىق چىرقىرىدى ـ دە، ئاندىن بىراقلا ئاۋازى ئۆچۈپ، جىمىدى...

*

سوپى سۇلتان كۆزىنىڭ ئاللا تائاللا تەرپىدىن ئىنسانغا تەقدىم قىلىنغان ئالىي نىمەت ئىكەنلىكىنى كور قىلىنغاندىن كىيىن ئاندىن ھىس قىلدى! ئۇ چوڭقۇر ئۆكۈنۈش ۋە قاتتىق پۇشايمان ئىلكىدە ئۆز گۇناھلىرىغا تۆۋە قىلىشقا باشلىدى. بىراق، بۇ چاغدا خىش قېلىپىدىن كۆچكەن — كىچىككەنىدى!

مېنىڭ پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ چىققان كۆز ھەرگىز ئورنىغا كەلمەيدىتى![1]

شۇنداق، كىشىلەر مەھرۇم قىلىنغاندىلا، مەھرۇم بولغان نەرسىنىڭ قىممىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئاندىن ھېس قىلىشىدۇ! بىراق، تومۇقاپ قالغان ئادەمنىڭ خۇشپۇراق گۈلدىن بەھرە ئالالمىغىنىدەك، ئەخمەق، دۆت ئادەملەر بۇنداق ھېكمەتتىن بەسىي لەززەت تاپالىسۇنمۇ؟!

* * *

سۇلتان ئابدۇكېرىم خاننىڭ ئەلچىلىرى مۇغۇلىستان پادىشاھى شاھ خاننىڭ ھوزۇرىغا ئالدىراش يېتىپ كېلىشتى. بۇ چاغدا شاھ خان دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلىرىنى يەشمەستىن سۇرلۇك قىياپەتتە ئۆز ئوتاغىدا ئولتۇرغانىدى. بارچە پالۋانلىرىمۇ خاننىڭ ئىككى تەرىپىدە سەپ تارتىپ ئۆرە تۇرۇشاتتى. ئەلچىلەر ئالىي دەرگاھىغا كىرىپ، سالام ـ تەزىم رەسمىيەتلىرىنى تولۇق ئادا كەلتۈرۈپ، تارتۇق ـ پېشكەشلىرىنى قىلىشتى. شاھ خان ئۇلارغا جايى پاراغەت ئاتا قىلىپ، لايىقىدا ئورۇن كۆرسەتتى. ئەلچىلەر مەدھىيە، ھەمدۇ ـ سانادىن كېيىن سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ ھۆكۈمدارى سۇلتان ئابدۇكېرىم خاننىڭ مەكتۇپىنى شاھ خانغا سۇندى. شاھ خان مەكتۇپنى قولىغا ئېلىپ كۆز يۈگۈرتتى:

«ئەي ئالىي مەرتىۋىلىك ئۇلۇغ پادىشاھى ئالەم! ئەي

① سوپى سۇلتاننىڭ كۆزى كور بولغانلىقى ھەققىدە شاھ مەھمۇت جوراس ئۆزىنىڭ «تارىخىي رەشىدى. زەيلى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق مەلۇمات بەرگەنىدى: «... مازارنىڭ ئالدىنى نىشان قىلىپ ئوق ئېتىپ ئوينايمىز، دەپ سۇلتان ئېتىنى چاپتۇرۇپ بېرىپ ئوق ئاتتى. قازاھى ئىلاھى يېتىپ، مىنگەن ئېتىنىڭ تۇيىقىدىن چاچىراپ چىققان ئۇششاق تاشلار سەكرەپ چىقىپ، ئۇنىڭ كۆزىگە كىردى. كۆزى ئاغرىشقا باشلىدى. سوپى سۇلتاننىڭ چىرايلىق قوي كۆزى ئاخىر كۆرمەس بولدى... بىر يىلدىن كېيىن ئۇ ئۆلۈپ كەتتى...» بۇ ھەقتە «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر مەلۇماتلار»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 ـ يىل 9 ئاي نەشرى، 38 ـ، 42 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

هاجەتمەنلەرنىڭ قىبلىسى، ئالەمنىڭ يەككە ـ يېگانىسى بولغان موغۇلىستان پادىشاھى شاھى جاھان ئالەم، — دەپ يېزىلغاندى سۇلتان ئابدۇكەرىم خاندىن كەلگەن بۇ مەكتۇپتا، — ئۆمرىڭىز ئۇزۇن، دۆلەتلىرىڭىز زىيادە بولسۇن. نادان ئىنىمىز مۇھەممەت خان خۇدانىڭ تەقدىرى ۋە شەيتان لەئىننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن سىزگە بىھۆرمەتلىك ۋە ئاداۋەت ئەيلەپ، باشتوغلۇق بىلەن سۆيۈملۈك قىزىڭىز خوپ نىگار خېنىمنى سىزدىن جۇدا قىلماقچى بوپتۇ. ئىنىمىز مۇھەممەت خاننىڭ بۇ ناشايان قىلمىشلىرىدىن تولىمۇ ئۇياتلىق ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدۇق ۋە ھەددىدىن تاشقىرى خىجىل بولدۇق. ئەمدى پۇشايمانلىقنىڭ دېغىنى ئىزھار قىلىپ زادى تۈگىتەلمەيمىز. گەرچە سىزنىڭ دەرگاھىڭىزدا قارا يۈز بولغان بولساقمۇ، ئۇل مۇھەممەت خان بىزگە نىسبەتەن پەزەنتلىرىمىزنىڭ ئورنىدا بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلىپ، بىز تەرەپكە ئەۋەتكەيسىز. شۇنداق قىلسىڭىز ئىككى ئوتتۇرىدىكى ئاداۋەت دېغى ئەلۋەتتە يۇيۇلۇپ كېتۇر. ئۇنىڭ گۇناھى بەرھەق ئېغىر بولسىمۇ، بۇنىڭغا ئۇنىڭ ياشلىق بەڭۋاشلىقى ۋە نادانلىقى سەۋەبچى بولغان. ھېلىمۇ ئۇنىڭغا مەرھەممەت نەزەرىڭىزنى ئايىمىغايسىز. بۇ تەتۈر ئايلىنىدىغان پەلەكنىڭ ئىشى گاھى كۆلكىلىك، گاھى قەدىرلىكتۇر...»①

ھۆرمەتلىك كىتابخان، موغۇلىستان پادىشاھى شاھ خان قانداق قىلىپ ئاقسۇ نايىبى بولغان شاھزادە مۇھەممەت خاننى تۇتۇۋالغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا سۇلتان ئابدۇكەرىم خان نامە يېزىپ ئىنىسى مۇھەممەت خاننى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، شاھ

① بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن، شاھ مەھمۇت جوراس يازغان «تارىخىي رەشىدى. زەيلى» («سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار») غا قارالسۇن. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى، 44 ـ بەت.

خان قانداق جاۋاب بەرگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن گەپنى يەنىلا سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ ھازىرقى ھۆكۈمدارى سۇلتان ئابدۇكېرىم خاندىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

سۇلتان ئابدۇكېرىم خان ئاتىسى ئابدۇرەشىدخاننىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ۋەسىيىتىگە بىنائەن، مەملىكەتتە ئادالەت بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىشقا تىرىشتى. ئۇ خالايىقنىڭ دەردىگە شۇنداق داۋا قىلدىكى، «كىشىنىڭ قېنىنى ناھەق تۆككەنلەرنىڭ بويىنىنى كەستى. باشقىلارنىڭ قولىنى كەسكەنلەرنىڭ قولىنى كەستۈردى. ئاجىز، بىچارىلەرگە رەھىمدىللىك كۆرسىتىپ، زۇلۇم چەككەنلەرنىڭ دەرد ـ ئىنتىقامىنى ئېلىپ بەردى. زالىملارنى قارا يەرگە پەس قىلدى. جاپا قىلغۇچىلارنى جاپا چەككۈچىلەرنىڭ كۆزى ئالدىدا خارۇ ـ زار قىلىپ، ئادالەت ئاساسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى.»

ئۇ سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ تەخت ساھىبى بولغاندىن كېيىن بىر ئادەتنى ئۆزىگە شەكىللەندۈردىكى: «ھەر ھەپتىدە ئىككى كۈن ئادالەت زەنجىرىنى بېلىگە باغلاپ، ئاۋامنىڭ يۈكىنى كۆتۈرىدىغان قازى ـ مۇپتىلارنى يىغىپ، مەملىكەتتىكى بارلىق كاتتىباشلارنى قاتناشتۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەرز ـ دادلىرىنى ئاڭلايتتى. زۇلۇمغا ئۇچرىغان بىچارە ـ پەقىرلەر سۇلتانغا بىۋاستە ئۆز ئەھۋالىنى مەلۇم قىلاتتى. شىكايەت قىلغۇچىنىڭ مەسىلىسى ئەگەر شەرىئەت ئەھكاملىرى بويىچە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولسا، قازى ـ مۇپتىلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا بۇيرۇپ بېرىلەتتى؛ ئەگەر سىياسەت بويىچە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولسا، كاتتىباشلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا بۇيرۇلاتتى. خوجا ئەبەيدۇللا ۋەزىر ئەزەم، ئەمىر فىروزە مىرزا بارلاس، ئەمىر مىرزا مۇھەممەت يەئقۇپ دوغلات، مىرزا ساتقىن ئىشكئاغالار سوراپ بىر تەرەپ قىلاتتى. سۇلتان ئابدۇكېرىم خان

بولسا قولاق سېلىپ ئاڭلاپ ئولتۇراتتى.» قىلچىلىكمۇ خاتا قىلماي ئادالەت بىلەن ئىش قىلىناتتى. «شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ شۇ دەۋردىكى پادىشاھلارنىڭ كۆزى ۋە خۇلاسىسى بولۇپ قالدى. چۈنكى، ئۇ دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك سالىھ پادىشاھ، دۇنيا قوغلاشمايدىغان زاھىد ھۆكۈمدار، ھالال ئىش قىلىدىغان خۇداگۇي تەخت ساھىبى ئىدى.»① ئۇ ئادەتتە: «پادىشاھنىڭ ھۆرمىتى ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك ئوردا - قەسىرلىرى بىلەن ئەمەس بەلكى ئادىللىقى بىلەن بەرپا بولغان. شۇڭا، ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئادالەت بىلەن تۈزىلىدۇ؛ زۇلۇم بىلەن بۇزۇلىدۇ. پادىشاھنىڭ شانۇ - شەۋكەت بىناسىنىڭ ھۇلى ئادالەتتۇر!» دېگەننى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. شۇ چاغلاردا سۇلتان ئابدۇكېرىم خاننىڭ نامى خوتبىلاردا: «شاھى ئادىلى ئەزەم» دەپ ئوقۇلۇپ، يىراق - يېقىنلاردا مەشھۇر بولغانىدى.

سۇلتان ئابدۇكېرىم خان ئۆزىنىڭ جەننەتپاناھ بوۋىسى ھەزرىتى سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئەدەب - ئەخلاق ھەققىدە ئېيتقان مۇنۇ سۆزىنى ئېسىدە مەھكەم ساقلىغانىدى: «... بەدئەخلاقلىق - بەدبەختلىكتۇر، — دېگەنىدى بوۋىسى، — جىمىكى رەئىيەنى ئەخلاقىقا چاقىرماق، كۆندۈرمەك - ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر، ئەمر ۋاجىپتۇر... بەد ئەخلاق بەدرەكلەرنى ئەدەبلىمەك، توسماق، تۆۋە قىلدۇرماق شاھلار، بەگ - سىپاھلار، شەرىئەت ۋە ئەھلى جامائەت پېشىۋالىرى ئۈچۈن تەخىرسىز زۆرۈرىيەتلەر جۈملىسىدىندۇر...»②

— قەيەردە ئەدەب - ئەخلاق، شەرمى - ھايا، نومۇس دىيانەت بولمىسا، ياكى بۇزۇلغان بولسا، — دەيتتى ھەمىشە سۇلتان

---

① شاھ مەھمۇد جوراس: «تارىخىي رەشىدى. زەيلى» («سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»). قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 - يىل 9 - ئاي نەشرى، 26 - بەت.

② موللا مۇھەممەت ھۈسەيىن كۈچارى، موللا توختى خەلپەت قەشقەرى: «تەزكىرەئى پىرياران. ئەزىزانلار تەسنىپلىرى»، قولىيازما.

ئابدۇكەرىم خان، — يەنى، ئادەملەرنىڭ خۇي - پەيلى، نىيەت - ئەفئالى، مىجەز - كەيپىيات، چىراي - قىياپەتلىرىدە غەيرىيلىك ۋە بۇزۇلۇش ئالامەتلىرى ئاشكارا ئۆرلەپ تۇرسا، ئۇ ھالدا شۇ يەرنىڭ، شۇ ئەلنىڭ بەخت - ئىقبالى، رىزىق - ھالاۋىتى، مىللىي شۆھرىتى زەبۇنلۇققا بۇرالغاي. بۇ سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ مىللىي پاكلىقىغا ۋە مىللىي ئىستىقبالىغا ئۇسۇپ كىرگەن نەسلىك بولۇر. شۇڭا، كىمەرسىكىم، ئۇنى تەقدىرىمىزگە، تارىخىمىزغا، نەسلى - ئەۋلادىمىزغا نىسبەتەن زىيانلىق بىخ، قان بۇزۇلۇشىنىڭ، مىللىيەت ئېڭىنىنىڭ يوقىلىشىنىڭ باشلىنىشى، دەپ بىلمەكلىك زۆرۈردۇر![1]

سۇلتان ئابدۇكەرىم خان تۇرلۇك مەزھەب - سۇلۇك جېدەل - ماجىرالىرىنىڭ سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ تىنچ - ئاسايىشلىقىغا ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدىغان زىيانلىق تەرەپلىرىنى سەزگەن ئاقىل ئۇيغۇر پادىشاھى ئىدى. شۇڭا، ئىسھاق خوجا مۇلكىي قەشقەرىيىدە «خوجا مۇھەممەت ئىسھاق ۋەلىيۇللا ئىشان» نامى بىلەن «تەرىقىتى ئىسھاقىيە» سۇلۇكىنىڭ پائالىيىتىنى ئاشكارا قانات يايدۇرغان چاغدىلا، پەرمان چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىگە چەك قويغان ۋە ئۇنى سەئىدىيە مەملىكىتىدىن چىقىپ كېتىشنى بۇيرۇغانىدى.

مەۋكەبتىكى قابىلىيەتلىك ۋەزىر خوجا ئەبەيدۇللا سۇلتاننىڭ ئاكتىپ قوللىغۇچىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ مۇلكىي قەشقەرىيىدە مەيدانغا كەلگەن كۆپ مەنبەلىك، كۆپ سۇلۇكلۇك، كۆپ پىرلىق نەقشىبەندىيە (ئاساسەن، مەخدۇم ئەزەم) تەرىقىتىنى چەكلەپ، ئۇۋەيسىيە تەرىقىتىنى ھىمايە قىلاتتى. بۇ تەرىقەت سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ شەيخۇلئىسلامى، سۇلتان سەئىدخان ۋە سۇلتان ئابدۇرەشىدخانلارغا ئۇستاز بولغان مەرھۇم

---

① «تەزكىرەئى پىرياران. ئەزىزانلار تەسنىپلىرى»، قولىيازما.

مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋار تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان تەرىقەت ئىدى. بۇ تەرىقەتنىڭ ھازىرقى داھىيسى مۇھەممەت ۋەلى سوپى بولۇپ، ئۇ ھەم سۇلتان ئابدۇكەرىم خاننىڭمۇ، ھەم ۋەزىر ئەزەم خوجا ئەبەيدۇللانىڭمۇ ئۇستازى ئىدى.

بىر قېتىم، جۇمە نامىزىدا ۋەزىر ئەزەم خوجا ئەبەيدۇللانىڭ ئىماملىق قىلىشىغاتوغرا كېلىپ قالدى.

— ئەھلى جامائەت، — دېدى جۇمە خۇتبىسىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ئەھلى ناماز خانلارغا، — ئەزىز خاقانىمىز گۇفتار جۇلۇس ئابدۇكەرىم خان ئىبنى ئابدۇرەشىدخان غازى ئىبنى سۇلتان سەئىدخان ئەنەرۇللاھۇ بۇرھانەھۇم خاقانلىق ئۆمرىدە كىبىر - مەغرۇرلۇق تەمەننا ئەھلىنى، ئەدەب - ئەخلاقى ناچار، دىيانەتسىز، ئار - نومۇس مەۋقەئى سۇيۇق، خىيالى تۇترۇقسىز، ناكەستە كىشىلەرنى، غىدايماقتا ھەۋەسلەنگەنلەرنى، ھاكاۋۇر ئۆلىما، چېقىمچى ئەللامەلەرنى، زالىم ۋەزىر، مۇتىھەم سىپاھلارنىي، نادان ئەمەلدار، رىياكار ۋەزخان، ھەسەتخور ئىشانلارنى، لەشكەرلىك جاپاسىدىن قاچىدىغان سەركەردىلەرنى، ھايانكەش سودىگەرلەرنى، تادان غىنىيلەرنى، بىكار تەلەت كەسىپىي تېجىمەللەرنى، ساختىپەز ھۆنەرۋەنلەرنىي، دىيانەتسىز خوتۇنلارنى، غۇرۇرسىز نۇقانچىلارنى ئەخلاقتا چاقىرىپ ۋە باشلاپ تۇرماقنى خانلىقنىڭ كەسپىي سىياسىتى قىلىپ تۇتقانىدىلەر، ئەخلاقسىزلىق قىلغان بەد پېئىل كىشىلەرنى ئەدەبلەپ تۇرۇشقا دائىم ئەمىر قىلىپ تۇرغانىدىلەر. ئۆزىگە گۈزەل شەرمىي ھايالىق بولماقلىقنى، ئىنساپ - توغرىلىقنىي، شەپقەت - شاپائەتنى، ئىنسانىي مېھرىبانلىقنى ۋە ئىنسانىي ئادالەتنى ئەخلاق - ئەردەم قىلغان بارلىق ئەل سۆيەر ھۆكۈمدار - يارەنلەرنى، ئەخلاقنى مۇرات - مەقسەت قىلغان ھەممە پۇقرائى - پەقىر، ئەھلى جامائەتنى مۇرات مەقسەتلىرىگە يەتكۈزمەككە ئىپادە - ئىشارە قىلغانىدىلەر، جېنىمكى خانلىق

مۇلازىم ـ ئەربابلىرىدىن، رەئىيە ـ پۇقرادىن بەدئەخلاقلىقنى كەسىپ قىلغان، هارامىلىق، ئىجىسلىق خۇي ـ پەيلىدىن يانمايدىغان خۇمسى ـ بەدرەكلەرنى يەكلەشنى، توسۇشنى، دەككىلەشنى، ئۇلارغا يان باسماسلىقنى تەلەپ قىلدىلەر ۋە ئۇنداقلارنى سەئىدىيە جەمئىيىتى ئۈچۈن زىيانلىق قەبىھ ئىنسانلار قاتارىدا هەرگىزمۇ ئاياپ ئولتۇرماستىن جازالاشنى ئەمىر قىلدىلەر!... ①

ئەمدى باشتىكى سۆزىمىزگە كېلەيلۇق.

مۇھەممەت خان سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ بەشىنچى ئوغلى بولۇپ، ئابدۇلەتىپ سۇلتان قازاغا ئۇچرىغاندىن كېيىن سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ئۇنى ئاقسۇ هۆدۇتلۇقىغا نايىب قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. بۇچاغدا كۇچا دىيارى موغۇلىستان خانى مەنسۇر خاننىڭ ئوغلى شاھ خاننىڭ قولىدا ئىدى.

مۇھەممەت خان كىچىكىدىن شاللاق، باشباشتاق چوڭ بولۇپ قالغان شاھزادە ئىدى. ئۇنىڭ ئاقسۇ شەھىرىدىكى ئوردىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر بەزمىسىدە، موغۇلىستان هۆكۈمدارلىرى شاھ خاننىڭ قىزى خوپ نىگار خېنىمنىڭ گۈزەللىكى ھەققىدە پاراڭ بولۇپ قالدى.

— ئۇ قىز دىلبەرلىكتە جانلارنىڭ راھىتى بولسا، گۈزەللىكتە جاھاننىڭ ئاپتىپىدۇر، — دەپ ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلغىلى تۇردى مۇھەممەت خاننىڭ يېقىنلىرىدىن بىرى بولغان مىرمەھدى شاھ، — ئۇ قىزنىڭ لەۋلىرى شېكەردىن پۈتكەندەك شېرىن سۆزلۈك، سەرۋى بويلىرى گويا تاۋۇس قۇشتەك، ئۇنىڭ رۇخسارىنى كۆرگەندە، پەرىزاتلارمۇ ھەيرەت ئىلكىدە بارمىقىنى چىشلىشىدۇ. ئۇ ئادەمزات ئارىسىدىن چىققان سۇمبۇل چاچلىق،

① موللا مۇھەممەت هۈسەيىن كۇچارى، موللا توختى خەلپەت قەشقەرى: «تەزكىرەئى پىر ياران. ئەزىزانلار تەسنىپلىرى»، قولىيازما.

قەلەم قاش، ئاي يۈزلۈك، قارا كۆزلۈك، سەدەپ چىشلىق، ئىپار ھىدلىق بىر نازىنىن پەرىدۇر. مەن يەتتە ئىقلىمنى ئايلىنىپ چىققان، پۈتۈن مۈلكىي تۈركىستان مەۋزەئىنى كەزگەن ئەمما ئۇنىڭدەك گۈزەل مەشۇقنى كۆرمىگەن. بەلكى مەندىن باشقا ھېچكىممۇ كۆرمىگەندۇر. ئۇنىڭ داڭق - تۆسىپلىرىنى يۈز كۈن توختىماي سۆزلىسەممۇ مىڭدىن بىرىنى ئېيتىپ تۈگىتەلمەيمەن!..

مىرمەھدى شاھ خوپ نىگار خېنىمنى شۇنچىلىكلا ماختاپ قويۇۋىدى، ئىشىق لەشكەرلىرى مەي - شارابىنىڭ تەسىرىدىن بېشى ئايلانغان مۇھەممەت خانغا تەرەپ - تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ كۆڭۈل مەملىكىتىنى ئىشغال قىلىشتى. بەگباش شاھزادىنىڭ سەۋر - تاقىتى چاك - چېكىدىن بۆسۈلۈپ، ئىختىيارلىق تىزگىنى قولىدىن كەتتى.

— ئەي مىرمەھدى شاھ، — دېدى مۇھەممەت خان مەس كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ، — جانىم خامىنىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ، كۆڭۈل بېغىمنى غەمخانىغا ئايلاندۇردۇڭ. ئەلھال، بۇ مەنسەپ تاجىلىرىم ۋە ھەشەم - سەلتەنەتلىرىمنىڭ ھېچقايسىسى كۆزۈمگە كۆرۈنمەيۋاتىدۇ. ئەمدى مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟

— ئاڭلىسام، — دېدى مىر مەھدى شاھمۇ كەيپچىلىكتە، — شاھ خاننىڭ قىزى ھازىر كۈچانىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى قىزىلقاغا دېگەن قەلئەدە چۈشكۈن قىلغان ئىمىش، تاماشا قىلىپ باغ - گۈلىستان ئايلىنار ئىمىش. ئۇ قىزنىڭ قىرىق قىز مەھرىمى، ئاران يۈز لەشكىرى بار ئىمىش. مۇبادا، شاھزادە ئالىيلىرى خالىسا، دەرھال ئۇ يەرگە باسقىن قىلىپ، ئۇل دىلبەرنى بوگۈنلا ئولجا ئېلىپ قايتۇرۇپ كېلەيلى. ئۇ چاغدا سىز ۋىسال بېغىدىن شاتلىق مېۋىسىنى خالىغىنىڭىزچە ئۈزەلەيسىز، ۋاقىت غەنىيمەت!

مىر مەھدى شاھنىڭ كەيپچىلىكتە بەرگەن بۇ قىلغىر مەسلىھەتى نادان، باشباشتاق ۋە تەكەببۇر مۇھەممەت خانغا بەكمۇ ياراپ كەتتى ـ دە، ھېچبىر ئويلىنىپ ئولتۇرماستىنلا بۇ مەسلىھەتنى قوبۇل قىلدى ۋە كۇچار تەرەپكە جىددىي لەشكەر تارتىپ بېرىپ، باسقىن قىلىشقا پەرمان چۈشۈردى.

قازارا، شۇ كېچىسى، ئاقسۇ نائىبى مۇھەممەت خان دارۇلسەلتەنەت يەكەندىكى ئاكىسى سۇلتان ئابدۇكەرىم خانغا مەلۇم قىلىپمۇ قويماستىن، بەشيۈز لەشكەرنى كۇچا تەرەپكە باشلاپ قاراڭغۇلارچە يۈرۈپ كەتتى.

شۇ كۈنلەردە، شاھ خاننىڭ قىزى خوپ نىگار خېنىم ئۆزىنىڭ قىرىق قىز مەھرىمى بىلەن بىللە كۇچانىڭ ئۈستىدىكى چۆلتاغدا شىكاردا ئىدى. ئۇلار تاغ ـ جەزىرىلەرنى كېزىپ، بۆرە، يولۋاس، يىلپىز، كېيىكلەرنى ئوۋلاپ يۈرەتتى. بىر كۈنى، تۇساتتىن بىر كېيىك جىلغا ئارىسىدىن چىقىپ ۋادىغا قاراپ تېز قاچتى. ئۇ ئاجايىپ كېلىشكەن، شامالدىن يۈگۈرۈك بىر كېيىك ئىدى. قىزلار تۇش ـ تۇشتىن قوغلاشقا باشلىدى. ئەمما كېيىك قانداق پەيدا بولغان بولسا، شۇنداق تېز كۆزدىن غايىب بولدى. خوپ نىگار خېنىملار ھېلىقى كېيىكنى قوغلاپ يۈرۈپ، كۈننىڭ قانداق كەچ بولۇپ كەتكىنىنىمۇ سېزىشمىدى. ئاخىر ئۇلار بارىگاھقا قايتىشقا مەجبۇر بولۇشتى.

خوپ نىگار خېنىم كۇچا قەلئەسىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى قىزىلقاغا دېگەن بىر كىچىك قەلئەگە چۈشكەنىدى. بۇ چاغدا ئاقسۇدىن بەش يۈز لەشكەر باشلاپ كەلگەن مۇھەممەت خان تۈن قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ خان قىزى چۈشكۈن قىلغان مۇشۇ قىزىلقاغا قەلئەسىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى. خوپ نىگار خېنىم ئۆزىنىڭ قىرىق مەھرىمى ۋە يۈز قورۇقچى چېرىكى بىلەن بىللە قەلئە ئىچىگە قامىلىپ قالدى. بۈگۈن ـ ئەتە بۇ شەھەر

ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كېتىدىغان بولدى.
مۇھەممەت خان قەلئەنى قورشىۋالغاندىن كېيىن ئەتىسى ئەتىگەندە، قورغانغا خەت كىرگۈزۈپ: «خان قىزى خوپ نىگار خېنىم دەرھال قىرىق قىز مەھرىمى بىلەن ئالدىمغا كېلىپ، باش ئېگىپ تۇرغاي. بولمىسا تېگىش قىلىپ، قەلئەنى توپتالاس قىلىۋېتىپ، ئۆزىنى تىرىك تۇتۇپ كەتكەيمەن!» دەپ تەھدىت سالدى.
سەئىدىيە شاھزادىسى مۇھەممەت خاننىڭ ئۆزىگە مۇنداق ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىقىدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن خان قىزى خوپ نىگار خېنىم قىرىق قىز مەھرىمى بىلەن قورغان ئۈستىدە ئۇنىڭغا قول شىلتىپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:
— ئى نامەرد، سەن قانچىلىك كىشى بولۇشۇڭدىن قەتئىينەزەر، ئەگەر ئار ـ نومۇسنى ۋە ئەدەپ ـ قائىدىنى ئۇنتۇپ ھەددىڭدىن ئاشىدىغان بولساڭ، مەن ھەرگىز يول قويمايمەن! بىلگىن ۋە ئاگاھ بولغىنكى، مېنىڭ نامىمنى شاھ قىزى خوپ نىگار خېنىم، دەيدۇ! مەن گەرچە ئاجىزە بولساممۇ ئەمما شان ـ شەرەپ ئىگىسى بولغان ئابرۇيلۇق خان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققانمەن. ھەر جەھەتتىن خاندانىمنىڭ نومۇس ـ ئابرۇيىنى ساقلايدىغان شەرمىي ـ ھايالىق باكىر قىزدۇرمەن! مۇبادا، خىيالىڭدا ماڭا ئېرىشىش ۋە مېنى قولغا چۈشۈرۈش نىيىتىڭ بولسا، ئۇ پۈتۈنلەي خامخىيالدۇر. چۈنكى، ئۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىشتۇر. بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچىلەپ مېنىڭ دىدارىمنى كۆرىمەن دەپ ئويلىما! جەڭ مەيدانىدا كۆرۈشەيلى، قېنى ئوغۇل بالا ـ ئەركەك بولىدىغان بولساڭ، مەيدانغا چۈشۈپ، مەن بىلەن يەكمۇ يەك تۇتۇشۇپ باققىن، زەھەر تېمىپ تۇرغان بۇ قىلىچىمنىڭ تىغى ساڭا قانداق جاۋاب بېرىدىكىن، ئىشىنىمەنكى، ئۆزۈڭنى جەھەننەم تەكتىدە كۆرمىسەڭ ھېساب ئەمەس!

خان قىزى سۆزىنى تۈگىتىپلا قورغان تېمى ئۈستىدىن چۈشۈپ كەتتى. بىر كەملەردە قەلئەنىڭ دەرۋازىسى گۈلدۈرلەپ ئېچىلىپ، شەھەر ئىچىدىن ئۈستىگە ئالتۇن ساۋۇت ـ قۇياق، بېشىغا ئالتۇن قۇببىلىق دۇبۇلغا كىيگەن باھادىر خان قىزى ئات سېلىپ چىقىپ كەلدى. كۈمۈش ساۋۇت دۇبۇلغىلىق قىرىق قىز مەھرىمى بىلەن يۈز قورۇقچى چىرىكمۇ، ئۇنىڭ كەينىدە ئات سېلىپ سەپ تارتىپ قاتار تىزىلىپ چىقتى. جاھاننى يورۇتقۇچى ئاپتاپ زەر بايرىقىنى مەيدانغا پەلەككە تاقاشتۇرۇپ تىكتى. خان قىزىنىڭ ۋە ئۇنىڭ قىرىق قىز مەھرىمىنىڭ ئۈستى ـ بېشىدىكى ئالتۇن، كۈمۈش ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى پولات نەيزە ـ ئايپالتىلىرى قۇياش نۇرىدا ۋال ـ ۋۇل قىلىپ پارقىراپ، كۆزنى چاقنىتاتتى.

بۇ چاغدا خان قىزى خوپ نىگار خېنىم ھەممىدىن ئاۋۋال مەيدانغا ئات چاپتۇرۇپ كىرىپ، مۇھەممەت خاننى تەلەپ قىلدى:

— مەرد بولساڭ مەن بىلەن جەڭ قىلىشقا كەل! — دەپ يەتمىش ئىككى خىل سىپاھگەرلىك ھۈنىرىنى كۆرسىتىپ، باھادىرلىقىنى ۋە پالۋانلىقىنى نامايان قىلدى. ئەمما، خان قىزىنىڭ باھادىرلىقىدىن ئەيمەنگەن سەئىدىيە لەشكەرلىرىدىن ھېچكىم مەيداندارلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

مۇھەممەد خان نائىلاج بىچارە ھالەتتە تۇرغان لەشكەرلىرىگە:

— بىر ئۆلگۈچە ئات سېلىڭلار! — دەپ پەرمان قىلدى. لەشكەرلەر شاھزادىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن بىراقلا ئات قويۇشتى.

مەيداندا خۇددى ئاچ ئاشقا، يالىڭاچ ئېگىنگە ئۆزىنى ئۇرغاندەك، قۇمۇشلۇققا ئوت تۇتاشقاندەك، كالا پادىسىغا يولۋاس بىلەن بۆرە چۈشكەندەك قاتتىق جەڭ باشلىنىپ كەتتى! قىزلارنىڭ جۈرئەت ـ شىجائىتىگە كۆپنى كۆرگەن قېرى ئاسمان ـ زېمىنمۇ ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمىدى. بۇ چاغدا

ئاسماندا بىر پارچە قارا بۇلۇت سۇرۇلۇپ كەلدى-دە، يەر-زېمىننى لەرزىگە كەلگەندەك دەرىجىدە قاتتىق ھاۋا گۈلدۈرلەپ، قارا يامغۇر شارقىراپ قۇيۇۋەتتى. شۇ ئەسنادا قايتىش دۇمبىقى چېلىنىپ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى ئۆز جايىغا قايتىپ بېرىپ ئارام ئالدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە خان قىزى سۇلھى تەلەپ قىلىپ مۇھەممەد خانغا نامە ئەۋەتتى. بىراق، مۇھەممەد خان قىزنىڭ تەلىپىنى قوپاللىق بىلەن رەت قىلدى ۋە كەلگەن ئەلچىگە:

— مەن خوپ نىگارخېنىمنىڭ ئىشتىياقىدا جۇنۇن بولدۇم، — دېدى، — بۇ باياۋان - تاغ ئېتىكىدە جانۇ - دىلىمنى ئۇنىڭ جىڭگىلەك چېچىنىڭ سودىسىدا باج ئۈچۈن ئاتاپ قويغانمەن. شۇڭا خان قىزى ئۆز ئايىغى بىلەن ئالدىمغا يالىڭاياغ كەلسۇن، شۇ چاغدىلا مەن ئۇنىڭغا نىجاتلىق بېرۇرمەن!

مۇھەممەت خاننىڭ بۇ قەتئىي جاۋابىنى ئاڭلاپ، خوپ نىگار خېنىم قاتتىق غەزەپكە كەلگەن بولسىمۇ ئەمما ئۆز تەقدىرىنىڭ خۇددى بۇنىڭدىن مىڭ ئۈچيۈز يىل ئىلگىرى مۇشۇ قەلئەدە قازا قىلىپ كەتكەن كۆسەن خانىنىڭ ئەتىۋارلىق قىزى جىنۋا مەلىكىسىدەك ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلى قاتتىق بۇزۇلدى.

كۇچا — قەدىمكى زاماندا كۆسەن دەپمۇ ئاتىلاتتى. شۇ چاغلاردا بۇ شەھەر بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇر كۆسەن دۆلىتىنىڭ پايتەختى بولغانىدى. كۆسەن خانىنىڭ بىر ئوغلى ۋە بىر قىزى بار ئىدى. كۆسەن خانىنىڭ بۇ ئوغلى كېيىنكى چاغلاردا تاۋغاچتىكى① چاڭئەن② قاتارلىق جايلاردا بۇددا

① تاۋغاچ — قەدىمكى زاماندا سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچىدىكى سۇلالىلەرنىڭ ئورتاق نامى ئىدى.

② چاڭئەن — ھازىرقى شىئەن شەھىرى.

نوم - بېتىكلىرىدىن تەپسىر ئېيتىپ، تاۋغاچلىقلارنى ھىدايەتكە - مەدەنىيەتكە باشلىغان مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى ئۈچ ئاغىلىق نوم ئاچارى، كۇمرا جىۋا[①] ئىدى؛ قىزى جىۋا مەلىكە دەپ ئاتىلاتتى. بۇ «ئاسمان ئوردىسىدىكى گۈزەل مەلىكە» دېگەنلىك بولاتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، جىۋا مەلىكە تۇغۇلغاندىن كېيىن ئوردا مۇنەججىملىرى پال سېلىپ كۆرۈپ، «مەلىكە ئون تۆت ياشقا كىرگەن كۈنى چوڭ بىر بالا - قازاغا يولۇقىدۇ. شۇڭا، ئۇنى ئادەملەردىن يىراق بىر يەردە ئاشۇ بالا - قازا ئۆتۈپ كەتكەنگە قەدەر ساقلاش كېرەك» دەپتۇ. كۇسەن خانى مەلىكىنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھازىرقى قىزبىلقاغا دېگەن يەرگە بىر قەلئە سالدۇرۇپ قەلئە ئىچىگە ئېگىز بىر راۋاق ياسىتىپتۇ ۋە مەلىكىنى ھېچكىمگە كۆرسەتمەي ئاشۇ راۋاقتا بېقىپ چوڭ قىلىپتۇ.

مەلىكە ئون تۆت ياشقا كىرگەن كۈنى خان ئاتىسى بىر سېۋەت قىزىرىپ پىشقان ئالما سوغا قىلىپ قىزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى قۇتلۇقلاپتۇ. خان سوغا قىلغان بىر سېۋەت ئالمىنىڭ ئىچىگە بىر تال چايان كىرىۋالغانىكەن. مەلىكە ئۇنىڭدىن بىخەۋەر قولىنى سېۋەتتىكى ئالمىلارغا ئۇزىتىشىغا ھېلىقى چايان ئالمىلارنىڭ ئاستىدىن ئۆمىلەپ چىقىپ، قىزنىڭ قولىنى چېقىۋاپتۇ. چايان چېقىۋالغان مەلىكە تىن تارتماستىن جان تەسەددۇق قىلىپتۇ.

جىۋا مەلىكە ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇيغۇرلار قىز ئۆلگەن راۋاقنى «قىز قالدى» دەپ ئاتىشىدىغان بوپتۇ. كېيىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، «قىز قالدى» دېگەن ئىسىم «قىزبىلقاغا» دەپ ئۆزگىرىپتۇ ۋە ھازىرقى قەلئەنىڭ نامىمۇ شۇ

---

① كۇمرا جىۋا (344 — 413) — كۇچالىق مەشھۇر بۇددىست شاھزادە. ئاتاقلىق ئۇيغۇر تەرجىمانى. ئۈچ ئاغىلىق نوم ئاچارى، قەدىمكى زاماندا جۇڭگو بويىچە ئۈچ چوڭ تەرجىماننىڭ بىرى بولۇپ شەرەپ قازانغان.

ئىسمى بىلەن «قىزىلقاغا» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ. . .

بىراق، خان قىزى خوپ نىگار خېنىم سەۋر ـ تاقەتلىك ئەمما باھادىر ھەم تەدبىر ـ پاراسەتلىك قىز بولغاچقا، قازاغا رىزا، بالاغا سەۋر قىلىپ، بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرەرمەن، دەپ ئولتۇرىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ، مۇھەممەت خاننىڭ ئارقا تەرپىگە شەبخۇن ئۇرۇشىنى قارار قىلدى ۋە ئۆزىنىڭ يۈز قورۇقچى چېرىكىنى قەلئەدىن يوشۇرۇن چىقىرىپ چىغىر يوللار ئارقىلىق مۇھەممەت خاننىڭ ئارقا سېپىگە ماڭغۇزىۋەتتى ۋە ئۇلار بىلەن ئەتە ئەتىگەندە مۇھەممەت خانغا ئالدى ۋە كەينى تەرەپتىن تەڭ زەربە بېرىشنى پۈتۈشتى.

قۇياش ئاسمان راۋىقىنىڭ دېرىزىسىدىن باش چىقىرىپ، ئۇيقۇدىن يېڭى ئويغانغان كېلىنىدەك مۇنەۋۋەر جامالىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، تاغ ئارقىسىدىن بالقىپ چىقىپ، ئالەمنى نۇرغا تولدۇرۇپ يورۇتقاندا، مۇھەممەت خان سېپىدىن خان قىزىنى جەڭگە ئۈندەپ چېلىۋاتقان جەڭ دۇمبىقىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. خان قىزىمۇ پەرمان بېرىۋېدى، بۇ تەرەپتىن دۆلەت ناغرىسى ياڭراشقا باشلىدى. شۇ ئەسنادا شامال چىقىپ جەڭگاھنى چاڭ ـ توزاندىن ئېرىغدىدى.

مۇھەممەت خان تەرەپتىن بىر پالۋان گۈرزىسىنى مەيداندا جەۋلان قىلدۇرۇپ، پالۋانلىق ئويۇنلىرىنى كۆرسەتتى ۋە كۆرەڭلىك بىلەن بىرمۇنچە ھۈنەرلەرنى ئامايان قىلدى. گۈلدۈرمامىدەك نەرە تارتىپ، مەردى ـ مەيدان تەلەپ قىلدى.

خان قىزى خوپ نىگار خېنىم سېپىدىن نىقابلانغان بىر پالۋان ئۇنىڭغا قارشى ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ، كەيانى كامانىنى قولىغا ئالدى ـ دە، بىر ئوق بىلەن قارشى تەرەپنىڭ پالۋىنىنى ئاتتىن يىقىتىشقا مۇۋەپپەق بولدى.

بۇ چاغدا ھېلىقى نىقابلىق پالۋان يۈزىدىكى نىقابىنى يۇلۇپ ئالدى. ئۇ خوپ نىگار خېنىم ئىدى:

— ئەي ئەدەپسىز مۇھەممەت خان، — دەپ ۋارقىرىدى، — ھېچقانداق نام - ئەمەلىمۇ بولمىغان بىر چۈپرەندىنى جەڭگە سالغۇچە، مەرد بولساڭ قېنى ئۆزۈڭ كەلمەمسەن! بىلەمسەن، مەن كىم؟ مەن موغۇلىستان خاقانى شاھ خاننىڭ قىزى بولۇرمەن! سەن ئۇل ئالىي پادىشاھنىڭ ئىسمى - شەرىپىنى ئاڭلاپ باققانمىدىڭ؟! يولىڭنى بوشات! بولمىسا قولۇمدىكى شەمشەرنىڭ زەربىسى بىلەن ھالاك بولۇرسەن!

مۇھەممەت خان قىز ياغدۇرۇۋاتقان چەكسىز تەنە-مالامەت تاشلىرىغا زادىلا چىدىيالماي قەھىر - غەزەپكە كەلدى-دە، ئاخىر ئۆزى ئات سېلىپ مەيدانغا چۈشمەكچى بولدى. خان قىزى مۇھەممەت خاننىڭ لەشكەرلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن قىلچىمۇ ئەندىشە قىلماي، ئون ھەسسە كۆپ لەشكەرگە قىرىق مەھرىمى بىلەن تەنھا ئۆزىنى ئۇردى. جەڭ شۇنداق قىزىدىكى، قىز-يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق جەڭنى پۈتكۈل يەر يۈزى ناھايىتى ئاز كۆرگەنىدى. قىرىق قىز سەركەردىسى خان قىزىنىڭ باشلامچىلىقىدا ئۆزلىرىنىڭ ئار - نومۇسلىرىنى قوغداش ئۈچۈن نەرە تارتقان پېتى تەڭداشسىز دۈشمەنگە شۇنداق ئېتىلىپ كىرىشتىكى، خۇددى قۇيۇنغا بۆرە تەگكەندەك، قايسى تەرەپكە ئۆزىنى ئۇرسا شۇ تەرەپنىڭ چاڭ - توزانلىرىنى ئاسمانغا چىقاردى. ئۇلار گاھ تىغ بىلەن مۇھەممەت خان لەشكەرلىرىنىڭ نەچچىسىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلسا، گاھ زىخقا كاۋاپ ئۆتكۈزگەندەك چىرىكلەرگە نەيزە ئۇراتتى. گاھىدا دۈشمەن سېپى ئارىسىدا قارا بوران چىقىرىپ، پاتپاراق قىلىپ تاشلىشاتتى. شۇ ئەسنادا مۇھەممەت خاننىڭ ئارقا سېپى بىردىنلا قالايمىقانلىشىپ كەتتى. يۈز مەردانە يىگىت ئات سېلىپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن

بورانده‌ك يوپۇرۇلۇپ كه‌لدى. ئۇلار تۇنۇگۇن كېچه خان قىزى تەرىپىدىن مۇھەممەت خاننىڭ ئارقا سېپىگه شەبخۇن ئۇرۇشقا ئەۋەتىلگەنلەر ئىدى. ھەل قىلغۇچ پەيتتە، بۇ يىگىتلەرنىڭ ھۇجۇمى بىلەن مۇھەممەت خاننىڭ پۈتۈن سېپى پاتپاراقلىشىپ، لەشكەرلىرى جەڭ مەيدانىنى تاشلاپ، نەيزىلىرىنى سۆرەشكىنىچە ھەر تەرەپكە قاراپ قېچىشقا باشلىدى. خوپ نىگار خېنىم بۇ قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، قىرىق مەھرىمىنى ئېلىپ، ئات چاپتۇرۇپ كۆچا تەرەپكه چېكىنىپ كېتىشتى!

بۇ چاغدا موغۇلىستان پادىشاھى شاھ خان تېخى ئەمدىلەتىن لەشكەردىن قايتىپ ئوردىسىغا چۈشۈپ تۇرغانىكەن، خان قىزى خوپ نىگار خېنىم قىرىق قىز مەھرىمىنى باشلاپ ئاجايىپ بىسەرەمجان ھالدا يېتىپ كەلدى. شاھ خان قىزىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۇرۇپ كۆرگىنىدە، خوپ نىگار خېنىمغا قورۇقچىلىق قىلىشقا مەسئۇل بولغان سەردار خانغا:

— مۇھەممەت خان ئاقسۇدىن لەشكەر تارتىپ كېلىپ بىزنى قورشىۋالدى، بىز كېچىدە يۈز ھىيلە بىلەن خان قىزىنى ئاران مۇھاسىرە ئىچىدىن قۇتقۇزۇپ، بۇ يەرگە كېلىۋالدۇق! — دەپ جاۋاب بەردى.

— مۇھەممەت خان قىزىمنى ئەسىر ئېلىش يولى بىلەن ئەمرىگە ئالماقچىمىكەن؟ — دېدى بۇ گەپنى ئاڭلاپ غەزەپلەنگەن شاھ خان، — ئەلچى ئەۋەتىپ، ئېغىز ئاچقان بولسا ئۇنىڭغا بەرمەي كىمگە بېرەتتۇق؟ ئۇ مېنىڭ قىزىمنى ئولجا ئالماقچى بولۇپتۇ. مەن ئەمدى ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئالمىغۇچە ھەرگىز بولدى قىلمايمەن!

ئار - نومۇسىنىڭ تۆكۈلگىنىدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن شاھ خان دەرھال ئاقسۇ تەرەپكه لەشكەر تارتىپ بېرىپ، ئاقسۇ قەلئەسىنى قورشىۋالدى. ئەمما، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ سېپىلى ئېگىز ھەم قېلىن، مۇستەھكەم بولغاچقا، مۇھەممەت خاننىڭ

لەشكەرلىرى سىپىلدىن پايدىلىنىپ شاھ خاننىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۇرۇش ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتتى. شاھ خان ئاقسۇ قەلئەسىنى ئالالماي، نائىلاج لەشكەر چېكىندۇردى.

بىراق، مۇھەممەت خان بۇنى ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسى دەپ بىلىپ، بىر پاھىشە خوتۇننى ياغاچنىڭ ئۇچىغا مەھكەم تېڭىپ، شاھ خانغا دارىتمىلاپ قوپال ـ سەت گەپلەر بىلەن ئىزا ـ ئاھانەت قىلدى. شاھ خان دەرھال تۇرپان، چالىشتىن[1] لەشكەر يۆتكەپ كېلىپ، ئاقسۇ قەلئەسىنى يېڭىۋاشتىن مۇھاسىرە قىلدى. قەلئە بۇزار چىقىن توپ بىلەن سىپىلنى ئۇدا ئۈچ كۈنگىچە توپقا تۇتۇپ، قەلئەنىڭ ئىھاتىلىرىنى يىمىرىپ تاشلىدى ۋە شەھەر ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىپ، مۇھەممەت خاننى ئارك ئوردىسىغا قامىۋالدى.

مۇھەممەت خاننىڭ باشباشتاقلىقى بىلەن باشلانغان بۇ ئىش ئاخىردا سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ ھۇدۇت ـ چېگىرىسىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكنى ساقلاپ قېلىش ـ قالالماسلىقتا بېرىپ تاقىلىدىغان زور ۋەقەگە ئايلاندى!

ئىشنىڭ چىڭغا چىققانلىقىنى كۆرگەن ئاقسۇ نايىبى مۇھەممەت خان دەرھال مىر مەھدى شاھنى موغۇلىستان پادىشاھى شاھ خاننىڭ ئالدىغا سۈلھىي تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. قولىغا قۇرئان تۇتقان مىر مەھدى شاھ ئارك دەرۋازىسىدا شاھ خان بىلەن كۆرۈشۈپ، مۇھەممەت خاننىڭ سۈلھىي تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزدى.

شاھ خان:

— خاننى بۇ ئىشتىن توسماي، ئەكسىچە قىزىقتۇرغان سەۋەبكار سەن! — دېدى ۋە نۆكەرلىرىگە، — مۇنۇنى سىپىلنىڭ

[1] چالىش — قارا شەھەرنىڭ تارىختىكى ناملىرىدىن بىرى.

ئەڭ ئېگىز يېرىدىن پەسكە تاشلاڭلار! — دەپ پەرمان بەردى.
مىرمەھدى شاھ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن شاھ خان ئارقىدا ئومۇمىي ھۇجۇم باشلاشقا پەرمان چۈشۈردى. لەشكەرلەرنىڭ چۇقان - سادالىرى ئىچىدە شاھزادە — ئاقسۇ نايىبى مۇھەممەت خان ئەتكەسى بىلەن تىرىك قولغا چۈشتى. لەشكەرلەر تۇغنى ئۇنىڭ پۇتىغا باغلاپ شاھ خاننىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ ئېلىپ كەلدى. كونا قائىدە شۇنداق ئىدى.
شاھ خان لەشكەرلىرىگە ئاقسۇنىڭ يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان جىمى ئەركەكلىرىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈشكە پەرمان بەردى. شاھ خاننىڭ لەشكەرلىرى ئەلنىڭ بېشىغا ھەر خىل ئازابلارنى سېلىپ، ئەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ماللىرىنى بەيتمال قىلىۋالغاندىن كېيىن مۇھەممەت خاننى ئايالى مېھرىنىسا بېگىم بىلەن بىللە بويىنىغا شال سېلىپ چالىشقا ھەيدەپ كەتتى. ئۇلار چالىشقا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن خاننىڭ پەرمانى بويىچە باغراش كۆلىنىڭ ئاخۇنكۆل دېگەن يەردىكى بىر ئارالغا قاماپ قويۇلدى.①

مۇغۇلىستان پادىشاھى شاھ خان سەئىدىيە ھۆكۈمدارى سۇلتان ئابدۇكەرىم خان ئەۋەتكەن مەكتۇپنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا، سۇلتاننىڭ ئۆزىمۇ دارۇلسەلتەنەت يەكەندىن چالىشقا — شاھ خاننىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ كەلدى.
سۇلتان ئابدۇكەرىم خاننى پەرمانى بويىچە مىرزا ساتقىن ئىشكائاغا سەئىدىيە سەلتەنەتىنىڭ بىساتىدا بار ئەڭ قىممەت باھادۇر، گۆھەر، بەدەخشان لەئەل ياقۇتلىرىدىن، ئالتۇن بېزەكلىك كېيىملىرىدىن، ئېسىل يېگىسار پولىتىدىن سوقۇلغان

① بۇ تەپسىلاتلار ئۈچۈن، شاھ مەھمۇت جوراسنىڭ «تارىخىي رەشىدى. زەيلى» («سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار») دېگەن كىتابىنىڭ 38-، 41- بەتلەرگە قارالسۇن.

قىلىچلاردىن، دەستىنىگە قىممەت باھا تاشلاردىن كۆز قويۇلۇپ ياسالغان كەكلىك قىشى، يىلان بېشى يېگىنسار پىچاقلىرىدىن موغۇلىستان پادىشاھى شاھ خانغا ئالاھىدە سوۋغا - سالاملارنى تەييارلىغانىدى. ئۇ خان ھۇزۇرىدىكى كۆرۈشۈش مۇراسىمىدا موغۇلىستان پادىشاھىغا بۇ سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلىپ، ئۇنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشتى.

شاھ خانمۇ سەئىدىيە سۇلتانلىرىنىڭ مېھماندارچىلىقىنى كۆپ كۆرگەن ھۆكۈمدار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ مەرھۇم سەئىدخاننىڭ قېرىندىشى بولغان ئاكىسى مەنسۇر خاننىڭ ئوغلى بولغاچقا، سۇلتان ئابدۇكەرىم خانغا جىيەن تاغا بولاتتى. شۇڭا ئوردىدىكى كۆرۈشۈش مۇراسىمىدىن كېيىن شاھ خان كاتتا داستىخان تەييارلاتقۇزۇپ، جىيەنى سۇلتان ئابدۇكەرىم خاننى قىزغىن كۈتۈۋالدى. چوڭ زىياپەت ئۈچۈن چوڭ قويرۇقلۇق قالماق قويلىرىدىن يەتمىش - سەكسىنى، قولۇن، بوتىلاق ۋە موزايلاردىنمۇ يەتمىش - سەكسىنى سويۇلدى. تاغلاردىن، ئورمان ۋە كۆللەردىن ئوۋلاپ كېلىنگەن غاز، ئۆردەك، كەكلىك، قىرغاۋۇل، كېيىك، ماراللارنىڭ سانى ھەددى - ھېسابسىز ئىدى.

مىرزا ساتقىن ئىشكئاغا سۇلتان ئابدۇكەرىم خاننىڭ قۇلىقىغا بۈگۈنكى بەزمىدە موغۇلىستان پادىشاھى شاھ خان يەنە تۇرسۇق - تولۇملاردا مەي - شاراب، قىمىز - قېتىق تەييارلىغانلىقىنى پىچىرلاپ خەۋەر قىلدى ۋە: «شاھ خان ئىچىملىكسىز زىياپەتنى زىياپەت ئورنىدا كۆرمەيدۇ!» دېدى. سۇلتان ئابدۇكەرىم خان ئەزەلدىن ئىچىملىك ۋە مەي - شاراب دېگەنلەرنى تولىمۇ يامان كۆرەتتى ۋە ئۆزىمۇ قەتئىي ئىچمەيتتى. بىراق، ھازىر ئۇنىڭ كۆڭلىدە سىغماي تۇرغان خۇشاللىق بىلەن بىللەن موغۇلىستان پادىشاھى شاھ خاننىڭ سەئىدىيە مەملىكىتى بىلە بولغان دۈشمەنلىك مۇناسىۋەتلىرىگە بېرىپ تاقىلىدىغان بىر

تۇرلۇك غەشلىك ۋە چىگىشلىك بار ئىدى. نادان شاھزادە مۇھەممەت خاننىڭ بەڭۋاشلىقى بىلەن يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىز ۋەقەلەر نەتىجىسىدە تېخىمۇ زورىيىشقا باشلىغان بۇ خەۋپنى بۇگۈن پەقەت مەي - شارابنىڭ كۈچى بىلەنلا تارقىتىش مۇمكىندەك كۆرۈنەتتى.

قائىدە بويىچە مەي - شاراب بىر قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن سۇلتان ئابدۇكەرىم خان قولىغا لىق شاراب قۇيۇلغان جامنى ئېلىپ تۇرۇپ:

— ھۆرمەتلىك خان! — دېدى شاھ خانغا، — جىيەن ئىنىڭىز مۇھەممەت خان ياش باشتۇق ۋە نادان بولغاچقا، سىز ۋە قىزىڭىز ئالدىدا ئۆتكۈزگەن كەمچىلىكلىرىنى ھەم ئەيىبلىرىنى ئەپۇ قىلىشىڭىزنى سورايمەن، مەرھەمەت - شەپقىتىڭىزدىن بىزلەرنى ئۈمىدسىز قويمىغايسىز!

بۇ چاغدا زىياپەت سورۇنىدا مۇھەممەت خانمۇ بار ئىدى، ئەمما ئۇ ئولتۇرۇشقا پېتىنالماستىن ئۆرە تۇرغانىدى.

شاھ خان شاھزادە مۇھەممەت خانغا قاراپ:

— تۇغقىنىمىز سۇلتان ئابدۇكەرىم خان جانابلىرى ئالىيلىرىنىڭ يۈزىنى قىلمىغان بولسام، قىزىمغا قىلغان تۈرلۈك ئەدەپسىزلىكلىرىڭنىڭ ھېسابىغا سېنى دارغا ئاسقان بولاتتىم. بوپتۇ، گۇناھىڭدىن كېچەي! قېنى ماۋۇ جايدا ئولتۇر! — دېدى ۋە ئۇنىڭغا تۆۋەن تەرەپتىن ئورۇن كۆرسەتتى. مۇھەممەت خان ئەدەپ يۈزىسىدىن ئولتۇرۇشقا ئۇنىمىدى. شاھ خان كەينى - كەينىدىن ئۈچ نۆۋەت ئولتۇرۇشقا پەرمان قىلغاندىن كېيىن ئۇ:

— پەرمان ئەدەبتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ! — دەپ ئەدەپ بىلەن كېلىپ، خان كۆرسەتكەن يەرگە ئولتۇردى.

سۇلتان ئابدۇكەرىم خان شاھ خاننىڭ ئىنىسى شاھزادە مۇھەممەت خاننى كەچۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، كۆڭلى تەسكىن تاپقاندەك بولدى...

سۇلتان ئابدۇكەرىم خان شاھزادە مۇھەممەت خاننى چالىشتىن قايتۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنى قەشقەرگە نايىب قىلىپ بەلگىلىدى.

ئۇ قەشقەرگە يولغا چىققىدىغان كۈنى سۇلتان ئابدۇكەرىم خان تاكى دارۇلسەلتەنەت يەكەننىڭ چېگرىسىغىچە ئۇزىتىپ بىللە كەلدى. ئاخىر كۆز قىيالماسلىق ئىچىدە ئىنىسى بىلەن خوشلاشتى ۋە:

— ئى ھۆرمەتلىك قەدىردان ئىنىم، بىلەمسىز! — دېدى سۇلتان ئابدۇكەرىم خان بىر پەس سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن، — ھەر قانداق بىر ئادەمگە ئۆزىنىڭ خۇي - پەيلىدىن پايدا ياكى زىيان يېتىدۇ. تەمەخورلۇق بىلەن شۈكۈر - قانائەت شۇ ئادەمگە ياكى خارلىق ياكى ئىززەت - شاراپەت كەلتۈرىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىز؟ بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بەزى كىشىلەر ئەقىل - ئىدراكىنى ئۆزىگە يولباشچى قىلىپ، ياخشى - ياماننى پەرقلەندۈرەلىگەنلىكتىن ۋە پايدىلىق ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بەل باغلاپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق مەنپەئەت تاپقانلىقتىن، ھەر ئىككىلا ئالەمدە ئەزىز ۋە ئۇلۇغۋار مەرتىۋىلەرگە ئېرىشىدۇ. لېكىن، بۇنداق قىلىش نەپسانىيەتكە ناھايىتى قىيىن كېلىدۇ. چۈنكى، پۈتۈن جانلىقلارنىڭ نەپسانىيىتى ئاسان ۋە راھەت ئىشقا خۇشتار كېلىدۇ. كىشى ئەگەر ئۆز نەپسىنىڭ مۇرادىنىلا ھاسىل قىلىمەن، دەيدىغان بولسا، چوقۇم باشقىلارغا زىيان سېلىپ، ئۇلارنى مۇراد ۋە مەنپەئەتتىن مەھرۇم قىلىدۇ. مەسىلەن، سىزنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىڭىز مانا شۇ ئىشلار جۈملىسىدىندۇر! سىز ئۆز نەپسىڭىزنىڭ مۇرادىنى ھاسىل قىلماق بولۇپ، شاھ خان بىلەن ئاداۋەتلىشىپ جەڭ مەيدانلىرىنى تۈزگەنىدىڭىز، شۇ چاغدا ئالەم شۇ دەرىجىدە بۇزۇلدىكى، ئۇنى شەرھلەپ بولماق زادىلا مۇمكىن بولماي

قالدى.

— قازارا، بۇ جەڭدە شاھ خان ئۈستىڭىزدىن نۇسرەت قازىنىپ، شەھىرىڭىزنى پەتھى قىلدى. ئوردىڭىزنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، ئۆزىڭىزنى تۇتقۇن ئەيلىدى. ئاندىن پۇقرالارغا ئاداۋەت قىلىچىنى يالىڭاچلاپ ئەلنى قىرغىن قىلدى. نەتىجىدە جەبرى - زۇلۇم دېڭىزى قەھر - غەزەپ قايناملىرىنى ھاسىل قىلدى، ئاتا ئوغۇلدىن، ئانا قىزىدىن خەۋەر ئالالماي پەرياد چەكتى. ھاياتلىق بىناسىنى ئەجەل ماتەملىرى تەۋرىتىشكە باشلىدى. ھېچيەردە تىنچ، ئامانلىق قالمىدى.

— شۇنداق، ئى ھۆرمەتلىك كۆيۈمچان ئاغا، — دېدى ئاكىسىنىڭ سەمىمىي نەسىھەتلىرىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن شاھزادە مۇھەممەت خان، — ئۆزۈمنىڭ ئەقىلسىزلىكىمدىن يىگىتلىك ۋەسۋەسىگە بەنت بولۇپ، ئۇل سەۋدالاردا بالادىغا گىرىپتار بولدۇم. مېنىڭ سەۋەبىم بىلەن پۈتۈن ۋىلايەت ئۇرۇش ئوتىدا خاراب بولدى، شاھ خاننىڭ نومۇس قەلئەسىدىن تۆشۈك ئېچىپ، ئۇنى چەكسىز ئۇياتقا قالدۇرۇپ، پاك سەدەپ ئىچىدە پەرۋىش قىلغان بەختىيار گۆھىرىنى قولۇمغا كىرگۈزۈشكە قەست قىلدىم. ئاخىر ھەرلەھزىدە بىر ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان پەلەكنىڭ ھادىسلىرى ئۆزىنىڭ ھەر خىل نەيرەڭلىرى بىلەن مېنىڭدەك بىر غاپىل پادىشاھزادىنى شاھ خان قولىغا گىرىپتار قىلدى. ئى قەدىردان ئاكا، مەن نادان ئىنىڭىز ئەقىلسىزلىكىمدىن خاتا تەدبىر قىلىپتۇرمەن. مەن تېخى ئۇۋنى قولۇمغا كىرگۈزمەي تۇرۇپ، ئۆزۈم زەنجىرگە گىرىپتار بولدۇم! شۇندىلا كۆزۈم غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، بالا - قازانىڭ ئۇكۇزىنى ئۆزۈمنىڭ مەئىشەت خامىنىغا باغلىغانلىقىمنى، پالتىنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆز پۇتۇمغا چاپقانلىقىمنى، تولىمۇ ساددىلىق بىلەن دارنىڭ ئاستىغا ئۆز پۇتۇم بىلەن كەلگەنلىكىمنى بىلدىم. بۇ خىيالنىڭ خاملىقىدىن ئىكەن، دەپ پۇشايمان ئىلكىدە كۇرمىڭ

ئەپسۇس ۋە نادامەت قىلغان بولساممۇ قىلچە پايدا قىلمىدى.

— شۇنداق، ناھايىتى ئوبدان گەپ قىلدىڭىز، ئى ھۆرمەتلىك قەدىردان ئىنىم، — دەپ خۇشال بولدى سۇلتان ئابدۇكەرىم خان ئىنىسى مۇھەممەت خاننىڭ ئۆز ئەيىبىنى تونىغانلىقىنى كۆرۈپ، — ياش ئادەملەر خاتالىق سادىر قىلسا ئاللا تائاللامۇ كەچۈرىدۇ. بۇنىڭغا كۆپ قايغۇرۇپ ئىزتىراپ بولۇپ كەتمەڭ. ئى ئىنىم، بىلەمسىز؟ بۇ دۇنيا نۇرلۇق ھەم قاباھەتلىكتۇر، ھەم چۆل ۋە ئاۋاتتۇر. ئۇ گويا سىپەرگەرنىڭ تۇترۇقسىز خىيالىغىلا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭغا گىرىپتار بولغان كىشىلەر نادامەتتىن باشقا ھوسۇل ئالالمايدۇ. شۇڭا، ياش ئادەملەر بۇ رەڭۋاز دۇنياغا ئالدانماي، غەپلەت ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋەرمەي، ئۆزىنىڭ روھىي كامالىتىگە يېتىش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم!...

ئاغا - ئىنى ئىككىيلەن قان - قېرىنداشلىقنىڭ مۇشۇنداق شېرىن ۋە سەمىمىي تۇيغۇسى ئىچىدە بىر - بىرى بىلەن خوشلاشتى...

ئىسھاق خوجا بىلەن ئۇشتۇر خەلىپە پەرمان بويىچە سەئىدىيە مەملىكىتىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ، يەكەن دىيارىدىن ئايرىلدى. بۇ چاغدا ئاقسۇ دىيارىدا شاھ خان بىلەن مۇھەممەت خان ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولۇۋاتاتتى. ئىسھاق خوجىلار بۇ پاراكەندىچىلىكتىن پايدىلىنىپ ئاقسۇ دىيارىغا قېچىپ كېلىشتى ۋە ئايكۆل مەۋلانەمدىكى بىر تاشلاندۇق گۈمبەزنى ماكان تۇتۇپ بىر مەزگىل پۇرسەت كۈتىرىپ يوشۇرۇنۇپ ئېلىشتى.

* *

بىر كۈنى ئىسھاق خوجا ئۈشتۈر خەلىپىنى باشلاپ ئايكۆلنىڭ قازىسى خوجا ئابدۇرەھىم بەگنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇلار سەينادا ئۈژمە دەرىخىنىڭ سايىسىدە ئولتۇرغان ئابدۇرەھىم قازىبەگكە سالام قىلدى. بۇ چاغدا قازىبەگ تەسبىھ ئوقۇۋاتقانلىقتىن ئۇلارنى ئادەتتىكى دەرۋىش بولسا كېرەك، دەپ سالىمىغا بېشىنى ئېگىپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلەندى.

خوجا ئىسھاق:

— ئى غاپىل بەندە، سالام قىلماق سۈننەتتۇر، جاۋاب بەرمەك پەرھىزدۇر. مەن سۈننەتنى ئادا قىلدىم. سىز نېمىشكە پەرھىزنى تەرك ئەتتىڭىز؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن.

— ئەي دەرۋىش، — دېدى خوجا ئابدۇرەھىم قازىبەگ ئۇنىڭغا جاۋابەن، — مەن شۈكۈر ئېيتماقتا مەشغۇل ئىدىم. شۇڭا سالىمىڭىزنىڭ جاۋابىدىن غاپىل بولۇپتۇرمەن.

— كىمگە شۈكۈر ئېيتۇرسىز؟

— ئەلۋەتتە نېمەت بەرگۈچى ئاللاغا شۈكۈر ئېيتۇرمەن - دە!

— ئى غاپىل بەندە، — دېدى خوجا ئىسھاق كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىز شۈكۈر ئېيتىشنىڭ يولىنى بىلمەيدىكەنسىز. شۈكۈر دېگەن ئاللا تائالا بەرگەن نېمەتنىڭ ۋە لۇتفۇ مەرھەمەتنىڭ باراۋىرىدە بولسا مەقبۇل بولۇر. شۇڭا يۇرت چوڭلىرى ئۈچۈن ئۆزىگە مۇناسىپ شۈكۈر قىلماقلىق لازىمدۇر.

خوجا ئىسھاقنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەيران بولغان خوجا ئابدۇرەھىم قازىبەگ:

— ئى دەرۋىش، ئۇنداق بولسا شۈكۈرنىڭ يوللىرى نېمىدۇر؟ — دەپ سورىۋېدى. خوجا ئىسھاق دەرھال:

— شۇكۇرنىڭ يوللىرى تولىمۇ كۆپتۇر، — دەپ جاۋاب بەردى، — بىلمىدىمكى، سىز قايسىسىنى بىلىشنى خالايدىكەنسىز كىن؟

— بىز خوجالىق، بەگلىك ۋە قازىلىقنى ئارزۇ قىلىمىز. شۇڭا سىز يۇرتدارچىلىققا ياتىدىغان شۇكۇرلەر يولىدىن سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز. . .

— تولا ئوبدان، يۇرتدارچىلىق شۇكۇرنىڭ يولى جەمئىي ئون جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالۇر.

— ئۇ ئون جەھەت قايسىلاردۇر؟

— ئى غاپىل بەندە، ئالدىرىمىغايسىز؛ مەن تۆۋەندە بۇ ئون جەھەتنى بىر ـ بىرلەپ چۈشەندۇرگەيمەن. بىراق، سىز مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى يا بىلىسىز، يا بىلمەيسىز. . .

— مەن پەقەت سىزنىڭ ئايكۆل مەۋلانەمنى ماكان ئەيلىگەن بىر دەرۋىش ئىكەنلىكىڭىزنىلا بىلىمەن. . .

— سىز مېنىڭ ئادەتتىكى دەرۋىش ئىكەنلىكىمنى بىلىسىز ۋە ئەمما مېنىڭ مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىيۇللانىڭ «خاسۇل ـ خاس، مۇئتەقدۇل — ئىخلاس»[①] مۇرشىدى — خوجا مۇھەممەت ئىسهاق ۋەلىيۇللا ئىكەنلىكىمنى بىلمەيدىكەنسىز! شۇڭا مەن سىزنى ئۈچ قېتىم ئۇدا «غاپىل بەندە» دەپ ئاتىدىم. سىزنىڭ مېنى تونۇمايۋاتقانلىقىڭىزغا سەۋر قىلىپ تۇرماقتىمەن. چۈنكى، سەۋر غايەت ياخشى ۋە مەرغۇپ سۈپەتتۇر. شۇڭا، ئاللا تائاللا تەرىپىدىن قۇرئاندا: «سەۋر قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرى هەددى ـ هېسابسىزدۇر. يەنە سەۋر قىلغۇچىلارغا بۇ ئالەمدە هەددى ـ هېسابسىز ئىنئام ئاتا قىلىمەن. ئاخىرەتتىمۇ هەم شۇنداق» دېگەن ئايەت نازىل قىلىنغان.

بۇ چاغدا خوجا ئابدۇرەھىم قازىبەگنىڭ كۆزلىرى تىنىپ

---

① «ئەڭ يېقىن، ئەڭ ئىشەنچلىك» دېگەن مەنىدە.

جىم تۇرغان بۇلاقنىڭ كۆزىدەك ھەيرانلىق ئىلكىدە قېتىپ قالغانىدى.

— بىز ئايكۆل مەۋلانەمنىڭ تۇغ - شەددىلىرىنى قېقىپ، ئۇنىڭ مۇبارەك توپىسىنى كۆزىمىزگە سۈرتۈش ئۈچۈن نەمەنگاندىن كەلگەن ئەزىزلەرمىز، — دېدى ئىسھاق خوجا، — مەن قۇش توغراقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ساقمۇ ساق قىرىق كۈن ئېھتىكاپتا ئولتۇردۇم. قىرىق بىرىنچى كۈنى سەھەردە، ھەزرىتى مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىيۇللانىڭ مۇبارەك روھىناتلىرى كۆز ئالدىمدا ئايان بولدىلەر. ئۇ ماڭا ئېيتىلەركى: «ئى ئىسھاق ۋەلىيۇللا، خۇش كەپسىز. ئاقسۇ قەۋمى ئېتىقادى سۇس، ئىرادىسى ئاجىز، مىجەزى پاراكەندە، ئۆزى چېچىلاڭغۇ، تەپرىقىچى ئولۇستۇر. شۇڭا سىز ئەزىزلەرنى تونۇشمىدى ھەم ئۇلۇغ بىلىشمىدى. بۇ قىسمەتكە ھەم سەبىر قىلماق ھەم شۇكۇر قىلماق بار. بىز ئۈچ، ئاقسۇ، كۇچا، چالىش ۋە تۇرپان - قۇمۇل ھودۇتلۇقىغىچە بولغان كەڭ زېمىنىنىڭ سەججاد نەشىنلىكىنى① نەزىر - نىياز قىلىپ سىزگە بەردۇق. بىزنىڭ باللار خوجا، دەرۋىش، بەگ، قازى بولۇشنى ئارزۇ قىلغان بولسا، بەگلىك ئۇلارغا، مېغىزى سىزگە بولسۇن، ئامىن!»② دېدى - دە، غايىپ بولدى.

— ئى مەسنەد شەرىئەت ۋە مەسنەد تەرىقەتنىڭ ئەزىزى خوجا مۇھەممەت ئىسھاق ۋەلىيۇللا، — دەپ خوجا ئابدۇرەھىم قازىبەگ خوجا ئىسھاقنىڭ ئايىقىغا يىقىلدى، — بىز غاپىل بولۇپتۇق. سىز ئەسلىدە تولا قابىل زات ئىكەنسىز، بىزلەر نادانلىقىمىزدىن بىلمەپتۇق. كەچۈرگەيسىز! گۇمراھ ۋە كور بولغان بىزلەرگە نۇرى زىيا ئاتا قىلۇرسىز!

— ئىنشائاللا، — دېدى خوجا ئىسھاق كۈلۈمسىرەپ، —

---

① سەججاد نەشىن — سەجدىگاھدا تۇرغۇچى.
② «تەزكىرەئى مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا»، قولىيازما.

ئى قازىبەگ جانابلىرى، بىلەمسىز؟ ئاينىڭ ئەتراپىدا يۈرگەن يۇلتۇزلار گۈزەل كۆرۈنگەندەك، قاراڭغۇ تۈندە گەرچە ئاينىڭ نۇرى بولمىسىمۇ، يۇلتۇزنىڭ يورۇقلۇقى يول كۆرسەتكەندەك بىز ئەزىزلەرمۇ دىن — سۈلۈك يولىغا روشەنلىك بەرگۈچىلەرمىز. زۇلمەت دۇنياسىدا جاھالەت كىمىسىنى سۈرۈپ گۇمراھلىق گىردابىغا مۇپتىلا بولۇپ، ھەق يولنى يىتتۇرگەن سىلەردەك ئادەملەرنى «ساھابەلەر يۇلتۇزغا ئوخشايدۇ. ئۇلارغا ئەگەشكىلار ۋە ئۇلارنىڭ يولىدا مېڭىڭلار» دېگەن ھەدىسنىڭ ھۆكۈمى بىلەن نىجادلىق ساھىلىگە چىقارغايمىز ۋە سىلەردەك ئازغۇنلارغا ھىدايەت يولىنى كۆرسىتىپ، مەرىپەت كەئبىسىگە يەتكۈزگەيمىز!

ئۇنىڭ بۇ دەبدەبىلىك سۆزلىرىنى ئاڭلىغان خوجا ئابدۇرەھىم قازىبەگ:

— ئۇنداق بولسا شۈكۈرنىڭ ئون جەھەتتىكى ئىپادىلىرىنى ماڭا بايان قىلىپ بەرسىڭىز، — دەپ ئىلتىماس قىلدى تەقەززالىق بىلەن.

— بۇ ئون جەھەتتىكى شۈكۈرلەر: پادىشاھلىق شۈكۈرسى، يۇرتدارچىلىق شۈكۈرسى، پەرمانبەردارلىق شۈكۈرسى، ئۇلۇغلۇق شۈكۈرسى، قۇدرەت شۈكۈرسى، سەدىقە - ئېھسان شۈكۈرسى ، سېھھەت شۈكۈرسى، خىزمەت شۈكۈرسى، مۈلۈك - مەنزىل شۈكۈرسى ۋە سەۋر - تاقەت شۈكۈرسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە سەۋر - تاقەت شۈكۈرسى شۈكۈرلەرنىڭ ئەڭ ئەلاسىدۇر.

— ئى ئەزىز، بۇ ئون جەھەتتىكى شۈكۈرلەر ھەققىدە ماڭا مۇپەسسەل مەسائىلمەرۇپ قىلىپ بەرگەن بولسىڭىز؟

— ياخشى گەپ، — دېدى خوجا ئىسھاق كۈلۈپ تۇرۇپ، — پادىشاھلىق شۈكۈرسى — ھەممە ئەھلى ئالەم ۋە ئەۋلادى ئادەملەرگە ئەدىل - ئېھسان قىلماق؛ يۇرتدارچىلىق

شۇكۇرسى — رەئىيىيەت مۇلكىدىن ھېچنېمە تەمە قىلماسلىق؛ پەرمانبەردارلىق شۇكۇرسى — پەرماننى مەقبۇل تۇتقان خالايىقلارنىڭ تۈز - ھەققىنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلماق؛ ئۇلۇغلۇق شۇكۇرسى — خارلىق - زەبۇنلۇق تۇپرىقىغا يىقىلغانلارغا رەھىم - شەپقەت قىلماق؛ قۇدرەت شۇكۇرسى — ئاجىز، بىچۇۋۇل، زەئىپلەرگە رەنجۇ - ئەلەم يەتكۈزمەكتىن قول يىغماق؛ سەدىقە - ئېھسان شۇكۇرسى — ئەزىزلەرگە سەدىقە بەرمەك؛ سېھھەت شۇكۇرسى — زۇلۇم رەنجىدىن دىلى شىكەستىلەنگەنلەرگە ئادالەت دورىسى بىلەن شىپا بەرمەك؛ خىزمەت شۇكۇرسى — قەدەم جايلار، مۇقەددەس مازالار، قۇتبىخانىلار ۋە مەنزىل - تۇنەكخانىلارنى لەشكەر ۋە سىپاھلارنىڭ خاراب قىلىۋېتىشىنى مەنئىي قىلىش؛ سەۋر - تاقەت شۇكۇرسى — غەزەپ ئوتى شۇلا ئۇرغاندا، سەۋر - تاقەت قىلماق، سۇلۇك - تەرىقەت ۋە پىر - ئەقتابلار ئاسايىشلىقىنى ئۆز ئاسايىشىدىن ئىلگىرى قويماقنى كۆرسىتۇر. بۇ شۇكۇرلەرنىڭ ئېچىدىكى ئەڭ ئەلاسىندۇر!

— ھەسسىنات، ئى خاسۇل - خاس، مۇئتەقدۇل - ئىخلاس! — دەپ خىتاپ قىلدى خوجا ئابدۇرەھىم قازىبەگ ھاياجىنىنى باسالماستىن، — مەن ھازىرنىڭ ئۆزىدە سىز — ئەزىزگە ئىرادەت قىلۇرمەن ھەم پۇقرالىرىمنىمۇ ماڭا ئەگىشىپ سىزگە ئىرادەت قىلدۇرىمەن!

بۇ چاغدا خوجا ئابدۇرەھىم قازىبەگنىڭ سەيناسىغا: «نەمەنگاندىن كەلگەن ئەۋلىيانى كۆرىمىز» دەپ يىغىلغان ئادەملەر سانجاق - سانجاق ئۆرە تۇرۇشۇپ كىتىشكەنىدى.

— ئى خالايىقلار، — دەپ ۋارقىرىدى خوجا ئابدۇرەھىم قازىبەگ ئۇلارغا، — نەمەنگاندىن كەلگەن ھەزرىتى ئەزىز ئىشان خوجا مۇھەممەت ئىسھاق ۋەلىيۇللا تولا قابىل ئۇلۇغ زات ئىكەن. مەن بۇ زات بىلەن ھەمسۆھبەت - مولاقەت قىلدىم. شۇنى

بىلدىمكى، بۇ ئۇلۇغ زاتنى ھەزرىتى ئايكۆل مەۋلانەم بىزلەرنى ھىدايەتكە باشلاش ئۈچۈن ئاتايىتەن نەمەنگاندىن چىلاپ ئېلىپ كەپتۇ ۋە سىزلەرنى «بۇ ئەۋلىياغا ئىرادەت قىلغايسىزلەر، نەزىر - نىيازىڭلارنى بۇ ئۇلۇغ ئەۋلىياغا، بۇ زاتنى شېرىفكە بەرگەيسىزلەر!» دەپ چۈشتە ئايان بولۇپتىلەر.

بۇ چاغدا سەيناغا يىغىلغان ئادەملەر ئارىسىدا غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى.

— ئى خوجا ئابدۇرەھىم قازىبەگ، — دەپ چۇقان كۆتۈردى توپنىڭ ئارىسىدىن بىرەيلەن، — بىزلەر بىر بۇزرۇكۋار پىرىمىز ھەزرىتى ئايكۆل مەۋلانەمدىن باشقىسىنى بىلمەسمىز. بۇل تېجىمەلىنىڭ زاتى شەرىفىنى بىزلەر بىلمىسەك، ئۇنىڭغا قانداق ئىرادەت قىلغايمىز؟!

— قاۋۇل توقا ھەق گەپ قىلدى، — دەپ ۋارقىرىدى توپنىڭ ئارىسىدىن يەنە بىرەيلەن، — نەمەنگان تەرەپتىن كىملا كەلسە «بىز خوجا»، «بىز ئەزىزلەر» دېيىشىدىكەن. خۇددى «خوجا»، «ئەزىز» مەرتىۋىسى شۇلارنىڭ پېشانىسىگە مۆھۈرلەنگەندەك!

بۇ چاغدا ئۇشتۇر خەلىپە ئېيتىلىپ بارغانچە قولىدىكى سوتىسىنى بىلەن ھېلىقى ئۆكتىچى ئادەمنىڭ كاللا - باشلىرىغا ئۇرۇپ - دۇمبالاپ كەتتى.

— ئى ئاقسۇ ئەھلى، — دېدى ئىسھاق خوجىمۇئۇلارغا قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ، — بىز سىلەرنىڭ قايسى دىن، قايسى مەزھەپ، قايسى ئۇلۇس - مىللەت ئىكەنلىكىڭلارنى بىلمەيمىز. سىلەر يا روزا تۇتمايدىكەنسىزلەر ۋە ياكى ئەزىزلەرگە خەير - ئېھسان قىلىشنى بىلمەيدىكەنسىزلەر؛ كاپىرمىكىن، دېسەك، ئىمان ئېيتىدىكەنسىزلەر. مۇسۇلمانچە كىيىنىپ يۈرىشىدىكەنسىزلەر. شۇڭا بىز ئەزىزلەر نەمەنگاندەك يەرلەردىن يولنى يىراق كۆرمەي مۇشۇ يەردە جايدار، ۋەتەندار بولۇپ،

سىزلەرنى مۇسۇلمانچىلىق مۇلۇك ـ تەرىقەت قائىدىلىرىگە دالالەت قىلايلى دېدۇق. ئەگەر سىزلەر دەۋىتىمىزگە كىرسەڭلار، قېنى ھەممىمىز دۇئا قىلايلى، قولۇڭلارنى ئېگىز كۆتۈرۈڭلار، كۆزۈڭلەر ئېچىلسۇن، قۇلىقىڭلار تۈزەلسۇن! قاچانكى دەۋىتىمىزگە كىرمىسىڭىزلەر نەپسانىيەتلىك، غاپىللىق قىلىشىپ، بىزدەك ئۇلۇغ ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنى ئۇنتۇپ، تونىماي، بىخارامان، بەدمەزھەپ بولۇشىدىكەنسىزلەر، سىزلەرنى ئاللاتائالا ۋە ئەۋلىيالار دۇئايىبەد قىلىپ تاشلايدۇ!

— ئەي پاراكەندە، ئەخمەق ئادەم، — دېدى ئۇشتۇر خەلپە ھېلى چۇقان كۆتۈرگەن يەنە بىر ئاقسۇلۇقتا دوق قىلىپ، — سەن بولساڭ پەقىرلەرنىڭ پەقىرى، مىسكىنلەرنىڭ مىسكىنىسەن. ئىجارە ھەققى تۆلىيەلمىگەنلىكىڭ ئۈچۈن خانىقادا يېتىپ، مازاردا ئۇخلاپ كىشىلەرنىڭ خەير ـ سەدىقە قىلىپ بەرگەن ئاش ـ تامىقى بىلەن جان ساقلاپ يۈرۈپسەن. خوجا مۇھەممەت ئىسھاق ۋەلىيۇللا قەددىسەھۇ ھەزرىتى ئىشان خوجام سېنىڭ بۇ ئەھۋالىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، ساڭا پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن، بۇل تامان كېلىپتۇ. بىلەمسەن، ئۇ جەننەتپاناھ نەقشبەندى پىرىمىز مەخدۇم ئەزەم تەرىپىدىن سەنلەرنى ئىسھاقىيە تەرىقىتىگە باشلاش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن. سېنىڭ بۇ دەۋايىڭ ھەقىقەتەن ساراڭلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. سەن كەبى ئابرۇيسىز، تېگى ـ تەكتىڭ نامەلۇم بولغان بىر ئادەم ھەزرىتى ئەزىزلەرنىڭ ئۇلۇغ سۈپەتلىرىنى نەدىن بىلۇرسەن؟!

— ئى ئەھلى تەقۋادارلار، — دېدى ئىسھاق خوجا، — بىزگە ئاللا تائالا ھەر ئىككىلا ئالەملىك زىرەكلىك، دانالىق خىسلىتىنى ئاتا قىلغاندۇر! قادىر ئاللاھ بىزلەرنى بىر دۇئا بىلەن ھۆرۈپلا ئاسمان ـ زېمىننى زىلزىلىگە سالالايدىغان، بىر قارغىش بىلەن ئادەمنى جىن ـ ئالۋاستىغا، جىن ـ ئالۋاستىنى ئادەمگە سۆرىتى مۆبەددەل قىلىپ تاشلايدىغان

ئالەمشۇمۇل سىھرىي ھېكمەتلەرگە مۇئەككەل قىلغاندۇر. قادىر ئاللا بىزگە ئەگەشمىگەن، بىزگە ئىشەنمىگەن ۋە بىزگە شەك كەلتۈرگەن ھەر قانداق مۇسۇلماننى — گەرچە ئۇ پاك مۇسۇلمان بولغان تەقدىردىمۇ — ئەھلى دەۋزىخىيلىككە بەدگەردە قىلىپ تاشلىيالايدىغان قۇدرەت - قۇۋۋەتنى ئاتا قىلغاندۇر! شۇڭا بىز ئەزىزلەر شۇنداق ئادەملەرمىزكى، سىز ئەھلى مۇسۇلمانلار بىزلەرنىڭ نەزەرلىرىمىزدىن ئۆتۈپ تۇرۇشىڭىزلار، بىزلەردىن دۇئا ئېلىپ، بىزلەرنىڭ سىھرىي كارامەتلىرىمىزگە تەن بېرىشىڭىزلار شەرت بولغان ئۇلۇغلاردىندۇرمىز!

بۇ چاغدا ئايكۆلنىڭ قازىبېگى خوجا ئابدۇرەھىم بەگ خالايىققا قاراپ قولىنى كۆتۈردى:

— ئى مۇسۇلمانلار، قاچانكى بىز قازى بولدۇق، گويا ئالودە① بولدۇق. ئەلھال، بىز ئەمدى ئىرادەت ھۆددىسىدىن چىقالماسمىز. چۈنكى، ئەمدى بىزگە ئېتىقاد قىلىپ بولماس. شۇڭا ئەمدى مەن سەججادۇ بېھىشىلىقنى بۇ ھەزرىتى ئەزىزگە بەخش قىلۇرمەن. بۇزرۇكۋار بابام ئايكۆل مەۋلانەمنىڭ رايى ھەم شۇنداق تۇرۇر. ئايكۆل مەۋلانەمنىڭ سەججاد نەشىنلىكى ئەمدى بىزدىن ئۇلارغا قالدى. مەنمۇ بۇ ئەزىزغا ئىرادەت قىلۇرمەن، ئامىن!

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا ئىككى قولىنى دۇئاغا ئېگىز كۆتۈردى، بۇ چاغدا قۇمباشلىق موللا ئابدۇرازاق مۇپتىمۇ خوجا ئابدۇرەھىم قازىبەگكە ئەگىشىپ قوللىرىنى دۇئاغا ئېگىز كۆتۈردى.

قالغان خالايىقمۇ بۇ ئىككىسىنىڭ ئىرادەت قىلغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ھەزرەتلەر ئىرادەت قىلغان بولسا، بىزلەرگىمۇ نېمە

① ئالودە — بولغانغان، پاسكىنا بولغان.

ئامال؟ ئەمىسە بىزلەرمۇ ئىرادەت قىلدۇق! — دېيىشىپ بىردىن، ئىككىدىن... قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈرۈشتى، ئاخىردا سەينادىكىلەرنىڭ ھەممىسى قوللىرىنى دۇئاغا ئېگىز كۆتۈرۈشۈپ ئىرادەت قىلىشتى...

نەزمە

ئاي كەتتى ئېگىزلەپ، بىزلەر پەس قالدۇق،
خەق ھوشىغا كەلدى لېكىن بىز مەست بولدۇق.
ئەي جانۇجاھان، كېيىن كېلەر بولغىنىنى،
سەن سۆزلىمە، چۈن ھېچنىمە بىلمەس بولدۇق.

— جالالىدىن رومى

## ئون تۆتىنچى باب

# ناماز كۈندىكى قاتىللىق

«بەختىيار كىشىلەر ئۆز قىلمىشلىرى كەلگۈسى ئەۋلادلارغا ئۈلگە بولۇشتىن بۇرۇنلا، ئۆتمۈشتىكى ئەجدادلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن ساۋاق ئالىدۇ. ئوغرىلارمۇ قولىنى قىسقارتىۋەتمىگۈچە[1]، قولىنى قىسقارتىۋەتمەيدۇ.»

— شەيخ سەئىدى

**مىلادى** 1563 ـ يىلى (توڭگۇز يىلى) 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى يەكشەنبە سەھەر، يەنى قەمەرىيە كالىندارى بويىچە زۇلھەججىنىڭ ئونىنچى كۈنى سۈبھى. بامدات ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالغانىدى. سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ دارۇلسەلتەنەتى يەكەندىكى خانلىق جامەسىنىڭ ئېگىز پەشتاقلىرىنىڭ بىرىدە، مەزىننىڭ كىشىلەرنى بامدات نامىزىغا چاقىرىپ سوزۇپ ئېيتقان ئەزان ئاۋازى شەھەر ئاسمىنى ئۈستىدە ياڭرىماقتا ئىدى: «ئاللاھۇ

---

① ئىسلام شەرئىتىنىڭ قانۇنى بويىچە ئوغرىلىق قىلغۇچىلارنىڭ قولى كېسىلىدۇ.

ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، ئەشھەدۇئەنلائىلاھە ئىللەللاھ، ئەشھەدۇئەنلائىلاھە ئىللەللاھ، ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ، ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ، ھەييەئەلەسسەلا، ھەييەئەلەسسەلا، ھەييە ئەلەلفەللاھ، ھەييە ئەلەلفەللاھ، ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، لائىلاھە ئىللەللاھ!»

— مەزىننىڭ مۇسۇلمانلارنى نامازغا كېچىكمەسلىككە ئۈندەپ ئېيتقان ئەزان ئاۋازى بىلەن تەڭ ئويغانغان نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ ئىشانكالانى مۇھەممەتئىمىن خوجا تەرەت ئالماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى.

ئۇ سۇلتان ئابدۇكەرىم خاننىڭ پەرمانى بويىچە بۈگۈنكى خانلىق جامەسىدە ئۆتۈلىدىغان ئون مىڭ كىشىلىك قۇربان ھېيت نامىزىغا ئىماملىق قىلماقچى ئىدى.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ بۆلۈك تەرەپتە ياتقان ئىنىسى ئىسھاق خوجىغا قاراپ قويدى. غۇۋا ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا تىقىلىۋالغان ئىسھاق خوجا شەيخلىق جەندىسىگە پۈركىنىپ، تۈگۈلۈپ ياتاتتى. ئۇ بەلكىم مەزىننىڭ ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلىمىغان بولسا كېرەك.

— ئى مۆھتەرەم ئىنىم خوجا ئىسھاق! — دەپ ئاستا چاقىردى ئۇنى، — تۇرۇڭ، بامدات ۋاقتى بولۇپ قالدى. تەرەت ئالايلى، بولمىسا نامازغا كېچىكىپ قالىسىز جۇمۇ!

بۇلۇڭدا شەيخلىق جەندىسىگە پۈركىنىپ ياتقان ئىنىسى ئىسھاق خوجا قىمىرلاپ قويدى - يۇ، ئەمما جاۋاب بەرمىدى. ئىشانكالان مۇھەممەتئىمىن خوجا ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي ئورنىدىن قوپۇپ تەرەت ئېلىش ئۈچۈن تالادىكى ئەۋرەز بويىغا قاراپ ماڭماقچى بولۇپ تۇرۇۋېدى، خاننىڭ ئىشىكىنىڭ تاراقلاپ ئېچىلغىنىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. بوسۇغىدا ئۈستىگە ئۇزۇن قارا چاپان، بېشىغا قارا تاقىي كىيگەن گەۋدىلىك بىر ئادەم پەيدا

بولدى. سەھەرنىڭ غۇۋا يورۇقىدا ئىشانكالاننىڭ كۆزىگە ئۇنىڭ پاناق بۇرۇنلۇق خۇنۇك بەشرىسى بىلەن قارا تاقىيلىق يوغان بېشى خۇددى قارا قۇزغۇندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. شۇ ئەسنادا، ئۇنىڭ كەينىدە يەنە بىر ئادەمنىڭ سايىسى غىل-پال كۆرۈنۈپ قالدى.

— ئۇشتۇر خەلپە؟! — ئىشانكالان مۇھەممەتئىمىن خوجا ئۇنىڭ بىمەھەل ۋاقىتتا ئاغا - ئىنى ياتقان قۇتبىخانىغا ئىلتىپاتسىزلا ئۇسۇپ كىرگەنلىكىگە ھەيران قالغانىدى، — خەلپەم، ھارمىغايسىز، خوجىڭىز تېخى ئويغانمىدى.

ئىشانكالان ئىستىھزا بىلەن كولۇمسىرەپ بۇلۇڭ تەرەپنى ئىملىدى. بىراق، ئۇشتۇر خەلپە خوجىسى بىلەن كارى بولماستىن ئۇدۇل كەلگىنىچە ئىشانكالاننىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى. ئۇ نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. دەل شۇ پەيتتە ئىشىك يەنە تاراقلاپ ئېچىلىپ ئۆيگە يەنە بىر سىگال سوپى ئېتىلىپ كىردى — دە، ئىشانكالانغا تاشلاندى...

— خوجا ئىسھاق، قېنى سىز — ھوي! بۇ مەلئۇنلار زادى نېمە قىلماقچى؟! — دەپ ۋارقىرىدى ئىشانكالان ۋە دەرھال كەينىگە قارىدى. ئىنىسى ئۆينىڭ غۇۋا بۇلۇڭىدا جەندىسىگە پۈركىنىپ قوزا ئۇيقۇسىنى ئۇخلىماقتا ئىدى. گۇلدۇر - تاراق ۋەستىدىن پۈتۈن قۇتبىخانا تىترەپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ ئەمما ئۇ قىلچىمۇ چاتىقى بولماستىن ئۇيقۇسىنى بەخىرامان ئۇخلاۋەردى. ئۇشتۇر خەلپە بىلەن ھېلىقى سىگال سوپى ئىشانكالاننىڭ قوللىرىنى كەينىگە قايرىپ، ياقىسىدىن تۇتقىنىچە قۇتبىخانىنىڭ سەيناسىغا سۆرەپ چىقتى.

قاتتىق ھاقارەت ھېس قىلغان ئىشانكالان مۇھەممەتئىمىن خوجا غەزەپ تۇيغۇسىدا خۇددى بەزگەك بولۇپ قالغان ئادەمدەك جالاقلاپ تىترەپ كەتتى: «يا پەرۋەردىگارىم! خۇددى قۇربانلىق قويىنى سۆرىگەندەك سۆرەيدىغۇ مېنى؟! مەن بۇلارغا نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيتتىم؟...» ئاخىر ئۇ پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ

تۇرۇپ قاتتىق ۋارقىرىدى:

— قويۇۋەت مېنى، قويۇۋېتىش! مەن كىم، بىلمەمسەن؟! مەن ئىشانكالان مۇھەممەتئىمىن خوجا بولۇرمەن! ھەي، مۇسۇلمانلار، ھەي ئەھلى مۇرىتلىرىم، قېنى سىلەر؟ ئادەم بارمۇ؟! قۇتقۇزۇڭلار! ئادەم. . .

كۈچلۈك بىر قول ھەلقۇمىدىن ئامبۇردەك قاتتىق قىسىپ، ئۇنى داۋاملىق سۆزلەتكىلى قويمىدى.

ئۇشتۇر خەلىپە بىلەن ھېلىقى سىگال سوپى مۇھەممەتئىمىن ئىشاننى ياقىسىدىن تۇتۇپ سۆرىگىنىچە سەينادىكى ئەۋرەزنىڭ قىرىغا ئېلىپ كېلىشتى.

ئۇ يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئىشتىپ، دەرھال كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن تىكىلىپ تۇرغان ئىنىسى ئىسھاق خوجىنى كۆردى.

— ئى خوجا ئىسھاق، — دەپ بىچارىلەرچە نالە قىلدى ئۇ، — بۇ نېمە ۋەھشىيەتتۇر؟!

— بۇنىڭ نېمە ۋەھشىيەت ئىكەنلىكىنى تېخىچە بىلمىدىڭمۇ؟ — دەپ تەئەددى قىلدى ئىسھاق خوجا، — ئىنتىقام خەنجىرى سويام ھەلقۇمىڭغا تەگلەنگەندىمۇ بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بولساڭ، ئاتام ئىشانكالاننىڭ ئېرىشاتىنامىسىنى ساڭا بىكارغا بېرىپتۇ — دە!

— ئى خوجا ئىسھاق، سېنىڭ بىلەن بىز ئىككىمىز بىر ئاتىنىڭ پۇشتىدىن ئاتمىغانلارغۇ؟ ماڭا رەھىم قىل، ئى مۇرۇۋۋەتلىك ئىنىم، ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن، مېنى ئۆز ئەجىلىم بىلەن ئۆلگىلى قوي! ماڭا نېمىشقا بۇنداق ئۆچمەنلىك قىلۇرسەن؟

ئاچچىق نالە قىلىۋاتقان ئىشانكالان مۇھەممەتئىمىن خوجا تىپىرلاپ كەتتى. ئۇ ھەر قېتىم يۇلقۇنغانسىرى، ئۇشتۇر خەلىپە بىلەن ھېلىقى سىگال سوپى ئۇنى يەرگە تېخىمۇ قاتتىق نىقتاپ

باساتتى.

— ئى مەلئۇن! ئاتىمىز مەخدۇم ئەزەم ئىشانكالانلىق ئېرىشاتنامىسىنى تەنتەنىلىك قول بېرىش مۇراسىمىدە ماڭا بەرگەن ئەمەسمىدى؟ نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ سۇلۇك ئۇدۇمى بويىچە سەن تەڭرىگە تەۋەككۇل قىلىپ، پىرىڭ بولغان ماڭا ئەگىشىشىڭ، مەن قاياققا باشلىسام، سەنمۇ شۇ ياققا قاراپ مېڭىشىڭ، مەن نېمە ئىش قىلسام، سەنمۇ ئوخشاشلا شۇ ئىشنى قىلىشىڭ كېرەك ئىدىغۇ؟ بىز مەخدۇم ئەزەم تەرىقىتىنى بۇ زېمىندا جارى قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلمىغانمىدۇق؟ ئى خوجا ئىسهاق، قارا، قىسمەت نەقەدەر ئاجايىپ نەرسە - ھە؟ ئۆز ۋاقتىدا بۇزرۇكۋار پەدەرىمىز مۇشۇ زېمىندا خوجا مۇھەممەت شېرىپ تەرەپدارلىرى تەرىپىدىن شەرمىسار قىلىنىپ، مۇلكىي قەشقەرىيەدىن قوغلانغانىدى. ئاخىر ئۇ مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتەلمەي، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئېلىپ مەھشەرگاھقا كەتتى. مانا ئەمدى يەنە مۇشۇ زېمىندا تەقدىر ھۇما قۇشى مېنىڭ بېشىمغا سايە چۈشۈرۈپ تۇرۇپتۇ. خۇددى باراڭدىكى بىر ساپ ئۆزۈمنى ئۆزۈۋالغاندەك ھېچبىر كۈچ سەرپ قىلماستىنلا يەنە مۇشۇ زېمىندا مەقسەت چىمەنىدىن مۇراد گۈلىنى ئۆزۈشكە جۈرئەت قىلىۋاتقان چاغدا، سەن بىلەن بىز ھەمنەپەس، قەلبداش، تەقدىرداش بولۇشىمىز كېرەك ئىدىغۇ؟ سەن ئۆملۈك بار يەردە مۇۋەپپەقىيەتمۇ بولىدۇ، دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ؟ ئېسىت، تەرىقەت - سۇلۇك ئىچىدە سېنىڭدەك ۋاپاسىزغا نومۇس! ئىشانلىق لىباسىڭغا، داستار - سەللەڭگە نومۇس! قېرىنداشلىق مېھرىگە، تەرىقەت - سۇلۇك يولىغا يۈز مىڭلارچە نامەردلىكلەرنى تۆھپە قىلدىڭ! مەن ئەركەك، دەپ ۋاپا لاپىنى ئۇرغان بىلەنلا ئەر بولۇپ قالامدۇ؟ سېنىڭدەك بىۋاپا قېرىنداشتىن ۋاپادار ئىشت ياخشى ئەمەسمۇ؟

ئىسهاق خوجا ئۆشتۈر خەلىپىگە قولىنى ئۆزىنىڭ

كېكىرتىكىگە سۇرۇپ تۇرۇپ، ئۇنى ئىتتىك بوغۇزلا، دەپ ئىشارەت قىلدى.

بۇ چاغدا، مۇھەممەتئىمىن خوجا ئىنىسىغا زارلىنىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرمەسلىكنى ئىلتىجا قىلىۋېدى. ئىسھاق خوجا ئۇنىڭ زارىغا پىسەنتمۇ قىلمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇھەممەتئىمىن خوجا تەقدىرگە تەن بېرىپ، ئىسھاق خوجىغا يالۋۇرۇشتىن توختىدى ۋە ساراڭلارچە قاقاقلاپ ئاچچىق كۈلۈشكە باشلىدى.

ئۇنىڭ كۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىسھاق خوجا:

— ئەي خوجا مۇھەممەتئىمىن، ئۆلۈم ئالدىدا كۈلىسەنغۇ؟ بۇ كۈلىدىغان يەر ئەمەس، — دەپ دوق قىلدى ئۇنىڭغا، — جېنىڭ سۇيام ھەلقۇمىڭغا كېلىپ قالدى. تۆۋە قىلماي سەن تېخى كۈلۈپ نالە قىلۇرسەن.

— ۋاقىتكى، بىر ئىش يادىمغا كېلىپ كۈلۈرمەن، — دېدى مۇھەممەتئىمىن خوجا ھاسىراپ، — مەخدۇم ئەزەمنىڭ پۈشتىدىن تامغاندا، دەسلەپتە مەن يالغۇز ئىدىم. كېيىن سەن تۇغۇلدۇڭ. مەن سېنى كۆرۈپ تېخى: «باركاللا، مېنىڭ مۇشۇنداق ھەبىب ئىنىم تۇرسا، بىگانىلەر ئالدىدا ھەرگىز تىز پۈكمەسمەن. خەلقنى ئالەم ماڭا قارشى دۈشمەن بولغان تەقدىردىمۇ، شۇ باھادىر قولدىشىم تۇرغان يەردە قىلچىمۇ ئەندىشەم يوقتۇر!» دەپ، ئۆزۈمگە تەمەننا قويۇپتۇرمەن. ئامما، لەنىتى دوزاخ يۈتقۇر مەخدۇم ئەزەم سېنى ماڭا دۈشمەن قىلىپ تاپقانىكەن. خۇداغا سىغىنماي، سېنى كۆرۈپ تەمەننا قىلغىنىم ئۈچۈن ئۇشبۇ قىسمەتنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. تاغدەك ئىشەنگەن ئىنىمنىڭ قولىدا ئۆلىدىغانلىقىمنى ئويلاپ، قىسمەتنىڭ بۇ ھۆكۈمىگە كۈلۈۋاتىمەن!

— ئى خوجا مۇھەممەتئىمىن، بىلەمسەن، — دەپ سوغۇق كۈلدى ئىسھاق خوجا، — سېنىڭدىكى ئىشانلىق كىبىرسى،

مۇللىلىق رەشكى، مەسنەد[1]لىك تەمەنناسى ۋە ئۇلۇغلۇق مەغرۇرلۇقى ئاخىر سېنى مۇشۇ قىسمەتكە دۇچار قىلدى. تەقدىرنىڭ نەسىمى[2] ساڭا ئاخىر ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسەتتى.

ئىسھاق خوجا سۆزىنى تۈگىتىپلا قولىنى سىلكىدى، بۇ چاغدا ئۇشتۇر خەلپە بىر قولىدا مۇھەممەتئىمىن خوجىنىڭ ئاپئاق ساقىلىنى قاماللاپ تۇتۇپ، ئۇنىڭ بېشىنى كەينىگە قايرىدى ـ دە، يەنە بىر قولىدىكى پىچاقنى ئۇنىڭ ھەلقۇمىغا سۇرمەكچى بولۇپ ئاپاردى.

ئەجەل ھەلقۇمىنىڭ ھاياتلىق كىكىرتىكىگە چاڭگال سالغانلىقىنى كۆرگەن مۇھەممەتئىمىن خوجا ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ساناقلىق مىنۇتلىرى يېتىپ كەلگەنلىكىنى سەزدى ـ دە، ئادەمنىڭ ئىچى سىرىلغۇدەك يىغلاپ، نالە ـ پەرياد كۆتۈردى:

— ئى ئەرش كۇرسى، لەۋھى قەلەمنىڭ جۇملەمالا ـ ئىكىلىرى ئاگاھ بولۇڭلاركى، پەرزەنتىم خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ مېنىڭ ھەبىبىمدۇر. ئۇ ماڭا ئاشقى ـ سادىقتۇر. ئاللاتائالا جىنى ئاشىقلارغا بۇ دۇنيادا دەرد ـ ئەلەم، رەنجۇ ـ مۇشەققەت، ھىجران ـ كۇلپەتنى تەقدىر ـ قىسمەت قىلغاندۇر! ئاشىقلارغا پىراقسىز ۋىسال نېسىپ بولماس، ئۇل لەنىتى خوجا ئىسھاق مېنى ناھەق ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ! ئەگەر ئوغلۇم مۇھەممەت يۇسۇپ خوجا بۇ زېمىنغا كەلسە، مېنىڭدىن ئۇنىڭغا يۈز مىڭ سالام ئېيتىڭلار. ئۇ مېنىڭ بىر تېمىم قېنىمنىڭ ئورنىغا بۇل مۇناپىق ئىسھاقنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ مىڭ تېمىم قېنىنى ئالغاي! ئەگەر قىساس ئالمىسا، قىيام ـ قىيامەت كۈنى مېنىڭ تۆمۈر تىرنىقىم ئوغلۇم مۇھەممەت يۇسۇپنىڭ ياقىسىدا بولغاي! سۆزۈم...

مۇھەممەتئىمىن خوجىنىڭ سۆزى تېخى تۈگىمەي تۇراتتى. ئۇشتۇر خەلپە قولىدىكى پىچاقنى ھەلقۇمغا بىر سۈرۈپلا ئۇنىڭ

---

① مەسنەد — يۈكسەك دەرىجە.
② نەسىم — شامال.

كېكىرتىكىنى ئۈزۈپ تاشلىدى.

مۇھەممەتئىمىن خوجىنىڭ بوغۇزىدىن چاچراپ چىققان قان بىردەمدىلا ئەۋرەزنىڭ ئەتراپىنى بوياپ تاشلىدى ۋە ئەۋرەزنىڭ ئىچىگە شارقىراپ ئاققىلى باشلىدى...

ھۆرمەتلىك كىتابخان، ئىسھاق خوجا ئاكىسى ئىشانكالان مۇھەممەتئىمىن خوجا بىلەن قانداق ئۇچراشتى ۋە قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى سەھەردە مۇھەممەتئىمىن خوجا نېمىشكە ئىسھاق خوجا تەرىپىدىن قۇتبىخانە ئىچىدىكى ئەۋرەز ياقىسىدا بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈلدى؟ بۇ ئىشلارنى چۈشىنىش ئۈچۈن گەپنى يەنىلا ئىسھاق خوجىنىڭ ئاقسۇدىكى ئايكۆل مەۋلانەمدە «سەججادۇ بېھىشىن» بولغانلىقىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

* * *

— ئى خوجا ئابدۇرەھىم قازىبەگ، بىلەمسەن، — دېدى ئىسھاق خوجا بىر پەس سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، — خۇداغا مىڭ قەترە شۈكۈركى، بەخت - تەلەي يۇلتۇزۇڭ گۇناھى - مەردۇلۇق چەمبىرىكىدىن چىقىپ، ھىجران - ئادالەتنىڭ ئىنتىھاسىغا بېرىپ يەتتى، تەقدىر - ئىقبالىڭ ياخشى تەرەپكە قاراپ يۈزلەندى. ئەمدى ئۈمىد كۆچىتىڭ ۋىسال مېۋىسىگە تولۇر!

ئىسھاق خوجىنىڭ سۆزىنى چۈشىنەلمىگەن خوجا ئابدۇرەھىم قازىبەگ:

— ئى ئاپتاپپەرىسلەرنىڭ قىبلىسى سەججادۇ بېھىشىن ئىسھاق خوجا ئەزىزان، — دېدى ئۇ، — ئاللاتائاللا دانادۇر. مەن نادان بىخەۋەرلىك ئالەمدىن بۆلەك ھېچنېمىدىن خەۋەر ئالالمىدىم. تەجرىبىلىك بۇزرۇكلەر: «كىمكى بىرەر چىگىش

ئىشقا يولۇقسا ۋە ئۇنى يېشىشنىڭ تەدبىر - ئىلاجىنى قىلالمىسا، كامىل - كارامەت ۋە تەدبىر - پاراسەت ئىگىسىگە ئىلتىجا قىلسۇن ۋە ئۇ ئىشنىڭ ئىلاجىنى شۇ كىشىدىن تەلەپ قىلسۇن ۋە زارى بىلەن ئۇ كىشىدىن دۇئا ئېلىپ، تەلەپ ۋادىسىغا قەدەم قويسۇن!» دېگەن. شۇڭا بۇ ئىشنىڭ جاۋابىنى بىر ئۆزىڭىزلا بىلۇرسىز!

— ئى خوجا ئابدۇرەھىم، تونۇمىغان بولساڭ ئەقىل كۆزۈڭنى ئېچىپ تونۇۋال! تەڭرىتائالا ئاسمان - زېمىننى تۈۋرۈكسىز ۋە تاناپسىز تۇرغۇزۇپتۇ. ئاپتاپ قەندىلىنى ھەر سۇبھى ياغ - پىلىكسىز يورۇتۇپ، قاراڭغۇ زۇلمەت كېچىسىنى روشەن قىپتۇ. تامام مېۋىلەرگە، يەردىن چىققان بوستانلارغا ئۇنىڭ نۇرى - زىياسىدىن رەڭ ۋە لەززەت بېرىپتۇ. شۇڭا بىر كىشىنىڭ ئەزىز ياكى خار ۋە باي ياكى گاداي بولۇشى ھەرگىزمۇ تەقدىرنىڭ قىسمىتىسىز بولماس!

— ئى ھەزرىتى سەججادۇ بېھىشتىن، — دېدى خوجا ئابدۇرەھىم قارىبەگ ئىسھاق خوجىغا، — سىز ئەزىزنىڭ بۇ شېرىن - سۆخەن سۆزىڭىزنى ئاڭلاپ، يۈرەكلىرىمىز كۆيۈپ، بېغىرلىرىمىز كاۋاپ بولدى. كۆز ياشلىرىمىز مۆلدۈردەك تۆكۈلدى. قېنى سىز موللا ئابدۇرازاق! ئۇل ھەزرىتىمىزنىڭ مۇبارەك پېشىنى كۆزىمىزگە سۈرتەيلۇق. شۇنىڭدىن كۆزىمىز تېخىمۇ روشەنلەشسە ئەجەب ئەمەس!

بۇ چاغدا ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان قۇمباشلىق موللا ئابدۇرازاق مۇپتى باشلىق بىر گۇرۇھ ئاقسۇ ئەھلى گۇررىدە ئولتىشىپ كېلىپ ئىسھاق خوجىنىڭ ئايىغى ئاستىغا يىقىلىشتى.

— ئى ھەزرىتى ئەزىز، — دېدى خوجا ئابدۇرەھىم قارىبەگ، — بىزلەرنىڭ ئۆزلىرىگە بىر ھاجىتىمىز باردۇر. ئەگەر بۇ ھاجىتىمىزنى راۋا ئەيلىسىلە، بىزلەرنىڭ بېشىمىز ئاسمانغا يەتكەن بولاتتى. ئۆزلىرىدىن رۇخسەت بولسا بۇ

هاجىتىمىزنى ئېيتساق؟
— مۇرىت - مۇرشىدلارنىڭ هاجىتىنى راۋان ئەيلىمەك مەڭگۈ ساۋابى كەتمەيدىغان خاسىيەتلىك ئىشتۇر. قېنى، ئېيتىپ باققىن ئى خوجا ئابدۇرەھىم قازىبەگ!
— بۇ ۋاپاسىز دۇنيانىڭ جىمى راھەت - پاراغىتىدىن، مەشئەت - رەھمىتىدىن ۋە يۇرتدارچىلىق ئىشىنىڭ پۈتۈن رەنجۇ - مالامىتىدىن يىراقلاپ قول ئۈزۈپ، سىز ئەزىزنىڭ مۇبارەك ئېھتىكاپىڭىزنى ئۆزۈمگە ئاستانە تۇتسام دەيمەن. ئەگەر ئۆلۈم ئامان بەرسە تاكى يۈز يىلغىچە سىز ئەزىزگە قول ئاشىيان بولسام!
— ئىنشائاللا، ئى خوجا ئابدۇرەھىم قازىبەگ، دېگىنىڭدەك بولسۇن، بىراق، — دېدى ئىسھاق خوجا كۈلۈپ كېتىپ، — سەن بۇ يۇرتنىڭ قازىبېگى، يۇرتدارچىلىقنىڭ دەستىگىرىسەن! بىزگە ھەرگىز ئوخشىماسسەن! بىز دەرۋىشلەرمىز. چارىسىز ۋەتىنىمىزدىن ئايرىلىپ، جاھان نېمەتلىرىدىن ۋاز كېچىپ، مەھرۇملۇق زەھىرىنى يەتكۈچە ئىچىپ، تەنھالىق يولىغا قەدەم قويۇپ، جاھان مەملىكەتلىرىنى كېزىپ تېجىمەل بولۇپ يۈرۈپتىمىز. ئەلھال، تەرىقەت - سۈلۈك يولىدا ھېسابسىز ھىجران ۋە جەبىر - زۇلۇملارنى چېكىپ، چەكسىز ھەيرانلىق دېڭىزىدا ئۈزۈپ، ھېچبىر ماكاندا تىنچلىق - ئاسايىشلىق تاپالمىدۇق. جاھاننىڭ دەردۇ ئەلەملىرى بىلەن، جان - ئۈمۈرنىڭ غۇبارلىرى بىلەن تۇپراق كەبى سورۇلدۇق! شۇنداقتىمۇ، يەنە سەۋر قىلىپ كەلمەكتىمىز. شۇڭا سەنمۇ سەۋر قىلغايسەن ئى خوجا ئابدۇرەھىم، سەۋر - تاقىتىڭ، قانائەت - مەتانىتىڭ شۇنچىلىكمۇ؟ مەن ساڭا سەۋر قىلىش ھەققىدە تەنبىھ بەرمىگەنمىدىم؟ مەن تەرىقەت ھىجرانىغا ئوتتۇز يىل سەۋر قىلدىم. سەنمۇ سەۋر قىلغايسەن.
بۇ چاغدا خوجا ئابدۇرەھىم قازىبەگ ئۆزىنى ئىسھاق

خوجىنىڭ ئايىغىغا تاشلىدى ۋە:

— ئەزىزلەرنىڭ ئىلتىپاتى بىزدەك نادانلارغا ھەقىقىي شەپقەت ۋە مەرھەمەتتۇر! — دېدى ئۇ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەستىن.

— ئى خوجا ئابدۇرەھىم، — دېدى ئىسھاق خوجا ئۇنىڭ بېشىنى يۆلەپ تۇرۇپ، — ئۇل ئاقسۇ زېمىنى ئاللانىڭ مۇبارەك نەزەرى چۈشكەن غازىيانە زېمىن ئىكەن. بىزلەر ئايكۆل مەۋلانەم بۇزرۇكاھغا قەدەم بېسىپ، ئېھتىكاپتا ئولتۇرغاندىن بۇيان، كۆپ قېتىم ماڭا چۈشۈمدە ئايان بولدىلەركى، مۇھەممەت مۇستەفا رەسۇلىللا سەللەللاھۇ ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن ھەزرىتى ئىمام پەتتال غازى خوجا ئاقسۇ زېمىنىدا ئىسلام ئاچىمەن دەپ، كۇپپار قەھقەھە جادۇ بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا، مۇشۇ بېشئېرىق[①] دېگەن يەردە شېھىت بولغانىكەن. ئۇل ھەزرىتى ئىمام پەتتال غازى خوجام يۈكسەك ھىممەتلىك، ئارسلان تەبىئەتلىك، ئاپتاپ مەسەللىك، قاپقارا ساقاللىق، سەرۋى قامەتلىك بىر باھادىر ئىكەن.

ئۇ ئاقسۇ زېمىنىدا ئىسلام ئاچقاندا، بېشئېرىقتا ئىسلام لەشكەرلىرى بىلەن كۇپپار قەھقەھە جادۇ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئاشۇ قېتىملىق جەڭدە ئۇ ئالتۇندىن ساۋۇت، دۇبۇلغا كىيگەن، بېلىگە ئالماس كۆزلۈك كەمەر باغلىغان، ئالتۇن زەنجىرىنى قولىغا ئېلىپ، قوش ئالماس قىلىچىنى بېلىگە ئېسىپ، رەڭگى - روھىدىن ۋەھشىيەت ياغدۇرۇپ، قولىدا ئالتە قىرلىق گۇرزىسىنى ئويىنىتىپ، «لەھەۋلە ۋەلە قۇۋۋەتە ئىللە بىللە ھىل - ئەلىيۇل ئەزىم!»[②] دەپ ۋارقىرىغىنىچە، غەزەپ ۋە ھەيۋەت بىلەن قەھقەھە جادۇنىڭ سېپىگە ئات سېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ۋۇجۇدىدىن كۆزۈمگە خۇددى جامالى بەكامال ھەزرىتى ئەمىرۇل مۇئمىنىن ئىمام مۇتتەقىن ئەسەدۇللاھ ئەل

---

① ئاقسۇ ئاۋات ناھىيىسىگە تەۋە بىر جاينىڭ ئىسمى.

② «ماڭا پەقەت بۈيۈك ئاللا كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ياردەم بېرەلەيدۇ!»

غالىب ئەلى ئىبىن ئەبۇ تالىپ كەرەمۇللاھ ۋەجھۇ گۆردىن تىرىلىپ قوپقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ بىر ئۆزى تەنھا قولىدىكى ئالتە قىرلىق گۇرزىسى بىلەن سان - ساناقسىز كۇپپارلارنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ تەڭداشسىز باھادىرلىقىغا بارلىق دىۋە - پەرىلەرمۇ ھەيران بولۇپ قاراشتى. ئىسلام لەشكەرلىرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كۇپپارلارغا ئېتىلدى. گويا شىر كالىغا چاپقاندەك، قۇمۇشقا ئوت تۇتاشقاندەك، مەستلەر شارابقا مەيىل قىلغاندەك، ساراڭلار ئاغزىغا كەلگىنىنى سۆزلىگەندەك جەڭ بولۇپ، ئوقيا - شەمشەرلەرنىڭ ئاۋازى ۋە كۇپپارلارنىڭ قىيا - چىيالىرى، ياردارلارنىڭ نالە - زارلىرى كۆكتىكى يەتتىنچى ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. كۇپپارلارنىڭ قانلىرى يەردە ئېرىق بولۇپ ئاقتى. ئىسلام لەشكەرلىرىنىڭ نەيزىسىگە دۇچ كەلگەن كۇپپارنىڭ كېيىملىرى لالە رەڭدە بويىلىپ جان بېرەتتى. نەيزىلەر ئۇلارنىڭ يۈرەك - بېغىرلىرىنى خۇددى كاۋاپ زىقىدەك تېشىپ ئۆتسە، خەنجەرلەر كۇپپارلارنى خۇددى ھەرە چاققاندەك بىئارام قىلىپ، تەنلىرىدىن يوچۇقلارنى ئاچاتتى. بىراق قەھقەھ جادۇنىڭ كۇپپار لەشكەرلىرى بىرى ئۆلسە، مىڭى تىرىلىپ، خۇددى توپان سۇيىدەك توختىماستىن دەۋرەپ بېسىپ كېلىۋەردى. ھەزرىتى ئىمام پەتتال غازى خوجام ئىككى قولىغا قوش قىلىچ ئېلىپ، كۇپپار قەھقەھ جادۇنىڭ لەشكەرلىرىنى قىرىپ زادى توختىمىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا كۇپپارلارنىڭ ئۆلۈكلىرىدىن تاغلار ياسالدى. كۈن چۈش بولدى، قۇياش زېمىننى تونۇردەك قىزىتىۋەتكەنىدى. ھەزرىتى ئىمام پەتتال غازى خوجام قانچە غەيرەت قىلسىمۇ، ئۇنى ئۇسسۇزلۇق، ئاچلىق قىيناۋاتاتتى. ئاخىر ئۇنىڭ قولىدىكى قوش قىلىچ ئارقىمۇ - ئارقىدىن سۇنۇپ كەتتى! قەھقەھ جادۇنىڭ كۇپپار لەشكەرلىرى ئۇنىڭغا بىراقلا يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى. ئۇ دەرھال ياسىنى كېرىپلا ئارقىمۇ ئارقا ئوق ئۈزۈشكە باشلىدى: ئاخىر ئۇ ئوقلىرىنىمۇ

ئېتىپ بولدى! ئاندىن قولىغا ئالتۇن زەنجىرىنى ئېلىپ ئويناتتىشقا باشلىدى. ئالتۇن زەنجىرمۇ ئۈزۈلۈپ پارە - پارە بولدى. شۇ ئەسنادا، قەھقەھ جادۇ قولىدىكى قىلىچى بىلەن ھەزرىتى ئىمام پەتتال غازى خوجامنىڭ ئوڭ بىلىكىنى چېپىپ تاشلىدى. قاتتىق يارىلانغان بۇ ئىسلام باھادىرى بارا بارا ماغدۇرسىزلىنىپ، ھالىدىن كېتىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ سۇسلاشقىنىنى كۆرگەن كۇپپار قەھقەھ جادۇ ئارقىسىدىن كېلىپلا بويىنغا تىغ ئۇردى. ھەزرىتى ئىمام پەتتال غازى خوجامنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا بولدى! بۇ چاغدا ئاسماندىن جىبرائىل ئەلەيھىسسالام چۈشۈپ، ئۇل ھەزرىتى ئىمام پەتتال غازى خوجامنىڭ بېشىنى يەردىن ئېلىپ پاكىز سۈرتىۋەتكەندىن كېيىن تېنىگە تىكتى ۋە ئۇنى كېپەنلەپ، شۇ جاينىڭ ئۆزىگە يەرلىكتە قويدى. ئاندىن ماڭا بىر قاراپ قويۇپ، مىئىراجغا چىقىپ كەتتى. . . ئويغانسام، بۇ چۈشۈم ئىكەن. دېمەك، بېشئېرىقتىكى بۇ مازار ئاشۇ ئىسلام باھادىرى ھەزرىتى ئىمام پەتتال غازى خوجامنىڭ مۇبارەك ئاستانىسى ئىكەن.

— ئى خوجا ئابدۇرەھىم قازىبەگ، بىلەمسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن باياتىن گەپكە ئارىلاشماي بىر چەتتە قاراپ ئولتۇرغان ئۇشتۇر خەلىپە، — ھەزرىتى ئىسھاق خوجامنىڭ چۈشىگە ئايان بولغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئاللادىن كەلگەن ۋەھىيدۇر. بىزنىڭ پىرىمىزنىڭ خىسلىتى كارامەتلىرى شۇدۇركى، خۇددى پەيغەمبەر خىزىر ئەلەيھىسسالام ئالەمنى كېزىپ ئابىھاياتنى تاپقاندەك، بىزنىڭ ھەزرىتى ئىسھاق پىرىمىزمۇ ئۇل غازىيانە زېمىننى تاپتى! ئۇل ھەزرىتى ساھابە غازىلارنىڭ مۇبارەك تۇپراقلىرىنى سىزغاپىل بەندىلەرگە مۇبارەك نەزەرلىرى بىلەن ئاشكارىلاپ بەردى. ئەمدى، بۇنىڭدىن كېيىن سىز ئاقسۇ ئەھلى ئۇل ئۇلۇغ ئەزىزنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتىسىزلار بولۇر!

— ۋادەرىغ! — دەپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى خوجا

ئابدۇرەھىم قازىبەگ، ئۇ بۇ چاغدا قاتتىق تەسىرلىنىپ كەتكەنىدى، — ئۇل ھەزرىتى، پىرىمىزنى نېمىشقا بالدۇرراق تونىمىغاندۇرمىز؟ نېمىشقا بالدۇرراق ئەگەشمىگەندۇرمىز؟! ئېسىت، تۇمەنمىڭ ئېسىت! سەرسانە - سەرگەردانچىلىقتا ئۆتكۈزگەن ئۆمرىمىزگە پۇشايمان قىلماقتىمىز! ئىنشائاللا، ئىنشائاللا، شۇنداق بىر ئۇلۇغ ئەزىزنى بىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن ئۇلۇغ ئاللاغا ئەته - ئاخشاملارنىڭ ھەممىسىدە شۈكۈر قىلغايمىز، ھەمدۇ - سانالارنى ئوقۇغايمىز!

— ئى خوجا ئابدۇرەھىم، — دېدى ئىسھاق خوجا ئۇنى بەزلەپ تۇرۇپ، — كۆزىڭىزنى سۈرتۈڭ، ئۇل غازىيانە ئاقسۇنىڭ زېمىنىنى ئەزىزلىمەك كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەرگە خانىقا - قەدەم جاي ئەھيا قىلدۇرۇپ، ئەھلى ئاقسۇلىقلارنى كېچەيۇ كۈندۈز تائەت - ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇشقا دالالەت قىلمىقىڭىز لازىمدۇر. ئى ھۆرمەتلىك خوجا ئابدۇرەھىم قازىبەگ، دەرھال بۇ مۇبارەك مازار، قەدەم جايلارغا تەۋە ۋەخپە - تەمىراتلارنى تۇختىتىپ، سۇ ئەپكەلدۈرۈپ، چىراغلىرىنى ياندۇرۇپ، داشلىرىنى قاينىتىپ، سۇمرە①لىرىنى يورۇتۇپ ئولتۇرغايسىز! ئەگەر جىمى خەلقئالەم بۇ مۇبارەك «ئىمام پەتتال غازى خوجام مازىرى» غا دەپ روزى - نىياز قىلسا، چوقۇم مەقبۇل بولۇر!

— قۇللۇق، — دەپ ئېھتىرام بىلدۈردى خوجا ئابدۇرەھىم قازىبەگ قوللىرىنى قوشتۇرۇپ تۇرۇپ، — ئى كۆزىمىزنىڭ نۇرى، تېنىمىزنىڭ قۇۋۋىتى، جاندىن ئەزىز ھەزرىتى ئىسھاق خوجا ئەزەم! ئەمرىڭىزنى دەرھال بەجا كەلتۈرگەيمىز!

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا يېنىدىكى قومباشلىق موللا ئابدۇرازاقىقا قاراپ:

① سۇمرە — بۇتخانا، خانىقا، قەدەم جاي.

— ئى مۆپتى جانابلىرى، بۈگۈن كۈندىكىدىن كۆپرەك مال ئۆلتۈرۈپ، جىق ئاش قىلدۇرۇڭ. ئايكۆلنىڭ بەگۇ - بىگات باشلىق ئۇلۇغ - ئۇششاق جىمى ئەكابىر - ئەشرەبلىرى يېتىپ كەلسۇن. بۇ مەجلىستە ھەزرىتى ئۇلۇغ ئىسھاق خوجام بىز ئەھلى ئاقسۇلۇقلارغا توغرى يول، تەرىقەتنى سۇلۇكنى ئېيلان قىلۇر. مۇلايىم مىجەزلىك ئۇل ئەزىز شېرىن سۆز - مۇناقاللار بىلەن پەندى - نەسىھەت قىلىپ، مەسائىل - مەرۇپ ۋە تەشۋىق - تەرغىپ قىلىپ، بىزلەردىكى دىن ۋە سۇلۇككە مۇخالىپ كېسەللەرنى پەندى - نەسىھەتنىڭ مەجۇنى شەربىتى ۋە باشقا مەنىۋى دورىلىرى بىلەن داۋالاپ، بىزلەرنىڭ قەساۋەت بېسىپ كەتكەن ئازغۇن قەلبىمىزگە شىپالىق مەلھىمى سۈرتمەكچى. شۇڭا، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان ئەھلى جامائەتنىڭ ھەممىسىنى ئايكۆل مەۋلانەم بۇزرۇگاھ مازارىدىكى خانىقاغا چەم قىلغايسىز!

— ناھايىتى بەلەن گەپ بولدى، — دېدى ئىسھاق خوجا ئابدۇرەھىم خوجىنىڭ گېپىنى ماقۇللاپ، — ئى خوجا ئابدۇرەھىم غازى خوجامنىڭ بۇ مۇبارەك مازارىدىن باشقا يەنە نۇرغۇن مۇسۇلمان ساھابىلىرىنىڭ مۇبارەك تەن - جەسەتلىرى دەپنە قىلىنغان مازارى شەرىفلەرمۇ بىزنىڭ چۈشىمىزگە ئايان بولدى. شۇڭا بىز بۇ مەجلىستە جىمى ئاقسۇ ئەھلىگە مۇبارەك مازارى شەرىفلەرنىمۇ ئاشكارىلايمىز! ...

شۇنداق قىلىپ، ئىسھاق خوجا ئاقسۇ ئايكۆل مەۋلانەم بۇزرۇگاھىدىكى ئاشۇ بىر نەچچە قېتىملىق سۇلۇك پائالىيىتىدە ئۆزىنىڭ «مازار ئاشكارىلاش كارامىتى»نى ئىشقا سېلىپ، تۇنجى قېتىم «ھەزرىتى ئىمام پەتتال غازى خوجام مازىرى»نى ئاشكارىلىغاندىن كېيىن يەنە ئۆز «كارامەت»لىرىنى داۋاملىق

ئىشقا سېلىپ، توغراق مازار[1]، قۇم بۇزرۇگاھ[2]، قاراقۇم بۇزرۇگاھ[3]، لەڭگەر بۇزرۇگاھ[4]، ئوردامازار[5]، تاللىق بۇزرۇگاھ[6]، ۋەئەختەم بۇزرۇگاھ[7] قاتارلىق يەتتە ـ سەككىز مازارنى ئارقىمۇ ـ ئارقىدىن «ئاشكارىلاپ»، ئاقسۇلىقلارنى ھەيران قالدۇردى!

قازارا، ئىسھاق خوجا ئايكۆل مەۋلانە بۇزرۇگاھىدا خوجا جالالىدىن كىتىكىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن بىرى بولغان قازىبەگ خوجا ئابدۇرەھىم قاتارلىقلارنىڭ ھىمايىسىدە ئاقسۇ ھۇدۇتلۇقى ۋە ئاقسۇ ھۇدۇتلۇقىنىڭ شەرقىدىكى كەڭ جايلارنىڭ سەججادۇ بىھىشنىلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن ئۆزى تەرغىب قىلىۋاتقان سۇلۇك ئۇسۇلىنى رەسمىي يوسۇندا ئۆزىنىڭ نامى بىلەن «ئىسھاقىيە تەرىقىتى» دەپ ئاتاشقا باشلىدى ۋە ئەسلىدىكى نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ سۇلۇك ئۇسۇللىرىنى ئانچە ـ مۇنچە ئىسلاھ قىلىپ، سۇلۇك پائالىيەتلىرىدىكى تۇرلۇك زىكرى ـ سۆھبەتتە ئاشكارا بولۇشنى، جاراڭلىق بولۇشنى ۋە ئەقىداتلارنى ئاددىيلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ چىقتى. دېمەك «ئاشكارىلىق»، «جاراڭلىق» ۋە «ئاددىيلىق» — كېيىنكى چاغلاردا ئىسھاقىيە مەزھىپىنىڭ ئىشانىيە (ئىشقىيە) مەزھىپىدىن پەرقلىنىدىغان ئاساسىي ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالدى.

* * *

سەئىدىيە سەلتەنەتىدىكى بىر بۆلۈك ئەۋھامپەرەست ئاقسۆڭەكلەر (جۇملىدىن بەزى ھۆكۈمدارلار) سەلتەنەتنىڭ

①②③④⑤⑥⑦ — ئاۋات ناھىيىسىدىكى مازارلارنىڭ نامى.

ئىقتىدارىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، يۇرت ـ ماكانسىز ۋە دەستەكسىز تەرىقەتچىلەر تەرىپىدىن ئۆزلىرىگە تېگىشلىك تۇرلۇك سۇلۇك ـ تەرىقەت تۇرمۇشىغا ئەڭ دەسلەپتە ئېزىپ قىزىقىشقا باشلىدى. كېيىنچە بولسا بۇنداق تۇرمۇشقا پەيدىنپەي ھەۋەس قىلىشقا، كۆچۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا پەيدىنپەي بۇنداق تەرىقەتچىلىك ئۇسۇل ـ سۇلۇكلىرىگە مۇقىم ئىخلاس قىلىشقا، ئادەتلىنىشكە باشلىدى. سەئىدىيە مەملىكىتىدە سۇلتان سەئىدخان زامانىدىن باشلاپ تۇرلۇك نەقشىبەندىيە تەرىقەتچىلىرىنى ئۆزىگە پىر ـ ئۇستاز تۇتۇش ئادىتى ماۋرائۇننەھردىكى تۆمۈرىيلەردىن خۇددى يۇقۇملۇق كېسەللىككە ئوخشاش يۇقۇشقا، مودال بولۇشقا باشلىغانىدى. سۇلتان پىر تۇتاتتى؛ شاھزادىلەر پىر تۇتاتتى؛ ئاقسۆڭەكلەر پىر تۇتاتتى؛ يۇرت چوڭلىرىمۇ پىر تۇتاتتى! نىھايەت، دەھرىي ھۆكۈمرانلىق قاتلىمىدىكى بۇنداق پىرچىلىق ھەرىكىتى سەئىدىيە مەملىكىتىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە مىللىي مىراسلىرىنىڭ پۈتۈن ئىجتىمائىي قاتلىمىغا مەنىۋى جەھەتتە پەيدىنپەي قاتتىق ۋە قاراملىق بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، كەسكىن ۋە جاھىللارچە سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى! ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي روھىنى تۈپتىن ۋەيران قىلىپ تاشلاشنى ئەڭ ئالىي ۋە ئەڭ ئاداققى نىشان قىلغان بۇنداق خىلمۇ خىل «يېڭى تەرىقەتچىلىك»، «سوپىلىق ئەخلاقى»، «سوپىلىق يولى»، «سوپىلىق تىرىكچىلىكى»... قاتارلىق نادانلىق، خۇراپاتلىق ئەقىدىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېڭىدا سەلبىي ـ غەيرىي ئۇيغۇر ئالامەتلىرى ھالىتىدە زاھىر بولۇشقا باشلىدى.

سەئىدىيە مەملىكىتىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئېڭىدە شەكىللەنگەن بۇنداق يېڭى «ئىجتىمائىي ئىنسانچىلىق ئېڭى»نى مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شۇ دەۋردىكى

ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى تالالاشقا دۇچ كېلىشى، يېڭى «دىنىي پەزىلەت» كە كۆچۈشى دېيىشكىمۇ بولاتتى.

شۇ چاغلاردا نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ ئىشانكالانلىق سالاھىيىتى بىلەن مۇلكىي قەشقەرىيىنىڭ يەكەن - قەشقەر ھۇدۇتلۇقىدا سۇلۇك پائالىيىتى ئېلىپ بېرىۋاتقان خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان داھىيلىقىدىكى «ئىشانىيە سۇلۇكى» ياكى «ئىشقىيە سۇلۇكى» بىلەن ئاقسۇ ھۇدۇتلۇقىنى مەركەز قىلىپ «سەججادۇ بېھىشىن» لىق نامى بىلەن پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىسھاق خوجا داھىيلىقىدىكى «ئىسھاقىيە سۇلۇكى» سەئىدىيە مەملىكىتىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇنداق يېڭى تالالاشقا دۇچ كەلگەنلىكىنىڭ ياكى «يېڭى دىنىي پەزىلەت» كە كۆچۈشىنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالى ئىدى. ھالبۇكى، كېيىنكى زامانلاردا «ئىشقىيە سۇلۇكى» دەپ ئاتالغان «ئىشانىيە سۇلۇكى» دىكى خوجا - ئىشانلار تەرغىب قىلغان «خۇدايى ئالتە پاكلىق» ۋە «توققۇزدىن تەرك بولۇش» ئەقىداتلىرى بىلەن «ئىسھاقىيە سۇلۇكى» دىكى خوجا - ئىشانلار تەرغىپ قىلغان «خۇدايى ھەپتە پاكلىق» ۋە «ئوندىن تەرك بولۇش» ئەقىداتلىرى مەخدۇم ئەزەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ سەئىدىيە مەملىكىتىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارغا تاڭغان «تەرىقەت كەشپىياتلىرى» ئىدى!

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، نادانلىق بىلەن خۇراپاتلىق ئۇيغۇر خەلقىنى ئەسىرلەردىن بېرى يىلاندەك چىرمىۋالغان ئىككى چوڭ كۆشەندىگە ئايلاندى!

ئىسھاق خوجا پەرغانىدە يۈز بەرگەن بۇخارالىق چوڭ سوپىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىمتىياز تالىشىش ماجىرالىرىغا ئارىلىشىپ قالغانلىقتىن، بۇخارا ھۆكۈمدارى ئابدۇللا خان تەرىپىدىن «قارشى ئېلىنمايدىغان ئادەم» دەپ جاكارلاندى ۋە پەرغانىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئانا يۇرتى»

بولغان مۇلكىي قەشقەرىيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قەشقەر، خوتەن ۋە يەكەن قاتارلىق جايلاردا سۇلۇك تەۋرىتىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ ئەمما بۇ جايلاردىكى نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ ئۇۋەيسىيە سۇلۇكى بىلەن ئىشانىيە سۇلۇكى تەرىپىدىن تەقىپ قىلىندى. ئاخىر ئۇ پاراكەندىچىلىك ئىچىدە زادى تىنچىمايۋاتقان ئاقسۇ ھۇدۇتلۇقىغا قېچىپ كەلدى ھەمدە ئاقسۇ، كۇچا، شايار ۋە باي قاتارلىق جايلاردا مازار كەزدىلىك، دەرۋىشلىك بىلەن كۈن ئېلىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا ئاقسۇ نايىبى مۇھەممەت خاننىڭ ئىغۋاگەرچىلىكى تۈپەيلىدىن، مۇغۇلىستان ھۆكۈمدارى شاھ خان سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ شەرقىدىكى ئاقسۇ ھۇدۇتلۇقىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، تېخىمۇ چوڭ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇردى. دەل مۇشۇ مەزگىللەردە، «كۆزلىرىدىن نۇر - زىيا ياغدۇرۇپ، ئاغزىدىن ئوت - ئاتەش چېچىپ، تىللىرىدىن دۇرۇت - دۇئا، قوللىرىدىن تەسۋى چۈشۈرمەي، ئۇلۇغلارنىڭ تۇپراق باشلىرىنى تاشلىماي، بىتاھارەت زېمىنگە دەسسىمەي، دۇنيانىڭ ھەممە مەئىشەت ۋە ئىشلىرىدىن پۈتۈنلەي خالىي تۇرۇپ، پەقەتلا مۆمىن بەندىلەرنىڭ ئىككىلا ئالەملىك غېمىنى يەپ يۈرگەن»① ئىسھاق خوجا ئاخىر باش كۆتۈرۈش پۇرسىتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى - دە، «مەۋلانە جالالىدىن بۇزرۇگاھدىن بىشارەت بولدىكى، ئاقسۇ ھۇدۇتلۇقىنىڭ سەججادۇ بېھىشنىلىق ئورنى مەۋلانە ئەرشىدىن بۇزرۇگاھنىڭ ئەۋلادى ھەزرىتى ئابدۇرەھىم خوجا قازىبەگدىن بىز ئەزىزلەرگە مۇشەررەپ بولدى!» دەپ دەۋا قىلىپ چىقتى ۋە ئاقسۇ ھەم ئاقسۇنىڭ شەرقىدىكى كۇچا، چالىش، تۇرپان ۋە قۇمۇل قاتارلىق كەڭ جايلارنىڭ «سۇلۇك پىرى» لىق ھوقۇقىنى ئوڭايلا تارتىۋالدى. ئارقىدىنلا ئۇ «كارامەت كۆرسىتىش» كە — «مازار

① «بۇزرۇقۇم تەۋلىيا»، قولىيازما.

ئاشكاربلاش» قا باشلىدى! ھالبۇكى، «مازار ئاشكاربلاش» نىڭ ئۇنىڭ «كەشپىيات كارامەتلىرى» ئىچىدىكى كۆلكىلىك بىر مەزمۇن ئىدى!

* *

ميلادى 1562 ـ يىلى (ئىت يىلى) ئالتۇن كۆز پەسلىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. ئىسھاق خوجا بۇ ۋاقىتتا قەشقەر نايىبى بولۇپ تۇرغان مۇھەممەت خاننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئۇشتۇر خەلىپىنى ئېلىپ ئاقسۇ ئايكۆل مەۋلانەم بوزرۇگۋاردىن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. شۇ چاغلاردا ئاقسۇ بىلەن قەشقەرنىڭ ئارىلىقى ئون مەنزىللىك يول ھېسابلىناتتى. ئۇلار ئالتە قونۇپ، يەتتىنچى كۈنى كەچتە ئاتۇش مەۋزەئىسىنىڭ شەرقىدىكى سوغۇن دېگەن يەرگە يېتىپ كېلىشتى. مۇھەممەت خاننىڭ ئادەملىرى ئۇلارنى بۇ يەردە ساقلاپ تۇرغىلى ئۈچ كۈن بولغانىدى.

ئۇلار بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ئىسھاق خوجىلار سوغۇندا بىر كۈن توختاپ دەم ئالىدىغان بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قەشقەر نايىبى مۇھەممەت خانغا يازغان خېتىنى مۇنچاقلار بىلەن بېزەلگەن كەسەگە① سېلىپ، ئاغزىنى بېكىتكەندىن كېيىن نەۆكەرلەردىن بىرىگە بەردى ـ دە، خەتنى ھايالشىماستىنلا دەرھال مۇھەممەت خانغا يەتكۈزۈشنى جېكىلىدى.

ئىسھاق خوجىنىڭ خېتى ئەتىسى ئەتىگەندە قەشقەر نايىبى مۇھەممەت خاننىڭ قولىغا يەتكۈزۈلدى.

ئىسھاق خوجىنىڭ ئۆزىگە يازغان خېتىنى ئوقۇۋاتقان مۇھەممەت خانغا ئىسھاق خوجا ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ھەقىقەتەنمۇ مۇقەددەس بىر دەرىيادەك تۇيۇلۇۋاتقانىدى. ئەمدى ئۇ بۇ دەرىيادىن

① كەسە — تېرە ـ كۆن قاپچۇق.

ئۆتۈش ئۈچۈن بىر يول تېپىش لازىملىقىنى ھېس قىلدى. ھالبۇكى خەتتە بۇ يولنىڭ ئۇزۇن ھەم مۇشەققەتلىكلىكىنى، ئۇنىڭدىن قاتتىق چىدام ۋە سەۋر - تاقەت تەلەپ قىلىنغانىدى. مۇھەممەتئىمىن خان ئويلانغانسېرى ئۆزىنىڭ ئىلگىرى پىرىنىڭ ۋىسالىغا يېتىشكە ئىنتىلىپ تاقەتسىزلەنگەنلىكىنى ئەمدى يەڭگىلتەكلىك، چاكىنىلىق بولۇپ تۇيۇلماقتا ئىدى. خەتنىڭ ئاخىرىدا يېزىلغانلارنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۇرۇلدى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى: «. . . ئەي مەرتىۋىلىك شاھزادە، ھەر كىمنىڭ تەرىقەتكە بولغان ھىممىتى يۇقىرى بولسا ئۇ كىشى خەلقى ئالەم ئارىسىدا ئەزىز ۋە شەرەپلىك بولغۇسى. چۈنكى، ئىنسانىنىڭ ھىممەتلىك بولۇشىنىڭ ئۆزى بىر بايلىق. ساخاۋەتلىك كىشىلەر بۇ بايلىقتىن ھۆرمەت، ئىناۋەت تاپىدۇ. ھىممەتسىز پادىشاھ — سۇلتانلارنىڭ ھۆرمىتى بولمايدۇ. ھېسابسىز خەزىنىگە ئىگە بولغان پادىشاھ — سۇلتان ئەگەر ھىممەتسىز بولسا، ئۇنداق پادىشاھنىڭ ۋە ئۇنداق سۇلتانىنىڭ خەزىنە يىغىشى بىھۇدە مۇشەققەتتىن باشقا ھېچ نەرسە ئەمەس. شۇڭا، بۇنداق ھىممەتسىز كىشىلەر ئۈچۈن ئۇلۇغلار تەرىپىدىن: ‹ھەي ھېيلىگەر، ساختىپەز كىشىلەر! سىلەر ھىلىگەرلىك بىلەن شۇنچە مال توپلايسىلەر بۇ مال خوتۇنۇڭلارنىڭ كېيىنكى ئېرى ئۈچۈنمۇ›، دېگەن ھېكمەتلىك سۆز ئۇدۇم قالغان. . . بىز ‹قولىمىزنى سوزساق بوينىغا يېتىدىغان ئادەمگە مەھرەم بولساق› دېگەن ئۈمىددىمىز. سۇلتان ئابدۇكەرىم خان بىزگە بەك يۇقىرىلىق قىلۇر. قولىمىزنى سوزساق، سۇلتانىنىڭ ئېتىكىگە يەتمەس. ئاخىر پادىشاھ - سۇلتانلار ئۆز رەئىييەسىگە نىسبەتەن قول يەتمەس ئېگىزلىكتە تۇرىدۇ. بىز ئەزىزلەرمۇ سۇلتان ئابدۇكەرىم خانىنىڭ دىدارىغا زار بولۇپ ئۆتتۇقمۇ؟ ئۇ دائىم دۆلەت ئىشى بىلەن مەشغۇل. مۇبادا، بۇ ئىشلاردىن بوشاپ، كۆڭلى

تەرىقەتنى تارتىپ قالسا، بىر پادىشاھنى تۆت سۇلۇك[1] بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىپ تالىشىپ كېتىشىدۇ. شاھزادەم ئەنە شۇنداق سۇلۇكلەرنىڭ بىرى بولغان بىزلەرنىڭ سۇلتان ئابدۇكەرىم خاندىن ئەزەلدىن كۆڭلىمىز سۇ ئىچكەن يوق. شۇڭا، كۆڭۈل تارتمىغان كىشىلەرگە مەھرەم بولۇپ بىللە ئۆتمەك بىزلەر ئۈچۈن دوزاختا كۆيگەن بىلەن ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ ئى بەختىيار شاھزادە، ئالدىڭىزدا دۇنيانىڭ ھەممە خۇشاللىقلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بىر پارلاق ئىستىقبال تۇرۇپتۇ. چۈشۈمگە ئايان بولدىكى، قۇرەيش سۇلتانىنىڭ ئەۋلادى پادىشاھلىققا ئېرىشەلمىگەي. سىزنىڭ ئەۋلادىڭىز پادىشاھ بولغاي! . . . »[2] خەت مۇشۇ يەرگە كەلگەندە بىر نەزمە بىلەن ئاخىرلاشقانىدى. بۇ نەزمە مۇنداق يېزىلغانىدى:

يۈرىكىڭ ئاجىزلىقىدىن چىرايىڭ ـ
سارغىيىپ قېلىشتىن قىلما ۋەھىمە.
ئىشقا قەدەم قويغىنىكى، مەشۇقتىن ـ
مەدەتلەر بولغاي كۆپ، گۇمان ئەيلىمە.[2]

ئىسھاق خوجا ئۆز خېتىدە تىلغا ئالغان قۇرەيش سۇلتان ئابدۇكەرىم خانىنىڭ ئاتا بىر، ئانا بۆلەك ئىنىسى ئىدى. ئىسھاق خوجا خوتەن مەۋزەئىدە سۇلۇك تەرغىباتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان چاغلاردا، خوتەن نايىبى بولۇپ تۇرۇۋاتقان قۇرەيش سۇلتان ئۇنىڭغا قول بېرىپ ئېتىقادچى مۇخلىس بولغانىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنىڭ زىيادىلىكىدىن ئىسھاق خوجىدىن: «پىرىمنىڭ

---

① بۇ يەردە ئۇۋەيسىيە، ئىمام رەببانى، ئىشانىيە ۋە ئىسھاقىيە سۇلۇكلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
② بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن، شاھ مەھمۇت جوراس يازغان: «تارىخىي رەشىدى. زەيلى» («سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار») غا قاراڭ. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1989 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى.

كارامىتى زور بولسا ئۆلۈپ كەتكەن ئەھلى ئايالىمنى تىرىلدۈرۈپ بەرسۇن!» دە تەلەپ قىلغاندا، ئىسھاق خوجا تەرىپىدىن رەت قىلىنغانلىقتىن، ئۇنىڭدا پىرغا نىسبەتەن شۈبھە - گۇمان تۇغۇلغان ۋە ئۇنى قوللىمىغانىدى. شۇڭا ئىسھاق خوجا ئاخىر خوتەندىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغانىدى.

قەشقەر نايىبى مۇھەممەت خاننىڭ ئىسھاق خوجىغا ئۇنى قەشقەرگە چىللاپ نامە ئەۋەتكەنلىكى ئىساقىيە سۇلۇكىنىڭ مۇلكىي قەشقەرىيىدە ئاخىرقى ھېسابتا قارار تېپىشىدا ناھايىتى مۇھىم تۈرتكۈلۈك رول ئوينىدى.

— نېمە دېگەن بىتەلەي ئادەممەن، — دەپ ئۆزىچە سۆزلەپ كەتتى مۇھەممەت خان ئىسھاق خوجىنىڭ ئۆزىگە يازغان خېتىنى ئوقۇپ بولۇپ خۇرسىنىپ ئۇھ تارتىپ تۇرۇپ، — پىردىن كۆڭلۈم سۇ ئىچمىگەنلىكىنى ھەزرىتى ئەزىزلەر بايقىغانىكەن. ئەپسۇسكى، ئۇ ئەزىز ھازىر ئاقسۇ مەۋزەئىسىدىن مىنى دەپ قەشقەر تامان يولغا چىقىپتۇ. ئۇل ھەزرىتى ئەزىزگە قول بەرسەم، ئۆزۈم تېخى كىچىك. بۇنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالايمەنمۇ - يوق؟ قول بەرمەي دېسەم ۋاقىت غەنىيمەت! ئىلگىرى ھەزرىتى ئەزىزلەر ھەزرىتى سۇلتان مازىرىدا ئېھتىكابتا ئولتۇرغاندا، تۇزۇككىنە ئېتىبار قىلمىغانىكەنمەن. ئۇ چاغلاردا مەن تېرەنگە سىغماي، ئۆزۈمنى ئاسماندا يۈرگەندەك چاغلايتتىم. مانا ئەمدى يەرگە غۇلاپ چۈشۈپ كۆزۈم ئېچىلدى. بۇزرۇكلار: «ئاتتىن چۈشكەن ئادەم ئىگەردىنمۇ چۈشۈشى لازىم» دەپتىكەن. مەن ئۇ ئەزىزلەرگە چىن دىلىمدىن ئېتىقاد قىلىشىم كېرەك!...

قەشقەر شەھىرىدىكى باغى ئەمىر بېغىدا ئاسمانغا بوي تارتىپ ئۆسۈشكەن بېھى دەرەخلىرى بار ئىدى. شاخ - شېخىدا سارغىيىپ

پىشقان بىھىلەر كۆز ئاپتىپىدا ئالتۇندەك پارقىراپ كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى. ئەنە شۇ بىھى دەرەخلىرىنىڭ ئارىسىدىكى ئالتۇن رەڭ سىر بىلەن بىزەلگەن تالار① دا قەشقەر نايىبى مۇھەممەت خان ئىسھاق خوجا بىلەن قىزغىن سۆھبەتلىشىۋاتقان ئىدى. ئۇلارنىڭ يېنىدا ئۇشتۇر خەلىپىمۇ بار ئىدى.

باغى ئەمىر بىغى ئىنتايىن گۈزەل، ھاۋالىق بىر باغ ئىدى. يۇمشاق يېشىل قۇملار سېپىلگەن تار يوللار باغنىڭ ئىچكىرىسىگىچە سوزۇلغان، يول ياقىسىدىكى ئېرىقلاردا سۈپسۈزۈك بۇلاق سۈيى شىرىلداپ ئېقىپ تۇراتتى. باغى ئەمىر بېغىدىكى ئانار، ئامۇت، شاپتۇل، ئالما، چىلان قاتارلىق تۈرلۈك مېۋىلەر مەي بولۇپ پىشىپ كېتىشكەنىدى.

— ئى سۇلتان، — دەپ سورىدى ئىسھاق خوجا قەشقەر نايىبى مۇھەممەت خاندىن، — ئىسمىم - شەرىپىڭىز ھەزرىتى مۇھەممەت مۇستەفا رەسۇلىللاھ بىلەن ئىسىمداشقۇ دەيمەن؟

— شۇنداق، ھەزرىتىم، ئەزان توۋلاپ قويۇلغان ئىسمىم مۇھەممەتتۇر! قانداق دەيدىلا؟— دېدى مۇھەممەت خان ئىسھاق خوجىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى چۈشىنەلمەي.

— ھەببەللى، بىزنىڭ بۇ ھۇدۇتلۇقتا كېلىشىمىزمۇ، — دېدى ئىسھاق خوجا سىرلىق كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئاساسەن مۇشۇ ئىسمىڭنىڭ خاسىيىتى بىلەن بولغان. ئەي بابا مۇھەممەت، ئەيش - ئىشرەتتىن ئۆزىنى تارتمايدىغان خارابىتىيلارنىڭ كۆزىدەك ھىجران پەردىسى قاپلىغان كۆزلىرىڭگە ھىدايەتنىڭ ئاياق - ئىزىنى كۆھلۇل - جەۋاھىر سۈرمىسىدەك تارتىشىڭىز لازىمدۇر! ئى مۇھەممەت، ئەمدى بىكار يۈرۈشكە بولمايدۇ، تىرىشىش لازىم!② تاجۇ - تەختىنى قولىڭىزدا تۇتماقچى

---

① تالار — شىپاڭ.

② شاھ مەھمۇت جوراس: «تارىخىي رەشىدى. زەيلى» («سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1989 - يىل نەشرى. 29 - بەت.

بولىدىكەنسىز، چىڭ تۇرۇشىڭىز كېرەك.

مۇھەممەت خان ئولتۇرغان جايىدا ئىسھاق خوجىغا ئېھتىرام بىلەن تەزىم قىلدى:

— ئىنشائالا، ھەزرىتى ئەزىزلەرنىڭ مۇبارەك قوللىرىنى ئېلىشقا مۇشەررەپ بولۇش ـ مېنىڭ ئەسلى مەقسىتىم ئىدى. بىراق...

— سۆزلەڭ، ئى بەختىيار شاھزادە! سورايدىغان سوئالىڭىز بولسىمۇ مەن جاۋاب بېرىشكە تەيياردۇرمەن.

— ئەي ئەزىزلەر، — دېدى مۇھەممەت خان بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — مېنىڭ شۇنى ئېنىق بىلگۈم كەلدىكى، سىزلەر قايسى يۇرتتىن بولىسىزلەر؟ نەسەب ـ ھەسەبىڭىزچۇ؟

— ئى مۇھەممەت خان، كۆز ئالدىڭىزدا تۇرغان بۇ ئەزىزنى تېخىچە بىلمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇشتۇر خەلپە دەرھال سۆز قىستۇرۇپ، — بۇ ئەزىز ئافتاپ بەرراق ۋە يېگانە دەۋران بىئافاق ھەزرەتى قۇتبىل ئەقتاب ھەزرەتى خاجە مۇھەممەت ئىسھاق ۋەلىيۇللا ئەلەيھىررەھمە ۋە رىزىۋاندۇر![1]

قەشقەر نايىبى مۇھەممەت خان ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى چۈشىنەلمەي تەئەججۇپلۇق كۆزلىرى بىلەن ئىسھاق خوجىغا تىكىلىپ قارىدى.

— بىزلەر نەمەنگاندىن كەلگەن ئەزىزلەرمىز، — دەپ چۈشەندۈردى ئۇنىڭغا ئىسھاق خوجا، — ھەسەب ـ نەسەبىمىز مەخدۇم ئەزەم قەددەسە سىررەھۇ ئارقىلىق ھەزرىتى مۇھەممەت مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۇلىشۇر. ئى مۇھەممەت خان، بىلىپ قېلىڭكى، شەجەرەئى جەۋھەرىيە بۇ تۇرۇر: ئاۋۋال ھەزرەتى مۇھەممەت مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم،

---

① مۇھەممەت سادىق قەشقىرى: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988ـ يىل 3 ـ ئاي نەشرى، 3 ـ بەت.

ئۇلاردىن بىھەزرەتى ئىمام ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇلاردىن بىھەزرەتى ئىمام ھەسەن، ھەزرەتى ئىمام زەينۇل ئابىدىدىن، ھەزرەتى ئىمام مۇھەممەت باقىر، ھەزرەتى ئىمام جەئفىر سادىق، ھەزرەتى ئىمام مۇساكازىم، ھەزرەتى ئىمام ئەلى مۇسارىزا، ھەزرەتى ئىمام مۇھەممەت تەقى، ھەزرەتى ئىمام مۇھەممەت نەقى، ھەزرەتى ئىمام ھەسەن ئەسقەرى، ھەزرەتى سەييىد ئابدۇللا، ھەزرەتى مىر ئابدۇللا، ھەزرەتى سەييىد ئەھمەت، ھەزرەتى شاھ ھەسەن، ھەرزىتى شاھ ھۇسەيىن، ھەزرەتى خوجا مىر جالالىدىن، ھەزرەتى سەييىد بۇرھانىدىن قىلىچ، ھەزرەتى بۇرھانىدىن خال، ھەزرەتى سەييىد جالالىدىن، ھەزرەتى مەخدۇم ئەزەم!

مۇھەممەت خان ئىسھاق خوجا سۆزلەپ بەرگەن بۇ ئۇزۇن شەجەرەئى نەسەپتىن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ نەسەب ـ ھەسەبىنىڭ ھەزرەتى رەسۇلىللاغا تۇتىشىدىغانلىقىنى ئىشتىپ كۆڭلى ئەمىن تاپتى.

— ئەي ئالىجاناپ ئەزىز كىشى، كەرەم قىلىپ، مېنى كەچۈرگەيسىز، — دېدى مۇھەممەت خان يەرگە قاراپ تۇرۇپ، — مېنىڭ تەرىقەتتىن غاپىل بولۇشۇمدىكى سەۋەب نېمىدۇر؟

— سەۋەبى شۇكى، — دەپ جاۋاب بەردى ئىسھاق خوجا، — سىز مەقسەت مەنزىلىگىزنى ئىزدەيسىزۇ، ئەمما ئۇنىڭغا يېتەلەيدىغان يولنى تاپالمايسىز!

— ئۇنداق بولسا، — دېدى مۇھەممەت خان، — ئى ھەزرەتى ئېزىز، جاۋاپ بېرىڭچۇ، مەقسەت مەنزىلىگە تېز يەتكىلى بولىدىغان يول قايسىدۇر؟ بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق ئىشلارنى قىلىش كېرەك؟

— بۇنىڭ ئۈچۈن ناشايان ئىشلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئالماق كېرەك، — دەپ جاۋاب بەردى ئىسھاق خوجا، — يەنى يوقلۇق

كۆچىسىغا يۈزلىنىپ، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى يوق ئېتىش كېرەك. باي - بەختىيار ۋە كۈچ - قۇدرەتلىك كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، نۇرغۇن ئۇسۇلى سۇلۇكلەر ئارىسىدا ئىسھاقىيە سۇلۇكىمىزلا ئۇلارنىڭ مەقسەت مەنزىلگە يېتىشىدىكى ئەڭ مۇۋاپىق يول ۋە ئەڭ ئەپچىل ئۇسۇلدۇر. باشقا سۇلۇك - ئۇسۇللارمۇ كىشىنى بەرىبىر مەقسەت مەنزىلگە يەتكۈزىدىغانلىقى ئېنىق. بىراق، ئىسھاقىيە ئەھلىنىڭ بۇ مەنزىلگە تېخىمۇ تېز يېتىپ بېرىش ئېھتىمالى بار. چۈنكى، ئىسھاقىيە سۇلۇكىدە بەندىچىلىك قىلغان كىشىنىڭ مەقسەت ۋىسالىغا يېتىشىدىن ئۈمىد كۆپرەك. دەرۋەقە، تەرىقەت يولىغا كىرمەكچى بولغان باي - بەختىيار ۋە كۈچ - قۇدرەتلىك كىشىلەرنىڭ مىجەز - ئەھۋالى تۆۋەندىكى ئىككى ھالەتتىن خالىي ئەمەس: بىرى، ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇسۇلى سۇلۇككە كىرگەنلەر؛ يەنە بىرى، مەقسەت مەنزىلگە يېتىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇسۇلى سۇلۇككە ھەقىقىي ئاتىۋەتكەنلەر. ئالدىنقى كىشىلەر مەنمەنلىك ئۈچۈن تەرىقەت سۇلۇكتە بەندىچىلىك قىلىشىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنى ھەقىقىي تەرىقەت ئەھلى دېگىلى بولمايدۇ. مەنمەنلىك — ئۇنداقلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى شەخسىيەتلىكتۇر. مەنمەنلىك - مەقسەت يولىدىكى قاراقچىدۇر. كىشى ئەگەر تەرىقەت بەزمىسىگە داخىل بولاي دېسە، قاراقچىدىن ھوشيار بولمىقى لازىمدۇر. ھالبۇكى، مەنمەنلىك ئۈچۈن ئۇسۇلى سۇلۇكتە بەندىچىلىك قىلغان ئادەم قاراقچى بىلەن ھەمكارلاشقان ئادەمدۇر. شۇڭا، ئۇسۇلى سۇلۇكتە مەقسەت مەنزىلگە يېتىش ئۈچۈن ھەممىدىن ئاۋۋال يوقلۇق مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتۈش لازىم! مەقسەت يولدىغا ۋۇجۇددىكى مەنمەنلىكنى يېڭەلىگەن ئادەملا ئاندىن ئىسھاقىيە تەرىقىتىگە ھەقىقىي بەندە بولالايدۇ. چۈنكى، ئىسھاقىيە تەرىقىتىگە ھەقىقىي بەندە بولالىغان ئادەملا مەقسەت يولىدا ئۆزىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى سەرپ ئېتەلەيدۇ! دېمەك،

ئىسهاقىيە تەرىقىتى بىلەن بىر جان، بىر گەۋدە بولالىغان كىشىنىڭلا مەقسىتى ئىشقا ئاشقان بولىدۇ. بۇ ناھايىتى بۈيۈك مەرتىۋىدۇر!

— ئى ھەزرىتىم، ئېيتىڭچۇ، — دېدى مۇھەممەت خان ئۇنىڭغا، — مەقسەت مەنزىلىگە تېز يېتىشنىڭ يولى ئۆزىنى ئۇسۇلى سۇلۇككە ھەقىقىي يوسۇندا ئاتاش لازىم ئىكەن. ئۇنداق بولسا، سىز دېگەن بۇ ئۇسۇلى سۇلۇكنىڭ زادى پايدىسى نېمىدۇر؟

ئىسهاق خوجا بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

— بىز تەرغىپ قىلىۋاتقان بۇ ئۇسۇلى سۇلۇكنىڭ پايدىسى شۇ يەردىكى، ئەگەر كۈچ — قۇدرەت ئىگىسى ئىسهاقىيە سۇلۇكىنى كەسىپ قىلسا، ئۇنىڭغا جىمى جاھان تەۋە بولىدۇ. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەختى ئۇنىڭغا مۇيەسسەر بولىدۇ. ئىسهاقىيە سۇلۇكى گۈللەنسە، پادىشاھلارنىڭ مەملىكىتى ئاۋاتلىشىدۇ، لەشكىرىي ئىشلىرى ئۇتۇقلۇق تەرتىپكە چۈشىدۇ. يۇرتدارچىلىق ئىشلىرى ئاسان راۋاجلىنىدۇ. بۇنداق پادىشاھ چوقۇم ھەر قانداق دۈشمەن ئۈستىدىن غالىپ كېلىدۇ. ئى بەختىيار شاھزادە، ھەزرىتى پىر مەخدۇم ئەزەمنىڭ تەرىقىتىنىڭ بەركاتىدىن ئۇلۇغ بوۋىڭىز سۇلتان سەئىدخان بىلەن ئاتىڭىز سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ مەملىكەتدارچىلىقى گۈللەپ ياشنىغانلىقىنى ئېسىڭىزگە كەلتۈرگەيسىز! سۇلتان ئاتىڭىز رەشىدىل شاھى ئەزەم چۈشۈمگە ئايان بولدىكى، قارىسام، جەننەت ماكان ئاتىڭىز باشتىن — ئاخىر غىچە نۇر — زىياغا چۆمۈلگەن ھالدا بىھىشنىڭ ئىپار — ئەنبەر ھىدلىرىغا تولغان گۈلشىنىدىن ماكان تۇتقان ئىمىش. ئۇ سۇيى خۇددى كۆك ئاسماندەك تىنىق، پۇرىقى ۋە تەمى كەۋسەر سۇيىدەك بىر كۆلنىڭ بويىدا تۇرغۇدەك. كۆل ياقىسىدا ناھايىتى ھەيۋەت بىر توپ دەرەخ شاھ ئاتىڭىزنىڭ بېشىغا بەئەينى چېدىردەك سايە تاشلاپ تۇرغانىكەن. گۈلشەننىڭ

ئۆسۈملۈكلىرى ئىپار ـ زەپەردىن پۈتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ خۇشپۇرىقى كىسەلمەنلەرنىڭ جىسمىدىن زەئىپلىك ۋە ئاغرىق ئازابىنى يوق قىلار ئىكەن. مەن: «ئى جانابىي رەشىدىل شاھى ئەزەم، پادىشاھلىق دەۋرىڭدە قايسى ئىشنى قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن بۇنداق ئالىي ئورۇنغا سازاۋەر بولدۇڭ؟» دەپ سورىسام، شاھ ئاتىكىز جاۋاب بەردىكى: «پادىشاھلىق دەۋرىمدە كۆڭلۈم تەرىقەت تەرەپكە مايىل ئىدى. بىر چاغلاردا موغۇلىستان تەرەپكە لەشكەر تارتتىم. يول ئۈستىدە بىر يۇرتقا چۈشۈپ ئارام ئالدۇق. مەن لەشكەرلىرىمگە: ‹بۇ يۇرت خەلقىنىڭ مەئىشەت — ئاساپىشلىقىنى خاراب قىلغۇچىلار ياساقتا تارتىلىدۇ!› دەپ پەرمان جاكارلىدىم. ئاخشىمى، كۆڭلۈم تالانى سەيلە قىلىشنى خالاپ قالدى. بارىگاھتىن چىقىپ كىلىۋاتسام، بىر ئۆيدىن مەزلۇم كىشىنىڭ نالە ـ زارى ئاڭلاندى. بېرىپ قارىسام، مېنىڭ لەشكەرلىرىم ھېلىقى ئايالنىڭ قوشامىنى بۇزۇپ، زورلۇق بىلەن ئىككى تال ئوتۇننى ۋە بىر توۋرا سامىنىنى ئاپتۇ. ئاندىن ئۇنىڭ تاماق يەيدىغان بىر يېشىل ھىجىر قاچىسىنىمۇ ئېلىۋاپتۇ. مەن ئۇنىڭ ئايالدىن زورلۇق بىلەن ئېلىۋالغان نەرسىلىرىنى پەرمان بىلەن ئىگىسىگە قايتۇرغۇزدۇم. ئۆزىنى بولسا ياساقتا تارتىپ، دارغا ئاسقۇزدۇم. ئۇزاق ئۆتمەي ئۆزۈممۇ ئۇ بەش كۈنلۈك ئۆتنە ئالەمدىن خوشلىشىپ، بۇ مەڭگۈلۈك ئالەمگە قايتىپ كەلدىم. پانىي ئالەمدە مەن تەرىقەتنى تونىمىغانلىقىمدىن گۇناھلىرىم چەكسىز ئىدى. بىراق، باقىي ئالەمدە ئاللاتائالا مېنىڭ ھەق سۆلۈكى تەرىقەت يولىدا يۈرگۈزگەن ئاشۇ بىر قېتىملىق غەرەزسىز ئادالەتلىكىم ئۈچۈنلا ماڭا مۇشۇ جەننەت گۈلشەنىنى ئاتا قىلدى. ئىككى تال ئوتۇننىڭ بەدىلى ئۈچۈن بۇ تۇبى دەرىخى،[1] يېشىل ھىجىرنىڭ ئورنىغا بۇ زۇمرەتتەك كۆل، بىر توۋرا

---

① تۇبى دەرىخى — رىۋايەتلەردە جەننەتتىكى بىر دەرەخنىڭ نامى.

سامان ئۈچۈن بۇ ئىپار ـ زەپەرزارلىق ماڭا نېسىپ بولدى. ئۇ زالىمنى ياساققا تارتقانلىقىم ئۈچۈن، ئەبەدىي ھاياتلىققا ئېرىشتىم!» دېمەك، ئى بەختىيار شاھزادە، كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى، سۇلۇك تەرىقەت ئۈچۈن غەرەزسىز قىلىنغان ھەر قانداق بىر ئىش ـ ھەرىكەت چوقۇم ئۇلۇغ نەتىجە ۋە بۈيۈك مەرتىۋە بىلەن ئاياغلىشىدۇ!

— . . .

«شۇنداق قىلىپ، مۇھەممەت خان ئىختىيارسىز ھالدا باشلىرىنى تاپان قىلىپ ھەزرىتى ئەزىزلەرنىڭ سۆھبىتىگە راۋان بولدى. ھەزرەتى ئەزىزلەرمۇ ئۇنى مۇرىتلىققا قوبۇل قىلدى.

مۇھەممەت خان ئۇلۇغلار پىرىنىڭ سۆھبىتىگە مۇشەررەپ بولۇپ چىن دىلىدىن ئۇنىڭغا بويسۇندى. ھەزرەتى ئەزىزلەر بۇ ياخشى خىسلەتلىك سۇلتان ھەققىدە كۆپلىگەن ياخشى دۇئالارنى قىلىشتى. . .»[①]

*  *  *

سۇلتان ئابدۇكەرىم خان بىر تۇۋۇلاپلا ئويغىنىپ كەتتى، قارىسا چۈشى ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەنلىكىنى سەزدى، ئۇنى قارا باسقانىدى.

ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ تۆشەك ئۈستىدە ئولتۇردى ۋە كۆرگەن چۈشىنى ئەسلەشكە باشلىدى:

. . . . ئاسماندا قاناتلىرىنى كەڭ يايغان، بېشى ۋە بوينى ئارسلانغا ئوخشايدىغان، ئادەمگە ئوخشاش ئىككى قولى بار بەھەيۋەت بىر قۇش پەرۋاز قىلىپ يۈرگۈدەك. قۇشنىڭ ئىككى قولىدا يوغان بىر كىتاب بار بولۇپ، ئۇ ئۇچقانچە كېلىپ يوغان

① شاھ مەھمۇت جوراس: «تارىخىي رەشىدى. زەيلى» («سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 ـ يىل نەشرى، 30 ـ بەت.

بىر دەرەخنىڭ شېخىغا قونۇپتۇ. بىر توپ ئادەملەر قۇشنى تۇتماقچى بولۇپ يۈگۈرۈشۈپ كېلىۋاتقىدەك. ئۇلارنىڭ ئىچىدە سۇلتان ئابدۇكەرىم خانمۇ ئۆزىنى بار دېگىدەك. ئەڭ ئالدىدا يۈگىرىشىپ يېتىپ كەلگەن تۆت ـ بەش ئادەم ۋارقىرىشىپ قولىرىدىكى كۆپ يۇتاقلىق سوتىلىرىنى پۇلاڭلىتىپ چۇقان كۆتۈرۈشۈپتۇ، ھېلىقى بەھەيۋەت يوغان قۇشنى ھۈركۈتۈپ قويۇپتۇدەك. قۇش ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ قولىدىكى ھېلىقى كىتابنى سۇلتان ئابدۇكەرىم خاننىڭ بېشىغا تاشلىۋېتىپتۇ. ئۇ كىتابنى يەردىن ئالاي دېيىشىگە، ھېلىقى تۆت ـ بەش ئادەم يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ تالىشىپ يۇرۇپ كىتابنى يىرتىۋېتىپتۇ. سۇلتان ئابدۇكەرىم خان ئۇلارغا: «كىتابنى يىرتماڭلار، كىتابنى يىرتىش گۇناھ بولىدۇ!» دەپ ۋارقىرىسىمۇ، ئۇلار ھېچ ئاڭلىمىغۇدەك ۋە قولىرىدىكى كۆپ يۇتاقلىق سوتىلىرى بىلەن سۇلتان ئابدۇكەرىم خاننى ئۇرماقچى بولۇپ ھەدەپ دېۋەيلەشكەندە، ئۇ بېشىغا تەگمەكچى بولغان سوتىدىن ئۆزۈمنى قاچۇرىمەن، دەپ ۋارقىراپ. . . ئاخىر ئۇ ئويغىنىپ كەتتى. . . !

ئۇ كۆرگەن چۈشىنى ئويلاپ، ئاخىر تاڭنىڭ قانداق ئېتىپ كەتكەنلىكىنى سەزمەيلا قالدى.

سۇلتان ئابدۇكەرىم خان ئەتىگەنلىك ساراي مۇراسىمىدىن كېيىن مىرزا ساتقىن ئىشكئاغىنى ئۆز يېنىدا ئېلىپ قېلىپ، باشقا ئەمىر ۋە ئۇمەرالىرىغا رۇخسەت قىلدى. شاھنىشىن خالىي قالغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ كېچە كۆرگەن چۈشىنى ۋەزىر ئەزەم مىرزا ساتقىن ئىشكئاغىغا باشتىن ئاياغ سۆزلەپ بەردى. . .

مىرزا ساتقىن ئىشكئاغا سۇلتاننىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى ـ دە، ئاندىن:

— ئى ھەزرەتى شاھ ئادىل، تولىمۇ ياخشى چۈش كۆرۈپسىز، بۇ چۈش خەيرىلىكتىن دېرەك بېرىدۇ! — دېدى.

— قانداق دەيسىز، ئى ۋەزىر ئەزەم جانابلىرى؟

— كىتاب ھەقىقەتكە مىسالدۇر. ھالبۇكى، كىتابنىڭ ھېلىقى تۆت كىشى تەرىپىدىن يىرتىپ تاشلانغانلىقى ھەقىقەتنىڭ باغرى تىلىنغانلىقىنىڭ مىسالىدۇر. يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈشكەن ھېلىقى تۆت - بەش كىشى ھازىرقى تۆت سۇلۇكى، ئۇسۇلنىڭ بېشارىتىدۇر. ئۇلار پۇشتىپاناھىنىڭ چۈشىدە كۆرگەن ھېلىقى كىتابنى يىرتىپ تۆت - بەش بۆلەككە پارچىلىۋەتكەندەك، سەلتەنىتىمىزنىڭ ئاساسى بولغان ئەھلى ئۇلۇسلارنى تۆت - بەش ئۇسۇلى سۇلۇككە پارچىلاپ تاشلىماقتا. گەرچە ئۇ ئۇسۇلى سۇلۇكلەر بىر يىلتىزدىن — نەقشىبەندىيە تەرىقىتىدىن تۇغۇلغان سۇلۇكلەر بولسىمۇ، ئەمما بىر سۇلۇك بىر توپ خەلقنى باشلاپ، سەئىدىيە سەلتەنىتىنىڭ تۈۋرۈكىنى بىر - بىرلەپ چۈۋۈپ تاشلاشقا ھەرىكەت قىلماقتا. ئۇلار ئەسلىدىكى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەنىۋىيىتىنى پارچىلاپ، ئۆز ئىلكىدىكى ئۇسۇلى سۇلۇكنى «تەرىقىتى ھەقىقەت»، «تەرىقىتى مەنىۋىيەت» دەپ بازارغا سېلىشىدۇ. ھالبۇكى، باشقىلارنىڭ قولىدىكى ھەقىقەتنى، مەنىۋىيەتنى ھەرگىز تەن ئېلىشمايدۇ. «مەن ئەلھەق!» دەپ، باشقا ئۇسۇلى سۇلۇكلەرنى چۆكۈرۈشۈپ، تەرىقەت تەپرىقاتچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىشىدۇ! سەئىدىيە مەملىكىتىدىكى تۇرلۇك مەزھەپ سوقۇشلىرى ۋە ئۇلۇس ئايرىمىچىلىقى مانا مۇشۇ سۇلۇك رىقابىتىدىن كېلىپ چىقماقتا! ئى شاھى ئادىل ئەزەم، مۇبادا سەلتەنىتىمىزنىڭ ئاسايىشلىقى مەڭگۈ داۋام قىلسۇن دېيدىغان بولساق، ئاشۇنداق سۇلۇك تەپرىقاتچىلىقى تۈپەيلىدىن قۇمدەك چېچىلىشقا باشلىغان سەئىدىيە ئۇيغۇر مەنىۋىيىتىنى بىر ئۇلۇغ مەركىزىي نۇقتا ئەتراپىغا يىغقايلا!

— ئىنشائالا، ئى ۋەزىرئەزەم، تولىمۇ پايدىلىق سۆز قىلدىڭىز، — دېدى سۇلتان ئابدۇكەرىم خان قويۇق قارا ساقىلىنى بارماقلىرى بىلەن سىقىمداپ تۇرۇپ، — بىزمۇ بۇ ھەقىقەتنى سەزمەكتىمىز. شۇڭا قۇتلۇق بىر كۈننى تاللاپ،

شولۇك رىقابىتىدىكى ئەڭ كۈچلۈك بولۇۋاتقان دەھلىدىكى شاھان خانىقاسىدا ھەر قايسى سولۇكلەر ئارا بەس ـ مۇنازىرە قىلساقمىكىن، دېگەن ئويدىمىز. بەس ـ مۇنازىرە ئارقىلىق ھەقىقەت تېپىلىدۇ، ئايدىڭلىشىپ، كىشىلەرنىڭ كۆزى تېخىمۇ روشەنلەشسە ئەجەب ئەمەس!

سۇلتانىنىڭ بۇ قارارىنى ماقۇل كۆرگەن مىرزا ساتقىنتىن ئىشىكئاغا دەرھال:

— ئىلاھىم بۇ ئارزۇيىڭىزغا يەتكەيسىز، جانابىي شاھى ئادىل ئەزەم ئالىيلىرى، — دېدى، — سەلتەنىتىمىزنىڭ ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك زور ئىشنى ھەل قىلىشقا بەل باغلاپسىز. مەنىۋىيەت بابىدا ئەجدادىڭىزنىڭ ھېچبىرى بۇنداق مۇشكۈل، بۇنداق مۇرەككەپ مەقسەتلەرنى ئۆزىگە نىشان قىلغان ئەمەس. سىزدە غايەت زور ئىستېدات ۋە شىجائەت بار. ئىشىنىمەنكى، سىز جەزمەن بۇ قېتىمقى زور بەس ـ مۇنازىرە ئارقىلىق، ھەر قايسى ئۇسۇلى سوكتە بىردىن پىرنىڭ پېشىنى تۇتۇپ بەندىچىلىك قىلىشىپ، قۇمدەك چېچىلىشقا باشلىغان خالايىقنى پىيغەمباشتىن بىر پۈتۈن سەئىدىيە ئۇيغۇر مەنىۋىيىتى بايرىقى ئاستىغا توپلاشقا قادىر بولالايسىز. سىزنىڭ بۇ شىجائىتىڭىزگە ھازىر بىزلا ئەمەس، بەلكى كەلگۈسىدىمۇ كىشىلەر مەڭگۈ ئاپىرىن ئوقۇيدۇ!

مىرزا ساتقىن ئىشىكئاغىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ خۇشال بولغان سۇلتان ئابدۇكېرىم خان:

— رەھمەت! — دېدى ئەيىنىنىڭ قولىنى مەھكەم قىسىپ تۇرۇپ.

مىلادى 1563 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى. بۈگۈن دارۇلسەلتەنەت يەكەندىكى دەھمى شاھان خانىقاسىدا سۇلتان ئابدۇكېرىم خاننىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان تۇرلۇك

ئۇسۇلى سۇلۇكتىكىلەرنىڭ بەس - مۇنازىرىسىنىڭ ئۇچىنچى كۈنى ئىدى. بۇگۇنكى بەس - مۇنازىرە ئۇۋەيسىيە سۇلۇكىدىكىلەر بىلەن ئىشانىيە سۇلۇكىدىكىلەر ئوتتۇرىسىدا بولاتتى.

بۇگۇن — جۇمە ئىدى. دەھمى شاھان خانىقاسىغا يىغىلغان ئون مىڭدىن ئارتۇقراق ئەھلى ناماز خانلار ۋاقىتلىق بولسىمۇ سۇلۇك نىزاپەتچىلىكىنى يىغىشتۇرۇپ قويۇشقان ھالدا، سۇلتان ئابدۇكەرىم خاننىڭ ئىمامىلىقىدا جۇمە نامىزىنى تىچقىنا ئوقۇشتى. نامازدىن كېيىن ۋەزىر ئەزەم مىرزا ساتقىن ئىشكئاغا بەس - مۇنازىرىنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى.

مۇنازىرە ئۆتكۈزۈلىدىغان جاي — دەھمى شاھان خانىقاسىنىڭ مېھرابى ئالدىغا دائىرە شەكلىدە بىر شاھ سوپا قۇرۇلغان، شاھ سوپىنىڭ تۆرىدە سۇلتان ئابدۇكەرىم خان ئۇچۇن بىر شاھانە ئورۇن تەييارلانغانىدى. شاھ سوپىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن بەس - مۇنازىرىگە چۈشىدىغان ئىشانىيە سۇلۇكىنىڭ ئىشانكالانى خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان بىلەن ئۇۋەيسىيە سۇلۇكىنىڭ پىرى مۇھەممەت ۋەلى سوپى ئۇچۇن كۇرسىلار قويۇلغانىدى.

بەس - مۇنازىرە باشلانغانلىقى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئىشانكالان خوجا مۇھەممەتئىمىن باشچىلىقىدىكى ئىشانىيە سۇلۇكى بىلەن خوجا مۇھەممەت ۋەلى سوپى باشچىلىقىدىكى ئۇۋەيسىيە سۇلۇكىدىن ئىبارەت ئىككى سۇلۇكتىكى مۇرشىد-مۇخلىسلار دائىرىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئورۇن ئېلىشتى. بەس - مۇنازىرىگە سۇلتان ئابدۇكەرىم خاننىڭ پەرمانى بويىچە ۋەزىر ئەزەم مىرزا ساتقىن ئىشكئاغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

بەس - مۇنازىرە باشلىنىشتىن ئىلگىرى سۆز ئادەت بويىچە سۇلتان ئابدۇكەرىم خانغا بېرىلدى.

— ئى ئەھلى مۇسۇلمانلار، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئۇ، — مەن سۆزۈمنى ھەممىدىن ئاۋۋال بارلىق مۇسۇلمانلار

ئۇچۇن كالامى شەرىف بولۇپ سانىلىدىغان ئاللانىڭ مۇبارەك كالامى — قۇرئان كەرىمدىكى قىرىق توققۇزىنچى سۇرە — «ھىجرەت سۈرىسى» دىن باشلايمەن. ئاللا تائاللا بەندىلىرىگە شۇنداق دېگەنكى: «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھاۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا، بىر ئانىدىن ياراتتۇق. ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق. ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللانىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى، كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ). ئاللا ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.»[①]

ئى ئەھلى مۇسۇلمانلار، بۇ ئالەم خۇددى بىز يىغىلغان مۇشۇ دەھمى شاھان خانىقاسىدەكلا ئىككى ئىشىكلىك، تۆت تەرەپلىك بىر بىنادۇر. پەرەز قىلىڭلاركى، تۆت ئادەم تۆت تەرەپتىن مۇشۇ ئىككى ئىشىكلىك بىنانىڭ ئىچىگە كىرمەكچى بولدى، ئەمما بۇ تۆت ئادەم بىر - بىرىنى كۆرەلمىدى. شۇڭا ئۇلار بىر - بىرىنى تەن ئالمىدى. ئەمما ئۇلار بۇ ئىككى ئىشىكتىن كىرىپ خانىقانىڭ ئىچىدە بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشىشقا مۇيەسسەر بولدى. ئويلاڭلاركى، خانىقانىڭ ئۈستىنى يېپىپ تۇرغان مۇشۇ گۈمبەز خۇددى مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان ھەممىمىز ئۈچۈن باراۋەر بولغاندەك، پەرۋەردىگارمۇ ئاشۇ تۆت كىشى ئۈچۈن باراۋەرغۇ؟ دېمەك، بۇ تۆت كىشىمۇ، مۇشۇ خانىقادا ئولتۇرۇشقان بارلىق ئەھلى مۇسۇلمانلارمۇ گەرچە تەرىقەتتە باشقا - باشقا ئۇسۇلى سۇلۇكتە بەندىچىلىك قىلىشسىمۇ ئەمما خۇددى مۇشۇ خانىقانىڭ ئۈستىنى يېپىپ تۇرغان ئاشۇ گۈمبەزگە ئوخشاش بىر پەرۋەردىگارغا ئىمان ئېيتىشىدۇ ۋە ئېتىقاد قىلىشىدىغۇ؟ بىز

---

① قۇرئان كەرىم، سۈرە ھىجرەت، 13 - ئايەت.

ھەممىمىز خۇددى ئاللاتائالالا ئېيتقاندەك بىر ئاتا، بىر ئانىدىن ئاپىرىدە بولغانىكەنمىز، ئۇ ھالدا ھەممىمىز بىر تۇغقان پەرزەنتلەرمىز. ئەلھال، نادانلىق، خۇراپاتلىق بىزلەرنىڭ كۆزىمىزنى تۇتەك جاھالەت پەردىسى بولۇپ توسۇپ ئالماقتا. بۇنداق نادانلىق ۋە خۇراپاتلىق خەلقىمىزنى مەسچىت مۇسۇلمانچىلىقىدىن خانىقا - تۈنەكخانا جەھرى تەلقىنىگە؛ مەدرىسە مۇسۇلمان مائارىپىدىن خانىقا سوپى - ئىشان مائارىپىغا؛ مەسچىت ئىبادىتىنى خانىقا ئىبادىتىگە، ئىمام دۇئا - تىلاۋىتىنى سوپى - ئىشان دۇئا - تىلاۋىتىگە؛ ئاللاغا قىلىدىغان ئىبادەتنى خوجا - ئىشانغا قىلىدىغان ئىبادەتكە؛ پۈتۈن مۇسۇلمانچىلىق ئىمارەت - ئىنشائاتلىرىنى سوپى - ئىشان تۈنەكخانىلىرىغا، ھەمەدان، گۈلەخ، گۈلخان ۋە مازارگاھ ئىنشائاتلىرىغا؛ روھانىي خىزمەتچىلەرنى سوپى - مۇرىت داملىرىغا توغرىلاپ ئۆزگەرتىپ، دىنىي ئىسلامنىڭ ئەنئەنىۋى ھۆلىنى خاراب قىلىشقا ئۇرۇنماقتا. بىزنىڭ تارىختىن بۇيانقى مۇسۇلمانچىلىقىمىز مەسچىتلەرنى مەركەز قىلغان مەدرىسە مائارىپى تۈزۈمىدىكى مۇسۇلمانچىلىق ئىدىغۇ؟ دىنىي تۇرمۇشتا ئىسلام ئەھكاملىرى پىششىق بىلىدىغان دىنىي ئۆلىمالارنى شاگىرتلارغا دەرس - ساۋاق بېرىشكە تەكلىپ قىلىش، ھازىر ئىمامغا ئىخلاس قىلىش؛ مەسچىتتىكى باشقا دىنىي ئىشلارنى ئىمام، خاتىپ، مەزىندىن ئىبادەت ئۈچ كىشى باشقۇرۇش، خەلقنىڭ نىكاھ، ئۆلۈم - يېتىم، توي - تۆكۈن، قۇرئان - تىلاۋەت، دۇئا - تەكبىر، ئۆشرە - زاكات، مىراس - ۋەقپە قاتارلىق ئىشلىرىنى ۋەزىپىسى مۇقىمسىز خەلپەت، موللا . . . قاتارلىق كەسپىي دىنىي خادىملار بىر تەرەپ قىلىش خەلقىمىز ئارىسىدا تارىختىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئادەت يوسۇنى ئىدىغۇ؟!

ئۇ سۆزىنى توختىتىپ، ئۆزىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىدە بىر - بىرىگە يەۋەتكۈدەك دەرىجىدە ھومىيىشىپ قارىشىپ

ئولتۇرۇشقان خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان بىلەن خوجا مۇھەممەت ۋەلى سوپىلارغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— ئەلھال، تۇرلۇك ئۇسۇلى سۇلۇك نىزالىرى خەلقىمىزنىڭ بۇ ئىبسىل مۇسۇلمانچىلىق ئەنئەنىلىرىنى خۇددى كۇيە يەپ ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋەتكەن ئەسكى كىگىزدەك ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇشتى. بىز بۇنىڭغا يەنە داۋاملىق يول قويۇۋېرىشىمىزمۇ؟ ئاسمان رەمىزى بولغان بۇ خانىقا گۇمبىزىنىڭ ئاستىدا ئاۋۋال ئاشۇ سوئالغا جاۋاب تاپايلى. دىلىمىزدا نېمە بولغان بولسا، شۇنى ئوچۇق سۆزلەيلى. ئۇسۇلى سۇلۇك ئېتىقادى ھەر خىل بولغان ئەھلى مۇسۇلمانلارنى ئۇيغۇر مەنىۋىيىتى جەھەتتە بىرلەشتۇرۇش يوللىرىنى ئىزدەيلى!

سۇلتان ئابدۇكەرىم خان سۆزىنى تۈگىتىپ، رىياسەتچىگە: «بەس ـ مۇنازىرىنى ئەمدى باشلىساڭلار بولىدۇ!» دەپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— مىرزا ساتقىن ئىشكئاغا: «بەس ـ مۇنازىرە باشلاندى!» دەپ ئېلان قىلدى ۋە سۇلتان ئابدۇكەرىم خاننىڭ ئىجازىتى بىلەن سۆز ھەممىدىن ئاۋۋال ئىشانكالان خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشانغا بېرىلدى.

خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان ئورنىدىن قوپۇپ، سۇلتانغا تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن خانىقادىكىلەرگە بىر قۇر تەكشى قاراپ چىقتى، ئاندىن دائىرە ئىچىدە مېڭىپ تۇرۇپ بەس-مۇنازىرىسىنى باشلىدى. ئۇ خۇددى ئادەتتە خانىقادا ئۆز سۇلۇكىدىكىلەرگە مەسائىل ـ مەرۇپ قىلغاندەك بىمالال سۆزلەشكە باشلىدى...

— خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان بالا ـ دە! — دەپ سۇلتان ئابدۇكەرىم خان يېنىدىكى مىرزا ساتقىن ئىشكئاغىغا پىچىرلىدى، — لېكىن خۇدايىتائالا ئۇنىڭغا ھاپىزلىق ماھارىتىنى

يەتكۈدەك بېرىپتىكەن! ئۇ شۇنچە كۆپ ھېكايەت ـ رىۋايەتلەرنى، مەسائىل ـ تەرىپاتلارنى، شۇنچە كۆپ تەھلىل ـ تەلقىنلەرنى يادقا بىلىدىكەن. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئۆزىمۇ بىر[1] قېتىم ۋەز ئېيتىش ئۈچۈن، تۈن ـ تۈنلەپ كىتاب كۆرۈپ بىدار ئولتۇرۇپ چىقسا كېرەك!

مىرزا ساتقىن ئىشكئاغا سۇلتاننىڭ سۆزىنى ماقۇللاپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ـ يۇ، ئۈندىمىدى. سۇلتان ئابدۇكەرىم خان خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشاننىڭ سۆزىگە داۋاملىق قۇلاق سالدى:

— ئى ئەھلى سۇلۇك مۇرىتلار، بىزگە ئەگەشكەنلەر قانداق ئادەملەردۇر؟ — دەپ سورىدى خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان دائىرە ئىچىدە مېڭىپ تۇرۇپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بەردى، — بۇ ئادەملەر شۇنداق ئادەملەركى، سۇلۇك پىرى ئۇلارنى ئۆل دېسە، ھازىرلا ئۆلىدىغان، تىرىل دېسە، ھازىر تىرىلىدىغان ساداقەتمەن خاس مۇرىتلاردۇر. ئۇلار سۇلۇك پىرىنىڭ تۇز ھەققىنى ساقلايمەن دەيدىكەن، ئۇ ھالدا ئۇلار شەك ـ شۈبھىسىز پاكلىق بالاغىتى بىلەن سۇلۇك ئىچىدە خۇدايى بەندىچىلىك قىلىشى، ئىخلاسمەنلىك بىلەن مۇتىۋەللىي سوپىزاتلارنىڭ يولى — ئىشقىيە يولىنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم. سۇلۇك پىرىنىڭ جىمىكى مۇرىتلىرى دۇنيانى قىلچىمۇ دوست تۇتماسلىقى، ئىززەت ـ ئابرويىنى ئۆزىگە ھەرگىزمۇ ئاشىيان تۇتماسلىقى، تىرىكچىلىكنى دەپ سودا ـ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانماسلىقى، بەلكى قىلچىمۇ ئايانماستىن ئەھلى سۇلۇك پىرى ئۈچۈن ئۆز قولى بىلەن ئۆزىنى ھالاكەتكە باشلايدىغان بولۇشى، خۇدانىڭ ھەر قانداق بالا ـ قازاسىغا كۆكرەك كېرىپ چىقالىشى، دۇنيانىڭ ھەر قانداق پايدا ـ خوۋلىقىدىن زىيان ـ زەخمىتىنى ئەلا كۆرىدىغان بولۇشى، ھەر قانداق ئىنسانىي غۇرۇر ـ شۆھرەتتىن ھايۋانىي دەككە ـ

خورلۇقنى خوپ بىلىدىغان بولۇشى لازىم! مۇشۇنداق قىلالىغان شۇلۇك ئەھلىلا بېھىش ساۋابى، كارامىتى پاك بولغان دەرۋىشلەر مەقامىغا يېتەلەيدۇ!①

«... ئىنسانمۇ دەرەختكە ئوخشاش ماددىي يىلتىزلاردىن ئوزۇقلىنىدىغۇ؟ — دېدى سۇلتان ئابدۇكەرىم خان ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ تۇرۇپ، — دەرۋەقە نەپس بىلەن كۆڭۈل ئىنساننىڭ مەنىۋىيىتىنىڭ دۈشمىنىدۇر. قەدىمكىلەر ئىنساننىڭ مەنىۋىيىتىنى يېپىشقاق ماتاغا ئوخشىتىشقان، ھاياتنىڭ پۈتۈن چىركىندىلىرى مانا شۇ ماتاغا يېپىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ئۆز مەنىۋىيىتىنى تېز - تېز تازىلاپ تۇرۇشى كېرەك. بىراق، ئىنسان ھايات - تىرىكچىلىك قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ مەئىشىتىگە، تەپەككۇرىغا، ھەتتا ئۆي - ئوچاقلىق ۋە پەرزەنتلىك بولۇشىغا — ھەممىسىگە كۆڭلىنى باش قىلماي ئىلاجى يوق. ئىنسان مۇھەببەت بىلەن شەپقەتنى، پاراغەت بىلەن بەختنى ئۆزگىلەردىن ئىزدەپ ئاۋارە بولماسلىقى كېرەك. چۈنكى، مۇھەببەتمۇ، شەپقەتمۇ، پاراغەتمۇ ۋە بەختمۇ پەقەت ئىنسان كۆڭلى ئىشتىراكىدا، ئىنساننىڭ ئۆز پەزىلىتى ۋە ئىجتىھات - مېھنەتلىرى ئاساسىدىلا مەيدانغا كېلىدۇ! شۇنداق ئىكەن، ئىنسان نېمە دەپ ئۆزىنىڭ بەخت - پاراغىتىنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا ئۆزگىلەرنىڭ بەخت - پاراغىتىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىكەن؟! نېمە ئۈچۈن ئۆزگىلەرنى دەپ، ئۆزىنى ئۆز قولى بىلەن ھالاك قىلىدىكەن؟!...»

سۇلتان ئابدۇكەرىمخان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە قول ئىشارىتى بىلەن خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشانىنى مەسئۇل - مەرۇپتىن توختاتتى:

— ئى ھۆرمەتلىك ئىشانكالان خوجا مۇھەممەتئىمىن! —

① مولا مۇھەممەت ھۈسەيىن كۇچارى، موللا توختى خەلپەت قەشقەرى: «تەزكىرەئى ھىدايەت»، قولىيازما.

دېدى ئۇ، — ئۆزىنىڭ بىدئەت تەرغىباتلىرى تۈپەيلىدىن جەننەت ماكان پەدەرىمىز رەشىدىل شاھى ئەزەمنىڭ پەرمانى بىلەن ياستۇقدا كاللىسى ئېلىنغان سەردار ئىشان — ئاسىپ ئىشانمۇ خۇددى مۇشۇنداق مەسائىل - مەرۇپ قىلغانىدى. ئەلھال، تەقسىر سىزمۇ ئاشۇنداق ۋەز - نەسھەتلىرىڭىز ۋە سۇلۇك تەرغىباتلىرىڭىز ئارقىلىق پۈتۈنسۇرۇك ئۇيغۇر خەلقى خۇددى سەردار ئىشان — ئاسىپ ئىشاندەك بىر توپ كۆكەمە ئاشىق، بىنومۇس قەلەندەر، تەرسا دىۋانە، تىجىمەل دەرۋىش، ۋەتەنسىز ئابدال، ھاياسىز سوپى، لاماكان ئىشان ۋە دەستەكسىز سۇلۇك پىرلىرىنىڭ ئارقىسىدىن قارىغۇلارچە ئەگىشىپ ماڭىدىغان، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ خار - بىئېتىبارلىرىدىن، ئىنسانىي پەزىلەت ۋە تىرىكچىلىك ئۇقەتلىرىدىن يىراق بولغان بىقۇۋۇللىرىدىن، قەلبىدە بىرلا پىر - خوجىدىن بۆلەك ئىنسان تاياىچىسى بولمايدىغان، نەسىل - نەسەب مۇرادى يوق، مىللەت ئېڭى خۇنۇك، ئىنسانىي ۋىجدانى سۇس، ھەق - ناھەق سېزىمى ئاجىز، شەرمىي - ھايانى بىلمەيدىغان، مۇھەببەت - نەپرەتتىن خالىي، ئارزۇ - ئىستەكسىز، كۆپ گۇرۇھلۇق، بىھەمدەم، كۆپ قەۋم، كۆپ سۇلۇك تارقاقلىقىدا پەندىچىلىك قىلىشىدىغان قارا قۇرساق، سۇرىتى مۇبەددەل ئادىمزات مۇرىتلار تۈركۈمى قىلىپ تەربىيىلەپ يېتىشتۇرمەكچىمۇ؟!

سۇلتان ئابدۇكېرىم خاننىڭ بۇ سۆزلىرى خوجا مۇھەمەتئىمىن ئىشاننىڭ جان - جىنىدىن ئۆتۈپ كەتكەچكە، ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى:

— ئى سۇلتان ئابدۇكېرىم خان جانابىي ئالىيلىرى، — دەپ چالۋاقىدى، ئۇ ئەقەللىي ئەدەب - قائىدىنىمۇ ئۇنتۇغاندەك قىلاتتى، — مۇرتەد بولۇرسىز! ھەزرەتى سۇلتان بايەزىد دېگەن ئەۋلىيا شۇنداق دېگەنكەنكى، ھەر قانداق ئادەم پىر تۇتسا، خۇدا ئۇنى بەندەم دەيدۇ؛ پىر تۇتمىغان ئادەم خۇدانىڭ رەھمىتىنىڭ

تېشىدا! پىرىنىڭ سېھرى ــ كارامەتلىرى ھەددى ــ ھېسابسىز كى، خۇددى خىزىر ئەلەيھىسسالام ئالەمنى كېزىپ، ئابىھاياتنى تاپقاندەك، تىرىكچىلىكنىڭ يولىغا باشلايدىغان ھەزرەتى ئەيسا مەسىھ «سۇف!» دەپ بىر ھۇرۇپلا ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگەندەك، ھەزرەتى مۇسا ئەلەيھىسسالام مەجمۇئەئىل بەھرەينگە بېرىپ ھەزرەتى خىزىر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشقاندەك، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالاتائالانى كۆرۈش زاھىردۇر! چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىراغارىدا ئاللاتائالا بىلەن گەپلەشكەندە، پىرىنىڭ روھى ھەمراھمۇ پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىللە ئاللانىڭ سۆزىنى ئىشىتكەندۇر!①

بۇ چاغدا، خانىقانىڭ ئىچى گۈركىرەپ كەتتى، قارشى سولۇكلىكلەر چۇقان كۆتۈرۈشۈپ، خوجا مۇھەممەتئىمىننىڭ ئىشانىنىڭ سۆزىگە ئېتىراز بىلدۈردى. باياتىن خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشانىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى زورىغا بېسىپ جىم ئولتۇرغان خوجا مۇھەممەت سوپى سۆزلەشنى تەلەپ قىلىپ قول كۆتۈردى ۋە رىياسەتچىنىڭ ئىجازىتى بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئى شاھى ئادىل ئەزەم، — دېدى ئۇ سۇلتان ئابدۇكېرىم خانغا قاراپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن، — دىنىنىڭ كاتتىلىرى (ئاللا ئۇلارنىڭ روھلىرىنى پاك قىلغاي!) ئۆزلىرىنى خانىقا كۆتۈرۈشتى. بىراق، ئاشۇ خوجا مۇھەممەتئىمىننىڭ گۇستاخ②لىقىغا تاقەت قىلىپ دۇئايى بەد بولۇپ كەتمىگەنلىكىگە ھەيرانمەن! چۈنكى، ئۇنىڭ ئىشقىيە تەرىقىتى خەلقىمىزگە ئاپەت، ئۇنىڭ ھەربىر ئىغىز مەسائىل ــ مەرۋېلىرى ئەھلى مۆمىنلەرنىڭ ھاياتىغا دەھشەتتۇر! نىھايەت، سىلىنىڭ سەۋر ــ

① موللا مۇھەممەت ھۈسەيىن كۇچارى، موللا توختى خەلپەت قەشقەرى: «تەزكىرەئى ھىدايەت»، قولىيازما.
② گۇستاخ — ئەدەپسىز، يۈزى قېلىن، شەرمەندە.

تاقەت قىلىپ تۇرغانلىقلىرىغا، شەلتەنەت باپىدىكى قانائەتلىرىگە ۋە ئېتىقاد دەشتىدىكى مەتانەتلىرىگە قايىلدۇرمەن، ئى جانابىي سۇلتان ئابدكەرىم خان ئالىيلىرى!...

— ئى سۇلتان ئابدۇكەرىم خان جانابىي ئالىيلىرى، — دەپ ۋارقىرىدى خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشانىمۇ رىياسەتچىنىڭ ئۆزىگە سۆزلەشكە رۇخسەت بەرگەن - بەرمىگەنلىكىگە قارىماستىن، — ئۇ مەلئۇننىڭ سۆزلىرىگە ھەرگىز ئىشەنمەيمىز! چۈنكى، ئۇ يالغانچىلىقتا ئالەمگە مەشھۇردۇر، سۇخەنچىلىكتە ھۈنىرى دۇنياغا پۇزۇندۇر، سېھىر - جادۇسى ھەم باردۇر. بۇنى دەرھال نەزەربەند قىلىپ، ئەدىپىنى بەرمەك ھەق لازىمدۇر، بولمىسا ئەلگە كۆپ مالامەتلەر كۆلتۈرۈر!

— سەن ئۆزۈڭ مەلئۇن! — دەپ ۋارقىرىدى خوجا مۇھەممەت ۋەلى سوپىنىڭ خەلىپىلىرىدىن بىرى دەرھال ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ تۇرۇپ.

— خوجا مۇھەممەتئىمىن گۇستاخ! مۇرتەد!

— ...!

ئاخىر خانىقا ئىچىدە چوڭ ماجىرا چىقىپ كەتتى. ئادەملەر ئىككى تەرەپ بولۇشۇپ، بىر - بىرىنىڭ ياقىسىنى سىقىشاتتى، تىللىشاتتى، مۇشتلىشاتتى. ساقچىلار قوللىرىدىكى سەبەندىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ماجىرالىشىۋاتقانلارنى ئۇرۇپ، جېدەلنى ئاران بېسىقتۇردى. بۇ چاغدا ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى.

سۇلتان ئابدۇكەرىم خان شام، نەشە دۇتى قاپلىغان، قوي يېغى سېلىنغان ئىسرىقنىڭ خۇشپۇراقلىرىغا ۋە مەينىڭ دىماغنى مەس قىلغۇچى ئۆتكۈر پۇراقلىرىغا، بىر - بىرى بىلەن جېدەللىشىپ تېخىچە بېسىقماي، ھالىدىن كېتىۋاتقان دەرۋىش، سوپىلارنىڭ بەدەنلىرىدىن كېلىۋاتقان بەدبۇي، ئاچچىق ھەم سېسىق تەر پۇراقلىرىغا تولغان بۇ خانىقادىن چاپسانراق ساپ

ھاۋالىق، يۇلتۇزلۇق ئاسمان گۈمبىزىنىڭ ئاستىغا چىققۇسى، ئاشۇ يەردە ساپ ھاۋادىن نەپەسلەنگۈسى كەلدى ـ دە، بەس ـ مۇنازىرىنىڭ ئاخىرقى يىغىشتۇرۇشىنى مىرزا ساتقىن ئىنىكئاغىغا تاشلاپ قويۇپ، خانىقادىن چىقىپ كەتتى. بۈگۈنكى بەس ـ مۇنازىرە مانا مۇشۇنداق كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە ئاياغلاشتى.

كېيىنكى بىر يىل ئىچىدە يەكەندىكى سۇلۇكلەرنىڭ كۈچ ـ نىسبىتىدە ۋەزىيەت ئىشانىيە (ئىشقىيە) سۇلۇكىگە پايدىلىق بولۇپ ئۆزگىرىۋاتاتتى. ئۇۋەيسىيە سۇلۇكى گەرچە مۈلكىي قەشقەرىيەدىكى ئەنئەنىۋى ئۇسۇلى سۇلۇك بولۇپ ھېسابلانسىمۇ ئەمما ھەدەپ كەينىگە چېكىنمەكتە ئىدى. سەردار ئىشان باشلىق يەتتە كىشى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ پەرمانى بويىچە پاستوغدا كاللىسى ئېلىنغاندىن كېيىن ئىمام رەببانى سۇلۇكى قايتا باش كۆتۈرەلمىدى. ئىسھاق خوجا ئۈچ يىل تىرىشىپ يۈرۈپ ئاران قەشقەر مۇزاپىتىگە سىڭىپ كىرىشكە مۇۋەپپەق بولالىغان بولسىمۇ ئەمما ئۇۋەيسىيە سۇلۇكى بىلەن ئىشانىيە سۇلۇكىنىڭ تەسىرى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇۋاتقان يەكەن ھودۇتلۇقىغا تېخىچە سىڭىپ كىرەلمەي، قەشقەر مۇزاپىتىدە پۇرسەت كۈتۈپ يېتىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ ئىشانكالان مۇھەممەتئىمىن خوجىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن قەشقەردىن يەكەنگە تەسىرلىك مەكتۇپ يېزىپ ئۇنىڭغا ئەۋەتكەنىدى. «... ھەزرەت ئاكا ـ مېنىڭ ھەققىمدىكى يامان سۆزلەرگە ھەرگىز ئىشەنمەڭ، — دېگەنىدى ئۇ ئاكىسى خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشانغا يازغان بۇ مەكتۇبىدا، — ئىنىڭىزنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرى بۇزرۇكۋار پەدەرىمىزنىڭ سىزگە ئىرشاتنامە بىللە تاپشۇرغان مەخدۇم ئەزەم تەرىقىتىنىڭ مۈلكىي قەشقەرىيەدىكى قولدىن كەلگەن ئىمتىياز ـ مەرتىۋىسىنى

ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قارىتىلغاندۇر. ياخشىلىق قىلغاننى بىلمەيدىغان سۇلتان ئابدۇكەرىم خان ھەقتائالانى بىلمەيدىغان، مەخدۇم ئەزەم تەرىقىتىنى تونۇمىغان غاپىل موغۇلدۇر. بىراق، قەدىردان ئاكا، مەن ئىنىڭىز ئىسھاق خوجا مۇلكىي قەشقەرىيىدىلا بولىدىكەنمەن، خوجا مۇھەممەت ۋەلىنى سۆيىمۇ، سۇلتان ئابدكەرىم خان موغۇلمۇ مەخدۇم ئەزەم تەرىقىتىگە ھەرگىز دەخلى قىلالمايدۇ.

ئىسىت، بۇزرۇكۋار پەدەرىمىز ماڭا: «بۇ دۇنيانىڭ پۇچەك پۇلغا ئەرزىمەيدىغان بىر دەقىقىلىك مېھرىنى دەپ، ئۆز بۇرادەرلىرىڭ بىلەن زىددىيەتلەشمىگىن. چۈنكى، بۇ دۇنيا ۋاپاسىزدۇر» دەپ ۋەسىيەت قىلمىغانمىدى؟ مەن ئاتىمىزنىڭ ۋەسىيىتىنى ئېسىمدە تۇتماي، سىز ئاكام بىلەن زىددىيەتلەشتىم. سىز بىلەن مەن بىر دەرەخنىڭ ئىككى شېخى، بىر شاخنىڭ ئىككى بەرگىسى ئىدۇق.

ئى ئاكا، سىزنىڭ پۈتۈن ئەمرىڭىزنى جان ـ دىلىم بىلەن ئورۇنلىغايمەن. پۈتكۈل ئۇرۇق ـ جەمەتىڭىزگە شەپقەت ۋە مېھرىبانلىق چېدىرىنى ياپقايمەن. سىزگە ئۆكتە قوپقان، ئاسىيلىق قىلغان ۋە قارشى ئىش تۇتقانلارنىڭ كۆكرىكىگە مېھنەت خەنجىرىنى ئۇرغايمەن. سىزنى خار ـ زارلىق لىيىغا يىقىتقانلارنىڭ جىگىرىنى زەھەرلىك خەنجىرىم بىلەن سۇغۇرۇۋالغايمەن!»

قۇتبىخانىدا يالغۇز ئولتۇرغان خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان

ئىنىسى ئىسھاق خوجىنىڭ قەشقەردىن ئۆزىگە قارىتىپ يازغان مەكتۇبىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن قولىنى پېشانىسىگە تىرىگىنىچە چوڭقۇر خىيالغا چۆكتى. دەھمىي شاھان خانىقاسىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاشۇ بەس - مۇنازىرىدىن كېيىن ئۇ سۇلتان ئابدۇكەرىم خاننىڭ ئۆزىگە بولغان ئىلتىپاتىنىڭ روشەن سۇسلىشىپ قالغانلىقىنى سەزمەكتە ئىدى. ئىلگىرى زەرەپشان، خالاستان ۋادىسىدا ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقان رەببانىي سۇلۇكىدىكىلەر سەردار ئىشان ئاسىپ ئىشاننىڭ كاللىسىنىڭ ئېلىنىشى بىلەن پۈتۈنلەي توزۇپ كېتىشكەن ۋە ئىككىنچىلەپ قايتا باش كۆتۈرەلمەس بولۇپ قىلىشقانىدى. بىراق، خوجا مۇھەممەت ۋەلى سوپى باشچىلىقىدىكى ئۇۋەيسىيە سۇلۇكى ھازىر قەشقەر ھۆدۈتلۇقىدا سۇلتان ئابدۇكەرىم خاننىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، تېز ئۇلغايماقتا ئىدى. ئەمما، خوجا مۇھەممەت ۋەلى سوپى ئىشانىيە سۇلۇكىدىن باشقا يەنە يېقىندا مۇھەممەت خاننىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن ئىسھاقىيە سۇلۇكىنىڭ مۇلكىي قەشقەرىيە زېمىنىدا باش كۆتۈرۈشىگە چىداپ تۇرالارمۇ؟ ئەگەر خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشان ئىشانكالانلىق مەرتىۋىسى بىلەن ئىسھاق خوجىنى يەكەنگە چاقىرتىپ: «مۇلكىي قەشقەرىيىنى ئوچچە ئىگىلەيمىز. ئەمما، شەرت شۇكى، ئاكا - ئۇكا ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە ئاسىيلىق قىلمايمىز!» دېسە، ئىسھاق خوجا ئەلۋەتتە خۇشال بولىدۇ. بىراق، بۇ خۇشاللىق ئۇزاققا بارماسلىقى مۇمكىن. ئىسھاقىيە سۇلۇكى ئەتە - ئۆگۈن ئۇۋەيسىيە سۇلۇكىنىڭ تەقىپىدىن ئامان - ئېسەن قۇتۇلۇپ كېتەلىسە، بەلكىم ئۆزىگە رەقىب بولغان يەنە بىر سۇلۇككە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. نىھايەت، ئۇۋەيسىيە سۇلۇكىدەك

خەتەرلىك رەقىب ئالدىدا تۇرغاندا، ئىسھاق خوجا بىلەن ئۇ بىر ئاتىنىڭ — مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئوغۇللىرى — ئاكا ـ ئۇكىلارغۇ؟ ئىشانكالان مۇھەممەتئىمىن خوجا ئۆزىگە يېڭى بىر بالايىئاپەتنى كۆپەيتىشنى خالىمىسا، بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ئىسھاق خوجىنى ئۆزىنىڭ تەقىپ سىرتمىقىدىن نېرى قىلماسلىق ۋە تىرىك چىقارماسلىق كېرەك!

ئىشانكالان مۇھەممەتئىمىن خوجا بايامقى چىگىش ئوي ـ خىياللىرىنىڭ ئاخىرىدا شۇ خۇلاسىگە كەلدى ـ دە، ئىسھاق خوجىنى ئۆزىنىڭ يېنىغا — يەكەنگە كېلىشكە چىللاپ خەت يازدى.

نەزمە

قىلمىشىڭدىن زاھىد، ئۇياتقىن، ئۇيات!
چۈنكى تىلىڭ باشقا، باشقىدۇر نىيەت!
ھەم كەكلىك ھەم تورزدۇر سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭ،
ئايىغىڭ گاھ چىپار، گاھ قىزىل ئىللەت!

— پۇرياۋەلى

## ئون بەشىنچى باب

# قايچا خەنجەر تۇتقان كىشى

> بەزى ئادەملەر بەختلىك بولۇشقا قادىر ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار باشقىلارنىڭ بەختىگە زامىن بولۇشنى ياخشى كۆرىدۇ!
>
> — خاتىرەمدىن

**مىلادى** 1591 ـ يىلى (توشقان يىلى) ئەتىياز.

چوكانتال مەۋسۇمى كىرىپ قالغان بولسا كېرەك. ئۆرۈك، شاپتۇل، ئالما، نەشپۈت ۋە جىنەستە قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى تەكشى چېچەكلەپ كەتكەنىدى. بۇ يىل پەسىل مەۋسۇمىنىڭ كىرىشى يىللاردىكىدىن سەل بۇرۇن بولغانمۇ ـ قانداق، ھاۋا بىردىنلا ئىسسىپ كەتكەنىدى. ئاسماندا ئىسقا ئوخشايدىغان ئۇچ ـ تۆت پارچە ئاق بۇلۇت ئۈزۈپ يۈرەتتى. پەسىل ئەلچىسى بولغان قارلىغاچلار بۇ ئاق بۇلۇتلارغا ئۇششاق قارا بەلگىلەرنى مىخلاپ كۆكتە پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇشۇپ ئويناۋاتاتتى. باھارنىڭ سەلكىن شامىلى تال ـ سۆگەتلەر ۋە توغراقلارنىڭ نوتىلىرىنى يېنىك تەۋرىتىپ، ئەتراپنى قاپلىغان يېشىللىق بىلەن ئويناشماقتا ئىدى. ئۆلكىدىكى يېشىللىق

ئاستا - ئاستا جاڭگاللىقلارغا، چۆللۈككە كۆچمەكتە ئىدى. بەلكىم بۇ يېشىللىق تېخى يۈمران ھەم ئاجىز بولغاچقا چارچاپ، ھېرىپ كېتىشتىن ئەندىشە قىلغانمۇ - قانداق، جاڭگاللىقنىڭ چېتىگە چىققانسېرى يېشىللىق سۇسلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

بارچۇقنىڭ[1] شىمال تەرىپىگە جايلاشقان تاقىر تەڭرى تاغلىرى يىراقتىن قارىيىپ كۆرۈنەتتى. تاغ باغرىدا تۇتاش كەتكەن پايانسىز چۆللۈك ۋە جاڭگاللىق تېخى ئەمدىلەتىن كۆكىرىشكە باشلىغانىدى. ياۋا غازلار رەت - رەت تىزىلىپ، ناخشا ئېيتىپ تاغ ئارقىسىدىن ئۆلكە تەرەپكە قاراپ ئالدىراش ئۇچۇپ كېتىشىۋاتاتتى. جاڭگاللىقتىكى چىغىر يوللاردا سۇ ئىزدىشىپ ئوقۇر مازار[2] ھەتتا ئۇلۇغ ئېقىن[3] تەرەپلەرگە ئۆتۈپ كەتكەن.

كېيىك، مارال قاتارلىق چۆل ھايۋانلىرى قالدۇرۇپ كېتىشكەن يېڭى - يېڭى ئىزلارنى ئۇچرىتىش مۇمكىن ئىدى. بۈگۈن قەمەرىيە كالېندارى بويىچە جامادىيەل ئاخىرنىڭ باش يەكشەنبە كۈنى ئىدى.[4] سۇلتان ئابدۇكەرىم خان دىلىدىكى شىكار ھەۋەسلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن دارۇلسەلتەنەت يەكەندىن بارچۇق مەۋزەئىگە ئۆتكىلى بۈگۈن ساقمۇ بىر ھەپتە بولغانىدى. سۇلتان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى تۈنۈگۈن چاھار باغ[5] تەۋەسىدە چۈشكۈن قىلىپ، دەم ئېلىشقاندىن كېيىن بۈگۈن شىكار غەنىيمەتلىرىنى ئىزدەپ ئوقۇر مازار تەرەپكە ئۆتۈشكەنىدى. ئۇلار چاھار باغدىن بۈگۈن ئەتىگەن ناھايىتى سەھەر ماڭغان بولسىمۇ ئەمما ھازىرغىچىلىك كېيىك، مارال قاتارلىق شىكار ھايۋانلىرىنىڭ قارىسىنىمۇ ئۇچراتمىدى. چۈشكە

---

① بارچۇق — ھازىرقى مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ تارىختىكى نامى.
② مارالبېشىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بىر تاغنىڭ نامى.
③ يەكەن دەرياسىنىڭ تارىختىكى نامى.
④ مىلادى 1591 - يىلى 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى.
⑤ چاھار باغ — مارالبېشى ناھىيىسىدىكى بىر يۇرتنىڭ نامى.

يىغىن ئۇلار بەشتوغراق دېگەن يەرگە يېتىپ كېلىشتى ۋە سۇلتاننىڭ ئەمرى بويىچە شۇ يەردە ئارام ئالماقچى بولۇشتى.

بەشتوغراق رناھايىتى باغجاللاپ ئۆسۈشكەن بىر توپ توغراقنىڭ نامى ئىدى. ئادەتتە ئوۋچىلارمۇ مۇشۇ بەشتوغراق دېگەن يەردە ئارام ئېلىشقاندىن كېيىن ئاندىن شىكارغا ئاتلىنىشاتتى. سۇلتان ئابدۇكېرىم خاننىڭ پەرمانى بويىچە شىكار ھايۋانلىرىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئوقۇرمازار تەرەپكە ئىزچىلار ئەۋەتىلدى.

چۈشتىن كېيىن ئىزچىلار تەرەپ ـ تەرەپتىن يېتىپ كېلىشىپ، ئوقۇر مازار تېغىنىڭ باغرىدىكى بۇلاق ئەتراپىدا شىكار ھايۋانلىرىنىڭ ئىزى ئۇچرىغانلىقىنى خەۋەر قىلىشتى.

سۇلتان ئابدۇكېرىم خانغا بۇ خەۋەر خۇددى كۈچلۈك شارابتەك تەسىر قىلدى. ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ مەۋكەب بىلەن مۇلازىملىرىغا:

ـ ئى باھادىرلار، شىكار غەنىيمەتلىرى بىزلەرنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، تەييارمۇ سىلەر؟ ! ـ دېۋىدى، ئۇلارمۇ سۇلتاننىڭ تېتىك ھالىتىدىن تەسىرلەنگەنمۇ قانداق: «پەرمانلىرىغا تەييار ئى شاھى ئادىل جانابىي ئالىيلىرى ! » دەپ ئۈنلۈك جاۋاب بېرىشتى. بۇ چاغدا، سۇلتان ئابدۇكېرىم خان ئوقيا ـ ساداقلىرىنى ئېسىپ، قولىغا سالمىنى ئېلىپ، ئاتلىنىشقا تەييار بولۇپ تۇرغانىدى. مۇلازىم سۇلتاننىڭ چىلانتورۇق ئارغىمىقىنى يېتىلەپ ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئاتقا ئىرغىپ مىنگەندىن كېيىن: «ئوغلانلار، ئارقامدىن مېڭىڭلار ! » دەپ، چىلانتورۇق ئارغىماقنى چاپتۇرغىنىچە شامالدەك يۈرۈپ كەتتى. مەۋكەب ۋە مۇلازىملارمۇ سۇلتاننىڭ ئارقىسىدىن ئاتلىنىپ يۈرۈپ كېتىشتى.

سۇلتان ئابدۇكېرىم خانلار ئىزچىلار كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ بىر ھازا ماڭغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىرەرمۇ كېيىك ياكى بىرەرمۇ مارال ئۇچرىمىدى. ئۇلار يۇقىرى ئۆرلەپ

مىڭبۋەردى. بىر چاغدا، ئالدى تەرەپتە بىر كېيىك پەيدا بولدى. ئۇ توقايلىقتا ـ يېڭى ئوت يەپ راسا كۆككە تويغان سېمىز بىر كېيىك ئىدى. سۇلتان ئابدۇكەرىم خان مەۋكەبكە يېيىلىپ مېڭىڭلار، دەپ ئىشارەت قىلدى ـ دە، ئۆزى شامالغا قارشى مېڭىپ كېيىككە يېقىنلىشىپ كېلىپ، ئوقياسىنى ئالدى ۋە ئوقنى باسقاندىن كېيىن كىرىچنى تارتىپ تۇرۇپ ھېلىقى سېمىز كېيىكنى قارىغا ئالدى. ئۇ كىرىچنى قويۇپ بېرەي دېيىشىگە، ھېلىقى كېيىك ئىككى تاقلاپلا قېچىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

سۇلتان ئابدۇكەرىم خان كېيىكنىڭ ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ قوغلاپ ئوقۇر مازار تېغىنىڭ باغرىدىكى بىر بۇلاق بويىغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە يېڭىدىن كۆكەرگەن ئوت ـ چۆپ ئەلۋەك ئىدى. قارىۋىدى، ھېلىقى كېيىك شۇ يەردە يومران مايسىلارنى يەپ ئوتلاپ يۈرۈپتۇ. بۇ تۇيغۇن كېيىك ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆرەر ـ كۆرمەيلا يەنە قېچىشقا باشلىدى. سۇلتان ئابدۇكەرىم خان چىلانتورۇق ئارغىمىقىنى دىۋىتكىنىچە چېكە سوقۇپ كېيىككە يۈز قەدەم ئارىلىقچە يېقىنلىشىپ كېلىپ، ئوقياسى بىلەن كېيىكنى قارىغا ئالدى ۋە كىرىچنى قويۇۋەتتى. شامالدىن تېز ئۇچقان ئوق تاقلاپ، ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ قېچىپ كېتىۋاتقان كېيىكنى قوغلاپ يەتتى ـ دە، ئۇنى تىك موللاق ئاتقۇزۋەتتى. سۇلتان ئابدۇكەرىم خان ئوق تېگىپ يەردە ياتقان كېيىك قېشىغا ئات چاپتۇرغىنىچە يېتىپ كەلدى. قارىسا، كېيىكنىڭ ئالدى ئىككى پۇتى ئۆزى ئاتقان ئوق بىلەن چېتىلىپ بەنت قىلىنىپ قويۇلغاچقا، يۈگۈرەلمەي تىك موللاق ئېتىپ چۈشكەنىكەن. ياردار كېيىك ئۇنىڭغا بىچارىلەرچە قاراپ ياتاتتى. ئۇنىڭ چىرايلىق ئىككى قارا كۆزىدىن تاراملاپ ياش ئېقىپ چۈشۈۋاتاتتى. سۇلتان ئېتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، كېيىكنى بوغۇزلاپ تاشلىدى. بۇ چاغدا ئوقۇر مازار تەرەپتىن بىر بايتال ئاتنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. سۇلتان مىنگەن چىلان

تورۇق ئارغىماق كىشنىگەن يېتى بايتال تەرەپكە قاراپ چاپتى.

ئېتىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، سۇلتان ئابدۇكەرىمخاننىڭ سەپرايى قىزىق گەز ئۆرلىدى. ئۇ كېپىكنى سۈيىماي تاشلاپ قويۇپ، چىلان تورۇق ئېتىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى، ئۇ ئۇستىگە قېلىن ئۇۋ كىيىمى كىيىۋالغان بولغاچقا، ئىسسىقتىن تەرلەپ چۆپ - چۆپ سۇ بولۇپ كەتتى. بىر كەملەردە قارىسا، ئېتى يىراقتىكى ئوقۇر مازارنىڭ يېنىدا ئوتلاپ يۈرۈپتۇ. يېنىدا ئۇچىسىغا لىڭگىر چاقچا ئۇخشايدىغان ياغاچ ئىگەر توقۇلغان، ياغاچتىن ئۇزەڭگە ۋە شوينا قوشقۇن قىلىنغان جىنازە سۈپەت بىر ئورۇق بايتالمۇ بەخىرامان ئوتلاپ يۈرەتتى. باياتىن كىشنىگەن مۇشۇ بايتال ئىدى.

سۇلتان ئابدۇكەرىم خان مازارنىڭ يېنىغا كېلىپ، چىلان تورۇق ئارغىمىقىنى قىچقىردى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، مازارنىڭ ئىچىدىن بېشىغا دەرۋىش كۇلاھىنى كىيگەن، ئۇستىگە ئىككى يېرىم باغلىق بوز خامنى مېھمانلىق تون، كۆڭلەك ۋە تامبال قىلىپ كىيگەن ۋىجىك، تەلەتى سۆرۈن، رەنجى چىراي، بىقۇۋۋەت ۋە بوران كۆشەندىلىك بىر شەيخ چىقىپ كەلدى، ئۇ سۇلتانغا ئىككى پۈكلىنىپ تەزىم قىلدى ۋە ئۇنى قۇتبىخانىغا باشلىدى.

— ئى ھۆرمەتلىك مېھمان، — دەپ سورىدى ھېلىقى كۆرۈمسىز، تەلەتى سۆرۈن شەيخ سۇلتان ئابدۇكەرىمخاندىن، بىر تەرەپتىن چايجۇشتىن بىر ھېجىر داغ سۇنى قويۇپ تۇرۇپ، — نەدىن كېلۇرسىز ۋە نەگە بارۇرسىز؟

— بىز شىكار ھەۋەسلىرى بىلەن شەھەردىن چىققانلارمىز، — دېدى جاۋابىدىن ئۆزىنىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتىنى ئاشكارىلىغۇسى كەلمىگەن سۇلتان ئابدۇكەرىمخان، — ئى ھۆرمەتلىك تەقسىر، ئۆزىڭىز كىم بولۇرسىز؟

— پېقىر مەن مۇشۇ مازارگاھتا ئىستىقامەت قىلىپ

تۇرغۇچىمەن، پېقىرنى شەيخ شاھىدىخان، دەپ ئاتىشىدۇ، — دېدى ھېلىقى شەيخ.

سۇلتان ئابدۇكەرىم خان بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى ئۆزى تۇتۇشقا پەرمان چۈشۈرگەن ئىسھاقىيە سۇلۇكىنىڭ پىرى خوجا مۇھەممەت ئىسھاق ۋەلىيۇللا ئىشانىنىڭ بىر چاپارمىنىنىڭمۇ ئىسمى خان شاھىدخان دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى ـ دە، دەرھال ھۇشيارلاندى:

— ھۆرمەتلىك تەقسىر، سىز خوجا ئىسھاقنىڭ مۇرىتى بولۇپ قالماڭ يەنە؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن.

«خوجا ئىسھاق» دېگەن نامنى ئاڭلاپ، ئالدىدا ئولتۇرغان بۇ ئادەمنىڭ ھۆكۈمەت خادىملىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان قىياس قىلىپ بولغان ھېلىقى شەيخ:

— يوغۇسۇ، ھۆرمەتلىك مېھمان، مەن قوراي بوي، شۇينا بەل، بىئىسكەت، جانسىز، جىسمانىي غۇرۇرسىز، بىقۇۋۋەت ۋە بوران كۆشەندىلىك ئاجىز بىر پېقىر ئادەممەن. قانداق قىلىپ پۈتكۈل قەشقەر خەلقىنى ئۆزىگە بەيئەت قىلدۇرغان بىر تۇغقان ئاكىسى مۇھەممەتئىمىن ئىشانكالاندەك ھەزرەتلەرنى يوقلۇق ماكانىغا ئۇزاتقان ئىسيانچىغا مۇرىت بولاي؟!

شەيخنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، كۆڭلى تىنىغان سۇلتان ئابدۇكەرىمخان ئۇنىڭدىن يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ گەپ سوراۋېرىشنى خالىمىدى. بىراق، ئۇ نەقشىبەندىيە مەزھىپىدىكى ئىشقىيە سۇلۇكىدىكىلەر بىلەن ئىسھاقىيە سۇلۇكىدىكىلەرنىڭ مۇشۇ ئون ـ يىگىرمە يىلدىن بېرى سۇلۇك تەپرىقاتچىلىقىنى كەڭ تۈردە ئەۋج ئالدۇرۇپ، مۇلكىي قەشقەرىيە دەھرىي سەلتەنەتنىڭ ئۇستىدە تۇرىدىغان ئەۋھامچى خوجىلار سەلتەنەتىنى قۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى ئويلاپ خورسىنىپ بېشىنى چايقاپ قويدى.

— ئى ھۆرمەتلىك مېھمان، بېشىڭىزغا نېمە دەرد ـ ئەلەم كەلدى؟ نېمىشقا بۇنداق رەنجۇرىيازەتلەر چېكىۋاتىسىز؟ — دەپ

سورىدى شەيخ خۇپسەنلىك قىلىپ تۇرۇپ، — سىز ئادەتتىكى بىر پۇقرا بولۇپ تۇرۇقلۇق، سەلتەنەتكە تالىق بۇ ئىشلار بىلەن كارىڭىز نىمە؟ بىلەمسىز سۇلۇك ماجىرالىرىغا بەسىي تاقابىل تۇرۇپ بولماس!

— بىراق، ئى ھۆرمەتلىك تەقسىر، شۇنى ئۇنتۇپ قالماڭكى، — دېدى سۇلتان ئابدۇكەرىم خان قىرى شەيخنىڭ بۇ سۆزىدىن غەلىتىلىك ھېس قىلىپ، — مەرھۇم سۇلتان سەئىدخاننىڭ بېشىغا چىققان ئەمىر ئەلى تاغايى ئاشۇ مەخدۇم ئەزەمگە قول بەرگەنىدى؛ سۇلتان ئابدۇرەشىخاننى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن مىر ئەنۋار سوپى بىلەن موللا مەھمۇت سوپىمۇ خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشاننىڭ خاس سوپىلىرى ئىدى. خوجا مۇھەممەت ئىشاننى ھەلقۇم تىغ قىلىپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ھاياتلىق شېمىنى ئۆچۈرگەنمۇ دەل سەئىدىيە سەلتەنىتى تەرىپىدىن تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان ئىسيانچى سۇلۇك پىرى خوجا ئىسھاق ئىدى!

— ئى ھۆرمەتلىك مېھمان، سىز ئىسھاق خوجامغا نېمانداق ئۆچتۇرسىز؟ — دەپ سورىدى ھېلىقى شەيخ سۇلتان ئابدۇكەرىم خاندىن گەپ ئالماق بولۇپ، — يا ئۆزىڭىز ئىشقىيە سۇلۇكىدە بەندىچىلىك قىلۇرسىزمۇ؟

— ئى ھۆرمەتلىك شەيخ، ئۆزۈم گەرچە ئىشقىيە تەرىقىتىدە بەندىچلىك قىلمىسامۇ ئەمما تەرىقەت نىزاپەتچىلىكىنىڭ زىيىنىنى يەتكۈچە تارتقانمەن، — دېدى سۇلتان ئابدۇكەرىم خان كۆپ ئۆيلىنىپ تۇرمايلا، — بۇ ئازغۇنلار سەئىدىيە ھۆددۇتلۇقىدا سۇلۇك تەپرىقاتچىلىقى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ، ئۇيغۇر خەلقىنى نادانلىق ئوچاقلىرىدا كۆيدۈرۈپ، خارلىق زىندانىدا جاھالەت زۇلۇمى بىلەن ئازابلىماقتا. ئالايلۇق، ئىسھاقىيچىلار ئۆزلىرىگە مۇرىت بولغۇچى ساددا، تۈز كۆڭۈل ئۇيغۇر خەلقىنى ئۆزلىرىنىڭ ئازغۇن تەلىماتلىرى بىلەن نادانلىققا باشلاپ،

جىسمىدىن روھىغىچە بولغان بارلىق ۋەجۇ – تەئەللۇقاتى بىلەن ئۆزلىرىگە بىقىندۇرۇۋېلىشماقتا. ئۇلار ژىدلاپ[1]، يۇرۇپ، ئالىدىغانلىكى نەرسە بولسا، ھەر خىل چارە – ئۇسۇللارنى قوللىنىپ يۇلۇپ ئالماقتا... ئەلھال، سەھرالىقلاردىن تارتىپ ئوردا مەھكىمىلىرىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ كۆپىنچىسى دېگۇدەك ئىپسھاقىيە تەرىقىتىگە مۇرىت بولۇپ كىتىشتى! ئۇلار تاپقان، تۇگكەنلىرىنى بۇ ئالدامچى جەللىگۇر ئىسھاقىيچى سوپى – ئىشانلارغا دۇئا قىلدۇرۇۋۇپ، ئۇلاردىن دۇئا ئېلىپ، ئۆزلىرى بولسا مازار، خانىقا، گۇلەخ، ھەمەدان، غەمخانىلەردە دۇئا تىلاۋەت، خەتمە – ئىستىقپار، يىغا – زار بىلەن ئاخىرەت غېمىدىلا خارۇزار، ۋەيرانە – ھەيرانلىقنى مەزمۇن قىلغان تەركىدۇنيا بولۇشۇپ كۇن كەچۇرمەكتە...[2] بىزنىڭ مەدرىسە، خانىقالىرىمىزدا ئەلمىساقتىن بىرى ئىمام ئەزەم سۇننىتىدىكى مەكتەپلەر جارى ئىدى. ئوغول يەتتە، قىز بەش يېشىدىلا بۇ مەكتەپلەرگە جىنى خۇدانىڭ، تىنى تۇپراقنىڭ، ئۇستىخىنى ئىگىسىنىڭ دەپ ئوقۇشقا تۇتۇپ بېرىلەتتى. بۇ ئىشتا ھېچكىشىنىڭ ھېچ كىشى بىلەن، پۇقرانىڭ ھۆكۇمەت بىلەن، ھۆكۇمەتنىڭ پۇقرا بىلەن ھېچ دەخىلچىلىكى يوق ئىدى... ئوقۇ – ئوقۇتۇش خۇدا ئۇچۇن بولۇر ئىدى. ئاتا – ئانىلارنىڭ ئۇمىد – ئارزۇسى ھەم مۇددەرىسلەرنىڭ خاھىشى بويىچە، تالىپلار بۇ مەدرىسلەردىن ئاخىر ئىمامى ئەزەم يولى بىلەن بولغان كەسپى تىجارەتنىڭ، ھۇنەر – سەنئەتنىڭ، ئادىمگەرچىلىك – جاھانسازلىقنىڭ ۋە خۇدايى بەندىچىلىكنىڭ ھەممە رىسالە، ھالال يوللىرىنى بىلىپ چىقۇر ئىدى...

ۋەھالەنكى، ئەزەلدىن ۋاقىپ بولۇپ كەلگەن بۇ ئەنئەنە خوجا

---

① زەرەپشان ئۇيغۇرلىرىنىڭ يەرلىك شىۋىسى. مەنىسى: «تىمىسقىلاپ، ئىزدەپ...» دېگەنلىك بولىدۇ.

② «يەكەن تارىخى»، قوليازما.

مۇھەممەتئىمىن ئىشان بىلەن خوجا مۇھەممەت ئىسھاق ۋەلى زامانىغا كەلگەندە زوۋرۇرى ئىشقىيە ۋە زوۋرۇرى ئىسھاقىيە قائىدىسى بولۇپ ئۆزگەرتىلدى. قىزبالىلار ئۆيلەردە پاك بوۋىلەردىن ئوقۇپ – ساۋاق ئېلىپ، ھەر قانداق جىنسىي نامەھرەمگە كۆرۈنمەي، بولغۇسى روزىگارنىڭ يېرىم خۇدالىقىغا تەن بېرىپ، پىرسىز يۈرمەي، كارامەتلىك بوۋىلەردىن بولۇپ چىقىدىغان بولدى... ئوغۇللار ئەمدى ئىمام ئەزەم يولىنى ئەمەس، بەلكى مەخدۇم ئەزەم يولىنى تۇتىدىغان، بۇ يولدىن ئايرىلغانلارنىڭ ھەر قانداقى ئىماندىن ئايرىلغانلار، دەپ قارىلىدىغان بولدى...①

«‹ئادەمنى سىنىماقچى بولساڭ، ئالدىدا ماختا!›» دېگەن گەپ بار، — دەپ ئويلىدى شەيخ ئۆز ئىچىدە؟ — ئالدىمدىكى بۇ كىشى سەئىدىيە سەلتەنەتىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بىرى بولمىسۇن يەنە؟ كىم بىلىدۇ، ئۇ تېخى سۇلتان ئابدۇكەرىم خان مۇغۇلمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا ...» شەيخ سۇلتان ئابدۇكەرىم خانغا تىكىلىپ قارىدى ۋە:

— يامانلاردىن بىرىنى يوقاتسىڭىز، ئۇنىڭدىنمۇ يامانراقلىرى كېلىدۇ. دەھرىي ھاكىمىيەت بىلەن سۇلۇكىي تەرىقەت بىللە تۇرغان جايدا خىيانەت، ئالدامچىلىق، ئادالەتسىزلىك بولماي مۇمكىن ئەمەس، بىلەمسىز؟ ئى ھۆرمەتلىك مېھمان، شۇنىڭ ئۈچۈن پىقىر مۇنداق نىزالاردىن چاق تويۇپ، ئۇل پىنھان ماكانىنى ئۆزۈمگە قۇتبى ھەرەم قىلىپ تۇرغانمەن! — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ھۆرمەتلىك تەقسىر، — دېدى شەيخنىڭ سۆزىنى لازىم تاپقان سۇلتان ئابدۇكەرىم خان، — بۇ سۆزىڭىزغۇ خاتا ئەمەس. ئەسلىدە پادىشاھلىق دەرىجىسى پەيغەمبەرلىك دەرىجىسىگە

① «تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت»، قوليازما.

ىنداشتۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر شەرىئەتنى بەرپا قىلغۇچى، پادىشاھ ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىپ رۋاجلاندۇرغۇچىدۇر. بۇ ھەقتە ھەدىس شىرىفتە شۇنداق ئېيتىلغانكى: «دىن بىلەن پادىشاھلىق ئىككىزەكتۇر. يەنى قەيەردە دىن مەۋجۇت بولسا، پادىشاھلىق ھەم شۇ يەردە مەۋجۇدتۇر. دىن شەرىئەتكە، پادىشاھلىق بولسا دەھرىي ھاكىمىيەتكە ئىشارەتتۇر.» بىراق، يامانلىقنى كۆپ قىلغانلىقى ئۈچۈن زەھھاكنىڭ[1] ئىككى مۈرىسىدىن ئىككى يىلان ئۆسۈپ چىققانىكەن. ئەنە شۇنداق يىلانلار ھەر قانداق پادىشاھنىڭ يەلكىسىدىن ئۆسۈپ چىقىشقا ئىنتىزاردۇر. بۇ يىلانلارنىڭ بىرى نادانلىق؛ يەنە بىرى جاھالەتلىك! بىرى زۇلۇمنى ئۆزىگە راۋا كۆرگەن دەھرىي ھاكىمىيەت؛ يەنە بىرى نادانلىقنى، جاھالەتنى ئەۋج ئالدۇرغان سۇلۇكى تەرىقەت! ئەلھال، بىز ئۆز يەلكىمىزدىن ئۆسۈپ چىقماقچى بولغان بۇ يىلانلارنى يوق قىلماقچىمىز!

شەيخ ئۆزى بىلەن سۆزلىشىۋاتقان بۇ كىشىنىڭ ھەقىقەتەن سۇلتان ئابدۇكەرىم خان ئىكەنلىكىگە جەزىم قىلدى. ئۆتكەن جۈمە كۈنى مۇخلىسلىرى ئۇنىڭغا سەئىدىيە سەلتەنەتىنىڭ تەخت ساھىبى سۇلتان ئابدۇكەرىم خاننىڭ شىكار ھەۋەسلىرى بىلەن بارچۇق مەۋزەئىسىگە ئۆتكەنلىكىنى خەۋەر قىلغانىدى. بۇ سۇئىقەستچىلەر پىلان بويىچە، سۇلتان ئابدۇكەرىم خان ئوقۇرمازار تېغى تەرەپكە ئۆتكەنىدە، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭغا قول سالماقچى ئىدى. شەيخ شاھىدخان بۇ پۇرسەتنىڭ ئاخىر يېتىپ كەلگەنلىكىنى سەزدى! . . .

شۇنداق، ئۆزاقتىن بېرى يولى توسۇلۇپ تاشالماي ياتقان ئېقىننىڭ يولى ئازراقلا ئېچىلسا، بىراقلا دەۋرەپ چىقىپ، قىنىغا سىغماي لاي سۆرەپ تېشىپ ئاققاندەك، شەيخنىڭ قەلبىدە

---

[1] زەھھاك — «شاھنامە» دىكى سەلبىي شەخس.

ئۇزاقتىن بىرى قىسىلىپ يىلاندەك تولغىنىپ ياتقان ئىنتىقام ئىلىنىش تۇيغۇسىمۇ ئەمدى چىقىپ قىنىغا پاتماي سىرتىغا تېپىشكە باشلىدى.

توساتتىن، ئالادىن گۇرسىلدىگەن ئاياغ تىۋىشلىرى ئاڭلىنىپ، كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشقان ئاۋازى كەلدى. ئىشىك ئېچىلىپ، ئالدىدا مىرزا ساتقىن ئىشىكئاغا، ئۇنىڭ كەينىدىن سۇلتان ئۇۋغا چىققاندا كاۋاپچىلىق قىلىدىغان ئوردا ئاشپىزى سىمىز باكاۋۇل كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن سۇلتاننىڭ مەھرەملىرى كىرىپ، ئىشىكنىڭ يېنىدا قاتار ئۆرە تۇرۇشتى.

سۇلتان ئابدۇكەرىم خان ئۇلارنى كۆرۈپ، كۈلۈپ قويدى - دە، ئاندىن مىرزا ساتقىن ئىشىكئاغىدىن:

— ھۆرمەتلىك ۋەزىر ئەزەم، مۇھەممەت خانغا ئەۋەتىلگەن چاپارمەن قايتىپ كەلدىمۇ؟ ئۇنىڭ ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولۇۋېتىپتۇمۇ؟

— چاپارمەنلەر قايتىپ كېلىشتى. ھەزرىتى شاھى ئادىل! مۇھەممەت خاننىڭ ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولۇۋېتىپتۇ. خۇدا خالىسا يېقىندا چۇ، تالاس مەۋزەئىدىن قايتىمەن، دەپتۇدەك، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

— خوش، يەنە نېمە گەپلەر بار؟

— بىز قۇللىرى جانابىي ئالىيلىرىنىڭ پەرمانى بويىچە ئىسيانچى خان شاھىدخان دېگەن قاتىلنىڭ قاغىلىق تەۋەسىدىن مەكىت - دولان تەۋەسىگە قېچىپ كېلىپ يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتۇق. شۇڭا، جانابىي ئالىيلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆزلىرىنىڭ تېزدىن دارۇلسەلتەنەت يەكەنگە قايتىشلىرىنى سورايمىز!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ شەيخنىڭ يۈرىكى قارت، قىلىپ قالدى - دە، تامدەك تاتىرىپ كەتتى. بىراق، ئۇ تېز ئۆزىنى

تۇتۇۋالدى ۋە ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەندەك قىلىپ گۆشنىلىپ قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ چىرايىدا يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشلەرنى ھېچكىم سەزمىدى.

سۇلتان ئابدۇكەرىم خان شەيخ بىلەن خوشلىشىپ تالاغا ماڭدى. شەيخمۇ ئۇنى ئۇزاتقان بولۇپ سوگدىشىپ تالاغا قاراپ ماڭدى.

* * *

ھۆرمەتلىك كىتابخان، ئۆزىنى شەيخ شاھىدخان دەپ ئاتىۋالغان بۇ شەيخنىڭ دەل سۇلتان ئابدۇكەرىم خان بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇن تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان خان شاھىدخان دېگەن سوپى ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقمىغان بولغىيتتىڭىز. شۇنداق، بۇ شاھىدخان بىر ۋاقىتلاردا ئىسھاق خوجىنىڭ چاپارمەن خاس مۇرىتلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ ئۇشتۇر خەلپە بىلەن بىللە ئىسھاقىيە سۇلۇكى ئىچىدە «خاسۇل ـ خاس، مۇئتەقدۇل ـ ئىخلاس» مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن مەشھۇر سوپىلارنىڭ بىرى ئىدى. بۇ سۇلۇك پىرىنىڭ «ئەڭ يېقىن، ئەڭ ئىشەنچىلىك مۇخلىسى» دېگەنلىك بولاتتى. بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى، ئىسھاق خوجا ئوغۇشتىرلىقتا ئۇچراپ، مۇلكىي قەشقەرىيىدىن كېتىشكە مەجبۇر بولغاندا، ئۇ سەئىدىيە سەلتەنەتىدىكى سۇلتان ئابدۇكەرىم خانغا ئوخشاش ئىسھاقىيە تەرىقىتىگە بويسۇنمايدىغان دەھرىي سۇلتانلارنى جىسمانىي جەھەتتە بىر ـ بىرلەپ يوق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆزىنىڭ ئاشۇ «خاسۇل ـ خاس، مۇئتەقدۇل ـ ئىخلاس» مۇرىتلىرى ئۇشتۇر خەلپە بىلەن خان شاھىدخان دېگەن سوپىسىغا تاپشۇرغانىدى ۋە بۇ ۋەزىپىنى تىرىشىپ ئورۇنلىسا، ئۇنىڭغا ئىسھاقىيە سۇلۇكىنىڭ خەلپەتۇل ئىشانلىق مەرتىۋىسىنى بېرىشنى ۋە مال ـ مۈلۈك ئىنئام

قىلىشنى ۋەدە قىلغانىدى.

ئىسھاق خوجا مۇلكىي قەشقەرىيىدە «زۆرزۆرى ئىسھاقىيە» ئەقىداتلىرى بويىچە ئەھلى سوپىلىق ھەرىكىتىنى كەڭ قانات يايدۇرغاندا، مەزكۇر خان شاھىدخان سوپى ئىلىم ـ مەرىپەتكە قارشى بەزى ھالاكەتلىك ئاممىۋى ھەرىكەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا باشچىلىق قىلىپ، خوجىسى ئىسھاق خوجىنىڭ سەئىدىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە تەلتۆكۈس ئاممىۋى نادانلىق ۋە مەنىۋى مەغلۇبىيەتچىلىك ئۇلىنى ھازىرلىشىغا ھەسسە قوشقانىدى. ئۇ: «قەلەم تۇتۇش نۇسىبىتى — خاس ئۇلۇغلىرىمىزغىلا مەنسۇپتۇر!» دەپ جار سېلىپ، خەلق ئارىسىدىكى مۇتەۋۋەر نوسەندە ـ قەلەمكەشلەرگە دەھشەتلىك زىيانكەشلىك قىلغانىدى. ئەينى زاماندىكى ئادەم قېلىپىدىن چىققان بۇ ۋەھشىيلىكلەرنىڭ ئەينەن شاھىد ـ خاتىرىسى بولغان «بۇرقۇم ئەۋلىيا» دېگەن بىر رىسالىنىڭ «قولسىز نوسەندە» دېگەن قىسمىدا بۇ توغرۇلۇق مۇنداق بىر ۋەقە خاتىرىلەنگەن: «سابىر ئىسپىھان[1] ئاتلىق بىر مۆمىن كىشى بار ئەردى. ئۇ ئىسھاقىيىنى پىر تۇتقانىدى. ئالتە يىل مازار كېزىپ، مۇرتىلىقتا ئىبادەت قىلىپ، ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى قەغەزگە بېيىت قىلىپ پۈتۈپ چىققانىدىلەر. بۇ قىلىق پىرزادىلەرنىڭ كارامەتلىرىدىن خالىي قالالمىدى. زۆرزۆرى ئىسھاقىيە ھۆكۈمدارلىرى بۇنى نۇسەندىلىك دېدىلەر. خان شاھىدخان بۇ نۇسەندىنىڭ ئوڭ قولىنى كېسىپ، ئەھلى ئىسلامغا ئىبرەت قىلدىلەر... ئۇ زات: ‹قەلەم تۇتۇش نۇسىبىتى (قەلەم تۇتۇش ئامىتى) خاس ئۇلۇغلىرىمىزغىلا مەنسۇپتۇر. بۇ ئالەمنىڭ ئىشلىرىغا قەلەم تەۋرەتكەن ھەر قانداق ئەھلى مۇسۇلمانىنىڭ ئۆزى كاپىر، خوتۇنى تالاق، يېگىنى زوقۇم، كىيگىنى كېپەن بولغايلەر!...› دەپ، سابىرنى دۇئايى بەند

① ئىسپىھان — گۇمان ناھىيىسىدىكى بىر جاينىڭ ئىسمى.

قىلىپ قارىغاپ، قولسىز نوسەندە قىلىۋەتتىلەر!... »

«كۆزلىرىدىن نۇر ياغدۇرۇپ، ئاغزىدىن ئوت ـ ئاتەش چېچىپ، تىللىرىدىن دۇئا ـ دۇرۇت، قوللىرىدىن تەسۋى چۇشۇرمەي، دۇنيانىڭ ھەممە مەئىشەت ۋە ئىشلىرىدىن پۈتۈنلەي خالىي تۇرۇپ، پەقەت مۆمىن بەندىلەرنىڭ ئىككى ئالەملىك غېمىنى يەپ» يۈرگەن بۇ ئىسھاق خوجا ئۆزىنىڭ مۈلكىي قەشقەرىيىدىكى شەك ـ شۈبھىسىز ۋە ھەمشىرىكسىز بىرلا «ۋەلىي» لىك ئورنىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ھەممىدىن ئاۋۋال ئۆشتۈر خەلىپىنىڭ قولى بىلەن ئۆز ئاكىسى، ئىشقىيە تەرىقىتىنىڭ ئىشانكالانى مۇھەممەتئىمىن خوجىنى ھەلقۇم تىغ قىلىپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئىسھاقىيە تەرىقىتىنى ئىشانىيە تەرىقىتىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، پۈتۈن مۈلكىي قەشقەرىيە مىقياسىدا بارا ـ بارا «ھەر قانداق ئىنساندىن چوڭ، خۇدادىن كىچىك» بولغان مەشھۇر دىنىي زومىگەرگە ئايلاندى.

ئىسھاقىيە تەرىقىتىنىڭ غەۋس ـ ئارىف قاتىلىمىدىكى سوپى ـ ئىشانلار ئىسھاق خوجىنىڭ ئورنىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئەڭ ئاخىردا سەئىدىيە دەھرىي شەلتەنەتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، «دارۇلسەلتەنەت يەكەننى مەركەز قىلغان «ئىسھاقىيە خانلىقى» نى تىكلەش ئۈچۈن مۈلكىي قەشقەرىيە ھۇدۇتلىقىدا مۇرىت توپلاشنى تېزلەتتى ۋە ئىسھاقىيە سۇلۇكىنى ئەبەدىي، ئاخىرقى ۋە مۇتلەق ئۆزگەرمەيدىغان چەكسىز ئۇلۇغ دىنىي ئەقىدات سۈپىتىدە تەرغىپ قىلىشقا باشلىدى. ھالبۇكى، «زۆرۈرى ئىسھاقىيە» ئۇلار تەرىپىدىن دەل مۇشۇنداق ئېھتىياج سەۋەبىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن يېڭى بىر دىنىي ئەقىدات ھېسابلىناتتى. «زۆرۈرى ئىسھاقىيە» ئەقىداتى بويىچە، ئۇلار ئۆز مۇرىتلىرى سەئىدىيە مەملىكىتىدە سەئىدىيە سەلتەنىتىنىڭ قانۇن ـ ياساقلىرىغا ئەمەل قىلماي، جىنايەت ئۆتكۈزۈپ، گۇناھ سادىر قىلغان بولسا، ئۇلارنى دادخاھ ئالدىدا قوغداپ، جازادىن

قوتۇلدۇرۇپ قالالايدىغان ھەم ئۇلارنى خالىغان چاغدا خالىغان مەقسەت بىلەن خالىغان ئىشقا سالالايدىغان ۋە تەرىقەت بويىچە باشقۇرالايدىغان مەھەللىنىڭ مۇتلەق ھۆكۈمرانلاردىن بولۇۋېلىشتى. ئۇلار «زورۇرى ئىسھاقىيە» ئەقىداتلىرىنى سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ ئەنئەنىۋى، ئىجتىمائىي، سىياسىي، دىنىي، قانۇن - مەمۇرىي ۋە ھەربىي تۈزۈم - قائىدىلىرى ئورنىغا دەسسىتىپ، سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ جەمئىيەت تەرتىپىنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىشقا باشلىدى.

سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي مائارىپ تۈزۈلمىسى ئىسلامىيەت ئىلىملىرىنى ئۆگىتىپ، سەئىدىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتەك ئەنئەنىۋى مائارىپ تۈزۈلمىسى ئىدى. بىراق، ئىسھاقىيچىلەر «زۆرۈرى ئىسھاقىيە ئەقىداتى» بويىچە، ئەنئەنىۋى سەئىدىيە ئۇيغۇر مائارىپىنى شەكلى تەرىقەت، مەزمۇنى تەرىقەت، ئوقۇيدىغىنى تەرىقەت، شۇغۇللىنىدىغىنىمۇ تەرىقەتتىن ئىبارەت بولغان پۈتۈنلەي تەرىقەت جاھالەتچىلىك مائارىپىغا ئۆزگەرتىۋېتىشكە ئۇرۇندى.

مۇلكىي قەشقەرىيىدە بارلىققا كەلگەن ئىشانىيە تەرىقىتى بىلەن ئىسھاقىيە تەرىقىتىدىن ئىبارەت بۇنداق مەھەللىۋى سۇلۇك تەرىقەتچىلىكى كېيىنكى چاغلاردىكى قەشقەر خوجىلىرىنىڭ سۇلۇك جاھالەتچىلىكىنىڭ باشلانچىسى سۈپىتىدە سەئىدىيە ئۇيغۇرلىرىنىڭ مىللىي ئېڭىغا مەجبۇرەن تېڭىلغاندىن بۇيان، داۋاملىق تۈردە جاھالەتنى قورال، نادانلىقنى قورغان قىلىپ، ئىلگىرى جاھالەتلىك ئوتتۇرا ئەسىردە مەرىپەت چىرىغىنى ياندۇرۇپ دۇنيا جاھالەتچىلىكىنى ھەيران قالدۇرغان، ئەمدىلىكتە بولسا خوجىلار جاھالەتچىلىكىنىڭ قارا تۇتەكلىرى ئاستىدا ئىڭراپ يېتىشقان ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەنىۋىيەت تۇرمۇشى بىلەن ماددىي تۇرمۇشىغا پەيدىنپەي سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى. گەرچە، بۇنداق خوجىلار جاھالەتچىلىكى ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر

دەھرىي ھاكىمىيىتى بولغان سەئىدىيە سەلتەنىتىنىڭ قايتا بەرگەن زەربىسىدە ۋاقىتلىق چېكىنگەن بولسىمۇ، ئەمما جاھالەت كۈچلىرى بولغان بۇ قەشقەر خوجىلىرى ئەزەلدىن ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرگەن ئەمەس! ياكى ئۆزلىرىنىڭ سۈلۈك تەرىقىتىنىڭ زاۋاللىق - جاھالەت يولى ئىكەنلىكىنى ئەزەلدىن ئېتىراپ قىلغان ئەمەس. ئۇلار دۇنياۋى مەنپەئەت، دەپى - دۇنيا، ئابرۇي - ئىمتىياز ۋە سۆلەت - ئىناۋەت ئۈچۈن ھەر قانداق ئېپلاسلىقلارنى قىلىشتىن يانماي، ئاخىر ئۇيغۇر خەلقىنى يات مىللەتلەرنىڭ ئاياغ - ئاستى قىلىپ خورلىشىغا، زۇلۇمىغا گىرىپتار قىلدى. «ئۇلار خەلقنى ئالداش ئۈچۈن كۈندۈزلىرى جاھالەتنى تەرغىب قىلىپ كىرىمىگەن ئۆي، چىقمىغان دۆڭ قالمايتتى. كېچىلىرى قاراقچىلىق قىلىپ يول توسار ئىدى. ئۇلار كىشىلەردىن ياخشىلىق، خۇۋلۇق كۆرسە ھەرگىز شۈكۈر - قانائەت قىلماس ئىدى. كۆڭۈللىرىنى رىياكار سوپىلارنىڭ كۆڭلىدەك ناخۇشلۇق قاپلىغان بولۇپ، ۋەج تاپسا، تۈگۈنچەككە تۈگۈشەتتى. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ تۈگۈنچەكلىرىنى ئۆلۈكنى يۇيغان كىشىلەردىن باشقا كىشىلەر ئاچالماس، يېشەلمەس ئىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە ئۆزلىرىنى ‹قەلەندەر› دەپ ئاتايدىغانلىرى بار ئىدى. ئۇلار ئادەمىيلىكتىن يىراق، مۇسۇلمانچىلىقتىن خالىي بولۇپ، نىجاسەت پۇرايدىغان ئىت - توڭگۇزلار ۋە تاپ يەيدىغان قاغا - قوزغۇنلارمۇ ئۇلاردىن ياخشىراق ئىدى. . .»①

ئەمدى، باشتىكى سۆزىمىزگە كېلەيلۇق.

سۇلتان ئابدۇكېرىم خان قۇتبىخانىدىن چىققاندىن كېيىن چىلان توروق ئارغىماقنى تۇتۇپ تۇرغان مۇلازىمىنىڭ قولىدىن

① بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن «مەھبۇبۇل قۇلۇب»قا (قوليازما) قاراڭ.

ئاتنىڭ تىزگىنىنى ئالدى ۋە ئاتقا مىنمەكچى بولۇپ بىر قولى بىلەن ئېگەرنىڭ قوشى بېشىنى تۇتۇپ، سول پۇتىنى ئۈزەڭگىگە قويدى. بۇ چاغدا، ھېلىقى شەيخ ئۇنى ئاتقا يۆلەپ چىقارماقچى بولۇپ كەينىدىن ئىتتىك كېلىپ، يەرگە ئېڭىشتى. يۇ، ئەمما دەرھال رۇسلىنىپ ئۇڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈردى.

سۇلتان ئابدۇكەرىم خان ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپلا ئۇنىڭ قولىدىكى «جەمۇدخەر» دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى بىسلىق، ئىككى ئۇچلۇق سوغۇق يالتىراۋاتقان قايچا خەنجەرنى كۆردى؛ قايچىنىڭكىدەك سېپى بار، ئىككى ئۇچى بەدەنگە زەرب بىلەن سانجىلىپ، ئىككى سېپى خۇددى قايچىنىڭ سېپىدەك يارماق بىلەن قىسىلىدىغانلىقى ئۇچۇن «جەمۇدخەر» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ دەھشەتلىك خەنجەر ئادەمنىڭ ئىچكى ئەزاسىنى خۇددى كېيىم تىككۈچىنىڭ قايچىسىدەك كېسىپ، قىيمىلاپ، ئادەمنى تىنىن تارتقۇزماي ئۆلتۈرەتتى. ئادەتتە پۇلغا ياللانغان قاتىللارلا باشقىلارنىڭ رەقىبلىرىنى مۇشۇنداق جەمۇدخەر خەنجىرى بىلەن جەھەننەمگە ئۇزىتىشاتتى. ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ بىقىنىغا مۇشۇنداق جەمۇدخەر دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى تىغلىق قايچا خەنجەر سانجىلغاندا، بىچارىنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىقۇدەك بولۇپ، قاتتىق قىينىلىپ ئىڭراپ جان بېرەتتى.

ھازىر باياتىن ئۆزىنى قىزغىن كۈتۈۋالغان ئاشۇ قوراي بوي، شوينا بەل، بوران كۈشەندىلىك ۋىجىك شەيخمۇ دەل جەمۇدخەر دەپ ئاتىلىدىغان ئاشۇنداق ئىككى بىسلىق، ئىككى ئۇچلۇق قايچا خەنجەرنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. مۇشۇ تاپتا شەيخنىڭ يۈرىكى قىساس ئوتىدا ئۆرتەنمەكتە ئىدى. كۆزىدىن شەپقەتسىزلىكنىڭ سوغۇق شولىسى چېچىلماقتا ئىدى. ئۇ:

— ئەي بىزنىڭ سۇلۇكىمىزنى تىرىپىرەن قىلغان دەھرىي موغۇل، مەن بۈگۈن جان قوشۇقىنى كۆكرەك قەپىسىدىن چىقىرىپ، ھاۋاغا ئۇچۇرماي قويمايمەن. ئىسھاق ۋەلىيۇللا پىرىم

ئۇچۇن سەندىن ئىنتىقام ئالىمەن. سېنى ئۆلتۈرۈپ، جىگەر قانلىرىڭ بىلەن بۇ زېمىننى مارجاندەك قىزارتقايمەن! — دېگىنىچە سۇلتان ئابدۇكەرىم خاننىڭ كۆكرىكىنى چەنلەپ خەنجەر ئۇردى. سۇلتان ئۇنىڭ ئىككى بىسلىق، ئىككى ئۇچلۇق قايچا خەنجىرىنى توسماقچى بولۇپ، قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈشىگە، قولى تىزگىن بىلەن چىرمىشىپ قېلىپ، ئۇنى ئارقىسىغا ئۆرۈلگىلى قويمىدى. شەيخ قولىدىكى قايچا خەنجىرىنى سۇلتاننىڭ كۆكسىگە زەرب بىلەن ئۇرغاندىن كېيىن بارماقلىرى بىلەن خەنجەرنىڭ ئىككى سېپىنى چىڭ قىسىۋېتتى.

قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا يۈز بەرگەن بۇ تۇيۇقسىز ۋەقەنى كۆرۈپ قېتىپ قېلىشقان مۇلازىملار ئارىسىدا سۇلتان ئابدۇكەرىم خاننىڭ كۆكسىدىن، ئېغىز ـ بۇرۇنلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان قىزىل قاننى كۆرگەندىن كېيىن قىقاس ـ چۇقان چىقىپ كەتتى. ھەممەيلەن يىغلىشىپ سۇلتاننى يەردە ياتقۇزۇشتى. ئۇلار ياقىلىرىنى چاك ئېتىشىپ، يۈزلىرىنى تاتىلىشىپ، چاچلىرىنى يۇلۇشۇپ، ناله ـ زار قىلىشتى. سۇلتان ئابدۇكەرىم خان يەردە ھەدەپ جان تالىشىۋاتاتتى.

يۈرىكىگە زەھەرلىك جەمەدخەر ئۇرۇلغان بەختسىز سۇلتان بىر ھازادىن كېيىن كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىنىڭ ۋەزىرى ئەزەم مىرزا ساتقىن ئىشكئاغىنىڭ قۇچىقىدا ياتقانلىقىنى كۆردى.

— ئى مېھرىبان ئەئيانىم، سىلەرنىڭ چاچلىرىڭلارنى يۇلۇپ، ياقاڭلارنى چاك ئېتىشىڭلار بىھۇدىدۇر! — دېدى ئۇ ئىنتايىن زەئىپ ئاۋازدا، ئۇنىڭ ھالى بارغانسېرى پەسلەپ كېتىۋاتقانىدى، — بىز ئەھلى تەرىقەتچىلەرنىڭ بەدخۇيلۇقى تۈپەيلىدىن مۇشۇنداق پەرىشان ۋە زەخمەتلىك بولدۇق. ئېسىت، بىز تولىمۇ نادان ئىكەنمىز! مېنىڭ جېنىمغا ئاشۇ سۇلۇك نىزاپەتچىلىكى زامىن بولدى. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ناپاك نەسلىنى قىرىپ تاشلاپ، ئۇرۇغ ـ ئەۋلادىنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇۋەتكەن

بولساق ياخشى بولاتتىكەن. جەننەتپاناھ ئاتام رەشىدىل شاھى ئەزەم ھايات ۋاقتىدا: «ئوتنى ئۆچۈرۈپ، چوغنى قالدۇرۇپ قويۇش، يىلاننى ئۆلتۈرۈپ، تۇخۇمىنى ساقلاپ قىلىش ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەس!» دەپ كۆپ قېتىم ئېيتقانىدى. ھەر بىر كىشى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن چۈشكەندە دىنى ئىسلام بىلەن تۇغۇلسىمۇ ئەمما ئاتا - ئانىسى يا ئۇنى جوھۇت قىلىپ چىقىدۇ؛ يا ناسارا قىلىپ چىقىدۇ؛ يا مەجۇسىي قىلىپ چىقىدۇ! دۈشمەن ئۇرغان زەھەرلىك جەمۇدخەرنىڭ زەخمىسى يۈرەككە پاتتى، ئەمدى بولغۇلۇق بولدى. ئى ئەئىيانىم، قەدىردان ئىنىم مۇھەممەت خان مەندىن كېيىن سەلتەنەت ساھىبى بولۇپ، سەئىدىيە تەختىگە ئولتۇرغاي، تەرىقەتنى سەلتەنەتنىڭ بېشىغا چىقىرىپ قويغۇچىنىڭ ھال - كۈنى خۇددى ماڭا ئوخشاش بولۇر! ... مۇھەممەت خان... بۇ... بۇ... قانلىق ئىشتىن... ساۋاق ئال... ئالسۇن!...

سۇلتان ئابدۇكرىم خاننىڭ سۆزى تېخى تۈگىمەي تۇراتتى، ئۇنىڭ بېشى شىلىلىقىدە يانغا چۈشۈپ ساڭگىلاپ قالدى. كۆزلىرىدىكى ئوتلۇق شولا ئاستا - ئاستا ئۆچۈپ خىرەلىشىشكە باشلىدى.

ئىسىت! بۇ مەككار پەلەك خۇددى بىر رەڭۋاز ئويۇنچىغا ئوخشايدۇ. بىر پەستىلا يەتمىش ئىككى خىل ئويۇن كۆرسىتىدۇ. ئۇ بەزىدە شامال ئاشتىدا، بەزىدە تىغ - خەنجەر ئۈستىدە ۋە بەزىدە لەنەتگەردىلەرنىڭ قولىدا ئولتۇرىدۇ. ئۇ بەزىدە سۇلتان ئابدۇكەرىم خاندەك «شاھى ئادىل» دەپ ئاتالغان پازىل پادىشاھ - سۇلتانلارغا تەخت ۋە تاج بەرسە، بەزىدە يەنە ئۇنىڭدەك پازىل سۇلتان، ئادىل پادىشاھلارغىمۇ ئەجەل شارابىنى ئىچكۈزۈپ، قارا تۇپراقلار ئارا خارلىق زىندانىغا تاشلايدۇ.

سۇلتان ئابدۇكەرىم خان جان ئۈزگەندىن كېيىن سۇلتاننىڭ

خىزمەتچىلىرى دەرھال يۇيۇرلۇپ كېلىپ، ھېلىقى سىگال دىۋانە، سەبۇكسار شەيخ — خان شاھىد خانغا تاشلاندى ۋە ئۇنى ئۇرۇپ - چەيلەپ يەردە ياتقۇزۇۋەتتى. بۇ چاغدا، مىرزا ساتقىن ئىشكئاغا غەزەپلەنگەن مۇلازىملارنىڭ قاتىلنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارنى توستى.

— ئەي دوست - يارەنلەر، ئۇنى ئۇرماڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — بولمىسا ئۇ تاياقنىڭ زەربىسىدە ئۆلۈپ قالىدۇ. سەۋر قىلىڭلار، بۇ قارايۈز پەلەكنىڭ يوسۇنى مانا مۇشۇنداق. بىراق، پەلەك بۇ قانخور زالىمغىمۇ ھېچقاچان مېھرىبانلىق قىلمايدۇ! مۇبادا، مۇھەممەت خان چۇ، تالاس ۋادىسىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تەركە قىلسا، قاتىل بولمىسا، نېمە دەپ جاۋاب بېرىسىلەر؟ شۇڭا ئۇنى مۇھەممەت خاننىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا قويۇپ بېرەيلى. مۇبادا، مۇھەممەت خان ئاكىسىنىڭ قانداق ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلسە، ئۇ ھالدا بۇ قاتىل ئالچاقنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيدۇ! شۇڭا بۇ جاۋارىجنى مۇھەممەت خاننىڭ ئالدىغا تىرىك يېتى ئاپارغان ياخشى!

خىزمەتچىلەر مىرزا ساتقىن ئىشكئاغىنىڭ نەسىھىتىنى ئىشتىپ، قاتىلنى ئۇرۇشتىن توختاشتى. ئاندىن ئۇنىڭ پۇت - قوللىرىنى تۆمۈر كىشەن بىلەن بەنت قىلىپ، كۆشۈك هارۋىغا سېلىشتى - دە، قەشقەرگە ھايالسىز ئېلىپ مېڭىشتى...

مىرزا ساتقىن ئىشكئاغا سۇلتان ئابدۇكېرىم خاننىڭ جەسىتىنى يەردىن ئېلىپ، ئۇلۇغ ئېقىن سۈيىدە سۇغا ئېلىپ كېيەنلىگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئىپار - ئەنبەرلەرنى سېپىپ، ئۈستىگە شاھانە تاۋارلارنى ياپتى. ئاندىن شاھانە تەخت تەييارلاتقۇزۇپ، ئۈستىدە سۇلتاننى ياتقۇزدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شاھانە تاجنى ئېسىپ قويدى. يوپۇقلىرىنى سىرىق ۋە كۆك دىبالاردىن قىلدى. ھەممە سىپاھ - نۆكەرلەر سۇلتان

ئابدۇكەرىم خان ئۇچۇن ماتەم تۇتتى. پۈتۈن سەئىدىيە مەملىكىتى سۇلتان ئابدۇكەرىم خاننىڭ ئۆلۈمىگە ماتەم تۇتتى!

بۇ پاجىئە توغرىسىدىكى شۇ چاغلاردا يېزىلغان «مۇسىبەتنامە» دېگەن بىر رىسالىدە مۇنداق دەپ ئەينەن خاتىرە قالدۇرۇلغانىدى: «. . . تارىخىي ھىجرىيىنىڭ توققۇز يۈز توقسان توققۇزى، سەرەتان جامادىيەل ئاينىڭ باش يەكشەنبە كۈنى[①] ئىدى، چاھار باغ دىياردا شاھلارنىڭ شاھىنى، ئەزىزلەرنىڭ ئەزىزى، خەلقىئالەمنىڭ باشپاناھىنى، ۋەتەن تۇپرىقىنىڭ نۇر — زىيايى، جاھان ئىقلىملىرىنىڭ سەردارى . . . ھەزرىتى ئۇلۇغخان[②] تەقدىرى قەستى قازا بىلەن پانى ئالەمدىن باقىي ئالەمگە رىھلەت قىلدىلەر. جۈملەتۇل ئالەم، ئادىمزات، دىۋە — پەرىزات، مەۋجۇدىزات، بىر ياشاردىن يۈز ياشارغىچە، بۇ زاتى بەرىكاتىغا تەئزىيە ھازىلىرى بەجا كەلتۈردىلەر. بۇ مۇسىبەت ئالىمىدىن، ھازىلار زارىدىن قۇياش ئۆز ئەنۋارىنى يوشۇردىلەر. شاھىنە شەۋكەتلىك ئوردىسى قىرىق كۈنگىچە ماتەم دىيارى بولۇپ، دەريا — دەريا كۆز ياشلىرىنى ھەمرا ئەيلىدىلەر. . .»[③]

* * *

سۇلتان ئابدۇكەرىم خان بارچۇقتا سۈيىقەستكە ئۇچراپ، ۋاقىتسىز قازا قىلىپ، پانىي ئالەمدىن مەڭگۈلۈك سارايغا كۆچكەندە، قەشقەر نايىبى مۇھەممەت خان ئىبخى چۇ ۋە تالاستا ئىدى. ئۇ يەردىكى ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى ئاخىرلىشىپ ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن مۇلكىي قەشقەرىيىگە قايتتى.

---

① مىلادى 1591 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى.
② ھەزرىتى ئۇلۇغخان — سۇلتان ئابدۇكەرىم خاننىڭ ھۆرمەت ناملىرىدىن بىرى.
③ بۇ «مۇسىبەتنامە» مەكتىلىك ماتۇت ئىسلام جانابلىرىنىڭ قولىدا ساقلانغان.

ئۇ مېھرىبان ئاكىسى، سەئىدىيە سۇلتانىنى ئابدۇكەرىم خاننىڭ قازا قىلىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، كۆڭلى دەردلىنىپ بولۇپ، كۆزلىرىدىن سەل كەبىي ياشلار ئاقتى. رەھمەتلىكنىڭ قەبرىنى ئاستىنىڭ دەرد - پىراقىدا ئۇ خۇدايىتائالاغا مۇنداق نالە - زار قىلاتتى:

— خۇدايا، خۇداۋەندەكەرىم، ھەممە تاج-تەخت ۋە دانىشمەنلىكنى بەندەڭگە بەردىڭ. مەن مۇشۇ تاپتا سەندىن ئۆيالماقتىمەن. چۈنكى سەن بارلىق يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ ۋە بىلىپ تۇرغۇچىسەن. ئەگەر مەن سەندىن قورقمايدىغان بولسام ۋە ئۇيالمىغان بولسام، مۇلكىي قەشقەرنىيە ھودۇتلۇقى ئىچىدە مىڭ- مىڭ دارلارنى ياساتقان بولاتتىم. قېرىندىشىمنى ئۆلتۈرگەنلەرنى، جىمىكى تەپرىقاتچى سۇلۇك ئەھلىنىڭ ھەممىسىنى تۇتقۇزۇپ كېلىپ دارغا ئاستۇرغان بولاتتىم. نىزاپەتچى تەرىقەتچىلەرگە لەنەت، تۇمەنمىڭ لەنەت!

ئىسىت - ئىسىت! غەمگۇزار قېرىندىشىم سۇلتان ئابدۇكەرىم خان، ئۆمۈر سەرۋىڭ ئەجەب ۋاقىتسىز خازان بولدىغۇ؟ ئىسىت، سىنىڭدەك شۇقەدەر ئادىل ۋە ئاقكۆڭۈل تەخت ساھىبى بىگۇناھ ھالدا بىر سىگالى دەرۋىشنىڭ قولىدا ئۆلدىغۇ؟! سۇلۇككى تەرىقەتچىلەرگە لەنەت! سۇلۇك تەرىقەتچىلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆزۈمگە خۇددى لالما ئىتتەك كۆرۈندىغان بولدى!

مۇھەممەت خان ئەنە شۇنداق سۆزلىمەكتە، ئۇنىڭ يۈرەكلىرى دەرت - ئەلەم ئوتىدا پۇچۇلۇنۇپ كۆيمەكتە، كۆز ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلمەكتە ئىدى. ئۇ ئەكابىر - ئەشرەب، ئەمىرۇل - ئۆمرالىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالدىدىن قوغلاپ چىقارغانىدى. ئۇ ئۆزى قان - ياش يىغلاپ ھارمايتتى.

نەۋكەرلەر پوت - قوللىرى كىشەنلەنگەن قاتىل خان شاھىدخان شەيخنى مۇھەممەت خاننىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ ئېلىپ

كېلىشتى: مۇھەممەت خان ئاكىسى سۇلتان ئابدۇكېرىم خاننى ئۆلتۈرگەن بۇ رەھىمسىز قاتىلنى كۆرۈپ، غەزەبلەنگەنلىكىدىن قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى.

— ئەي ئىپلاس مەلئۇن! — دېدى ئۇ قەھر - غەزەپ بىلەن، — ھەزرىتى شاھى ئادىلخاننىڭ ھاياتلىق شېمىنى ئۆچۈرۈشكە قانداق پېتىندىڭ؟! سەن يارىماس لالما ئىتتىنمۇ پەس، تۇڭگۇزدىنمۇ نىجىس نامەرد مەخلۇقكەنسەن! ئى ھەق يولدىن ئازغان تېجىمەل، بىلگىن ۋە ئاگاھ بولغىنكى، سۇلتان ئابدۇكېرىم خاننى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرگەنلىكىڭنى ئېيتساڭ ئېيتتىڭ، بولمىسا مەنمۇ زەھەر تېمىپ تۇرغان جەمدەر بىلەن يۈرەك - باغرىڭنى قىيما - چىيما قىلىپ تاشلىغايمەن! ئۇ چاغدا ئۆزۈڭنى جەھەننەم تەختىدە كۆرگەيسەن!

— ئەي مۇھەممەت خان، — دېدى خان شاھىدخان شەيخ ئۇنىڭدىن قىلچىمۇ ھېيىقماستىن، — سەن بۇ جاھاندا تەرىقەت يولىدا ھەقتائاللاغا مېنىڭدەك ئاشىق بولغان ئىشىق ئەھلىنى كۆرگەنمىدىڭ؟ سۇلۇكى تەرىقەتكە ئاشىق بولۇپمۇ باققانمىدىڭ؟ دەرد كۆرمىگەن سېنىڭدەك ئادەم قانداقمۇ تەرىقەت يولىدا ئاشىقلىق كوچىسىغا كىرگەنلەرنىڭ ھالىغا يەتسۇن؟ ئۆلتۈرەمسەن، چاپامسەن، ئالدىڭدا تۇرۇپتىمەن. ئۆلۈمدىن قورققان بولسام ئىدىم، ھەرگىزمۇ بۇ كوچىغا قەدەم باسمىغان بولاتتىم. چۈنكى، پىرىمنىڭ تۈزىنى ئاقلاش ئاسان ئەمەس، بۇ قۇربان بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ!

مۇھەممەت خان قاتىلنىڭ بۇ سۆزلىرىگە زادىلا تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى - دە، نۆكەرنىڭ قولىدىكى قامچىنى تارتىۋېلىپ، ئۇنى تاكى قولى تالغۇچە قاتتىق ئۇرۇپ كەتتى، ئاندىن:

— ئەي بەدبەخت، مانا بۇ دۈشمەنلىك ئاداۋىتىدۇر. ھازىر ساڭا سۆزلەپ چۈشەندۈرۈشكە ۋاقتىم يوق. سەنلەر سىزايەتچىلىك قىلىشىپ، سەئىدىيە مەملىكىتىدە دۈشمەنلىك ئۇرۇقىنى

تيكىپ، ئاداۋەت تىكەنلىرىنى ئۆستۈرۈشكەنلىكىڭنى بىلەمسەن؟ سەنلەر ئارسلان بىلەن جەڭ قىلىشتىڭ. ئەمدى ئۆزۈڭنىڭ ئارسلاننىڭ ئاغزىغا كىرمىگىنىڭنى كۆر! — دەپ ۋارقىرىدى.
مۇھەممەت خاننىڭ قەھر - غەزەپ قامچىسىنى يەپ خېلىلا ھەيۋىسى چۈشكەن خان شەھىدخان شەيخ ئەمدى يالۋۇرۇشقا باشلىدى:
— ئى مۇھەممەت خان، رەھىم قىل! سەن ئارسلان بولساڭ، مەن قوزىمەن. سۇلتان ئابدۇكەرىم خان موغۇلنى مەن ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن ئۆلتۈرمىدىم. بەلكى، ئۇ پىرىنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ ئۆلدى. ئى خان، بىلەمسەن؟ بۇ دۇنيا رەنجۇ - مۇشەققەت سارىيىدۇر. ئۇ بىراۋلارنى كەڭلىكتە، بىراۋلارنى تەڭلىكتە تۇتىدۇ. بىراۋلارنى شەۋكەتلىك، بىراۋلارنى ھاقارەتلىك قىلىدۇ. ئاخىرغا كەلگەندە شاھمۇ، گادايمۇ ئوخشاشلا ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بۇ پانى ئۆتنىلىك ئالەمنىڭ ئادىتى ھەمىشە دەردۇ - رەنجىدىن ئىبارەت! ئۇ بەزىدە زەھەر بېرىدۇ، بەزىدە شېكەر بېرىدۇ. ئەگەر ئۆلسەك ئاخىر بۇ دۇنيادىن كېتۇرمىز! شۇڭا، مېنىڭ بېشىمنى كەسكەندىن ساڭا نېمە پايدا چىقىدۇ؟ مېنى ئۆلتۈرمىگىن، مەن سېنىڭ روھىڭغا قۇل بولاي، ئالتۇنلۇقنى ساقلىغۇچىلارنىڭ چاكىرى بولاي!
ئۇنىڭ تىل ياغلىمىچلىقىقا تولغان بۇ قۇرۇق - پاقپاق سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، مۇھەممەت خان دەرھال:
— ئەي سۆرۈن تەلەت، سەن خۇدادىن قورقمامسەن؟ — دەپ رەددىيە بەردى ئۇنىڭغا، — سەن بىر تۇغقان قېرىندىشىمنى ئۆلتۈرۈپ، مېنى چەكسىز غەم - غۇسسىگە گىرىپتار قىلدىڭ. مېنىڭ قەھر - غەزىپىمنى ئاشۇردۇڭ. ئاغام سۇلتان ئابدۇكەرىم خان ئىقلىمدا تەڭداشسىز شاھى ئۇلۇغخان ئىدى. ئۇ دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك سالىھ، دۇنيا قوغلاشمايدىغان زاھىد، خۇداغا قۇللۇق قىلىدىغان ئابىد، توغرا ئىش قىلىدىغان ئادىل پادىشاھ

ئىدى. سەن نەپرەتلىك چايان ئۇنى قەستلەپ ئۆلتۈردۈڭ. ئەمدى ئىخرار قىلغايسەنكى، سەن بۇ قانلىق قاتىللىقنى نېمە مەقسەتتىن قىلدىڭ؟ سېنىڭ سۇلتان ئابدۇكەرىم خان بىلەن زادى نېمە ئۆچ - ئاداۋىتىڭ بار ئىدى؟ مەقسىتىڭ زادى نېمە؟ سېنى بۇنداق ياۋۇز قانخورلۇققا دەۋەت قىلغان زادى كىم؟ بۈگۈن ھەممىسىنى ئېيتىسەن، بولمىسا قۇلاقلىرىڭنى كېسىپ، چىشلىرىڭنى قومۇرۇپ، كۆزلىرىڭنى ئويۇپ، پەيلىرىڭنى ئامبۇر بىلەن بىر - بىرلەپ سۇغۇرۇۋېلىپ، بېشىڭغا ئىتنىڭ كۈنىنى سالغايمەن!

مۇھەممەت خاننىڭ ئۆزىنى زادى بوش قويۇۋەتمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن خان شاھىد خان شەيخ چەكسىز دەرد - ئەلەم ۋە پۇشايمان، ئۆكۈنۈش ئىچىدە خۇددى چالا ئۆلگەن يىلاندەك تولغىنىپ يىغلاپ كەتتى.

خان شاھىدخان شەيخ بىر نەچچە كۈندىن بېرىقى قىيىن قىستاقتىن كېيىن ئاخىر ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسلى سالاھىيىتىنى ئاشكارىلاشقا مەجبۇر بولدى.

— ئى مۇھەممەت خان، سەن مېنىڭ ئەسلى نەسەب ۋە ھەسەبىمنى بىلمەكچىمۇ؟ — دېدى ئۇ زەئىپ ئاۋازدا، — مەن شەيخ ئەمەس.

— ئۇنداق بولسا سەن نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم؟ ئەزمەڭنى ئەزمەي تېز ئېيت! — دەپ قەھرى قىلدى مۇھەممەت خان خان شاھىدخانغا ئۆيلىنىۋېلىش پۇرسىتىنى بەرمەستىن.

— ئى مۇھەممەت خان بىلەمسەن؟ پېقىر ئادەتتىكى مۇرىت - مۇرشىد ئەمەسمەن. بىلەمسەن، مەن سېنىڭ بۇنىڭدىن ئوتتۇز يىل ئىلگىرى قول بەرگەن پىرىڭ خوجا مۇھەممەت ئىسھاق ۋەلىيۇللانىڭ خاسۇل - خاس، مۇئتەقدۇل - ئىخلاس خەلىپىسى - خان شاھىد خان سوپى بولىمەن.

ئۇنىڭ بۇ جاۋابىنى ئاڭلاپ، مۇھەممەت خاننىڭ بېشىدىن ئۆتۈن چىقىپ كەتتى: «ئەجەبكى، سۇلتان ئابدۇكەرىم خاننى ئۆلتۈرۈشتە ھەزرىتى ئەزىز، دەپ ئاتالغان ئاشۇ ئىسھاق خوجىنىڭ قولى بولسا — ھە؟!...»

— ھەيران بولۇۋاتامسەن؟ — دېدى خان شاھىدخان سوپى.

ئۇ مۇھەممەت خاننىڭ قەلبىدە ئويلاۋاتقانلىرىنى ئالللىقاچان بىلىۋالغانىدى، — ھەيران بولمىغايسەن. چۈنكى، بۇ ئۆتىنلىك ئالەمنىڭ ئىشى ھەمىشە ھىيلە- مىكىردىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئىشلىرى گاھ ئېگىز، گاھ پەستۇر. ئۇ بەزىدە كىشىنى كۆتۈرۈپ بۇلۇتقا يەتكۈزسە، بەزىدە ئۇرۇپ تەھتى ئەسراغا چۈشۇرىدۇ! شۇنداق، ھەزرىتى ئەزىزان پىرىم ئىسھاق ۋەلىيۇللا بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى سۇلتان ئابدۇكەرىم خاننىڭ پەرمانى بويىچە بۇدىياردىن قوغلانغاندىن كېيىن قۇرۇلغان «خاسۇل - خاس، مۇئتەقدۇل - ئىخلاس سوپىلار بۇرادەرلىكى» ئىسھاقىيە سۇلۇكىنى قانۇنسىز دەپ ئېلان قىلغان سۇلتان ئابدۇكەرىم خان موغۇلنى ئۆلتۈرۈشنى ئۇزاقتىن بېرى پىلانلاپ كەلگەنىدى. مۇشۇ تەشكىلاتنىڭ ئاساسلىق خەلىپە مەسئۇللىرىدىن بولغان پېقىر مەن بۇ مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن خۇددى چاشقاننىڭ ئۇۋىسى ئالدىدا چاشقان مارىلاپ تاڭنى ئىدار ئۆتكۈزگەن مۈشۈكتەك سەۋر - چىدامىلىق بىلەن پۇرسەت كۈتتۈم. ئاخىر قادىر ئاللا ئۇل مۇرتەد موغۇلنىڭ جېنىنى ئوقۇرمازادا ئېلىشنى ئورۇنلاشتۇردى. چۈنكى، تەڭرىتائالا ئادەمنىڭ ئۆلۈم - كۆرۈمنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ. ئۇنى ئۆزگەرتىشنى تىلەپ يىغلىغانلىق خۇدانىڭ ھۆكۈمىگە رازى بولمىغانلىق بولىدۇ!

— ئى مەلئۇن، — دېدى مۇھەممەت خان، — تولا مەمەدانلىق قىلىپ گەپ يورغىلاتماي ئېيتە، سېنىڭدىن بۆلەك بۇ سۇيىقەستچىلەر تەشكىلاتىنىڭ خەلىپە مەسئۇلى بولغانلاردىن يەنە

كىم بار؟

— بۇ سوپىلار مەخپىي بۇرادەرلىكى تەشكىلاتىدا يەنە موللا قاسىم خوتەنى ۋە موللا يۇسۇپ قەشقەرى قاتارلىق ئۈچ ـ تۆت ئادەم بار.

— شىلەرنىڭ ۋەزىپەڭلەر نېمە؟

— سەئىدىيە مەملىكىتى ھۇدۇتلۇقىدا پەۋقۇلئاددە ۋاستىلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق، تەرىقىتى ئىسھاقىيەگە قارشى چىققان ھەر قانداق ئادەمنى مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك دېمەستىن ھەممىسىنى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە جىسمانىي جەھەتتىن ئەلتۆكۈش يوق قىلىش — بىزنىڭ سوپىلار مەخپىي بۇرادەرلىكى تەشكىلاتىمىزنىڭ ئالىي ۋەزىپىسىدۇر.

— ئۇنداق بولسا مەخپىي تەشكىلاتىڭلارنىڭ ئالىي نىشانى نېمە ئىدى؟!

— پۈتۈن مۈلكىي قەشقەرىيە مىقياسىدا ئىسھاقىيە سۇلۇكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنى بىردىنبىر سۇلۇكى تەرىقەتكە ئايلاندۇرۇش، ئاندىن پەيدىنپەي دەھرىي ھاكىمىيەتكە سىڭىپ كىرىپ، پۈتۈن دەھرىي ھوقۇق ـ ئىمتىيازلارنى ئىگىلەش، ئاخىرىدا تەرىقەت بىلەن ھاكىمىيەت بىرلەشتۈرۈلگەن «مەشرۇتىيىتى ئىسھاقىيە» ھاكىمىيىتىنى تىكلەش — بىزنىڭ «خاسۇل ـ خاس، مۇئتەقدۇل ـ ئىخلاس سوپىلار مەخپىي بۇرادەرلىكى» تەشكىلاتىمىزنىڭ ئالىي نىشانىدۇر!

— ئەي نومۇسسىزلار تەڭرىنىئالادىن قورقمىدىڭلارمۇ؟ خەلقتىن ھايا قىلىشمىدىڭلارمۇ؟ — دېدى ئۇنىڭ بۇ ئىقرارىنى ئاڭلاپ غەزەپلەنگەن مۇھەممەت خان، — جەننەتپاناھ سۇلتان ئابدۇكەرىم خان سىلەرگە يەر ـ سۇ، مەرتىۋە ـ ئىمتىياز دېگەننى ئېيشىپ ـ تېيشىپ ياتقۇدەك بەرگەنىدىغۇ؟ ۋاپاغا مۇشۇنداق جاپامۇ ئەمدى؟ ئى تۇزكور، ئېيتىپ باققىنچۇ، قايسى شەرىئەتتە بىر ھاكىمىيەتنى ئىككى ھۆكۈمدارغا بەرمەك جايىز ئىكەن؟ شىلەر

مۇشۇ ناشايان ئىشلىرىڭلار بىلەن قىيام - قىيامەت كۈنى ئاللا تائالانىڭ ئالدىدا نېمە دەپ جاۋاب بېرىسىلەر؟

خان شاھىدخان دەرھال ئۆزىنى مۇھەممەت خاننىڭ ئايىغى ئاستىغا تاشلىدى:

— ئى مۇھەممەت خان، رەھىم قىلغايسەن، دىلىڭدىكى قەھر - غەزەپ ئوتىنى رەھىم - شەپقەت، ئەدلى - ئادالەت سۈيى بىلەن ئۆچۈرگەيسەن، بىلەمسەن، بېشىڭدا ئەجەل قۇزغۇنى پەرۋاز قىلىپ تۇرۇپتۇ. سەن تېخى ئۇنىڭدىن بىخەۋەر سەن! — دەپ زار - زار قاقشىدى.

مۇھەممەت خان دەررۇ ھوشيارلاندى:

— ئېيتە، سەن يەنە نېمىلەرنى بىلۇرسەن؟ — دېدى ئۇنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ سىلكىشلەپ تۇرۇپ.

— خوجا ئىسھاق بۇنىڭدىن ئۈچ - تۆت يىل ئىلگىرى، ئۆزبېك خانى ئابدۇللا خاننى مۇلكىي قەشقەرىيىگە لەشكەر چىقىرىشقا قايىل قىلغانىدى. ئۇزاققا قالماي، ئۆزبېك لەشكەرلىرى مەملىكىتىڭگە خۇددى ئېقىن سۇدەك دەۋرەپ بېسىپ كېلىدۇ! مۇبادا، مېنى ئۆلتۈرمەي قويۇپ بەرسەڭ، مەن دەرھال ئابدۇللا خاننىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ ئۇنى قەشقەر تامان لەشكەر تارتماسلىققا دەۋەت قىلىپ قايىل كەلتۈرۈشۈم مۇمكىن.

— ئى مەلئۇن، سەن تېخى ئۆزبېك ئابدۇللاخاندىن ئۈمىد كۈتۈۋاتامسەن؟ — دېدى مۇھەممەت خان ۋە قەھر - غەزەپ بىلەن ئۇنى قاتتىق تەپتى، — سەنلەر ئۆزبېك لەشكەرلىرىنىڭ زورى بىلەن مۇلكىي قەشقەرىيىدە قايتىلاتىن باش كۆتۈرىمىز دەپ ئويلىشامسەن؟! ئۆزبېك خانى ئابدۇللا خانمۇ مېنىڭ ھېسابسىز چېرىكىم بار، شۇلار ماڭا نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ، دەپ ئويلامدىكەن؟ گەرچە، ئابدۇللا خاننىڭ لەشكىرى كۆپ، سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ لەشكەرلىرى ئاز بولسىمۇ ئەمما تەڭرىتائالا غەلىبە - نۇسرەتنى ئەزەلدىن لەشكىرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە

ئەمەس، بەلكى ئادالەتنىڭ كىمنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىگە قاراپ بېرىپ كەلگەن! ئەگەر بەخت، دۆلەت ئىشى مۇيەسسەر بولىدىغان بولسا، لەشكەرنىڭ ئازلىقى ھېچنېمىگە توسقۇن بولالمايدۇ. ئەمدى، سەن نومۇسسىز قاتىل مۇشۇنداق دېسەم، مېنى ئۆلتۈرمەيدۇ، دەپ ئويلىما، مەن سېنى چوقۇم ياساقتا يەتكۈزۈپ، ئاكامنىڭ قان قىساسىنى ئالماي قويمايمەن!..

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكەيسەن ئى مۇھەممەت خان! — دەپ زار - زار يىغلىدى خان شاھىدخان سوپى، — مېنى ئۆلتۈرگىنىڭدىن نېمە پايدا چىقىدۇ؟ ئۇنىڭدىن كۆرە، مېنى خوجا ئىسھاقنى ئۆلتۈرۈشكە ئەۋەتكەيسەن. مەن ئۇ ناكەس خوجىنىڭ نىجىس كاللىسىنى كېسىپ ساڭا تۆھپە سۈپىتىدە تۇتقايمەن!...

مۇھەممەت خان قاتىل جان شاھىد خان سوپىنىڭ قولىدا ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرۈلگەن ئاكىسى سۇلتان ئابدۇكەرىم خاننى ئەسلەپ، قېرىنداشلىق مېھرى قايتىلەتىن ئۇرغىدى ۋە غەزەپ بىلەن قاتىلنى سۆكتى:

— مېنىڭ خان ئاكام ئېچىنىشلىق ئۆلسۇنۇ، ئۇنى ئۆلتۈرگەن سېنىڭدەك مەلئۇن قاتىلنى مەن ئۆلتۈرمەي قويۇپ بېرەي؟! جاھاندا كىم بۇنداق غەلىتە ئىشنى كۆرۈپتىكەن؟! — دەپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى، ئاندىن نۆۋكەرلىرىگە ئۇنى ئەپچىقىپ قوناق بازىرىدا بېشىنى ئېلىپ، ئۆلۈكىنى كەسكەن ياردا ئېسىپ، يەتتە كۈنگىچە سازايى قىلىشنى بۇيرۇدى...

ماۋرا ئۇننەھردە قۇرۇلغان ئۆزبېكلەر سۇلالىسى بىلەن پەرغانە ۋە قەشقەرىيە - موغۇلىستاندا قۇرۇلغان ئۇيغۇر سەئىدىيە سۇلالىسى شۇ زامانلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادا قوشنا مۇسۇلمان دۆلەتلىرى ھېسابلىناتتى. ئۆزبېكلەر سۇلالىسى ئابدۇللا خاننىڭ زامانىسىغا يېتىپ كەلگەندە كۈچىيىپ ئەتراپقا كېڭەيمىچىلىك

قىلىشقا باشلىدى. ئۆزبېكلەر ئەسلىدە سەئىدىيە ئۇيغۇر مەملىكىتىنىڭ زېمىنى بولغان پەرغانە ۋادىسىنىڭ بىر قىسمىنى يۇتۇپ كەتتى. شۇ چاغدىكى سەئىدىيە سۇلتانى ئابدۇكېرىم خان كۆرۈنۈشتە ئۇلار بىلەن مۇزەسىسە - مادارا قىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ ئەمما پەرغانىنى ئۆزبېكلەرنىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتمەكتە ئىدى. ئۇ ئابدۇللا خان سەلتەنىتىنى ئانچە كۆزگە ئىلىپ كەتمەيتتى. ھەتتا، ئۇرۇش بولۇپ قالسا يېڭىلىپ قالارمەنمۇ، دېگەننى ئويلاپمۇ قويمايتتى. ھەممىگە ئايانكى، ئىككى يولۋاس بىر - بىرى بىلەن ئېلىشسا، جەزمەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ياشراقى غالىپ كېلىدۇ — دە!

پەرغانە بىلەن قەشقەرىيىنى سەئىدىيە سۇلتانلىقىدىن تارتىۋېلىش - ئابدۇللاخاننىڭ ئۇزاقتىن بېرى كۆرۈپ كېلىۋاتقان شېرىن چۈشتى ئىدى. ئۇ پەرغانىنىڭ شىمالىي قىسمىنى بېسىۋالغاندا، سەئىدىيە سۇلتانلىقىنىڭ دەرھال ئىنكاس قايتۇرمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى بىر خىل ئاجىزلىق دەپ ھېسابلىدى. شۇڭا، ئۇ تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ، پەرغانە بىلەن قەشقەرىيىنى تارتىۋېلىشنى ئۆزىنىڭ نۆۋەتتىكى كۈنتەرتىپىگە قويدى. بىراق، ئۇ بۇ قارا نىيىتىنى «ئادەتكە مۇۋاپىق» ۋە «قانۇنلۇق» يول بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشتى. ئىسھاقىيە تەرىقىتىنىڭ مۇلكىي قەشقەرىيىدە مەھرۇم قىلىنغان تۇرلۇك سۇلۇك ئىمتىيازلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش — دەل ئۇنىڭ بۇ قارا نىيىتىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان «ئادەتكە مۇۋاپىق» ۋە «قانۇنلۇق» باھانە ئىدى.

مەخدۇم ئەزەمنىڭ تۆتىنچى ئوغلى ئىسھاق خوجا بۇنىڭدىن ئوتتۇز يىل ئىلگىرى بۇخارادىكى سوپىلار نىزاسىغا ئارىلىشىپ قېلىپ، شۇ ۋاقىتتىكى ياش ئابدۇللا خان تەرىپىدىن پەرغانىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان بولسىمۇ ئەمما ئوتتۇز بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە بۇ تېجىمەل دەرۋىش — ئىسھاق خوجا

ئۇنىڭ ئەزىز مېھمىنى سۇپىتىدە قارشى ئېلىندى ۋە ئۇنىڭغا شاھىنشىندە خانىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرۇشقا ئورۇن كۆرسىتىپ بېرىلدى. ھالبۇكى، بۇ ئورۇنغا ئادەتتە ۋەزىر ئەزەم، ئاتالىق مەرتىۋىسىدىكى ئەكابىر ـ ئەشرەبلەرلا ئولتۇرۇشقا نائىل بولالايتتى!

* * *

مىلادى 1593 ـ يىل (يىلان يىلى) 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى. ئاللاھكو[1] تۆپىلىكىگە ئات سېلىپ ئۇچقاندەك چىقىپ كەلگەن ئۆزبېك خانى ئابدۇللا خان ئېتىنىڭ تۇيىقى ئاستىدا ئېزىپ ـ چەيلەنگەن لالەغۇنچىسىغا قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى، ئاندىن تۆۋەندە كەڭ يېيىلىپ ياتقان چۆرىلىك دالاسىدا جەڭ قىلىشىۋاتقان لەشكەرلەرگە قارىدى.

تىنىق باھار ئاسمىنىنىڭ بىر چېتىدە قەدىمكى قەشقەر قەلئەسىنىڭ ئېگىز سوۋادان دەرەخلىرى يىراقتىن قارىيىپ غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئابدۇللا خان باشلاپ كەلگەن يۈز مىڭ ئۆزبېك چېرىكى ئاللاھكو تۆپىلىكىنىڭ ئاستىدىكى چۆرىلىك تۈزلەڭلىكىدە سەئىدىيە سۇلتانى، خاقانى ئەزەم مۇھەممەت خان قوماندانلىقىدىكى سەئىدىيە قوشۇنلىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا دۇچ كەلدى. بۇ يەردىن قەشقەر قەلئەسىگە گەرچە ئاران يىرىم كۈنلۈك مۇساپە قالغان بولسىمۇ ئەمما بۇ يىرىم كۈنلۈك مۇساپىنىڭ ھەر بىر قەدەم ئارىلىقىنى بېسىپ ئۆتۈش ئۈچۈن، ئابدۇللا خانىنىڭ ئۆزبېك چېرىكلىرى ئۈچۈن جانلىرىنى ـ قانلىرىنى بەدەل قىلىشقا توغرا كېلىۋاتقانىدى.

ئۆزبېك خانى ئابدۇللاخان يىگانىلىكتىن بىگانىلىق ياخشى

---

① ئاللاھكو — قەشقەر توققۇزاق ناھىيىسىدىكى جاي ئىسمى.

دەپ، لەشكەرلىرىگە بىر يولى مەيدانغا كىرىپ، سەئىدىيە قوشۇنىغا ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە يارلىق قىلدى. خاقانىي ئەزەم مۇھەممەت خان ئۆزىنىڭ چىرىنغارىنى دۈشمەننىڭ بىرىنغارىغا، ئۆزىنىڭ بىرىنغارىنى دۈشمەننىڭ چىرىنغارىغا ھۇجۇم قىلىشقا پەرمان بېرىپ، ئۆزبېك چېرىكلىرىنى سۈرۈپ - توقاي قىلدى. شۇنداق قاتتىق جەڭ بولدىكى، گويا قىيامەت ئاشكارا بولدى، ھەر كىمنىڭ بېشىغا تىغ ئۇرسا، قەلەمدەك كېسىلىپ يەرگە چۈشەتتى. ھەر كىمنىڭ بېلىگە چاپسا، گەۋدىسى ئىككى بۆلەك بولاتتى. گويا كالا پادىسىغا شىر چۈشكەندەك، قومۇشلۇققا ئوت تۇتاشقاندەك جەڭ شۇنداق قىزىپ كەتتىكى، سەھەردىن ناماز دىگەرگىچە ئۆزبېك لەشكەرلىرى ئۆرە - تۆپە، ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كېتىشتى. شۇ ئەسنادا ئىككى تەرەپتىن جەڭدىن قايتىش دۇمبىقى چېلىنىپ، ئىككىلا لەشكەر مەيداندىن ئۆزلىرىنىڭ قارارگاھلىرىغا قايتىشتى.

شۇ كۈنى كېچىدە خاقانى ئەزەم مۇھەممەت خاننىڭ بارگاھىدا ھەربىي كېڭەش چاقىرىلدى. بۇ كېڭەشكە ئەمىر كىبىر مىرزا شاھ، قەشقەر نايىبى شاھزادە ئەبۇ سەئىد سۇلتان، ئابدۇرەھىم خان، مىرزا ئەمىر مۇھەممەت بارلاسنىڭ كەنجى ئوغلى تەڭرىبەردى مىرزا ۋە مىرزا شىرىپ ھەسەن بارلاس قاتارلىق كاتتىلار بىلەن ئەمىرۇل - ئۇمەرالار قاتناشتى. سۇلتان مۇھەممەت خان ئەتىكى جەڭنى قانداق قىلىش ھەققىدە ئۇلارنىڭ پىكرىنى سورىدى.

— ئەتىمۇ چۆرىلىكتە چىڭ تۇرۇپ ئۇرۇشايلى! — دەپ مەسلىھەت كۆرسەتتى ئەمىر كىبىر مىرزا شاھ، قالغانلارمۇ ئۇنىڭ پىكرىنى لازىم تېپىشتى.

— ئەي مىرزا شاھ جانابلىرى، — دەپ تەئەددى قىلدى تەڭرىبەردى مىرزا ئۇنىڭ بۇ مەسلىھەتىگە قوشۇلماي، —

ئۆزلىرى پۈتۈن سەئىدىيە قوشۇنىغا ئەمىر كىبىر بولۇپ تۇرۇۋقلۇق، مۇشۇنداق گەپنىمۇ قىلالمىدىغان! ئوردىنى ۋە شەھەرنى تاشلاپ قويۇپ، ساسلىقتا چىقىشۋالساق، ئۆزبېكلەر ساسلىقنى بىزگە تاشلاپ بېرىپ شەھەرنى بېسىۋالسا قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۆزبېكلەر ماۋرائۇننەھردىن چۆرىلىكنىڭ ساسلىقىنى تەلەپ قىلغىلى ئەمەس، بەلكى قەشقەرنى كۆزلەپ كېلىشكەن. ئەلھال، مېنىڭچە، توغرا مەسلىھەت شۇكى، خاقانى ئەزەم ھەزرەتلىرى بىر بۆلۈك لەشكەرنى ئېلىپ تۆمۈرچى① دېگەن يەردە بۆكتۈرمە قۇرسۇن؛ ئابدۇرەھىم خان كۇنچى② مەھەللىسىدە بۆكتۈرمە قۇرسۇن؛ ئەبۇ سەئىد سۇلتان بىلەن بىز شەھەر ئىچىدە قەلئە سېپىلىنى تىرەك قىلىپ تۇرۇپ ئۆز بېكلەر بىلەن ئۇرۇشايلى. شۇنداق بولغاندا، بىر - بىرىمىزگە مەدەت بولىدىغان ئۈچ بۇجەك تىرەكنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ - دە، ئۆزبېكلەر قايسى تەرەپكە ھۇجۇم قىلسا، قالغان ئىككى تەرەپ ئۇنىڭغا تەڭلا ھەمدەم بولالايدۇ. بىز ھەممىگە قادىر خۇدادىن مەدەت، ياردەم تىلەپ، ئۆزبېك چېرىكلىرىگە تاقابىل تۇرۇپ ئۇرۇشالايمىز!③

مۇھەممەت خان تەخىربەردى مىرزا كۆرسەتكەن بۇ ئەقىلنى ماقۇل كۆردى - دە، ئاخىر ئورتاق مەسلىھەت مۇشۇنىڭغا مەركەزلەشتى.

ئەسلىدە ئۆزبېك خانى ئابدۇللاخان بىر بۆلۈك لەشكىرى بىلەن سەئىدىيە قوشۇنلىرىنى چۆرىلىك ساسلىقىدا بەند قىلىپ تۇرۇپ، ئاساسىي كۈچى بىلەن قەشقەر قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلىپ، شەھەرنى تارتىۋالماقچى بولغانىدى. ئەمما، ئۇنىڭ بۇ ھىيلىسى ئەقىللىق خاقانىي ئەزەم سۇلتان مۇھەممەت خان تەرىپىدىن ئالدىبۇرۇنلا سېزىۋېلىنىپ، پۈتۈن مۇشەققىتى شامالغا

① ② قەشقەر شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى مەھەللىلەرنىڭ نامى.

③ شاھ مەھمۇت جوراس: «تارىخىي رەشىدى، زەيلى» («سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»). قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى.

سورۇلدى!

ھەربىي كېڭەشنىڭ قارارى بويىچە، سۇلتان مۇھەممەد خان دەرھال قوشۇنلىرىنى ئاللاھكۇ ئەتراپىدىن قەشقەر شەھىرى ئەتراپىغا چېكىندۇرۇپ كەتتى. سەئىدىيە لەشكەرلىرىنىڭ تۇيۇقسىز چېكىنىشى ـ ئابدۇللا خاندا تېخىمۇ زور ئىشەنچ پەيدا قىلدى. ئۇ: «موغۇل لەشكەرلىرى يۈز ئۆرۈپ قېچىپ كەتتى» دەپ ئويلاپ، قوشۇنلىرىغا پۈتۈن سەپ بويىچە شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بۇيرۇق چۈشۈردى.

ھىجرىيە 1001 ـ يىلى شەبان ئېيىدىكى تۇنجى جۇمە كۈنى[①]، ئابدۇللا خاننىڭ ئۆزبېك چېرىكى قەشقەر شەھىرىگە ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغىدى، ئۈچ مىڭ ئۆزبېك باتۇرى شەھەرنىڭ كۈنپېتىش قوۋۇقى بولغان قوم دەرۋازىسىنى تارتىۋېلىش غەرىزىدە ئات چاپتۇرۇشتى. شەھەرنى قوغداۋاتقان سەئىدىيە جەڭچىلىرىمۇ مەردلىك مەيدانىغا قەدەم قويۇپ باسقۇنچىلارغا قارشى تۇرۇپ ئەزىز ۋەتىنىنى قوغداشتىن ئىبارەت بۇ ھەققانىي ئۇرۇشتا باھادىرلىق ۋە جاسارەت كۆرسىتىشتى.

ئابدۇللا خان قەلئەنىڭ ئېگىز تاملىرىغا ئۇلاردىنمۇ ئېگىز بولغان شوتىلارنى قويدۇردى. قەلئە ھىمايىچىلىرى قەشقەر نايىبى ئەبۇ سەئىد سۇلتان باشلىق ئەمىرۇل ـ ئۇمىرالارنىڭ رەھبەرلىكىدە سېپىل ئۈستىدىن ئۆزبېك چېرىكلىرىنى ئوق ـ بوران ۋە تاش ـ بوران قىلىپ، كۆپلىرىنى نابۇت قىلىشتى. بىراق، ئابدۇللاخان ئۆزبېك چېرىكلىرىگە چېكىنمەستىن ھۇجۇم قىلىۋېرىشنى بۇيرىدى. ئۆزبېكلەرنىڭ ئۆلە ـ تىرىلىشىگە قارىماستىن قەيسەرلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ شوتىدىن چىقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن قەلئە ھىمايىچىلەر يۇقىرىدىن چوڭ

① مىلادى 1593 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى. «تارىخىي رەشىدى. زەيلى» دە: «. . . بەشىنچى كۈنى» دېيىلگەن.

لىم ياغاچلارنى پەسكە دومىلىتىشتى. كۆيۈپ تۇرغان ياغلارنى، قايناق موملارنى شوتىلاردىن چىقىۋاتقانلارنىڭ بېشىدىن شارقىرىتىپ قۇيۇشتى. قەلئە تېمىنىڭ تۈۋى ئۆلگەنلەرنىڭ ئۆلۈكلىرى ۋە يارىدار بولغانلارنىڭ گەۋدىلىرى بىلەن تولۇپ كەتتى. يۇقىرىدىن يىقىلىۋاتقان ئەجەل مۆلدۈرى شوتىدىن يامىشىپ چىقىۋاتقانلارنى خۇددى بوران توك غورىنى تۆككەندەك تۆكۈۋاتقان بولسىمۇ، ھېلىقى ئۈچ مىڭ ئۆزبېك باتۇردىن ئېشىپ قالغان بىر نەچچە يۈز كىشى يەنىلا قىقاس - چۇقان كۆتۈرۈشۈپ سېپىل ئۈستىگە چىقىپ كېلىۋېرىشتى. سېپىل ئۈستىدىكى جەڭدە ئىككىلا تەرەپتىن كۆپ ئادەملەر قىرىلدى. ئۆلۈكلەر سېپىل ئۆگەكلىرىنى ئېتىپ قويغانلىقتىن، تۆۋەنگە ئوق ئېتىش مۇمكىن بولماي قالدى. ئابدۇللا خاننىڭ چېرىكى قەلئە ھىمايىچىلىرىغا قارىغاندا سان جەھەتتىن بىر نەچچە باراۋەر كۆپ ئىدى. شۇڭا، شوتىلاردىن ئارقىمۇ ئارقا چىقىپ كېلىۋېرىشتى.

بۇ چاغدا، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى تۆمۈرچى مەھەللىسى بىلەن كۈنچى مەھەللىسىدە بۆكتۈرمىدە ياتقان خاقانىي ئەزەم مۇھەممەت خان ۋە ئابدۇرەھىم خانلار ئەمرۇل - ئۇمەرا مىرزا ھەيدەر جوراس ۋە ئۇنىڭ بىر تۇغقىنى مۇھەممەت ۋەلىبەگلەرنى باشلاپ شەھەرگە قىزىق ھۇجۇم قىلىۋاتقان ئابدۇللاخانغا ئارقا تەرەپتىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئۇنىڭ بىتچىتىنى چىقاردى. سەئىدىيە لەشكەرلىرى ئاتمىش مىڭ ئۆزبېك لەشكەرلىرىنىڭ قورشاۋىنى يېرىپ ئۆتۈپ، قەلئە مۇداپىئەچىلىرى بىلەن غەلىبە سادالىرى ئىچىدە بىرلەشتى. نۇسرەت شامىلى سەئىدىيە قوشۇنى سېپىدە ئەستى.

ئۆزبېكلەر كۈندە جەڭ قىلىپ، كۈندە مەغلۇپ بولىۋەرگەنلىكتىن، ئاخىر قەشقەرنى تارتىۋېلىشقا كۆزى يەتمەي، دەرھال لەشكەر چېكىندۈردى ۋە دارۇلسەلتەنەت يەكەنگە تېگىش قىلماقچى بولۇپ، بۇغرا قۇملۇقى ئارقىلىق يەكەن تەرەپكە راۋان بولۇشتى.

بۇ چاغدا، خاقانىي ئەزەم سۇلتان مۇھەممەت خان سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى باشلاپ قەشقەردە ئابدۇللاخان باشچىلىقىدىكى ئۆزبېك چېرىكلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقاچقا، دارۇلسەلتەنەت يەكەننى قوغداشقا شەيخۇلئىسلام قازى رىزا، زىياۋىدىن دىۋانە باشچىلىقىدا ئاران ئىككى مىڭ چېرىك قالدۇرۇلغانىدى.

ئۆزبېك قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانلىرىدىن بولغان ئۆزبېك سۇلتان ۋە خوجامقۇلى قوشبېگىلەر شەھەردىكىلەرنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەپ خەت كىرگۈزۈشتى. بۇ خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «... ئەي يەكەننىڭ قازى رىزا، زىياۋىدىن دىۋانە باشچىلىقىدىكى بارلىق ئۇلۇغ - ئۇششاق ئەكابىر - ئەشرەبلىرى، بىز خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن ئىسپاھانىيە تەرىقىتىنى مەملىكەتلەردە تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن كەلدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىڭلار بىھۇدىدۇر. مۇبادا، بىگۇناھ ئۆلۈپ كەتمەيلى، دېسەڭلار، دەرھال شەھەرنى ئېچىپ، دەرۋازىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچلىرىنى بىزگە تاپشۇرغايسىزلەر. بىز ھەزرىتى ئەزىزلەرنى سۈلۈك تەرىقەت مەيدانىغا باش قىلىپ تىكلەپ، سىلەردىن بىزگە تۆلەيدىغان باج - خىراجەتنى تولۇق تاپشۇرۇپ ئالغايمىز. مۇبادا، سىلەر بىز قويغان بۇ شەرتلەرگە كۆنۈپ شەھەرنى تاپشۇرساڭلار ۋە باج خىراجەت بېرىشنى قوبۇل كۆرسەڭلار، بىز شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشنى توختاتقايمىز. چۈنكى، جەڭدىن سۇلھى ئوبداندۇر. باج - خىراجەت بېرىپ سىلەرمۇ مۇشەققەتتىن خالاس بولساڭلار، بىزلەرمۇ ئارام تاپقان بولساق، بىگۇنا خەلقنى ئۆلتۈرمىسەك نېمە دېگەن ياخشى - ھە؟! جاھاندىكى جەڭلەرنىڭ ھەممىسى مال دۇنيا ۋە تاجۇ - تەخت سەۋەبىدىن بولىدىغۇ؟! يەكەنلىكلەرنىڭ قايسىبىرى ئالدىمىزغا چىقىپ بىزنى قارشى ئېلىپ بويسۇنىدىكەن، ئۇنىڭ جېنى، مېلى ئامان قالىدۇ. ئەگەر

ئۇنداق قىلمايدىكەن، ئەرلىرى ئۆلتۈرۈلۈپ، خوتۇن، قىزلىرى ئۇلجا ئېلىنىدۇ! قىلچە رەھىم قىلىنمايدۇ! . . .»

قازى رىزا بىلەن زىياۋىدىن دىۋانىلەر ئۆزبېكلەرنىڭ تەھدىت ۋە ئالدامچىلىق، دوق قىلىش ۋە تىل ياغلىمىچىلىق سۆزلىرى بىلەن تولغان بۇ خېتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئېلىنىشقاندىن كېيىن دەرھال مۇزاكىرىلىشىپ: «ئەتە جۈمە كۈنى ئىكەن، جۈمە نامىزىدىن كېيىن شەھەرنى ئۆزلىرىگە تاپشۇرساق!» دەپ جاۋاب خەت چىقارتتى.

بۇنىڭ كەينىگە سۆرەش ھىيلىسى ئىكەنلىكىنى سەزمىگەن ئۆزبېك سۇلتانى بىلەن خوجامقۇلى قوشبېگىلەر: «شەھەرنى بىر دوق بىلەنلا ئۇرۇشماستىن ئالىدىغان بولدۇق!» دېيىشىپ، خام تاڭاملارنى ئوت ياقمىغان قازانغا سېلىپ تەييارلاپ، چىشى يوق قۇرۇق ئاغزىدا چايناپ لەززەتلىنىپ، خۇش بولۇشۇپ، شەھەرنى قورشاشنى بىر كۈن كېچىكتۈرۈشتى.

دارۇلسەلتەنەت يەكەننىڭ خەۋپ ئىچىدە قالغانلىقىنى ئاڭلىغان سۇلتان مۇھەممەت خان دەرھال قەشقەر نايىبى ئەبۇسەئىد سۇلتان قاتارلىقلارنى ئېلىپ، قىزىلنىڭ يولى بىلەن يەكەنگە لەشكەر باشلاپ كەلدى. يېرىم كېچە بولغان مەھەلدە، خاقانى ئەزەم سۇلتان مۇھەممەت خاننىڭ لەشكەرلىرى يەكەن قەلئەسىگە يېتىپ كەلدى ۋە ناغرا ـ سوناي، داقا ـ دۇمباق، كۇسا ـ كارناي، جەڭگى ـ چاغانە ۋە باشقا پادىشاھلىق سازلىرىنى نەققارىگە كەلتۈرۈپ، داغدۇغا پەيدا قىلدى. ھەممە خالايىق قوللىرىغا ئوتقاش ـ مەشئەل ئالدى، شەھەرنىڭ ئىچى گوياكى كۈندۈزدىكىدەك يۇپيورۇق يورۇپ كەتتى. داقا ـ دۇمباقلار شادىيانىگە ئۇرۇلدى. ناغرا ـ سونايلار ھۇزۇرۇمغا چېلىندى. بۇنىڭدىن شەھەر سىرتىدىكى ئۆزبېك چېرىكلىرى ئويغىنىپ ساراسىمە ئىچىدە قالدى. قەلئە ئىچىدە كۆتۈرۈلگەن بۇ ھەشەم ـ كارامەتتىن چۆچۈشۈپ: «نېمە ۋەقە بولدى؟» دېيىشىپ

هاڭ - تاڭ قىلىشتى.

ئەتىسى تاڭ سەھەردىلا خاقانىي ئەزەم سۇلتان مۇھەممەت خان ئۆزبېكلەرگە قارشى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئۈچۈن دەرھال قوشۇنلىرىنى سەپراس - چەپراس قىلىپ، ئەبۇسەئىد سۇلتاننى چىرىنغار قوشۇنغا، ئابدۇرەھىم خاننى بىرىنغار قوشۇنغا، تەگرىبەردى مىرزىنى ھىراۋۇل قوشۇنغا ئەمىر كىبىر قىلىپ تەيىنلەپ، لەشكەرلەرنى ئىنتايىن ئىدىتلىق بىلەن پۇختا تەشكىللىدى. بىراق، ئۆزبېكلەر بۇنىڭدىن بىخەۋەر، تېخىچە قوزا ئۇيقۇسىنى ئوخلىماقتا ئىدى.

قازارا، ئىككىلا پادىشاھ ئۆز سەپلىرىنى تۈزۈشنىڭ، تېگىش قىلىشنىڭ پىلانلىرىنى تۈزۈشمەكتە ئىدى. ئابدۇللا خاننىڭ ئۆزبېك چېرىكلىرى تەرەپتە ئۆزبېك سۇلتان، خوجامقۇلى قوشبېگىلەر ئۆزلىرىنى غالىپلار دەپ ھېسابلاپ، سۇلتان مۇھەممەت خاننى كۆزگە ئىلىشمىدى. ئەمما، ئۇلار تەقدىرنىڭ بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلىشمىدى ۋە:

— ئەگەر يەكەنلىكلەر جۇمە نامىزىدىن كېيىن شەھەرنىڭ ئاچقۇچىنى ياخشىلىقچە تاپشۇرسا تاپشۇردى. بولمىسا بىز قىلچىمۇ غەم - ئەندىشە قىلماستىنلا سەئىدىيە لەشكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىمىز! — دېيىشىپ، قالتىس ئۈمىدۋارلىق بىلەن خام تامالارنى قىلىشىپ ئولتۇرۇشتى. ھەممەيلەن دۇبۇلغا، ساۋۇتلارنى كىيىشىپ، جۇمە نامىزىنىڭ تۈگىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشمەكتە ئىدى.

سۇبھى ئاخىر ئۆز جامالىنى كۆرسەتتى. ناماز بامداتتىن كېيىن مەشرىقتىن ئالتۇن قۇياش كۆتۈرۈلدى، سەھەر ۋاقتىنىڭ ئالتۇن تۇغى ئاشكارا بولدى. خاقانىي ئەزەم سۇلتان مۇھەممەت خان سەئىدىيە جەڭچىلىرىگە ئومۇمىي ھۇجۇمغا ئۆتۈش توغرىسىدا پەرمان بەردى. تەقدىر بۇ لەشكەر دەرياسىنى ئۆركەشلەتتى، ئۇلارنىڭ شاۋقۇن سۈرەنلىرى پەلەككە يەتتى. سەئىدىيە

پالۋانلىرى نەرە تارتىپ يەر ـ زېمىننىڭ جىسمىنى تەۋرىتىۋەتتى. ئۇلار خۇددى «زېمىن قاتتىق تەۋرىتىلگەندە»① دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىنى ئايان قىلدى. شەمشەرۋازلار باشتىن ـ ئاياغقىچە خۇددى پەلەك تۈركمەنىدەك كۆك تۆمۈر ئىچىگە غەرق بولۇشقانىدى. ئۇلار ئاتلىرىغا مىنىشىپ، ئۇرۇش سېپى تۈزۈش ئۈچۈن مەيدانغا چىقتى. خاقانىي ئەزەم سۇلتان مۇھەممەت خاننىڭ چېرىنىغار، بىرىنغار ئىككى سېپىنىڭ بىر ئۇچى مەشرىقتە، يەنە بىر ئۇچى مەغرىبتە ئىدى. بۇ سەپلەردە تۈزۈشقان سەئىدىيە ئۇيغۇر جەڭچىلىرىنىڭ ھەممىسى جەڭ ئىشلىرىدا ماھىر ئىدى. ئۇلار خۇددى دوزاختىن خەۋەر ئېلىپ كەلگەن ئەجەل بۆركۈتلىرىدەك ئۆزبېكلەرنىڭ ئۈستىگە ئېتىلىپ كېلىشتى. سۇلتان مۇھەممەت خاننىڭ ھىراۋۇل قوشۇنى جوتەن لەشكىرىدىن تۈزۈلگەنىدى. ئۇلارنىڭ ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلىرىنىڭ ھەممىسى ئاق رەڭدە بولۇپ ئۆزبېك قوشۇنلىرىنىڭ يېنىدا خۇددى قاراڭغۇ كېچىدە تۇغقان قۇياشتەك كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ ئوتىغاتلىرى پارقىرىتىلغان تۆمۈردىن بولۇپ، قوشلارنىڭ ئۇزۇن قانىتىدەك ياساپ، دۇبۇلغىلىرى ئۈستىگە خۇددى ھىلال ئايدەك سانچىلغانىدى. ئۇلارنىڭ ئۇستىباشلىرىغا تىغ، نەيزە دېگەنلەر زادىلا ئۆتمەيتتى. جەڭ مەيدانى ئۇلار بىلەن تېخىمۇ زىننەت تاپقانىدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى يولۋاستەك جەسۇر ئىدى. بۇ لەشكەرگە مۇبارەكشاھ ئىسىملىق بىر سەردار باشچىلىق قىلاتتى.

ئۇ يولۋاستەك بېشى ئۈستىدە نۇسرەت ئەلىمىنى تىكلەپ، سىپاھلارنى باشلاپ ئۆزبېكلەرنىڭ سېپىگە بوراندەك تېگىش قىلدى. سەئىدىيە ئىلغارلىرىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىدىن مەغدەپ قېلىشقان ئۆزبېك چېرىكلىرى دەرھال سەپراس ـ چەپراس بولۇشۇپ بۇ ئەجەل ھەلقۇمىدىن ئۆزلىرىنى مۇداپىئە قىلىشقا

① قۇرئان كەرىم. سۈرە زەلزەلە، 1 ـ ئايەت. 66 ـ بەت.

ئالدىراش كىرىشتى.

دەھشەتلىك جەڭ چۈشكىچە داۋام قىلدى. ئات ۋە ئادەملەرنىڭ ئاياغلىرىدا يانچىلغان تۇپراقلار چاڭ ـ توزانغا ئايلىنىپ، پەلەككە ئۆرلىدى. ئۇ چاڭ ـ توزانلار ئىچىدىكى قىلىچ ـ نەيزىلەر خۇددى دەريادا ئېقىپ كېتىۋاتقان چۇمۇلىلەردەك كۆرۈنەتتى. بۇ چاڭ توزان ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىلىقىدا قارا بۇلۇتلارغا ئوخشاش بىر قەۋەت پەردە ھاسىل قىلىشقانىدى. مىلتىقلارنىڭ ئۈنى ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك، ئۇلارنىڭ ئوتلىرى خۇددى چاقماق چاقىقاندەك كۆرۈنەتتى. ھەر ئىككى تەرەپ زۇلۇم كۆلپەت قىلىچلىرىنى قولىغا ئېلىپ، بىر ـ بىرىگە تىغ تەڭلىشىپ، ئۆلۈم بازىرىنى قىزىتماقچى بولۇشاتتى. زېمىن ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىدىن لەرزىگە كەلگەنىدى. ئىككى دەريايى لەشكەر مۇشۇنداق مېڭىپ بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشقاندىن كېيىن توختاشتى.

شۇ پەيتتە، خاقانى ئەزەم سۇلتان مۇھەممەت خاننىڭ ئىلغارى مۇبارەكشاھ ئېتىنى چاپتۇرۇپ چاقماقتەك ھەرىكەت بىلەن جەڭ ھۈنەرلىرىنى كۆرسەتتى. ئۇ ساۋۇت ئۈستىدىن چىنى ماچىن① ماتاسىدىن كېيىم كىيگەن بولۇپ، كىيىمى خۇددى شۇ ئۈستىدىكى يېشىل ئوت ـ چۆپلەردەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ دۇبۇلغىسىنى ئۈستىگە سەۋسەن گۈلىدەك ئوتتىغات قىستۇرۇلغانىدى. ئۇ ئەنە شۇنداق شۆلەت ـ سالاپەت بىلەن مەيدانغا كىرىپ ھەممىدىن ئاۋۋال خاقانى ئەزەم سۇلتان مۇھەممەت خاننىڭ ھەققىگە دۇئا قىلىنۇەتكەندىن كېيىن قارشى تەرەپتىن پالۋان تەلەپ قىلدى:

— ئى قارا چاپانلىقلار، جىنلاردىن تۇيغان ئوخشىمامسىلەر؟ بولمىسا، شۇنچىۋالا يول ئازابىنى تارتىپ بۇ

① چىن ماچىن ـ خوتەن دىيارىنىڭ قەدىمكى نامى.

يەرگە كەلمىگەن بولاتتىڭلار! ئەمدى مېنىڭ ئەقىلىمنى، كارۇ ـ بارىمنى كۆرۈپ باققايسىلەر!

مۇبارەكشاھ سۆزىنى تۈگىتەر ـ تۈگەتمەستىنلا، ئابدۇللا خان تەرەپتىن بىر قەھرلىك پالۋان ئات چاپتۇرۇپ كەلدى. ئۇ خوجامقۇلى قوشبېگىنىڭ مىرزا خىسرەۋ قالۇچى دېگەن پالۋىنى ئىدى. ئۇنىڭ دۇبۇلغىسىدىن تاكى ئېتىنىڭ تاقىسىغىچە ھەممە ئەزايى بەدىنى ۋە ئېتى قارا تۆمۈر بىلەن قاپلانغان گوياكى تۆمۈرچىنىڭ قارا كۆيىسى ئىچىگە غەرق بولغاندەك ئىدى. ئۇ بويىنغا بەدەخشان قىلىچىنى ئېسىپ، قولىدا تىكەنلىك نەيزىسىنى پىرقىرىتىپ، مەيدانغا شۇ قەدەر ھەيۋەت بىلەن كىردىكى، ئۇنى كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى «بۇ بىر يىرتقۇچ قاپلانىكەن» دەپ قېلىشتى. مىرزا خىسرەۋ قالۇچى مەيدانغا كىرگەندىن كېيىن ئالدى بىلەن ئابدۇللا خانغا دۇئا قىلىپ، ھاجىتىنى دۇئادا ئىزھار قىلغاندىن كېيىن مۇبارەكشاھ تەرەپكە قاراپ مىلتىقنىڭ ئوقىدەك ئېتىلىپ كەلدى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە شۇنداق چىرماشتىكى، ماھارەت ۋە شجائەتتە بىر ـ بىرىدىن ئېشىپ چۈشۈشتى، ئۇلار يەكمۇ يەك ئۈچيۈز ئاتمىش ئالتە نۆۋەت ئېلىشقان بولسىمۇ، بىر ـ بىرىنىڭ ساۋۇتلىرىغا نەيزە تەگكۈزەلمىدى. ئاخىر، مۇبارەكشاھ ئات چاپقۇزۇپ نەيزىسىنى سۆرىگىنىچە قېچىپ مىرزا خىسراۋ قالۇچىدىن بىر ئاز يىراقلاشتى. ئاندىن كەينىگە ئۆرۈلۈپلا، نەيزىسىنى يىراقتىن توغرىلاپ تۇرۇپ ئۇ يىرتقۇچ قاپلانغا شۇنداق ئاتتىكى، ئۇنىڭ بۇ ماھارىتىگە بۇ پىرقىراۋاتقان پەلەكمۇ ئاپىرىن ئوقىماي تۇرالمىدى. نەيزە تەگكەن مىرزا خىسراۋ قالوچى ھايالسىز ئاتتىن تىك موللاق ئېتىپ يىقىلدى. مۇبارەكشاھ دەرھال ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ ئېلىپ، سۇلتان مۇھەممەت خانغا تۆھپە قىلىپ تۇتتى. خاقانىي ئەزەم سۇلتان مۇھەممەت خان ئۈچۈن بۇ پەتھى نۇسرەتنىڭ ياخشى باشلىنىشى بولدى. بەخت ـ تەلەي ئۆز

جامالىنى سەئىدىيە قوشۇنلىرىنىڭ گۈلىستاندا كۆرسەتتى. ئۆزبېكلەر بىرىنچى داپقۇر ئېلىشىشتىلا بىر پالۋاندىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن يەنە داۋاملىق ئۇرۇش قىلىشقا پېتىنالمىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەت خان تەرەپ غەلىبە قىلدى. ئۆزبېكلەر بولسا مەغلۇپ بولدى.

شۇ كېچىسى تۈن نىسبىدە، ئۆزبېكلەر جىددىي چېكىنىشكە باشلىدى. ئابدۇللاخان قەشقەر مەملىكىتىگە داخىل بولالماستىن، ئەلەم ۋە پۇشايمان ئىلكىدە ئۆز ۋەتىنىگە قايتىشقا مەجبۇر بولدى. ئۆزبېكلەرنىڭ قاچقانلىقىنى سېزىپ قالغان سەئىدىيە قوشۇنى كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ، ئالاي چۆلىدە يېتىشىۋېلىپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى تېرىپىپىرەن قىلىپ تاشلىدى. ئۆزبېكلەر مىڭ مۇشەققەتتە سارت داۋىنىدىن ئۆتۈۋالغاچقا، پۈتۈنلەي ھالاك بولۇشتىن قۇتۇلۇپ قالدى.

ئۆزبېك خانى ئوق سالار[①] دېگەن يەرگە كەلگەندە، قوشۇنغا توختاشقا پەرمان بەردى ۋە لەشكەر باشلىقلىرىدىن ئۆزبېك سۇلتان بىلەن خوجامقۇلى قوشبېگلەرگە چېرىكلەرنى ئىدىتلاپ بېقىشنى بۇيرۇدى. ئۇلار لەشكەرنى تەركە قىلىپ كۆرگەندى، بىر ئوق ئۇچى مىقداردىكى ئادىمىنى زىيان تارتقانلىقىنى سېزىشتى. شۇ چاغلاردا بىر پاي ئوقنى تۆت لەك دەپ مۆلچەر قىلىشاتتى. دېمەك، ئۆزبېك خانى ئابدۇللا خان ئىسھاق خوجىنىڭ ھېچبىر ئاساسى بولمىغان تىل ياغلىما سۆزلىرىگە ئىشىنىپلا قەشقەرنى پەتھى قىلىشقا ئالدىراپ يۈزمىڭ چېرىكنى باشلاپ كەلدى. ئاخىر، قىرىق مىڭ لەشكىرىدىن ئايرىلىپ مەغلۇبىيەت بىلەن ئۆز ۋەتىنىگە قايتىشقا مەجبۇر

---

① ھازىرقى ئۇلۇغچات ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ئوقسالور يېزىسى.

بولدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ «نۇقۇتنى دەپ، تاۋۇزنى زىيان تارتقان» دەك بىر ئىش بولدى. ئۆزبېك خانى ئابدۇللاخان مۇشۇ قېتىمقى قەشقەر مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن قان قۇسۇپ ئۆلۈپ كەتتى...①

بۇ ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشكە نائىل بولغان مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخچىسى شاھ مەھمۇت جوراس مۇنداق بىر قەدىمكى مەسەلنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزبېك خانى ئابدۇللاخاننىڭ مۇشەققەتتى شامالغا سورۇلغان بۇ ئەخمىقانە ئىشىغا ئىستىھزا قىلىپ كۈلگەنىدى:

— بىر كۈنى بىر ھەرىنىڭ كۆزى، — دېيىلگەنىدى بۇ مەسەلدە، — مىڭ جاپالاردا ئۇۋۇسىغا دان سۆرەپ كېتىپ بارغان چۈمۈلىگە چۈشۈپ قاپتۇ. ھەرىنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى تۇتۇپ چۈمۈلىگە دەپتۇكى:

— ئى چۈمۈلە! ئۆزۈڭنى بۇنچىلىك جاپاغا سېلىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇنچىلىك ئازابلىنىشنى ئىختىيار قىلىشىڭدىكى مۇددىئايىڭ نېمە؟ مېنىڭ ھاياتىم، يېيىش ـ ئىچمىشىمگە قاراپ ئىش قىلساڭ بولمامدۇ؟ پادىشاھلارنىڭ دەستۇرخانىدىكى ھەر قانداق تائام مەنسىز يېيىلمەيدۇ. شامالنى مىنىپ ئۇچىمەن، خالىغان يېرىمگە قونىمەن. نەيزەمنى دۈشمەننىڭ يۈرىكىگە سانچىيمەن، نېمىنى كۆڭلۈم تارتسا، شۇنى يەيمەن.

① بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن شاھ مەھمۇت جوراس يازغان «تارىخىي رەشىدى. زەيلى» («سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار») دېگەن كىتابىنىڭ 47 ـ، 54 ـ بەتلەرگە قارالسۇن؛ يەنە موللامىر سالىھ قەشقەرىنىڭ «قەشقەر تارىخى» («چىڭگىزنامە») دېگەن ئەسىرىنىڭ 119 ـ، 120 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن. بۇ ئىككى كىتاب ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1988 ـ يىل 9 ـ ئايدا ۋە 1985 ـ يىل 8 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان.

ھەرە يۇقىرىقى گەپلىرىنى دەپ بولۇپ، پەرۋاز قىلىپ ئۇچقىنىچە ئۇدۇل قاسساپنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ كانارىدىكى ئېسىپ قويۇلغان گۆشكە قونۇپتۇ. قولىدا پىچىقىنى تۇتۇپ تۇرغان قاسساپ گۆشكە قونغان ھەرىنى كۆرۈپ پىچاق بىلەن ھەرىنى ئۇرۇپلا ئىككى پارچە قىلىۋېتىپتۇ. شۇ يەدە مارىشىپ قاراپ تۇرغان چۇمۇلىلەر ھەرىنىڭ پارچىلاپ تاشلانغان ئۆلۈكىنى ئۇۋىلىرىغا قاراپ سۆرەپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. . .

نەزمە

دەۋراندا كۆپ كۆزدىن ياش راۋان كۆردۈم،

بالا ــ قازا بولسا، شۇ زامان كۆردۈم.

نۇھقۇ مىڭ يىل ياشاپ كۆردى بىر توپان،

مەن نۇھ بولمىساممۇ، مىڭ توپان كۆردۈم.

پۇرپاۋەلى —

## ئون ئالتىنچى باب

# «خەلىپەتۇل خەلىپە» — سۇلتان مۇھەممەدخان

ۋاي ئىست، ئەسرى شۆھرەت ـ نامىمىز تېخىچە،
ئاڭلاشقا ئاجىز، سۆزلەشكە رامىمىز تېخىچە.
ئۆمۈر تۈگەپ بولدى، ناتامامىمىز تېخىچە،
يۈز قېتىم كۆيۈپ ـ پىشتۇق لېكىن خامىمىز تېخىچە.

— بەدىردىن ھىلالى[1]

**مىلادى** 1596 ـ يىلى (مايمۇن يىلى) كۈز پەسلى.

سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ تەخت ساھىبى، خاقانىي ئەزەم سۇلتان مۇھەممەت خان ئاخىر قوش گۈمبەزگە ھەزرىتى ئىشان خوجا شادى خوجام پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئىستىقبال قىلىپ بېرىشنى قارار قىلدى...

---

① بەدىردىن ھىلالى — ئاسترابادلىق. 1470 ـ يىلى تۇغۇلغان، نەۋائى بىلەن دەۋرداش. شەرق ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن سىمالىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ «شاھ ۋە دەرۋىش»، «سىفەتۇل ـ ئاشىقىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن» قاتارلىق ئۈچ داستانى ھەم 200 بېيىتلىق بىر شېئىر داستانى بار.

ئىشانكالان مۇھەممەتئىمىن خوجا بىلەن ئىسھاق خوجا ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك سۇلۇك كۈرەشلىرى نەتىجىسىدە، مۈلكىي قەشقەرىيەدىكى نەقشىبەندىيە تەرىقىتى سۇلتان ئابدۇكېرىم خان زامانىغا كەلگەندە ئاخىر ئۇزۇل - كېسىل پارچىلىنىپ، ئىشانىيە (كېيىنكى چاغلاردا ئىشقىيە دەپ ئاتالدى) مەزھىپى بىلەن ئىسھاقىيە مەزھىپىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇ كېيىنكى چاغلاردا مۈلكىي قەشقەرىيەنىڭ ئىككى - ئۈچ يۈز يىللىق سىياسىي - ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىگە قاتتىق تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ئاخىر سەئىدىيە ئۇيغۇر سۇلالىسىنىڭ مۇنقەرز بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان قەشقەر خوجىلىرىنىڭ «ئاقتاغلىقلار مەزھىپى» بىلەن «قاراتاغلىقلار مەزھىپى» دىن ئىبارەت بىر - بىرىگە قارىمۇ - قارشى ئىككى چوڭ خوجىلار گۇرۇھىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا شەكىللەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى!

خوجا مۇھەممەتئىمىن سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئىشانىيە مەزھىپىدىكىلەر ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ بولۇپ، سىياسىي سەھنىدىن بىر مەزگىل چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ ئىسھاقىيە مەزھىپىنىڭ ئومۇميۈزلۈك كېڭىيىشىگە ناھايىتى ياخشى پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەردى. مۈلكىي قەشقەرىيەنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئىسھاقىيە تەرىقىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىنى كۆرۈش مۇمكىن ئىدى. دەھرىي سەلتەنەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھوقۇقلۇق مۇئەسسەسەلىرىدە، ھەر قايسى لەشكەرگاھلاردا، ھاكىمىيەتنىڭ چوڭ - كىچىك ئىدارە - جۈجۈقلىرىدا، ھەتتا سەلتەنەت مەركىزىدە مۇھىم مەنسەپ تۇتقان بەزى ئەمرۇل - ئۇمەرا، بەگۇ - بېگاتلار ئارىسىدا، ھەر قايسى مەسچىت - خانىقالاردا ئىمامىلىق قىلىدىغان ئىسھاقىيچى خوجا

ئىشانلارنىڭ كەينىدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇيدىغان مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن مەسچىت - خانىقا قوۋملىرى ئارىسىدا ئىسھاق خوجىنى ئۇلۇغ ئەۋلىيا، بۈيۈك تەرىقەت پېشۋاسىنى، دەپ تونۇيدىغانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۇلار ئىسھاقىيىچى خوجا - ئىشانلارغا ھېيىقىشىپ قارىشاتتى ۋە كۆرگەن يېرىدە ئۇلارغا بەيئەت قىلىشىپ ئەگىشەتتى. ئىسھاقىيە تەرىقىتىنىڭ نوپۇزى ھەممىلا يەردە ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. بۇنداق نوپۇزنى كۆرمەسلىككە سېلىش - خۇددى چوغنى كۆرمەي قوغقا دەسسىگەندەك بىر ئىش بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سەئىدىيە سەلتەنىتىدىكى ئاشۇ بىر گۇرۇھ ئاقسۆڭەكلەرنى ئىسھاقىيە تەرىقىتىگە باغلاپ تۇرغان خۇراپىي ئېتىقاد يىپى بۇ نادان كىشىلەرنى خۇددى ئۆمۈچۈكنىڭ يېپىشقاق تورىدەك چىرمىۋالغانىدى. ئەلدە نادانلىق ئەۋج ئېلىشقا باشلىغانىدى. سەئىدىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ بېلىتىزىغا پالتا ئۇرغان جاھالەتلىك، پەسلىك، قاششاقلىق ۋە رەزىللىكلەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇ نادانلىقنى ئۆزىگە مەنبە قىلىشقانىدى. شۇنداق، تارىختىن بۇيان جاھاندىكى قارا نىيەتلەرمۇ ئۆز مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا مۇشۇنداق نادانلىقتىن پايدىلىنىپ كەلگەنىدى! ئىسھاق خوجىمۇ مۇشۇنداق نادانلىقتىن پايدىلىنىشقا بەل باغلىغانىدى! نادانلىق پاتقىقىغا پېتىۋاتقان بۇ ئەلدە ئۆمۈچۈكنىڭ يېپىشقاق تورىدەك مۇيدان يېقىمسىز خۇراپاتلىق تورىنى يىرتىپ چىقىپ كەتمەك ئۇنداق ئوڭايغا توختىمايتتى، ئەلۋەتتە! ھالبۇكى، دەھرىي سەلتەنەت بىلەن ئىسھاقىيە تەرىقىتىنى مۇرەسسەلەشتۈرۈشنى ئۇزاقتىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن خاقانىي ئەزەم سۇلتان مۇھەممەت خانمۇ بۇنىڭدىن ھەرگىز مۇستەسنا ئەمەس ئىدى!

بىراق، ئىسھاقىيە تەرىقىتى سەئىدىيە پاشاقلىرىغا ھەرگىز ماس كەلمەيتتى. بۇ نۇقتىنى سۇلتان ئابدۇكەرىم خان تونۇپ

يەتكەنلىكتىن، ئىسھاقىيە تەرىقىتىنى مۇلكىي قەشقەرىيە ھۆددۆتلۇقى ئىچىدە مەنئىي قىلغان ۋە خوجا ئىسھاقنى بەلگىلىگەن شۇرۇك ئىچىدە مەملىكەتتىن چىقىپ كېتىشنى بۇيرۇغانىدى!

سەئىدىيە ياساقلىرى دەھرىي ھاكىمىيەت تەرىپىدىن تۈزۈلگەن قانۇن ـ ياساقلار ئىدى. ئىسھاقىيە تەرىقەتلىرى سەئىدىيە ياساقلىرىغا قارىغاندا، روھانىي ئىدارىچىلىقتا تېخىمۇ ماس كېلەتتى. چۈنكى، ئىسھاقىيە تەرىقىتى قويۇق دىنىي تۈس ئالغان سوپىلار ئاۋھامچىلىقى ئىدى. ھالبۇكى، سەئىدىيە ياساقلىرى بولسا دەھرىي ھاكىمىيەتنىڭ پۈتۈن سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتىنى قانۇن ـ تۈزۈم بىلەن ئىدارە قىلىشىغا ئاساس بولاتتى ۋە سەئىدىيە سەلتەنىتىنىڭ ھۆلىنى چىڭىتىشتا تېخىمۇ كۈچلۈك جەڭگىۋارلىقتا ئىگە ئىدى. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سەئىدىيە مەشرۇتىيىتى لەشكىرىي بولغاندىلا، ئاندىن سەئىدىيە سەلتەنەتىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرگىلى، مەملىكەتنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداپ قالغىلى بولاتتى.

ئەمما سەئىدىيە مەشرۇتىيىتىنىڭ تەرىقەتىي بولۇشىنى خالايدىغانلارنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا بىر تالاي ئاساسلىرى بار ئىدى. شۇڭا، ئۇلۇغلار: «ئوت ئوتۇننى قانداق تېز يەپ تۈگەتسە، تەمە ۋە بايلىقمۇ سوپىنىڭ ئىمانىنى شۇنداق تېز يەپ تۈگىتىدۇ!» دەپ ئېيتىشقانىدى. بۇ مەملىكەتتە ئىسھاقىيە تەرىقىتىدىن ئۆز ئارزۇسى بويىچە مەنپەئەتلىنىۋاتقان تەمەگەر روھانىيلار، رىياكار مەنسەبدارلار بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دەھرىي ھاكىمىيەتتىكى نەپسانىيەتچىلىك، پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك، ئابرۇيپەرەسلىك ۋە باشقا ناچار ئىللەتلەر ئاستا ـ ئاستا سەلتەنەتكە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنى ئىچكى قىسمىدىن غاجاپ يەپ تۈگەتمەكتە ئىدى. مەملىكەتتە شەيخۇلئىسلامىمۇ دىنىي ھاكىمىيەت ئىدى. باش قازىمۇ ئۆز ئالدىغا ھاكىم ئىدى. ئۇلار شەرىئەت بويىچە ئادەملەرنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش ـ زىندانغا سېلىش ھوقۇقى

بىرلىگەن دىنىي پېشۋالار ھېساپلىناتتى. ھالبۇكى، بايلىق — مەرتىۋە ئىشىكتىن كىرسە، ئىمان ـ ئېتىقاد تۈڭلۈكتىن چىقىپ كېتىدۇ! ئەسلىدە سەئىدىيە سەلتەنىتىدە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيەتچىلىك ئۇدۇمى بويىچە روھانىيلارغا ھاكىمىيەتمۇ، بايلىقمۇ، مەرتىۋىمۇ بېرىلمەسلىكى كېرەك ئىدى. چۈنكى، دۆلەت ھاكىمىيىتى ئىسلام دىنىدا بولغاندىن كېيىن شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە قىلاتتى. بىراق، ھوقۇق، مەنپەئەت، مەرتىۋە دېگەنلەر بۇ روھانىيلار ئۈچۈن سۇ بىلەن ھاۋادەكلا مۇھىم نەرسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى.

سۇلتان مۇھەممەت خان چۇ ۋە تالاس جەڭىدە غەلىبە قۇچۇپ قايتقانلىقتىن «خاقانىي ئەزەم» دەپ ئاتالغانىدى؛ ئەلھال، ئاللاھقۇ بىلەن قەشقەر ئەتراپىدىكى جەڭلەردە تاجاۋۇزچى ئۆزبېكلەرنى تىرىپىرەن قىلىپ تاشلىغانلىقى ۋە ئۇلارنى يەكەندىن چېكىنىشكە مەجبۇر قىلغانلىقى ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، ئۇنى «يېڭىلمەس غالىپ خاقان» دەپ قارايدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ بىلەن قەشقەرنى ئۆزبېكلەرنىڭ مۇھاسىرىسىدىن قۇتقۇلدۇرۇش جېڭىگە بىللە قاتناشقان ئەمىر ۋول ـ ئۇمەرالار ۋە سىپاھ ـ جەڭچىلەر ئۆزبېكلەر ئاتقان ئوقلارنىڭ ئۇنىڭ ساۋۇت ـ قالقانلىرىغا تېگىپ قاڭقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەنىدى. ئۇلار «خاقانىمىز ئىسھاق خوجا نەقشىبەندى پىرىمىزدىن دۇئا ئالغانىكەن، شۇڭا ئۇنىڭغا ئوق ئۆتمەيدىكەن!» دېيىشىپ، سۇلتان مۇھەممەتخاننى بالا گەردان[①] دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشكەنىدى. ئەلۋەتتە، بۇ جەڭلەرگە قاتناشقانلارنىڭ ئارىسىدا ئىسھاقىيە مۇرىتلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. سۇلتان مۇھەممەت خان ئۇلارنىڭ قانلىق جەڭلەردە كۆرسەتكەن جانپىدالىقلىرىنى كۆرگەنلىكتىن ئۇلارغا بولغان

① بالاگەردان — بالا ـ قازادىن قۇتۇلدۇرغۇچى.

ھۆرمىتى تېخىمۇ ئاشقاندى.
«يىلان يىلىدىكى غەلىبە»[1] شەرىپىگە ئۇچۇن، سۇلتان مۇھەممەت خان دارۇلسەلتەنەت يەكەننىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ئوردانىلىقتا يەتمىش گەز ئېگىزلىكتە بىر مەشھۇر زەپەر دەرۋازىسى ياساتقاندى. ئارقا ـ ئارقىدىن قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇھارىبى ئۇتۇقلىرىدىن خاقانىي ئەزەم دەپ ئاتالغان بۇ سۇلتان مۇھەممەت خان تېزلا ئىسەنكىرەشكە باشلىغانىدى. ئۇ رەھمەتلىك شاھ ئاتىسى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ: «سۇ بالاسىدىن، ئوت بالاسىدىن، شۆھرەت بالاسىدىن خۇدا ساقلىسۇن!» دېگەن ئىبرەت سۆزىنى تامامەن ئېسىدىن چىقارغانىدى. ئوردىدىكى بەزى خۇشامەتچى ـ سۇخەنچىلەرمۇ ئۇنى بۇ تۆھپىلىرى بىلەن قۇتلۇقلىغان بولۇشۇپ: «ئى ھەزرىتى خاقانىي ئەزەم، بىلەمدىلا، سىلى مىڭ يىلدا[2] بىر قېتىم دۇنياغا كېلىدىغان خەلىپەتۇل خەلىپىدۇرلا! دۇنيادا ئادالەت ۋە ئاساينىشلىق ئورنىتىش ئۇچۇن ئاللا تائاللا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن مەھدىيدۇرلا!» دەپ ماختاپ كۆككە ئۇچۇرۇشقانىدى. شۇڭا، سۇلتاننىڭ «خاقانىي ئەزەم» دېگەن ئاتاق نامىغا يەنە «مەھدىي» دېگەن سۈپەت نامىمۇ قوشۇلۇپ، خۇتبىلەردە: «خاقانىي ئەزەم سۇلتان مۇھەممەت خان مەھدىي» دەپ زىكرى قىلىنىدىغان بولدى.

بۇ ئايىغى ئۈزۈلمەس ماختاشلار ھەقىقەتەن ئۇنى ھودۇقتۇرۇپ قويۇۋاتقانىدى. سۇلتان مۇھەممەت خان ماڭسا بەزىدە پۇتى يەرگە تەگمەيۋاتقاندەك، ئاجايىپ بىر ئىلاھىي كۈچ ئۇنى ئاسمانغا ئۇچۇرۇپ چىقىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئەلھال، مۇشۇنداق بىر پەيتتە نەمەنگان تەرەپتىن ئۇنىڭ نامىغا كەلگەن بىر مەكتۇپتا، ئىسھاقىيە تەرىقىتىنىڭ بالاگەردان نەقشبەندى پىرى

---

① مىلادى 1593 ـ يىلى ئۆزبېك خانى ئابدۇللاخان مۇلكىي قەشقەرىيىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ قاتتىق مەغلۇپ بولغانىدى. بۇ ۋەقە يۈز بەرگەن يىلى يىلان يىلى بولغانلىقتىن، تارىختا «يىلان يىلىدىكى غەلىبە» دەپ ئاتالغان.
② سۇلتان مۇھەممەت خان ھىجرىيە 1000 ـ يىلى تەختتە ئولتۇرغانىدى.

خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللانىڭ ئۇنى مۇلكىي قەشقەرىيىدىكى بارلىق مۇرىت - مۇرشىدلارغا «خەلىپە تۇل خەلىپە» قىلىپ تەيىنلەنگەنلىكى تىلغا ئېلىنغانىدى ۋە خوجا ئىسھاقنىڭ يەتتە ياشلىق ئوغلى شادى خوجا مۇلكىي قەشقەرىيەگە ئىسھاقىيە تەرىقىتىدىكىلەرگە پىر ئەزەملىكىگە تەيىنلەنلىكى ئالاھىدە تەكىتلەنگەنىدى.

نەمەنگاندىن ئەۋەتىلگەن مەكتۇپنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، سۇلتان مۇھەممەت خان ئۆزىنىڭ ئاقسارايدىكى شاھىنشىنىدە ئوردا كېڭىشى چاقىردى.

كېڭەشتە ئۇ ئىسھاقىيە تەرىقىتىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۆزىگە بېرىلگەن خەلىپەتۇل خەلىپىلىك مەرتىۋىسىنى قوبۇل قىلىش - قىلماسلىق مەسىلىسى بىلەن ئىسھاقىيە تەرىقىتىنىڭ ھازىرقى پىر ئەزەمى، يەتتە ياشلىق شادى خوجىنىڭ ئالدىغا ئىستىقبال قىلىپ چىقىش - چىقماسلىق مەسىلىسىنى مەۋكەبنىڭ مۇھاكىمىسىگە قويدى. ئۇنىڭ بۇ تەكلىپى كۈتمىگەن يەردىن ناھايىتى زور ۋە كەسكىن تالاش - تارتىشقا سەۋەبچى بولدى.

— ئى ھەزرىتى خاقانى ئەزەم مەھدىي جانابىي ئالىيلىرى، ئۆمۈرلىرى خىزىرنىڭكىدەك ئۇزۇن بولغاي! — دەپ ئۇنى قۇتلۇقلىدى سەدىرلەر سۇدۇرى[1] خوجا لەتىپ، — مۇبارەك بولغاي، سىلىگە تۇمەنمىڭ ھەسسىنات - قۇتلۇقلار بولغاي! خەلىپەتۇل خەلىپىلىك مەرتىۋىسى كۆرگەنلا پادىشاھ - سۇلتانغا نېسىپ بولىدىغان بەخت - تەلەي ئەمەس. شۇڭا، سۇلتانىمىزنىڭ شادى خوجىنىڭ ئالدىغا ئىستىقبال قىلىپ چىقىشى ئىنتايىن ھەقلىقتۇر!

— ھەيھات، ھەيھات! — دەپ ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلمىدى

① سەدىرلەر سۇدۇرى — پادىشاھنىڭ دىنىي ئىشلارغا مەسئۇل ۋەزىرى.

ئەمرۇل ئۇمەرا مىرزا شېرىپ ھەسەن بارلاس بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ، — ئىسھاقىيچىلەر خاقانىي ئەزەم سۇلتان مۇھەممەت خانغا خالىغىنىچە مەرتىۋە بېرەلەيدىغان قانچىلىك ئادەملەر ئىدى؟ ئۇلار يۇرت ـ ماكانىنىڭ تايىنى يوق، دەستەكسىز بىر تېجىمەللەرغۇ، تۇرلۇك بولمىغۇر ئىشلىرى تۇپەيلىدىن مەرھۇم سۇلتان ئابدۇكەرىم خان تەرىپىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان قوغلاندىلارغۇ؟ بۇزرۇكۋار بوۋام مىرزا مۇھەممەت بارلاس: «تەرىقەتنى بېشىغا چىقىرىۋالغان سەلتەنەت ئۆمرى كوتا سەلتەنەتتۇر!» دېگەنىدى. تەرىقەتنى ھېچقانداق باھانە ـ سەۋەب بىلەن ئىسلام شەرىئىتى ئورنىغا دەسسىتىشكە ھەرگىز بولماس!

ئۇ سۆزىنى توختىتىپ شەيخۇلئىسلام قازى رىزا بىلەن يەكەننىڭ باش قازىسى زىياۋىدىن دىۋانىلەرگە قاراپ قويدى ـ دە، ئاندىن سۆزىنى يەنە داملاشتۇردى:

— شەرىئەتنىڭ ئالىي سەركارى شەيخۇلئىسلام جانابلىرىمۇ سەلتەنەت تەرىپىدىن تەيىنلەنگەندۇر. مۆمىن پۇقرالار شەيخۇلئىسلامنى شەرىئەتنىڭ ۋەكىلى دەپ تونۇيدۇ. باش قازىمۇ شەرىئەت بويىچە ئۆز ئالدىغا ھاكىم ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، ئۇلار تەرىقەتچىلەردىن تۇپتىن پەرقلىنىدۇ. دەھرىي ھاكىمىيەت بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان تەرىقەت پۇقرالار ئۇچۇن ئېغىر يۈك بولۇپ قالىدۇ. ھەزرىتىم، ئۇنىڭ ئۇستىگە يەنە تەرىقەت ئىستىبداتىنىڭ يۈكى قوشۇلسا، پۇقرانىڭ قەددى پۈكۈلۈپ، يىلىكى ئۈزۈلۈپ كەتمەسمۇ؟ سەلتەنىتىمىزنىڭ تۈۋرۈكى بولغان پۇقرانىڭ قەددى پۈكۈلسە، سەئىدىيە سەلتەنىتى ئامانلىق تاپۇرمۇ؟ نىھايەت، سۇلتان ئابدۇكەرىم خاننى ئۆلتۈرگەنلەر دەل ھازىر خاقانىي ئەزەمگە خەلىپەتۇل خەلىپىلىك مەرتىۋىسىنى بېرىشنى ۋەدە قىلىۋاتقان ئاشۇ ناكەس تەرىقەتچىلەر ئەمەسمۇ؟ شۇڭا سۇلتان مۇھەممەت خان جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ئىستىقبالىغا بېرىشى مۇۋاپىق ئەمەس.

— ئى جانابى ئەمرۇل ئۇمەرا، بۇ گېپىڭىز ئورۇنلۇق ئەمەستۇر، — دېدى سەدىرلەر سۇدۇرى خوجا لەتىپ ئېتىراز بىلدۈرۈپ، — شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇلۇغ تەرىقەت يولىدا توغرا ئىش قىلغان، ئۇلۇغ تەرىقەتنى ھىمايە قىلغان ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغان پادىشاھلار ئەلۋەتتە خۇدانىڭ ھىمايىسىدە بولىدۇ. دەرۋەقە، سۇلتان ئابدۇكەرىم خاننى شېھىد قىلغان خانشەھىدخان دېگەن سىگال دەرۋىش ئىسھاقىيە تەرىقىتىنىڭ سوپى ۋەكىلى ئىدى. ئۇ سۇلتان ئابدۇكەرىم خاننىڭ ھاياتلىق شېخىنى كېسىپ يامانلىق قىلدى. يامانلىق قوترىغان ئىتتۇر، مەلۇمكى، ئىت قوترىسا ئىگىسىنى چىشلەيدۇ. نىھايەت، يامانلىقمۇ ئاخىر بىر كۈن ئۆزىنىڭ بېشىنى يەيدۇ! شۇڭا خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللا نەقشبەندى پىرىمىز ئۇنى ئىسھاقىيە تەرىقىتىنىڭ قاتارىدىن مەڭگۈ قوغلاپ چىقاردى! ئۇنداق قوترىغان ئىتلارنى ئىسھاقىيە تەرىقىتىدىكىلەر بىلەن بولۇپمۇ خوجا ئەزىزى ئىسھاق ۋەلىيۇللا بالاگەردان نەقشبەندى پىرىمىز بىلەن بىر تاياقتا ھەيدەشكە بولمايدۇ! يىلان يىلىدىكى غەلىبىدە ئىسھاقىيە تەرىقىتىنىڭ تۆھپىسى ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى سەۋەنلىكلىرىنى بېسىپ چۈشتى! ئىسھاقىيچىلەرنىڭ جان پىدالىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا ئۆزبېكلەر مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. ھەزرىتى خاقانىي ئەزەم سۇلتان مۇھەممەت خان مەھدىي جانابىي ئالىيلىرى ئىسھاقىيە تەرىقىتىدىكىلەرنى ئەپۇ قىلىنۋېدى، تەڭرىتائالانىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ كۆپ ساۋابقا ئىگە بولدى. شۇڭا دانىشمەنلەر: «گۇناھ قانچىكى چوڭ بولسا، ئۇنىڭ باراۋىرىدە ئەپۇنىڭ ساۋابى ھەم شۇنچە ئارتۇقراقتۇر!» دېگەن...

ئەمىرۇل ئۇمەرا مىرزا شىرىپ ھەسەن بارلاس ئۇنىڭ سۆزىنىڭ تۈگىشىنى كۈتمەستىنلا:

— يىلان يىلىدىكى غەلىبە — خاقانىي ئەزەم سۇلتان مۇھەممەت خان جانابىي ئالىيلىرىنىڭ دانالىقى ۋە جاۋانىمەرت

جەڭچى ـ باھادىرلىرىمىزنىڭ ئۆز ۋەتىنىنى قانلار كېچىپ قوغدىغانلىقىدىن قولغا كەلتۈرۈلگەن! — دەپ قايناپ سۆزلەپ كەتتى.
— شۇنداق، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى يەنە ئۈزۈپ تاشلىدى سەدىرلەر سۇدۇرى خوجا لەتىپ، — سىز دېگەن ئاشۇ جاۋانمەرت جەڭچىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئىسھاقىيە مۇرىتلىرىغۇ؟
— بۇنىڭغا كۆز يۇمماي مەن، ئى جانابىي ۋەزىر ئەزەم، — دېدى ئەمىر ۋۇل ئۇمەرا مىرزا شېرىپ ھەسەن بارلاسمۇ بوش كەلمەستىن، — بىراق بۇ غەلىبە خاقانىي ئەزەم سۇلتان مۇھەممەت خاننىڭ نىيىتىنىڭ دۇرۇسلىقىدىن قولغا كەلتۈرۈلگەن تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ تەرىقەتچىلەرنىڭ بەركاتىدىن بولغان دېيىش مۇمكىن؟ پادىشاھلارنىڭ دۇرۇس نىيىتى بولسا، شۇ ۋاقىتتا، يەنى مەملىكەتنىڭ دۈشمەنلىرىنى ۋە تەجاۋۇزچىلارنى يوقىتىۋاتقان چاغدا قالتىس ۋە ماقۇل كۆرۈنىدۇ. پادىشاھ تەۋەككۇل بىلەن ھىممەت ئايىغىنى ئەزىمەت ئۈزەڭگىسىگە قويسا، ئەلۋەتتە غەلىبە نۇسرىتىنىڭ لەشكىرى قوش ئات بىلەن ئىستىقبالغا كەلگۈسىدۇر!
بۇ چاغدا، سۇلتان مۇھەممەت خان مىرزاشاھقا قارىدى ۋە:
— جانابىي ۋەزىر ئەزەم، سىزنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىڭىزنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىلمەكچىمىز. قېنى سىزگە مەرھەممەت! — دېۋىدى، ئوردىدىكى كاتىباشلارنىڭ كاتتىۋېشى، دەپ ئاتىلىدىغان بۇ مىرزا شاھ دەرھال ئورنىدىن تۇردى ـ دە، سۇلتانغا ئېگىلىپ تەزىم بەجا كەلتۈردى. ئاندىن ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى:
— خاقانىي ئەزەم سۇلتان مۇھەممەت خان ھەزرىتى مەھدىي جانابىي ئالىيلىرىنىڭ يۇقىرىقى تۇرلۇك ئۇلۇش سۇپەتلىرى

بولغاندىن باشقا، بىرگە يەنە ئۇنىڭ تەۋازۇئە رەفىئۇللاھلىق[1] سۈپىتىمۇ ئاياندۇر! ھېدىستە: «كىمكى خۇدا رىزاسى ئۈچۈن ئۆزىنى تۆۋەن تۇتسا، خۇدايىتائالا ئۇنىڭ دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ» دېيىلگەن. بۇ ھەقتە سامانىيلار سۇلالىسىدىن[2] قالغان بىر ھېكايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ:

نەزەر ئىبنى ئەھمەت سامانىي[3] پادىشاھ بولغان زاماندا، ئوغلىغا مۇنداق دەپ ۋەسىيەت قىلغانىكەن: «قولغا كەلتۈرگەن مەملىكىتىم مەندە تۇرسۇن دېسەڭ، تىلابە ۋە تەدبىر-شۆكى، خەزىنىگە ئىشەنچ قىلما، چۈنكى مال - دۇنيا زاۋالغا يەتكۈسىدۇر؛ لەشكەرلەرگە ئىشەنمە، چۈنكى ئۇلار خىزمىتىڭدە باقىي تۇرالماس؛ مەملىكەتنىڭ ئاۋاتلىقىغا مەغرۇر بولمىغىن، چۈنكى ئاخىر ۋەيران بولىدۇ؛ كەرەم - مەردلىك قىلماققا مەشغۇل بولغىن. تەۋازۇ - كەمتەرلىك كۆڭۈللەر قۇشىنى ئوۋلاشتىكى ئىككى دامدۇر. ھەر كىم شۇ ئىككى دامنىڭ بىرىگە ئېلىنسا، بوشىنىشقا ئىلاجى بولمايدۇ.»

دېمەك، بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئۆزىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىدىن كېچىپ، باشقا كىشىنى ئەزىزلىگەن ۋە مۆھتەرەم بىلگەن كىشىنىڭ زاتى قەدىرلىك ۋە مەرتىۋىسى يۇقىرى بولىدۇ. ھەزرىتى خاقانىي ئەزەم سۇلتان مۇھەممەت خان مەھدىي جانابىي ئالىيلىرى دەل مۇشۇ خىلدىكى ئۇلۇغلار قاتارىغا مەنسۇپتۇر. تەرىقەت پېشىۋالىرىغا تەۋازۇلۇق قىلغان ھەر قانداق پادىشاھ - سۇلتاننىڭ بۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە دۆلەت بىلىكى قۇۋۋەتلىك، شەۋكەت تۇغى يۇقىرى بولۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىلاھا، دەرۋىشلەرنى ئارقىسىدىن يەتتە قەدەم يەركىچە ئۆزىتىپ بارغان كىشىنى ئىككى ئالەملىك ئەزىز قىلغايسەن، ئۇنىڭ

① بۈيۈك كەمتەرلىك دەرىجىسى.

② ③ سامانىيلار سۇلالىسى مىلادى 874 - يىلى نەزەر ئىبنى ئەھمەت سامانىي تەرىپىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇرۇلغان سۇلالە. نەزەر ئىبنى ئەھمەت مىلادى 874 - يىلىدىن 892 - يىلىغىچە سامانىيلار تەختىدە ئولتۇرغان.

نەسلىدىن يەتتە كىشىنى پادىشاھ قىلغايسەن، ئۇلار ئۇچۇن يەتتە دوزاخنى ھارام قىلغايسەن!» دېگەنىكەن. ھەزرىتى ھەقسۇبىنھانە ۋەتائالانىڭ دەرگاھىدا پادىشاھلارنىڭ دەرۋىشلەرنى زىيارەت قىلمىقى ئىبادەتتۇر. دەرۋىشلەرنىڭ پادىشاھلار قېشىغا بېرىشى گۇناھى مەئسىيەتتۇر. شۇنىڭ ئۇچۇن، خاقانىي ئەزەم سۇلتان مۇھەممەت خان جانابىي ئالىيلىرىنىڭ شادى خوجا ئەزىزلەرنى قارشى ئېلىش ئۇچۇن قوش گۇمبەزگە ئىستىقبال قىلىپ چىقىشى تامامەن پادىشاھلىق ئۇدۇمغا مۇۋاپىقتۇر. ياخشى دەرۋىشلەرگە تەۋازۇ قىلماقنىڭ خاسىيىتى بىسياردۇر.

مەۋكەبتىكىلەرنىڭ كاتتىۋېشى بولغان ۋەزىر ئەزەم مىرزا شاھىنىڭ ئۆزىنىڭ كۆز - قارىشىنى قوللىغانلىقىنى كۆرۈپ، سەدىرلەر سۇدۇرى خوجا لەتىپ تېخىمۇ دادىللاشتى:

— مەنمۇ سۇلتان مۇھەممەت خان جانابىي ئالىيلىرىنىڭ شادى خوجىنىڭ ئالدىغا ئىستىقبالغا چىقىشىنى قوللايمەن، — دېدى ئۇ، — نىھايەت، ئىسھاق خوجا تەرىقەت ئەھلى ئېتىراپ قىلغان بالا گەردان نەقشىبەندى پىرىمىز ئىكەن، ئۇ ھالدا، سۇلتانىمىزنىڭ ئىسھاقىيە تەرىقىتى مەرھەمەت قىلغان خەلىپەتۇل خەلىپىنىڭ مەرتىۋىسىنى مەقبۇل كۆرمىكى تېخىمۇ مۇۋاپىقتۇر. خاقانىي ئەزەم سۇلتان مۇھەممەت خان خەلىپەتۇل خەلىپىلىك مەرتىۋىسىدە بولسا ئۇ ھالدا، ئىسھاقىيە تەرىقىتىدە بەندىچىلىك قىلىدىغانلارغا ئۆز پەرمانىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرالايدۇ ۋە خەلىپەتۇل خەلىپىلىك مەرتىۋىسى بىلەن ھەم دەھرىي ھاكىمىيەتنى، ھەم روھانىي ھاكىمىيەتنى بىر ئۆزىنىڭ قولىغا تەنھا مەركەزلەشتۈرەلەيدۇ!

— جانابىي سەدىرلەر سۇدۇرى، بۇ گېپىڭىز نادۇرۇستۇر! — دېدى ئەمىرۇل ئۇمەرا مىرزا شېرىپ ھەسەن بارلاس، — تەرىقەتچىلەر پەقەت خانىقادىلا تەرىقەتچى ھېسابلىنىدۇ! خانىقانىڭ سىرتىدا بولسا ئۇلار سەئىيدىيە

مەملىكىتىنىڭ پۇقرالىرىدۇر. تەرىقەتنى سەلتەنەت بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويۇش نەتىجىسىدە ئەركانى دۆلەتكە خارابىلىق ۋە قۇسۇر يېتىدۇ. تەرىقەتنى شەرىئەت بىلەن باراۋەر ئورۇنغا قويۇش نەتىجىسىدە، پۇقرالار ئۇچۇن يەنە تەرىقەت ئىستىبداتلىقىنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق قىلىش — زالىمنى پۇقراغا سەركەردە قىلغان بىلەن، بۆرىنى چوپان قىلغان بىلەن باراۋەردۇر!

ئەمرۇل — ئۇمەرا مىرزا شىرىپ ھەسەن بارلاسنىڭ بۇ سۆزىدىن چۇچۇشقان مەۋكەب شاھىنشىندە چوقان كۆتۈرۈشتى:

— ئاڭلىدىلامۇ ئى پۇشتىپاناھ، مىرزا شىرىپ ھەسەن بارلاسنىڭ سۆزى ئىسياندىن دېرەك بېرىدۇ! ئۇنىڭ تەكلىپىنى ھەرگىز قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ! بولمىسا، مەملىكەتتىكى ئىسھاقىيچىلەر غۇۋغا كۆتۈرۈشۈپ، جانابىي ئالىيلىرىنى دەھرىيلىكتە ئەيىپلىشىدۇ! ئىسھاقىيە تەرىقىتى سەئىدىيە سەلتەنىتى ئۇچۇن بالا گەرداندۇر!

بۇ چاغدا ئەمرۇل ئۇمەرا مىرزا شىرىپ ھەسەن بارلاس سۇلتاندىن ئىجازەت سورىدى. سۇلتان مۇھەممەت خان بېشىنى لىڭشىتىپ ئۇنىڭ سۆزلىشىگە رۇخسەت قىلدى.

— ئى خاقانىي ئەزەم، — دېدى مىرزا شىرىپ ھەسەن بارلاس ئىككى قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ تۇرۇپ، — يېزىگە ھەقىقىي بالاگەردان بولغۇچىلار ھەرگىزمۇ ئاشۇ جاھالەت پىرلىرى بولغان ئەھلى تەرىقەتچىلەر ئەمەس، بەلكى سەئىدىيە سەلتەنىتىنى ئۆز يەلكىسى بىلەن كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان ئاشۇ مېھنەتكەش سەئىدىيە خەلقىدۇر! پەقەت خەلق، خەلقلا يېزىگە ھەقىقىي ۋە سادىق بالاگەردان بولغۇسى!

بۇ چاغدا شاھىنشىنىڭ بولۇك — پۇچقاقلىرىدىن ئەمرۇل — ئۇمەرا مىرزا شىرىپ ھەسەن بارلاسنىڭ نامىغا قارىتىپ ئېيتىلىۋاتقان تەنە — مالامەت سۆزلىرى ئاڭلىنىشقا

باشلىدى:

— مۇرتەد، ئىمانسىز، دەھرىي!...

بۇ چاغدا سۇلتان مۇھەممەت خان قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ۋارقىرىشىۋاتقان رەئىيەگە تىنچلىنىش ئىشارىتىنى قىلدى. بايىتىن قوماچتەك پاراقلاپ كەتكەن شاھنىشىن ئەمدى يىڭنە چۈشسە ئاڭلانغۇدەك تىتماسلىق ئىچىگە چۆمدى.

سۇلتان مۇھەممەت خان ئاستا ئەمما ئېدىنتلىق سۆزلەشكە باشلىدى.

— ئەگەر بىراۋ ھاجەت تىلەپ كەلسە، ئىلاجىنىڭ بارىچە ئۇنى ھاجەتتىن چىقارماق لازىمدۇر. شۇڭا، ھەدىستە: «كىمكى باشقىلارغا ياردەم بېرىدىكەن، ھەقسۇبھانەۋەتائالا ئۇكىشىگىمۇ ياردەم بېرىدۇ. ھەر كىشى ھەقتائالانىڭ نېمەتلىرىدىن قانچىلىك نېسىۋىگە ئېرىشكەن بولسا، ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ موھتاجلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلماق، ئاجىزلارنىڭ ھوقۇقىنى ئادا قىلىشىغا ياردەم بەرمەك ۋاجىپتۇر» دېيىلگەن. ئەزىزلەر بىزگە مېھماندۇر، ھەر كىمنىڭ قۇدرىتى – ھوقۇقى قانچىلىك يۇقىرى بولىدىكەن، شۇنىڭ باراۋىرىدە موھتاجلارنىڭ ھاجەت – تىلاۋەتلىرىنى راۋا قىلماقنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سائادىتى دەپ بىلىش كېرەك. چۈنكى، بىر دەرۋىشنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلماق — پۈتكۈل ئادىمىزات ۋە پەرىلەرنىڭ ئىبادىتى بىلەن باراۋەردۇر.

بۇ چاغدا، مىرزا شېرىپ ھەسەن بارلاس:

— ئى ھەزرىتى پۈشتىپاناھ، — دەپ سۇلتاننىڭ سۆزىنى بىمەھەل ئۈزۈپ تاشلىدى، — مېھماننى چىللاپ كەلمەك ئاسان بولغىنى بىلەن كەتكۈزۈۋەتمەك بەسى قىيىندۇر! ئىنسان بەخت — سائادەتنى باشقىلاردىن ئىزدەپ ئاۋارە بولماسلىقى كېرەك. چۈنكى، ئۇلارنى ھېچكىم تەييارلاپ بېرەلمەيدۇ. مۇھەببەت بىلەن شەپقەتمۇ، پاراغەت بىلەن بەختمۇ پەقەت ئۆز

قەلبىنىڭ ئىشتىراكىدا، ئۆز پەزىلىتى، مېھنەتلىرى ئاساسىدىلا بارلىققا كېلىدۇ! شۇڭا، نېمە ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا باشقىلارنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى كۆزلىگەندە كېمىز؟!

— ئىخلاسى سۇس مۇغۇل، ئىمانسىز مۇرتەد! — دەپ سەدىرلەر سۇدۇرى ئۇنى تىللىدى چىشىنى غۇچۇرلىتىپ.

— راست ئېيتىسىز جانابىي سەدىرلەر سۇدۇرى، — دېدى مىرزا شېرىپ ھەسەن بارلاسمۇ بوش كەلمەستىن، — بىراق ئىمان ـ ئىخلاس پەقەت دىلىدا بولغاندىلا، ئاندىن ئىنسان ئۆز ئەتراپىنى گۈل ـ چېچەككە پۈركىيەلەيدۇ! شۇڭا، ئىنسان باشقىلارنى ئەمەس بەلكى ئۆز دىلىنى ئۆزىگە سەجدىگاھ قىلىشى كېرەك!

سۇلتان مۇھەممەت خان ئۇلارنىڭ بەس ـ مۇنازىرە، تىل جېڭىنى ئاڭلاپ جىم ئولتۇراتتى. ئۇ بۇنىڭدىن ئوتتۇز يىل ئىلگىرىكى ياشلىق ۋە تەجرىبىسىزلىكىدىن ئوڭايلا ئوتتۇرىغا سەكرەپ چۈشىدىغان تەنتەك شاھزادە ئەمەس ـ تە.

— ئى زاتى شەرىفلەر، — دېدى ئۇ شاھنىشىن ئۈستىدىن تۇرۇپ، — ئەسلى قائىدە شۇكى، ئىلاج بولسىلا، ئۆزىگە دۈشمەن پەيدا قىلماسلىق، مېھمان بولۇپ كەلگەن دوستلارغا خارلىقنى راۋا كۆرمەسلىك لازىم. مۇبادا، ئۇ دۈشمەن بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا دىلناۋازلىق ۋە مەرھەمەتسازلىق قىلماقلىق لازىم. ئۇ بەلكىم بۇنىڭ بىلەن دوست بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس. دوستنى ئىززەت ۋە مەرھەمەت بىلەن ئۇلۇغلاش لازىم، دوستلۇقى مەھكەم بولسۇن. دوستلارنىڭ ئىتتىپاقى پەتھى ـ نۇسرەت سەۋەبىدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇزرۇكلارنى ئۆزىگە سىرداش تۇتماق لازىمدۇر. ھەر كىم شەرىئەتتىن تاشقىرى ئىش قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا شەرىئەت ھۆكۈمى بىلەن ئەدەب بەرمەك — پادىشاھلار ۋە ھاكىملارنىڭ مەرتىۋىسىدۇر. ئەگەر ئەدەب

بەرمەك، مەنئىي قىلماق قولىدىن كەلمىسە، تىل بىلەن نەسىھەت قىلماق كېرەك، بۇ — ئەللامەلەر، تەقۋادارلار مەرتىۋىسىدۇر. تىل بىلەن نەسىھەت قىلالماي، قورسىقىدىلا غۇم ساقلاپ يۈرمەك — ئىمانسىز دەرۋىشلەر مەرتىۋىسىدۇر. شۇڭا، قەدىمكىلەرنىڭ جەۋر — زۇلۇمنى پارىخور ئەمەلدارلارغا، رەشىك — ھەسەتنى مولالا — ئىشانلارغا، پىتنە — كىبىرنى سودىگەر — زەردارلارغا، ھىيلە — مىكىرنى تەنناز جۇۋانلارغا تەقلىد قىلىشى بىكار ئەمەس!

— ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا كېڭەشنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئېلان قىلدى...

بىراق، خاقانىي ئەزەم سۇلتان مۇھەممەت خاننىڭ دەھرىي سەلتەنەت، شەرىئەت ۋە روھانىي تەرىقەت گۈللىرىدىن ھەسەل ھەرىسىدەك گۈلدىن گۈلگە قونۇپ ئالماقچى بولغان لەززەتلىرى ئۇزاققا بارماي زەھەر — زوققۇمغا ئايلىنىپ، يۈرىنىدىن بۇلاق بولۇپ تېمىشقا باشلىدى.

تاغ تەرەپتىن بىر لاچىن پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ كەلدى. ئۇ يەلكىسى توق قىزغۇچ، قورسىقى ۋە بويىنى ئاق، يىلان يەيدىغان تاغ لاچىنى ئىدى. لاچىن سېرىق رەڭلىك ئالقىنىدا بىر قارا يىلاننى دۈمبىسىدىن چاڭگاللاپ كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ تۆمۈر تىرناقلىرى ھېلىقى يىلاننىڭ سوغۇق بەدىنىگە چوڭقۇر پېتىپ كەتكەنىدى. بۇ بىلەكتەك تومىلۇقتا، ئىككى گەز ئۇزۇنلۇقتا، تولۇق يېتىلگەن ۋە راسا كۈچكە تولغان زەھەرلىك ئاق يەر يىلىنى ئىدى. ئۇ غەزەپلەنلەنگەنلىكتىن ھەدەپ ئۆزىنى ئىككى ياققا تاشلاپ يۇلقۇناتتى. بىراق، لاچىن تېز ئۇچقانلىقتىن، يىلان ھالسىزلىنىپ بېشىنى كۆتۈرەلمەيۋاتاتتى.

ئاخىر قاتتىق ئاغرىق ئازابىغا چىدىيالمىغان بۇ يىلان قىلدەك تولغىنىپ يۈرۈپ، لاچىننىڭ بويىنىغا چىرمىشىپ يۆگىلىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. يىلان ئۇتلۇق قارا تىلىنى چىقىرىپ ۋىشىلدىغىنىچە ئۆزىنى تۆمۈر تۇمشۇقى بىلەن چوقۇپ، تىتماقچى بولۇۋاتقان لاچىنغا نەشتەر ئۇرماقچى بولۇپ ھەدەپ ئېتىلاتتى - يۇ، بېشىنى دەرھال تارتىۋالاتتى. بىر چاغدا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان لاچىن يىلاننىڭ جىمىپ قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى چوقۇماقچى بولۇپ تۇمشۇقىنى سوزۇشىغا، يىلاننىڭ ياپىلاق ئۈچبۇرجەك ئاغزىدىن قاپقارا ئىنستەك بىر قارا چاقماق ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ ھەرگىز ئالدىنى ئېلىپ بولغىلى بولمايدىغان دەھشەتلىك ۋە زەھەرلىك چاقماق ئىدى. ئۇ ئېتىلىپ چىققىنىچە لاچىننىڭ تۆمۈر تۇمشۇقى ئۈستىدىكى كۆزىگە «تارس» قىلىپ تېگىپ كەتتى! قارا يىلان تاغ لاچىنىنىڭ كۆز چەشمىسىنى ئۆزىنىڭ بارلىق زەھىرى بىلەن لىق تولدۇرۇپ قويدى.

بۇ تۇيۇقسىز زەربىدىن گاڭگىراپ قالغان تاغ لاچىنى ئاسماندا بىر دەقىقە قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ جانسىز قاناتلىرىنى كەرگەن ھالدا خۇددى تۇزۇپ كەتكەن توخۇ پەيلىرىدەك ھاۋادا بىر - ئىككى دەقىقە لەيلەپ يۈردى، ئاندىن يەرگە قاراپ بىراقلا موللاق ئېتىپ چۈشۈپ كەتتى! لاچىن يەرگە چۈشكەندىن كېيىن پاخپايغان قاناتلىرىنى بىر ئىككى قېتىم ئارانلا قىمىرلاتتى - دە، يەر ئۈستىدە ئەبەدىي يېتىپ قالدى. ھېلىقى يارىلانغان قارا يىلان ھەرتەرەپكە تولغىنىپ، ئاخىر ئۆلۈك ياتقان تاغ لاچىنىنىڭ جانسىز چاڭگىلىدىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى - دە، دۈشمىنىنىڭ سوۋۇپ قالغان جەسىتىنى تاشلاپ، زىدىلەنگەن تېنىنى ئاران سۆرەپ چاتقاللىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كۆزدىن يوقالدى.

* * *

قىزىق كۆز ئىسسىقىدا ئەسىرلەردىن بۇيان قاغجىراپ ياتقان ھىمىتىنىڭ سېپىي يالقۇنجاپ كۆيمەكتە ئىدى. چەپقۇل تەرەپتە ئۇستى ـ بېشى ئاق قار، كۆك مۇز بىلەن قاپلانغان ئېگىز قاراڭغۇلۇق تاغلىرى① يىراقتىن قارىيىپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئوڭ قول تەرەپتە كۆك ئاسمان كۆز يەتكۈسىز قۇم بارخانلىرى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەنىدى. ئەگەر چەپقۇل تەرەپتىكى ئېگىز قاراڭغۇلۇق تاغلىرى ۋە ئوڭقول تەرەپتىكى قۇم بارخانلىرى بولمىسا، بىر تۇپمۇ گىيا ئۈنمىگەن ھىمىتىنىڭ سېپىنىڭ قەيەرگىچە سوزۇلۇپ باردىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ بولغىلى بولمايتتى.

قاراڭغۇلۇق تاغلىرى تەرەپتىن ئېقىپ چىقىپ، ھىمىتىنىڭ سېپىغا كەلگەندە بىر ـ بىرى بىلەن قوشۇلىدىغان كىچىك ئېقىنلاردىن ھاسىل بولغان توپىلىق ئېقىنى قاقاس سايىنى قاپ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، يىراقتىكى قۇم بارخانلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كۆزدىن غايىپ بولاتتى. غىلاڭ تاشلىق ساي تۆگەپ سىغىز توپىلىق يارداڭلىق باشلانغان دۆڭلۈكنىڭ بىر چېتىدە ئالدى توپىلىق ئېقىنىغا قارىتىلىپ سېلىنغان ئىككى گۈمبەز چوقچىيىپ تۇراتتى. بۇغرا قۇمى يولى دەپ ئاتالغان قەدىمكى يەكەن ـ قەشقەر يولى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئاشۇ ئىككى گۈمبەزنىڭ نامى بىلەن قوش گۈمبەز دەپ ئاتىلىدىغان كونا مازارنىڭ يېنىدىن ئەگىپ ئۆتەتتى. ھەر يىلىدا بىر نۆۋەت بولىدىغان نورۇز ئايىمىدە يۇرت ـ يۇرتتىن كىشىلەر نورۇز ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بۇ يەرگە توپلىناتتى. باشقا چاغلاردا بولسا كەچ

① قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ قەدىمكى ناملىرىدىن بىرى.

قىلىپ قونالغۇ قىلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە چۈشكەن بىر - ئىككى يولۇچىدىن باشقا ئادەم يوق دېيەرلىك ئىدى.

بىراق، يېقىنقى ئۈچ - تۆت كۈندىن بېرى چۆلدىكى يالغۇز بۇتخانىدەك مىسكىن تۇرىدىغان بۇ قوش گۈمبەز باشقىچىلا ئاۋاتلىشىپ كەتكەنىدى. توپىلىق ئېقىلىنى بويلاپ قاتار - قاتار تىكىلگەن رەڭگا - رەڭ خىمە - چېدىرلار، ئاق ئۆيلەر بۇ قاقاس چۆللۈكنى كۆچۈم شەھەر ھالىتىگە كەلتۈرگەنىدى. خىمە - چېدىرلار بىلەن ئاق ئۆيلەر ئارىسىدا رەستە - بازارلار بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ بازارلاردا خۇددى دارۇلسەلتەنەت يەكەن شەھىرىدىكىدەكلا كىيىم - كېچەك، مال - چارپاي، چەرەندە - پەرەندە، گۆش - ياغ، توخۇ - تۇخۇم، ئۇن - گۈرۈچ، سۈيۈق - قويۇق ماي، ئوت - بوغۇز، نان - توقاچ، ئوتۇن - كۆمۈر ۋە ھەر خىل كۆكتات، مېۋە - چېۋە، قوغۇن - تاۋۇز، يەل - يېمىش، ھالۋا - قەندالات، ھەر خىل مەجۇن - لەبەك، كۆكنار - نېشە، مۇرابба - شەربەت قاتارلىق شەھەر - بازارلاردا تېپىلىدىغان ۋە تېپىلمايدىغان نەرسىلەر سېتىلاتتى. ئاش قىلىدىغان بۇرچىخانىلار ئىككى قاتاردىن بولۇپ، ئاشپەز - تەبباخلار نەچچە يەردە كاتتا قازان ئاستۇرۇپ گۈرۈچ ئاش ۋە سۇيۇق ئاش پىشۇرۇپ ساتاتتى. نانۋاي - سامسىپەزلەر كۆچمە تونۇر - ئۇچاقلىرىدا سامبۇسا، سامسا، گۆش گىردە، پەرمۇدە، شېرنمان نان ۋە كاكچا نانلارنى يېقىپ پىشۇرۇپ تەۋەك - تەۋەگلەردە تىزىپ دۆۋىلىۋەتكەنىدى.

سۇلتان مۇھەممەت خاننىڭ ئوردۇگاھى قوش گۈمبەزنىڭ يېنىغا تىكىلگەنىدى.

ھىجرىيە 1005 - يىلى ماھىي سەپەرنىڭ ئۈچىنچى كۈنى[①] جۈمە ئىدى. ئۆز مەرتىۋىسى ۋە روتبىسى بويىچە مۇراسىم

① مىلادى 1596 - يىلى 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى.

كىيىملىرىنى كىيىشىپ كاتتا ياسىنىشقان ئەمىر ـ ئۆمەرا، بەگ ـ بەگلەر، ئەكابىر ـ ئەشرەپلەر سۇلتان مۇھەممەت خاننىڭ پەرمانى بويىچە ئوردىگاھ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا يىغىلىشتى.

ئوردىگاھنىڭ ئالدىدىن تاكى نەمەنگانلىق مېھمانلار ئاتتىن چۈشىدىغان يەرگىچىلىك يەتمىش قەدەم ئارىلىقتا قىزىل كىگىزدىن پاياندار سېلىنغانىدى. بۇ سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ چەت دۆلەت مېھمانلىرىنى كۈتۈۋالغاندا كۆرسىتىدىغان ئەڭ ئالىي ھۆرمەت ئۆلچىمى ئىدى. سۇلتان مۇھەممەت خاننىڭ پەرمانى بويىچە بۈگۈن شادى خوجا باشچىلىقىدىكى نەمەنگانلىق مېھمانلارمۇ مۇشۇ دەرىجىدىن مۇشەررەپ بولماقچى ئىدى.

قوش گۈمبەزنىڭ بىر چېتىدە ئۆسكەن بىر توپ ئىگىز قېرى تۈت دەرىخىنىڭ ئۈستىدە قاراۋۇللۇققا چىقىرىلغان بىر نەۋكەر: «كەلدى، ئۇلار يېتىپ كەلدى!» دەپ ۋارقىرىۋىدى، ئىشىكئاغا مىرزا ئابدۇللا دەرھال ئوردا ئوركېستىرىغا قول ئىشارىتى قىلدى. ئوركېستىر ھەيۋەتلىك «سەربازچە» كۈيىنى ئورۇنلاشقا كىرىشتى. شوخ پەدىگە چېلىنىۋاتقان «سەربازچە» مۇزىكىنىڭ ساداسى ئىچىدە ھىممىتىنىڭ سىبىي لەرزىگە كېلىپ، پاختەك ـ قۇمرى قۇشلىرى ئوركۇشۇپ ھاۋاغا ئۆرلەشتى. خۇشناۋالىق سۇپىتورغايلار ئۆزلىرىنىڭ نالە ـ پىغانلىرى بىلەن ئەمدىلا كۆرۈشكەن ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ دىل ئەينەكلىرىدىكى پىغانلىرىنى قايناتقاندەك سايراشتى.

بۇ چاغدا يىراقتىن ئاتلىق ۋە ياياق كېلىۋاتقان ئۈچ ـ تۆت كىشىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. شاھانە ساينىۋەن ئاستىغا قۇرۇلغان تەخت كۇرسىدا ئولتۇرغان سۇلتان مۇھەممەت خان ئۇلارنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى. مىرزا ئابدۇللا ئىشىكئاغا مەۋكەبكە قول ئىشارىتى قىلىۋىدى، ئۇلار دەرھال سۇلتاننىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۆزئۆن ئىككى سەپ ھاسىل قىلدى.

ھېلىقى ئۈچ ـ تۆت كىشى ئوردىگاھنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا

يېتىپ كەلدى. سۇلتان مۇھەممەت خان ئۇلارغا سىنچىلاپ قاراپ كۆردىكى، ئاتنىڭ ئۈستىدە مەللەچەكمەن تون كىيگەن، بېشىغا ئورىۋالغان كىچىك سەللىسى بىر تەرەپكە قىڭغىيىپ قالغان، قوڭالتاق كەش كىيگەن پۇتىنى ئاتنىڭ ئارغامچا ئۈزەڭگىسىگە قويۇپ چىڭ تىرىۋالغان، ياداڭغۇ يۈزىنى سەپكۈن باسقان، ئورۇق، ئاۋاق بىر ئۆسمۈر ئولتۇراتتى. ئۇ كۆپ بولغاندا، يەتتە ـ سەككىز ياشلارغا كىرگەن بولۇپ، قول باغلاپ تۇرۇشقان بۇ ئادەملەرنى كۆرۈپ يېتىرقىغاندەك قىلىپ ئارقىسىغا داجىيىتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئاتنى يېتىلەپ كېلىۋاتقان ئاتمىش ياشلاردىكى بىر مويسىپىت ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى بوينىغا سېلىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن پىيادە كەلگەن ئۈچ كىشىمۇ دەرۋىشچە كىيىنگەن بولۇپ، بويۇنلىرىغا قەلەندەرلىك كاشكۇلىنى ئېسىۋالغانىدى.

ئۇلار ئوردىگاھ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، ھېلىقى مويسىپىت ئادەم ئاتنى توختاتتى ـ دە، قوللىرىنى مەيدىسىگە قويۇپ «ياخشى تۇردۇڭلارمۇ ئى ئەزىزانە ياركەنت ئەھلى!» دەپ جامائەتكە سالام قىلدى ۋە ئاتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان ھېلىقى ئۆسمۈرگە:

— كەلدۇق، ئى مەخدۇمزادە شادى خوجام. مانا ئەمدى يېتىپ كەلدۇق. سىز ئۇزاقتىن بېرى كېلىشنى زارىقىپ ئارزۇ قىلغان ئانا دىيارىڭىزغا يېتىپ كەلدۇق! — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

سۇلتان مۇھەممەت خان ھېلىقى مويسىپىتنىڭ سۆزلىرىدىن ئات ئۈستىدە ئولتۇرغان بۇ ئۆسمۈرنىڭ ئىسھاقىيە تەرىقىتىنىڭ ھازىرقى ئىمامى ھەزرىتى خوجا يەھيا خوجام پادىشاھ قەددىسە سىررەھۇ ـ ھىدايەتكە ھادى، قەددىسە خوجا شادى ئىكەنلىكىنى بىلدى ۋە ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك بىر ئەلنىڭ تەخت ساھىبى ئىكەنلىكىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە، شادى خوجىنىڭ ئارغامچا ئۈزەڭگىسىگە يۈز ـ

كۆزىنى سۈرتۈپ، ھېلىقى مويسىپىتنىڭ قولىدىن ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى ئېلىپ، بەزىدە چۇلۋۇرنى بوينىغا سىلىپ، ئۇدۇل قىزىل پاياندار ئۈستىگە يېتىلەپ كەلدى. بۇ تەسىرلىك مەنزىرىنى كۆرۈپ ھاياجانلانغان خالايىق گۈرۈلدىشىپ كېتىشتى. ئۇلار ئوردۇگاھنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە تۆت ئەمىرۇل ـ ئۇمەرا تۆت تەرەپتىن يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ ئۆسمۈر شادى خوجىنى ئاتنىڭ ئۈستىدىن كۆتۈرۈپ قىزىل پاياندار ئۈستىگە چۈشۈردى ۋە قولتۇقلىرىدىن يۆلەپ تۇرۇشتى.

— خۇش كېلىپسىلەر ئى ھىدايەتكە ھادى، قەددىسەھۇ خوجا شادى! — دەپ مۇبارەكبادلىق قىلدى سۇلتان مۇھەممەت خان، — ھەدىسى شەرىفتە: «كىمكى بىر زاھىدنى قۇچاقلاپ، بوينىغا قول سېلىپ كۆرۈشسە، مېنىڭ پەيغەمبەرنى قۇچاقلاپ كۆرۈشكەندەك بولىدۇ!» دېگەن پەيغەمبەرنىڭ بۇ سۆزى بويىچە ئۆزلىرىنىڭ بويۇنلىرىغا قول سېلىپ كۆرۈشۈشكە ئىجازەت بولۇرمىكىن؟

ئەگەر خۇداۋەندە ئالەمىيان ئۆز بەندىلىرىنىڭ يۈزىگە دۆلەت ئىشىكلىرىنى ئاچماقنى ئىرادەت ۋە تەقدىر قىلسا، ھەر خىل باھانە ۋە سەۋەبلەر بىلەن ئۇنىڭغا دۆلەت ۋە ئىززەت بېغىشلايدىكەن. گەرچە خوجا ئىسھاقنىڭ ئوغلى شادى خوجا تېخى ئۆسمۈر نارەسىدە بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قىسمەت پېشانىسى بۇ تەقدىر سۇبھانەگە مۇۋاپىق چۈشكەنىدى.

شادى خوجا سۇلتان مۇھەممەت خاننىڭ سۆزلىرىدىنى چۈشەنمىگەندەك قىلىپ يېنىدىكى ھېلىقى مويسىپىتكە قارىدى. مويسىپىت ئۇنىڭغا: «ماقۇل دېگىن!» دېگەندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئۇ قوناق شېخىدەك ئىنچىكە قوللىرىنى سۇلتان مۇھەممەت خانغا سۇندى. سۇلتان ئۆسمۈرنىڭ قوللىرىنى كۆزلىرىگە سۈرتۈپ بەندىچىلىكنى ئادا قىلغاندىن كېيىن قوللىرىدىن تۇتۇپ يېتىلىگەن پېتى ئۇنى ۋە ھېلىقى مويسىپىت

باشلىق يەنە باشقا نەمەنگانلىق مېھمانلارنى ئوردىۋگاھنىڭ ئىچىگە باشلاپ ماڭدى. بۇ چاغدا ئوردا باغرىچىلىرى قولليرىدىكى كۈمۈش چوكىلىرى بىلەن ئالتۇن باغرىلارنى شادىيانىگە كەلتۈرۈپ ئۇرۇپ، پۈتۈن قوش گۈمبەزنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتتى. ناغرىغا تەڭكەش قىلىنىپ چېلىنىۋاتقان سۇنايلار بەجايىكى دۆلەت تويىدىن دېرەك بېرىۋاتقاندەك قىلىپ، توختىماستىن زارلايتتى.

سۇلتان مۇھەممەت خاننىڭ قوش گۈمبەزدىكى ئوردىگاھى ئون سەككىز تۈۋرۈكلۈك خىمە - چېدىردىن ياسالغان يوغان بىر ئۆي ئىدى. سۇلتان شادى خوجىنى قولىدىن تۇتقىنىچە توردىكى شاھ سۇپىغا يېتىلەپ كەلدى - دە، ئۇنى ئۆز يېنىغا ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن باشقىلارنى جايى - جايىغا كۆرسەتتى. مېھمانلار بىلەن دۆلەت ئەركانلىرى ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن سۇلتاننىڭ باكاۋۇللىرى پەتنۇس - پەتنۇسلاردا، لىگەن - لىگەنلەردە قەن - ناۋات، پىستە - بادام، مۇنىر - قەندالات، ئالما - ئانار، قوغۇن - تاۋۇز ۋە ھەر خىل مېۋە - چىۋە قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىپ داستىخان سالدى. ئارقىدىن ھايال بولماي بىر داشقازان قويۇقئاشنى قازىنى بىلەن كۆتۈرۈپ كېلىپ، شادى خوجاملارنىڭ ئالدىدا ئاغزىنى ئېچىپ ئاش تارتتى.

— ئەزىزلەرنىڭ كۆڭلىگە خورسەنلىك يەتكۈزۈش، — دېدى سۇلتان مۇھەممەت خان كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — ناھايىتى ئۇلۇغ ئىشتۇر. ھېكايە قىلىنىشىچە، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بىر كۈنى ئەتتىگەندىن كەچكىچە ھۆكۈمەت ئىشىنى ئىشلەپ ئولتۇرغان بولسىمۇ ئەمما شۇ بىر كۈن ئىچىدە ھېچكىم ئۇنىڭغا ئەھۋال ئېيتىپ پاكى ھاجەت تىلەپ كەلمەپتۇ. كەچ بولۇپ، ئىشتىن يانغاندا، پادىشاھ ئۆزىنىڭ ئەئيانلىرىغا:

— مەن بۇ بىر كۈننى ئۆمۈر كۆرگەن ھېسابلىمايمەن، —

دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان بىرەيلەن ئارىغا سۆز قىستۇرۇپ دەپتۇكى:
— ئەي پۇشتىپاناھ، بۇگۇن ئۆزىڭىزنىڭ تەن سالامەتلىكىڭىز ياخشى، بىر كۈنلۈك ئۆمرىڭىز مەنىلىك سۆھبەتلەر بىلەن ئۆتتى. دۆلەت ئەربابلىرى مەقسىتىڭىزگە مۇۋاپىق ئىش كۆتۈۋاتىدۇ. دۆلەت تىنچ، لەشكەربي سىپاھلار مۇكەممەل، خەزىنىلەر بايلىق بىلەن تولغان. شۇنداق تۇرۇقلۇق، مۇشۇ بىر كۈننى ئۆمۈر كۆرمىگەن ھېسابىدا كۆرسىڭىز بۇ كۈننى نېمە دېيىش كېرەك؟
— ئەگەر پادىشاھتىن ئاجىزلارغا راھەت يەتمىسە، ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتى رۇۋا بولمىسا، ئۇنى قانداقمۇ پادىشاھلارچە ئۆمۈر كۆردى دېگىلى بولسۇن؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئۇنىڭغا، — پادىشاھنىڭ لەززىتى ئۈچ ئىش بىلەن ھاسىل بولىدۇ. بىرىنچى، دۈشمەنلەرنى يېڭىپ مەغلۇپ قىلىش بىلەن؛ ئىككىنچى دوست ـ يارەنلەرنىڭ كۆڭلىنى خۇشال، مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلىش بىلەن؛ ئۈچىنچىسى، ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىنى رۇۋا قىلىپ، ئازاد قىلىش بىلەن پادىشاھنىڭ كۈنى مەنىلىك ئۆتىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلارنىڭ پادىشاھ ئۈچۈن ئانچە لەززىتى يوق.
— ئىنشائالللا، — دېدى شادى خوجا، — بىز ئەزىزلەرمۇ خاقانىي ئەزەم، مەھدى ئاخىرقي زاماننىڭ تەرىپ ـ تۆسپىنى ئاڭلاپ، ئاستانىسىنى ماكان تۇتايلى، — دەپ بۇ تەرەپلەرگە كەپتۇق. ھە بۇ . . . بۇ . .
شادى خوجا ھېلىقى مويسىپىت ئادەمنىڭ يولدا ئۆگەتكەنلىرىنى بىر ـ بىرلەپ يادلىۋالغان بولسىمۇ، بۇنداق چوڭ سورۇننى كۆرۈپ باقمىغانلىقتىن تەمتىرەپ قېلىپ، نېمە دەيدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدى. ئاخىر ئۇ ھېلىقى مويسىپىت ئادەمگە قارىدى ۋە:
— قالغان سۆزلەرنى ئەتكەم نايىب ئىشان ئۇشتۇر خەلىپە

ئەلەيھىسسالام بولغان. ئەنبىيالار ۋە ئەۋلىيالار مەدەنىيەتىنى قۇرغان. ئەگەر ھەممەدىن ئاگاھلاندۇرۇپ قويسىلار! — دەپ سۆزىنى ئاران تۈگەتتى.

ئۇشتۇر خەلىپە دېيىلگەن ھېلىقى موسىپىت ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ، سۇلتان مۇھەممەت خانغا ئېگىلىپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئەگەر خۇداۋەندەكەرىم تەرىپىدىن پاناھ ئەنبىيا — مۇرسەللەرگە، پەزىلەتلىك ۋە توغرا يوللۇق ئۇلۇغ ئەۋلىيالارغا، رەھىمدىللىك ۋە قۇدرەتلىك ماشايىخلارغا ھەم ئاللانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن ئالىي دەرىجىلىك پادىشاھلارغا شانۇ - شەۋكەت ئاتا قىلىشنى ئىرادەت ۋە تەقدىر قىلماقچى بولسا، ئۆزىنىڭ ھېكمىتى ئارقىلىق ئۇلارنى ئالدى بىلەن ئېغىر ھىجران ۋە خارۇ - ئەلەمگە مۇپتىلا قىلىپ، جاھاننىڭ ئىسسىق - سوغۇقلىرىنى كۆرسىتىپ، مېھنەت ۋە مۇشەققەتلىرىنىڭ قايغۇسىنى تېتىتىدۇ، ئاھۇ - نادامەت تۇزان - توپىراقلىرى بىلەن يۇغۇرۇپ، پۇشايمان ئوتى بىلەن پىشۇرۇپ، خار ۋە بىئېتىبار كوچىلاردىن ئايلاندۇرۇپ، ئاندىن دەرىجىمۇ دەرىجە ئىززەت ۋە ھۆرمەت ئەۋجىگە قەدەممۇ قەدەم ئېلىپ چىقىدۇ. بەزىلىرىنى ئۆزىگە ھەقىقىي يېقىن دەرىجىگە كۆتۈرۈپ ئۆزىنىڭ مەھبۇبى ۋە قوبۇل تۇتقان بەندىسى قىلىدۇ. بەزىلىرىنى بولسا تەخت - سەلتەنەتكە ئولتۇرغۇزۇپ، قەدىر - مەنزىلىنى پەلەك دەرىجىسىدىنمۇ يۇقىرى ئۆرلىتىپ ئۇلۇغلۇق سۇپىتىنىڭ سايىسىنى كەڭ يايدۇرۇپ، ھەقىقىي پادىشاھلىق دەرىجىسىنى ۋە دۆلىتىنى ئىلتىپات قىلىپ. دۆلەت ئاپىتى شۇلىسىنىڭ ئارغامچىسى بىلەن زۇلۇم قۇدۇقىغا چۆككەن زۇلۇمكەش ئاجىزلارنى تارتىپ چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ دۆلەت سايىسى بىلەن پەۋرىش قىلىدۇ. دېمەك، مەملىكەت بولسا ئادالەتلىك بىلەن ئاۋات ۋە زۇلۇم بىلەن خاراب - ۋەيران بولىدۇ.

— ئىنشائاللا، — دېدى سۇلتان مۇھەممەت خان ئۇشتۇر خەلىپىنىڭ مەسائىل - مەرۇپلىرىنى ئاڭلاپ، — تەڭرىتائالانىڭ

ئىنايىتى بىلەن بۇل تەخت ـ سەلتەنەت بىزگە مەنسۇپ بوپتۇ. شۇنداق، بۇ دۇنيا بىر ئېكىنزاردۇر. ھەر كىم بۇ ئالەمدە تېرىغاننى ئۇ ئالەمدە ئورۇپ، ئوزۇقلىنىدۇ. ھەر بىر كىشىگە بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئىشلىرى ئاخىرەت دەسمايىسى بولىدۇ. بىراق، پادىشاھلارنىڭ ئاخىرەت دەسمايىسى بولسا ئادالەت بىلەن يۇرت سوراش، تەرىقەت پاناھ بولۇپ، پۇقرالارنى باياشات، يۇرتنى ئاۋاتلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. تەڭرىدىن ئۈمىدىم شۇكى، ھەزرىتى ئەزىزلەرنىڭ قۇللۇقىنى بەجا كەلتۈرۈپ، تەرىقەت ئېھسانلىرىدىن بەھرىمەن ئەزىزلەر ئۇزاق يول يۈرۈپ ھاردۇق يەتتى. شۇڭا بۇگۈن ئارام ئېلىشسا، ئەتە پارۇلسەلتەنەت يەكەن تامان يۈرۈپ كەتكەن بولساق.

— ۋاي شۇنداق بولمامدىغان، — دېدى ئۇشتۇر خەلپىمۇ دەرھال قۇللۇق بىلدۈرۈپ، — خاقانى ئەزەم، ھەزرىتى مەھدىي زامانىنىڭ ئەمرى ۋاجىپ، پادىشاھنىڭ خاھىشى بىزنىڭ رايىمىزدۇر!...

ئەتىسى، «ھەزرىتى مۇھەممەت خان بۇ ئەزىزلەرنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن قارا قۇم يېزىسىغا ئېلىپ كەلدى. ئاندىن كېيىن ھەزرىتى مۇھەممەت خان ئاتتىن چۈشۈپ، ھەزرىتى ئەزىزلەرنىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى بويىنىغا سېلىپ، ئۆزدىغا ئېلىپ كىرىپ، ئۈچ كۈن مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، كاتتا زىياپەت بەردى. ئۇ ھەزرىتى ئەزىزلەر ئۈچۈن خاس بىر ئورۇننى جابدۇغانىدى. ھەزرىتى ئەزىزلەر شۇ جايغا چۈشتى.»①

① شاھ مەھمۇد جوراس: «تارىخىي رەشىدى. زەيلى» («سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار») قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 9 ـ بەت.

* * *

خاقانىي ئەزەم سۇلتان مۇھەممەت خان نايىب ئىشان ئۇشتۇر خەلىپىنى يەكەن خانلىق جامەسىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان جۇمە نامىزىغا ئىمامىلىق قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ «خەلقىي ئالەم ئالدىدا سەلتەنەت بىلەن تەرىقەتنىڭ بىردەكلىكىنى نامايان قىلايلى!» دەپ مەكتۇپ يازدى. بىراق، ئۇشتۇر خەلىپە: «مىنجەزىم يوق تۇرىدۇ» دەپ جۇمە نامىزىغا كەلمەي قويدى. ۋاھالەنكى، شۇ كۈنىلا ئايغاقچىلاردىن ئۇنىڭ ئاغرىپ قالمىغانلىقىنى، بەلكى شادى خوجىنى ئېلىپ، قارا ھەججاج خانىقاسىدا ئىسھاقىيە مۇرىتلىرى بىلەن كىچىك تونەك قىلىپ، جەھر سوقۇپ تەلقىن سۆزلەپ چىققانلىقىنى ئاڭلىدى.

شادى خوجا يەكەن دىيارىغا كەلگەندىن بۇيان، ئۇشتۇر خەلىپىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىسھاقىيە مۇرىتلىرىنى ئۆز ئەتراپىغا يىغىشقا مۇۋەپپەق بولدى. دارۇلسەلتەنەت يەكەندىكى ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمى ئىسھاقىيچىلەر ئىدى، شۇڭا پايتەختنىڭ سىياسىي مۇھىتىمۇ قويۇق ئىسھاقىيە تۈسىنى ئېلىشقا باشلىدى. ئۇشتۇر خەلىپە سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ خۇددى شۇ ئۇسۇل بىلەن تارقاق ھالەتتىكى ئىسھاقىيچىلەرنى باشقىلاتتىن شادى خوجا بايرىقى ئاستىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، مەملىكەتتە دەھرىي ھاكىمىيەت بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرالايدىغان بىردىنبىر روھانىي ھاكىمىيەت مەركىزىنى قۇرۇپ چىقىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولۇۋاتاتتى.

— ھەزرىتىم، مەن بىر گەپ ئاڭلىدىم، — دېدى شەيخۇلئىسلام قازى رىزا سۇلتان مۇھەممەت خانىنى مىھراب يېنىدا توختىتىۋېلىپ، — ئىلاھە، راست بولمىسۇن؟

— نېمە گەپ، تەقسىر؟

— جۇمە نامىزىغا بۇنىڭدىن كېيىن نايىپ ئىشان ئۇشتۇر خەلىپە ئىمامىلىق قىلماقچىمىش، راستمۇ؟

— تەقسىر، ئىسھاقىيە مۇرىتلىرى بىلەن بىر شەھەردە ياشاۋاتقانىكەنمىز، نېمە ئۇچۇن ئۇ جۇمە نامىزىغا ئىمامىلىق قىلسا بولمايدىكەن؟ نىھايەت، ئۇ تېخى ئىسھاقىيچىلەرگە نايىپ ئىشانغۇ؟

— چۈنكى، ئەگەر بۈگۈن بۇ ئەشەددى تەرىقەتچى سىز بىلەن بىزگە ئىمامىلىق قىلىپ ئۆگىنىپ قالسا، ئەتە ئۇ ھەزرىتىم سىزنىڭ باشقۇرۇشىڭىزدىكى دۆلەتنىمۇ باشقۇرۇش كويىدا بولماسمۇ؟

— ئەمما، ئۇ تەرىقەتچى - دە، ئۇنىڭ دەھرىي سەلتەنەت بىلەن كارى نېمە؟

— ھەيھات، ھەيھات! بۇنداق دېيىش ئاقىلانىلىك ئەمەستۇر ھەزرىتى خاقانىي ئەزەم! — دېدى شەيخۇلئىسلام قازى رىزا جانابلىرى ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، ئىسھاقىيچىلەرنىڭ يۇرۇش - تۇرۇشىدىكى نۇرغۇن شۇبھىلىك ئالامەتلەر ئىسلام شەرىئىتىگە مۇخالىپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سىزنىڭ دەھرىي سەلتەنەتىڭىزگىمۇ تەھدىت بولماقتا!

— مەسىلەن، تەقسىر سىز تەھدىت دەپ نېمىنى كۆزدە تۇتۇۋاتىسىز؟

— نايىپ ئىشان ئۇشتۇر خەلىپە قارا ھەججاج خانىقاسىدا ئىسھاقىيەچىلەرگە تەبلىغ قىلغاندا نېمە دەپتۇ دېمەمسىز؟

— خوش؟

— ئۇشتۇر خەلىپە دەپتۇكى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەسەب ۋە نەسەب ۋەكىلى بولغان سەئادەت نىشان ھەزرەتى نادىرىز زەمان ھىدايەت يولىغا ھادى ھەزرەتى خوجا شادى قەددىسە سىرەھۇ بىلەن خوجا ئىسھاق ئەزىزلەرگە بەيئەت قىلمىغان ھەر قانداق كىشى مۇرتەد — دەۋزەخىدۇر! ھىدايەت يولىغا ھادى ھەزرەتى

خوجا شادى مۇسۇلمان ئۇممەتلەرنى جەننەت بىلەن دوزاخقا ئايرىغۇچى قۇتبىل ئەقتابدۇر. ئۇ ئاللانىڭ ئۆزى ۋە جامالىنى بەكامالدۇر! ئۇ — قىيام - قىيامەت كۈنى بەندىلەرنى سوئال - سوراق قىلغۇچىدۇر! ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان جەننەتكە ئىرىشىش ئۈچۈن پىرىمىز خوجا شادى قەددىسە سىررەھۇغا قول بېرىشى شەرتتۇر! ئاللاتائالا پايتەخت موغۇلىستان ياركەندكە ھەزرىتى شادى خوجام پادىشاھىنى ئۆز سەجدىلىرىدە ئولتۇرغۇزۇپ، روجۇئى ئەيلىدىلەر. شۇنىڭدىن سۇڭرە، ھەزرىتى شادى خوجام ئەزىزى نەچەندە ۋەقىت غەپلەتتە قالغان گۇمراھلارنى ھىدايەتكە ئۈندەپ ئىرشاددا ئولتۇرغۇزۇر، نەچچە - نەچچىلىگەن كىشىلەرنى بەكامىل ۋە مۇكەممەل قىلۇر!...»①

— خوش، شەيخۇلئىسلام ھەزرەتلىرى، ئۇنداق دېگەن بولسا نېمە بوپتۇ؟ — دەپ سورىدى. ئۇنىڭدىن تەئەججۇبلەنگەن سۇلتان:

— بۇ ھەزرىتى خاقانىي ئەزەمنىڭ سەلتەنەتىنى ئۈچۈن قىلىنغان ئۇچۇقتىن - ئۇچۇق ئىغۋاگەرچىلىك ئەمەسمۇ؟

سۇلتان مۇھەممەت خاننىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ، يۈزى بىلىنەر - بىلىنمەس تاتاردى:

— شەيخۇلئىسلام جانابلىرى، سىز زادى نېمە دېمەكچى؟ سۇلتان ئابدۇكەرىم خان ئىسھاق خوجىنى مەملىكەتتىن چىقىپ كېتىشكە پەرمان چۈشۈرگەندەك، بىزنىمۇ شادى خوجا بىلەن نايىب ئىشان ئۈشتۇر خەلپىنى مەملىكەتتىن ھەيدەش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈر، دېمەكچىمۇ؟

— ھەزرىتى پۇشتىپاناھ، گېپىم سىزگە مالال كەلگەن

① بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن جەڭگىرخان يازغان «تەربىيەتنامە» (قولىيازما) غا؛ مۇھەممەت سادىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەئىي ئەزىزان» دېگەن كىتابىغا قارالسۇن. بۇ كىتاب قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1988 - يىل 9 - ئايدا نەشر قىلىنغان.

بولسا ئەپۇ قىلغايسىز. مەن پەقەت ھەزرىتىمنى ئىسھاقىيچىلەرنىڭ نالايىق ئىش - ھەرىكەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ قويدۇم، خالاس!

شۇنداق قىلىپ، سۇلتان مۇھەممەت خان بىلەن شەيخۇلئىسلام قازى رىزا ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت ماتا مۇشۇنداق كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە ئاياغلاشتى.

ئەسلىدە سۇلتان مۇھەممەت خاننىڭ سەئىدىيە مەملىكىتىدە تەخت ساھىبى بولۇشمۇ ئىسھاقىيچىلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى بىر زور غەلىبىسى ھېسابلىناتتى. يىلان يىلى قەشقەرگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ئۆزبېكلەر مەغلۇپ بولۇپ قاچقاندىن كېيىن ئىسھاقىيچىلەرنىڭ مەملىكەتتىكى سىياسىي ئورنى ناھايىتى تېز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئۇلار سۇلتان مۇھەممەت خاننىڭ قوللىشى ۋە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشى ئارقىسىدا، باشقا مەزھەپتىكى تەرىقەتچىلەرگە زەربە بېرىپ، ئۇلارنى ئارقىمۇ ئارقا بىر - بىرلەپ تارمار كەلتۈردى. ئاندىن ئۇلارنى دارۇلسەلتەنەت يەكەن ۋە قەشقەر قاتارلىق جايلاردىن ئارقىمۇ ئارقا سىقىپ چىقاردى. سۇلتان ئابدۇكەرىم خاننىڭ ئىشەنچلىك ۋەزىرى خوجا ئەبەيدۇللا سۇلتان قازاغا ئۇچراشتىن ئۈچ ئاي ئىلگىرى ۋاپات بولۇپ كەتكەنىدى. شادى خوجا يەكەنگە كەلگەندە، سابىق ۋەزىرنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى ئوردىدىكى ئىسھاقىيە مۇرىتلىرى تەرىپىدىن سۇلتانغا چېقىشتۇرۇلغانلىقتىن، خوتەنگە پالىنىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرى شادى خوجا بىلەن نايىب ئىشان ئۇشتۇر خەلىپىگە بۆيرۇپ بېرىلدى.

ئۇشتۇر خەلىپە يەكەن دىيارىدا شادى خوجىنىڭ ئەتكەسى ۋە نايىب ئىشان دېگەن نام بىلەن تەرغىبات يۈرگۈزۈپ، كەڭ كۆلەمدە مۇرىت توپلاشقا كىرىشتى. ئۇ دائىم ئاتقا مىنىۋېلىپ،

ئۇزۇن سوتىسىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، بىر توپ ئەسەبىي سوپى، سىگال دىۋانە، خاس مۇرىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈرىيدىغان مۇرىتلىرىنىڭ سانى بەزىدە تۆت - بەش مىڭغا يېتەتتى. ئۇ قولىدىكى سوتىسى بىلەن ئىسھاقىيە تەرىقىتىگە كىرمىگەنلەرنى پات - پات ئەدەپلەپ تۇراتتى.

سۇلتان مۇھەممەت خان ئۆزبېك خانى ئابدۇللا خان بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئىسھاقىيچىلەرنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنىڭ غايەت زور ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەچكە، ئىسھاقىيچىلەرنىڭ سەئىدىيە مەملىكىتىدە ھەرگىز سەل قارىغىلى بولمايدىغان بىر سىياسىي مەزھەپ — گورۇھقا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى بارغانسېرى ھېس قىلماقتا ئىدى. شۇڭا، ئۇ شادى خوجىغا پەيزىئابات بىلەن ساغۇقاش دېگەن ئىككى كەنتنى مەخسۇس ئېكىپ يەيدىغان سويۇرغال قىلىپ بەرگەنىدى. كېيىنكى چاغلاردا بولسا ھەتتا دۆلەتكە قاشتېشىدىن كىرىدىغان كىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا بىرىۋەتكەنىدى. نىھايەت ئادەم كۈچى بىلەن ماددىي كۈچنى ئاساس، سەئىدىيە تەخت ساھىبى سۇلتان مۇھەممەت خاننى ئارقا تىرەك قىلغان ئىسھاقىيە مەزھىپى ناھايىتى تېز لا مەملىكەت بويىچە ئۇستۇنلۇككە ئېرىشتى ۋە باشقا مەزھەپتىكىلەر مۇتلەق قارشىلىشالمايدىغان ئورۇنغا ئۆتتى.

سۇلتان مۇھەممەت خان ئىسھاقىيچىلەرنىڭ چېكىدىن ئاشقان بەزى ئىش - ھەرىكەتلىرىگە چەك قويۇشقا تىرىشقان بولسىمۇ، ئەمما خېنىش قىلىپىدىن كۆچكەن، ئىش كېچىككەنىدى!

* * *

سۇلتان مۇھەممەت خان نايىب ئىشان ئۇشتۇر خەلىپىنى ئۆز خانىگاھىدا يالغۇز قوبۇل قىلدى.

— ھەزرىتىم، — دېدى سۇلتان گەپنى ئەگىتمەي ئۇدۇللا

ئېيتتى.

— مەن جەمئىيەتتىكى سۇنئىيلىك ۋە تەرتىپسىزلىكلەردىن بىزار بولماقتىمەن! شۇڭا، سەلتەنەت ئىشلىرىنى تەبىئىي بىر ئاساس ئۈستىگە قۇرۇشنى ئويلاۋاتىمەن. مەسىلەن، قۇياش ھەر كۈنى شەرىقتىن كۆتۈرۈلۈپ، غەربكە پاتىدۇ. تۆت پەسىل ئون ئىككى ئاي، يىگىرمە تۆت مەۋسۇم، كېچە بىلەن كۈندۈز ئېنىق تەرتىپ بويىچە كېلىدۇ. بۇ يەردە ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغان بىر تۈرلۈك تەبىئىي ئۇيغۇنلۇق، تۇرغۇنلۇق، تەرتىپ ۋە مۇۋازىنەت بارلىقىنى كۆرمەكتىمەن. نىھايەت، تەبىئەتتە ئەنە شۇنداق ئىكەن، نېمە ئۈچۈن جەمئىيەتتە ئەنە شۇنداق بولسا بولمايدىكەن؟ نېمە ئۈچۈن تەبىئەتتىكى ئاشۇ ئۇيغۇنلۇق، تۇرغۇنلۇق، تەرتىپ ۋە مۇۋازىنەتنى جەمئىيىتىمىزگە تەدبىق قىلمايمىز؟

— ئى ھەزرەتى مەھدىي خاقانىي ئەزەم، بىلەمسىز؟ — دېدى نايىب ئىشان ئۇشتۇر خەلىپە، — ئۇلۇغلارنىڭ ئېيتىشىچە، مۇھەممەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: «ئاللاھ ئالەمنى يارىتىشتىن ئىلگىرى نەدە ئىدى؟» دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەمادا» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن. ئۇ بۇ سوئالغا «ئەمادا» دەپ جاۋاب بېرىش ئارقىلىق ھەقتائاللانى ئۆزىدىن بۆلەك ھېچكىم كۆرەلمەيدىغانلىقىغا بىشارەت بەرگەن. بۇ يەردىكى «ئەما» — باتىنى كۆزگە تەمسىل قىلىنغاندۇر. زاھىرى ئالەمدە، يەنى سىز دېگەن ئاشۇ ئۇيغۇنلۇق، تۇرغۇنلۇق، تەرتىپلىك ۋە مۇۋازىنەتلىك تەبىئەت باتىنى ئالەمنىڭ ئالامەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇڭا، تەرىقەت پېشىۋالىرى ئالەمنى تەجەللىياتنى «ئالەمى جەبە رۇت» (ئۇلۇغلۇق ئالىمى)، «ئالەمى مەلەكۇت» (پەرىشتە ـ مالائىكىلەر ئالىمى) ۋە «ئالەمى مۇلۇك» (ماددىي ئالەم) دەپ ئۈچ رىتبىگە بۆلگەن. ئۇلۇغلار يەنە: «ئالەمى جەبە رۇت ئالەمى مۇلۇك بىلەن ئالەمى مەلەكۇتنىڭ مەنبەسى، باتىنى ئالەم بىلەن زاھىرى ئالەمدىكى

بارلىق ئىش - ھەرىكەتلەر پەقەت ئالەمى جەبەرۇتقا باغلىق بولغان بولىدۇ. ئالەمى مۇلۇك ئالەمى مەلەكۇتكە گۇۋاھلىق بېرىدۇ، ئالەمى مەلەكۇت ئالەمى جەبەرۇتنى دەلىللەيدۇ» دەپ تەلىم بەرگەن. غايىبۇل غايىپ، ھەقىقەتۇل ھەقايىق ھەزرىتى نادىرىزامان، ھىدايەت يولىغا ھادى، ھەزرىتى خوجا شادى دەل ئالەم جەبەرۇتنى ئىسپاتلايدىغان قۇتبىل ئەقتاب سەججادە نىشاندۇر. پەقەت ئىسھاقىيە تەرىقىتىلا ئاشۇ ئالەمى مۇلۇكتىكى تەبىئىي ئويغۇنلۇق، تۇرغۇنلۇق، تەرتىپ ۋە مۇۋازىنەتنى بەرپا قىلالايدىغان ئالەمى مەلەكۇتتۇر!

سۇلتان مۇھەممەت خان نايىب ئىشان ئۇشتۇر خەلىپىنىڭ ئىسھاقىيە تەرىقىتىنىڭ سەئىدىيە سەلتەنىتىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندى:

«قىزىق، شادى خوجىنىڭ نېمىسى كەم، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئۆز ئىچىدە، — ئىختىيارىدىكى ۋەخپە - سۇيۇرغالىدىن بايلىق خۇددى دەريادەك ئېقىپ كىرىپ تۇرىدۇ. يۈزلىگەن خاس مۇرىت ۋە خىزمەتكارلار ئاغزىدىن چىققاننى ئورۇنلايدۇ. بۇ يەتمەمدۇ؟ قارىغاندا، ئۇ خوراسان شاھى ھۆسەيىن بايقاراغا ئۆز سۆزىنى ئۆتكۈزىدىغان خوجا ئەھرارنى دورىغىسى كەلگەن بولسا كېرەك!»

— بىز بۈيۈك مەقسەتلەر يولىدا مەزھەپ - گۇرۇھ ئايرىماسلىقىمىز كېرەك، — دېدى سۇلتان مۇھەممەت خان قىلچىمۇ چاندۇرماستىن، — چۈنكى، باشقا مەزھەپتىكىلەرمۇ ئوخشاشلا سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ پۇقرالىرىدۇر. بىز ھەممىمىز مۇشۇ ئانا زېمىندا تۇغۇلۇپ ئۆستۇق، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ قەبرە - تۇپراقلىرىمۇ ھەم مۇشۇ زېمىندا!

پۈتۈن ئادەم ئۆز مەزھىپىدىن باشقا مەسچىت - خانىقالارغا بارمىسا، نە ئىمام - ئاخۇنلارنى، باشقا مەزھەپتىكى ئىشان - سوپىلارنى كۆزگە ئىلمىسا، ئۇ چاغدا دەرۋىش - شايىللارغا

خەير - ئىھسانىنى كىم بېرىدۇ؟ ئىشانلارنىڭ مەئىشەت - روزىگارى قانداق ئۆتىدۇ؟ ئىززەت - ئابرۇيى نەدە قالىدۇ؟ مۇنداق كېتىۋەرسە، ئەل - يۇرت پادىشاھىمۇ ئىتائەت قىلمايدۇ! دەھرىي ھاكىمىيەتنى تۇتۇپ تۇرغۇچى دىنني ئەقىدىلەرمۇ ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ!..

سۇلتان مۇھەممەت خان سۆزلەۋېتىپ بىر ئاز ئىككىلىنىپ قالدى. يۈرىكى ئۇنىڭغا: «ئېھتىيات قىل، سىنالمىغان ئادەمگە سىر ئېيتما!» دەپ ئاگاھلاندۇرۇۋاتقانىدى. چۈنكى، ئالدىدىكى بۇ ئادەم ئادەتتىكى تەرىقەتچى خەلىپە مەسئۇلى ئەمەس ئىدى. ئۇ نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى ئادەتتىكى بىر خەلىپە مەسئۇللۇقىدىن ھازىرقى ئەھلى ئىسھاقىيچىلەر مۇتلەق بويسۇنىدىغان، ئىسھاقىيە تەرىقىتىنىڭ قۇتبىل ئەقتابى، يەتتە ياشلىق شادى خوجىنىڭ نامىدىن ھوقۇق يۈرگۈزۈۋاتقان نايىب ئىشانلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن بىر ئادەم ئىدى!

— ئەمما ھاكىمىيەت باشقۇرۇش، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى سۇلتان مۇھەممەت خان، — خەتەرلىك سەل، دەھشەتلىك كەلكۈن ئىچىدە ئۈزۈشتىنمۇ ئېغىر ئىشتۇر. لېكىن، بۇنىڭغىمۇ كۆنۈپ قالغىلى بولىدۇ. ئەلھال، مېنى تۈگمەن تېشىدەك ئېزىۋاتقىنى پۈتۈنسۈرۈك ئۇيغۇر خەلقىنى ئىككىگە بۆلۈپ تاشلاۋاتقان مەزھەپ تەپرىقاتچىلىقىدۇر! ئەينى يىللاردا، بۇخارا خانى ئابدۇللا خان ھەزرىتى ئەزىزلەرنى ماۋرا - ئۇننەھىردىن ھەيدەپ چىقارغاندا، بىزنىڭ مۇشۇ ئېلىمىز سىزلەرگە ئۆز قوينىدىن ئىسسىق ماكان ۋە ئىسسىق نان بېرىپ، پاناھ بولغانىدى. ھالا بۈگۈن ئەجەبا مۇشۇ زېمىن سىغدۇرغان باشقا مەزھەپتىكىلەرنى ئىسھاقىيچىلەر سىغدۇرمىسا - ھە؟!

— مەخدۇمزادە شادى خوجا زادى قانداق قىلسا مۇشكۈللىكىڭىز ئاسانلىشار، ھەزرىتي خاقانىي ئەزەم؟ — دەپ سورىدى سۇلتاندىن ئۇشتۇر خەلىپە كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئەمدى ئاشۇ تۈگىمەس - پۈتمەس سۈلۈك ئىزالىرىغا چەك قويۇلۇشى لازىم. سەئىدىيە مەملىكىتى گۆش بولسا، بىز ھەممىمىز ئۇنىڭدىن ئۆسۈپ چىققان تىرناقمىز. نىھايەت، تىرناقنى گۆشتىن ئاجرىتىش مۇمكىنمۇ؟

ئۇشتۇر خەلىپە سۇلتان مۇھەممەت خاننى ئۆز چىنىكىدىن چىقمايدىغان قىلىش ئۈچۈن ئاخىرقى چارىسىنى ئىشلىتىشنى قارار قىلدى. ...

نايىب ئىشان ئۇشتۇر خەلىپە بىر زامانلاردا سۇلتان مۇھەممەت خاننىڭ كەيپ - ساپاغا بېرىلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئاقسۇدا نايىب بولۇپ تۇرغان چاغلىرىدا، بەزىدە ھەپتىلەپ خىزمەتنى تاشلاپ قويۇپ بەزمە — مەشرەپ ئۆتكۈزگەنلىكىنى، موغۇلىستان خانى شاھ خاننىڭ قىزىنى «ئوۋلايمەن» دەپ كوچاغا لەشكەر تارتىپ بېرىپ ئاخىر ئەسىرگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. ئۇشتۇر خەلىپە ئۇنىڭ ئىشانىيە (ئىشقىيە) مەزھىپىدىكىلەرگە كەڭ قوللۇق قىلىۋاتقانلىقىغا نارازى ئىدى. بىراق، ئىسھاقىيە مەزھىپى بىردىنبىر تەرىقەت بولۇپ شەكىللىنىۋاتقان سەئىدىيە مەملىكىتىدە مۇبادا، سۇلتان مۇھەممەت خان ئىسھاقىيە مەزھىپىدىكىلەر بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالسا، تۆت ئەتراپتىن ئوت كېتىپ، شۇ ئوت ئىچىدە كۆيۈپ كۈل بولۇپ كېتىشىنى سۇلتاننىڭ ئۆزىمۇ ياخشى بىلىدۇ. مۇبادا، سۇلتاننىڭ ئەتراپىدىكى ئىشانىيە تەرەپدارلىرى يوقۇتۇلسا، ئۇ ھالدا، ئىسھاقىيە مەزھىپى بارا - بارا سەئىدىيە مەملىكىتىدە مۇتلەق ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتىدۇ - دە، سۇلتانمۇ، ئىسھاقىيە، مەۋكەبمۇ ئىسھاقىيە، پۇقرائى - پەقىرلەرمۇ ئىسھاقىيە بولغان شەرەپلىك ۋەزىيەت ئاخىر شەكىللىنىدۇ! ئۇ سۇلتان ئەتراپىدىكى ئىشانىيە تەرەپدارلىرى دېگەندە، ئەمىر ۋەلى - ئۇمەرا مىرزا شىرىپ ھەسەن بارلاس، شەيخۇلئىسلام قازى رىزا جانابلىرى قاتارلىق

كىشىلەرنى كۆزدە تۇتاتتى.

— ھەزرىتى خاقانىي ئەزەم، — دېدى نايىپ ئىشان ئۇشتۇر خەلىپە، — مەخدۇمزادىلەر بىلەن خوجىزادىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەت ھەقىقەتەن ئېغىردۇر. بۇنىڭغا بىز ھەرگىز كۆز يۇممايمىز. بىراق، ئىسھاقىيە تەرىقىتىنىڭ سەلتەنەتىڭىزنى ئۆز يەلكىسىدە كۆتۈرۈپ تۇرغان قۇدرەتلىك مەنىۋى تۈۋرۈك ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماڭ. شۇڭا، بۇ ئەلدە ئىسھاقىيىدىن باشقا مەزھەپلەرگە قەتئىي ئورۇن - مەرتىۋە، ھوقۇق - ئىمتىياز بېرىلمىگەندىلا مەزھەپلەر ئاداۋىتى ئاندىن ئارام تاپىدۇ! بۇ مەيدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىسھاقىيە دەل سىزنىڭ سەلتەنەتىڭىز تايانىسى بولىدىغان، ئاشۇ تەبىئىي ئاساستۇر. بىز بۇ نۇقتىنى ئاللىقاچان تونۇپ يەتكەنمىز. شۇڭا، سىزگە ئىسھاقىيە تەرىقىتىنىڭ ئالىي مەركەز مەيدانىنىڭ ئات چاپتۇرغۇچىسى بولغان خەلىپەتۇل خەلىپىلىك مەرتىۋىسىنى بەردۇق!

— ئىنشائاللا، ھەزرىتى نايىپ ئىشان، — دېدى سۇلتان مۇھەممەت خان مەمنۇن بولغىنىدىن، — ئات ئۈستىدە كۆپ نەرسە ئېنىقراق كۆرۈنىدۇ. سىز كۆزگۈ[1] بولۇپ، ماڭا ھەقىقەتنى كۆرسىتىپ بەردىڭىز. تەسانىنا سىزگە، ئالىي تەسانىنا!

«ھەر كاللىدا ھەر خىيال» دېگەندەك، خەلىپەتۇل خەلىپىلىك مەرتىۋىسىنى بېرىش ۋە بۇ مەرتىۋىنى قوبۇل قىلىپ ئېلىشتا، ئۇشتۇر خەلىپىنىڭمۇ، سۇلتان مۇھەممەد خاننىڭمۇ ئۆزلىرىگە چۇشلۇق ئويلىغانلىرى بار ئىدى. سەئىدىيە سەلتەنىتىنىڭ تەخت ساھىبلىرى ئىچىدە يومشاقباشراق بىرەرىنى «خەلىپەتۇل خەلىپە»لىك ئاتاق نامىنى بېرىش ئارقىلىق، ئۆز چىنىكىدىن چىقمايدىغان قورچاققا ئايلاندۇرۇۋېلىش، ئاخىردا سەئىدىيە سەلتەنىتىنى ئىسھاقىيە سەلتەنىتىگە ئايلاندۇرۇۋېلىش

① كۆزگۈ — ئەينەك

خوجا ئىسھاق بىلەن ئۇشتۇر خەلىپىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى شېرىن ئارزۇلىرى ئىدى.

سۇلتان مۇھەممەت خان ئىسھاقىيە تەرىقىتىنىڭ «خەلىپەتۇل خەلىپە» لىك مەرتىۋىسىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن «خاقانىي ئەزەم» لىك ئورنى بىلەن دەھرىي سەلتەنەتنى، «مەھدىي ئاخىرقى زامان» نامى بىلەن شەرىئەتنى، «خەلىپەتۇل خەلىپە» لىك مەرتىۋىسى بىلەن تەرىقەتنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ، دەھرىي سەلتەنەت، شەرىئەت ۋە تەرىقەت ئوتتۇرىسىدىكى نىزالارنى تۈگىتىپ، سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ ئىلگىرىكى قۇدرىتىنى ساقلاپ قېلىشنى ئۆزىنىڭ تۇپ مەقسىتى قىلماقچى ئىدى. بىراق، خۇددى تەبىئەت دۇنياسىدىكى توختىتىۋالغىلى بولمايدىغان ئىچكى چىرىش تاغ باغرىدىكى قۇرام تاشلارنى ئاستا ـ ئاستا پارچىلاپ غولىتىپ چۈشىدىغىنىغا ئوخشاش بۇنىڭدىن سەكسەن يىل ئىلگىرى، سۇلتان سەئىدخان بەرپا قىلغان بۇ قۇدرەتلىك ئۇيغۇر دۆلىتىمۇ مۇشۇنداق تۈرلۈك ئىچكى نىزالار تۈپەيلىدىن ئۆز ئىچىدىن چىرىپ يىمىرىلىشكە باشلىغانىدى.

بىراق، بۇنداق ئىچكى چىرىش ئۆز تەسىرىنى تولۇق كۆرسەتمىگىچە، ئىسھاق خوجا بىلەن ئۇشتۇر خەلىپە ئۈچۈن داۋاملىق كۈچ توپلاشقا ۋە سەۋر ـ تاقەت بىلەن قولايلىق پۇرسەت يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. ئەلھال، بۇنداق پۇرسەت بولسا پەيدىنپەي ھازىرلىنىۋاتقانىدى. شۇڭا، نايىب ئىشان ھېچبىر ئىككىلەنمەستىنلا ئىسھاقىيە تەرىقىتىنىڭ ئۇلۇغ نىشانى، ئالىي مەرتىۋىسى بولغان خەلىپەتۇل خەلىپىلىك مەرتىۋىسىنى سۇلتان مۇھەممەت خانغا ئۆتۈنۈپ بەردى.

شۇنداق قىلىپ، خاقانىي ئەزەم سۇلتان مۇھەممەت خاننىڭ شەرەپ بىلەن ئىسھاقىيە تەرىقىتىگە خەلىپەتۇل خەلىپە بولغانلىقى يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان كاتتا مۇراسىم ئەتە جۈمە كۈنى

خانلىق جامەسىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ قارار قىلىندى.

* * *

ھىجرىيە 1007 ــ يىلى (توڭگۇز يىلى) ماھىي رەجەبنىڭ بىرىنچى كۈنى[1]، سۇلتان مۇھەممەت خاننىڭ ئىسھاقىيە تەرىقىتىنىڭ خەلىپەتۇل خەلىپىلىك ئىرشادىدا ئولتۇرۇش مۇراسىمى يەكەن خانلىق جامەسىدە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. بۈگۈن كۈنگە جۈمە ئىدى. جۈمە نامىزى ئۆتەپ بولۇنغاندىن كېيىن ئىسھاقىيە تەرىقىتىنىڭ نايىب ئىشانى ئۇشتۇر خەلىپە ئىسھاقىيە تەرىقىتىدىكىلەرگە سۇلتان مۇھەممەت خاننىڭ شەرەپ بىلەن ئىسھاقىيە تەرىقىتىگە خەلىپەتۇل خەلىپە بولغانلىقىنى جاكارلىدى. شادى خوجا سۇلتان مۇھەممەت خانغا خەلىپەتۇل خەلىپىلىك ئىرشادنامىسىنى ئۆز قولى بىلەن تاپشۇرۇپ بەردى.

جۈمە نامىزىغا يىغىلغان ئون مىڭ نامازخان ئالدىدا سۇلتان مۇھەممەت خان: «مەنكى سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ ساھىب سەلتەنىتى سۇلتان مۇھەممەت ئىبنى ئابدۇرەشىدخان سۇلتانلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلىش بىلەن بىللە، ئىسھاقىيە تەرىقىتىدىكى ئۇممەتلىرىمنىڭ باشپاناھى بولۇشقا ھەرۋاقىت تەيياردۇرمەن!...» دەپ تەنتەنىلىك قەسەم بەردى. ئاندىن ئۇشتۇر خەلىپە ئۆزۈن سوزۇپ قىرائەت قىلغاندىن كېيىن سۇلتان مۇھەممەت خاننىڭ نامىنى خۇتبىگە قوشۇپ ئوقۇشقا باشلىدى: «ئىنتىنەھۇسەئىدەنتىيىل رەشىدەنتىيىل كامىلەنتىيىل رازىيەيىن ۋە ئىنتىنەھۇسەئىدئىبنى ئابدۇرەشىدىل شاھى ئەزەم ئىبنى مۇھەممەت خەلىپەتۇل خەلىپە خاقانىي ئەزەم مەھدىي ئاخىرقى زەمان! ئى جاھالەتلەرنى راۋا قىلغۇچى ھەممە موھتاج ئاللا، ھېچقانداق

---

[1] مىلادى 1599 ــ يىلى 1 ــ ئاينىڭ 28 ــ كۈنى.

نەرسە ساڭا سىر ۋە مەخپىي ئەمەس؛ ئى دۇئالارنى ئىجابەت قىلغۇچى ئاللا، بەندىلىرىڭنىڭ ھەر قانداق دۇئا - تىلاۋەتلىرىنى ئىجابەت قىلغايسەن، رەھمەتلىرىڭنىڭ ئىشىكىنى كەڭ ئېچىپ قويغايسەن! . . . كۆللى ئىسھاقىيە ئىخۋەتۇن! قۇتبىل ئەقتاب، مۇرشىد ئەۋلىيا ۋەلىئىستىھقاق يەنى ھەزرىتى خوجا ئىسھاق ۋەلى (تەڭرى ئۇنىڭ باتىنىنى پاك قىلغاي) ۋە ھەزرىتىي خوجا مۇھەممەت يەھيا خوجام پادىشاھ قەددىسەھۇ سىررەھۇ ئەزىزلەر، نەچچەندە ۋەقىت غەپلەتتە قالغان گۇمراھلارنى ھىدايەتكە ئۈندەپ، ئېرشاددا ئولتۇرغۇزدىلەر، نەچچە كىشىلەرنىي كامىل ۋە مۇكەممەل قىلدىلەر. مۇلكىي قەشقەرىيە خەلقى ھەم ئۇلۇغ - ئۇششاق ھەممىلىرى بولارغا ۋاستە ئىرادەت قىلىپ مۇرىت بولدىلەر. مۇرەببىمىز خۇدا روسۇل، ئاندىن پىرىمىز شادى خوجا ۋە خاقانى ئەزەم خەلىپەتۇل خەلىپەدۇر! . . . ئامىن!»

نايىب ئىشان ئۇشتۇر خەلىپە خۇتبىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن شادى خوجىنى قولىدىن يېتىلەپ سۇلتان مۇھەممەت خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ قولىنى جۈپلەپ بىر قىلىپ، ئۈستىدىن قىيىقچە ياغلىق بىلەن ياپتى. بۇ چاغدا تۆت ئىسھاقىيچى بۇرادەر - قېرىنداش كېلىپ ئۇ ئىككىسىنىڭ بېشىنى تۇتۇپ تۇردى.

— ئى ئەزىزان خاقانىي ئەزەم سۇلتان مۇھەممەت خان ھەزرەتلىرى! — دېدى ئۇشتۇر خەلىپە، — مۇبارەك بولسۇن سىزگە، ھەسسىنات ئى خەلىپەتۇل خەلىپە، ھۆرمەت ئەيلەكىم، خەلىپەتۇل خەلىپىلىك ھۆرمىتىگە مەڭگۇ نائىل بولغايسىز. پەرمانىمنى ۋاجىپ دەپ بىلىڭلار دەيدىغان بولسىڭىز، مۇرىت - مۇرشىدلىرىڭىزنىي ئۆزىڭىزگە دوست - قېرىنداش دەپ بىلگەيسىز، تەرىقەت مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن، ھەممىدىن ئەلا بىلگەيسىز. رەقىبلەرگە ھەزرىتى ئەلى ئەسەدۇللاھنىڭ شەمشەردەك شەمشەر بولغايسىز. ئەلنى، تەرىقەتنى ئارىفلاردەك

ئەقىل بىلەن باشقۇرغايسىز. شۇلارنىڭ كامالىتىغا يەتكەيسىز!

ئۇشتۇر خەلىپە خاس سوپىلىرىنىڭ قولىدىن بىر تال كەڭ، ئۇزۇن كەمەرنى ئالدى ـ دە، سۇلتان مۇھەممەت خاننىڭ بېلىنى چىڭ سىقىپ باغلىدى ۋە:

— ئى خاقانىي ئەزەم، خەلىپەتۇل خەلىپە، بۈگۈندىن ئېتىبارەن ھىدايەت يولىغا كىردىڭىز، بۇ پۈتكۈل ئىسھاقىيە ئەھلىگە خەلىپەتۇل خەلىپە بولدىڭىز! — دەپ ئېلان قىلدى ئۇشتۇر خەلىپە، — ئىلاھا مۇرادىڭىزغا يەتكەيسىز، شەرەپكە يار، ئىسھاقىيەگە مەدەتكار بولغايسىز!

بۈگۈنكى بۇ داغدۇغىلىق مۇراسىمغا ئەمرۇل ـ ئۇمەرا مىرزا شېرىپ ھەسەن بارلاس ۋە شەيخۇلئىسلام قازى رىزا جانابلىرىمۇ قاتناشقانىدى، ئۇلار كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ كۈلكىلىك ئىشلارغا تۇرۇپ كۈلگىسى كېلەتتى، تۇرۇپ ئاچچىقى كېلەتتى.

— جانابىي شەيخۇلئىسلام، كۆردىلىمۇ، خوجام دەپ ھۇجرىمىزدىن، تۆرەم دەپ تۆردىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولدۇق، — دەپ پىچىرلىدى مىرزا شېرىپ ھەسەن بارلاس شەيخۇلئىسلامغا، — ئەمدى سۇلتانغا كونا كېيىم ياراشمايدۇ! شۇڭا، خۇراپاتلىق قايىنىغان بۇ ئەلدىن ئاستا باش ئېلىپ كەتكىنىمىز تۈزۈكتەك قىلىدۇ!

شەيخۇلئىسلام قازى رىزا جانابلىرىمۇ شۇنداق ھېسسىياتتا ئىدى. شۇڭا ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

«— يەكەن ھۆكۈمىتى ئىچىدە، — دېگەنىدى شاھ مەھمۇت جوراس بۇ ئىش ئۈستىدە توختىلىپ، — مىرزا شېرىپ ھەسەن بارلاس بىلەن مىرزا شاھ ئوتتۇرىسىدا چىقىشالماسلىق يۈز بەردى؛ كاتتىباشلار مىرزا شاھنى ھىمايە قىلدى. مىرزا شېرىپ ھەسەن بارلاس مۇھەممەت خاننى شۇنداق قىستىكى، يا بولمىسا،

كاتتىباشلارنىڭ كاتتىسى يەنى ئەڭ چوڭ باشلىقىنى ھىمايە قىلىپ، يەكەن ھۆكۈمىتىنى بېرىش، ياكى كابۇل تەرەپكە كېتىشكە روخسەت بېرىشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى تاللاشقا مەجبۇر قىلدى.

مۇھەممەت خان بىچارە بولۇپ، مىرزا شېرىپ ھەسەن بارلاسقا رۇخسەت قىلدى. مىرزا شېرىپ ھەسەن بارلاس ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىنلىرى بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئېلىپ، سەلىم شاھنىڭ قېشىغا باردى. پادىشاھ ئۇنىڭغا غەزنى دېگەن ناھىيىنىڭ پادىشاھلىقىنى بەردى. ئۇ شۇ يەردە ئافغان كاپىرلىرىنىڭ قولىدا شاھادەت شەربىتىنى ئىچتى...»[1]

شۇنداق قىلىپ، سۇلتان مۇھەممەت خان سەئىدىيە ئۇيغۇر مەملىكىتى بويىچە ئىسلاھاتقا تەربىقتىنى قوبۇل قىلغان تۇنجى دەھرىي پادىشاھ بولۇپ قالدى.

نەزمە

ئەلەملەر قولىدىن ئازادلار - بىزلەر،
غەم - رەنجىمىز، دائىم شادلار - بىزلەر.
ھۇشيارلىق نىمە، رەڭگى رويىنى بىلمەيمىز،
ياركۆزىدەك مەستانە زاتلار - بىزلەر!

— پۇرياۋەلى

① شاھ مەھمۇد جوراس: «تارىخىي رەشىدى زەيلى» («سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار») قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 - يىل 9 - ئاي نەشرى، 60 - ، 61 - بەتلەر.

## خاتىمە

# سۇ بېشىدىكى خانىقا

«خوجام دەپ ھوجرىدىن، تۆرەم دەپ تۆردىن ئايرىلدۇق.»

— ئۇيغۇر خەلق ئەقلىيە سۆزلىرىدىن

**مىلادى** 1622 ـ يىلى (ئىت يىلى) تومۇز پەسلى.

خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان ئۆزىنىڭ تۆت خاس سوپىسىنى ئەگەشتۇرۇپ، بۇنىڭدىن بىر يېرىم يىل ئىلگىرى مۇلكىي تۇركىستانىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى قەشقەردىن قېچىپ چىققاندىن بۇيان، شەرققە قاراپ ماڭغان سودىگەرلەر چوڭ كارۋىنىغا قوشۇلۇۋالدى. ئۇلار ئاقسۇ ھۇدۇتلۇقىنى كېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن كۇچا، چالىش، تۇرپان قاتارلىق ئۇيغۇر يۇرتلىرىدا بىر يىلدىن ئارتۇقراق قاڭقىپ يۈرۈشتى. ئاندىن تېخى يېقىنقى زاماندىلا ئىسلاملىشىشقا باشلىغان قۇمۇل دىيارىغا بېرىشنى كۆڭلى خالاپ تۇرپاندىن يەنە قۇمۇلغا قاراپ يولغا چىقتى.

بۇ يىلقى روزا ياز چىللىسىگە توغرا كەلگەن قاتتىق تومۇز

كۈنلىرىدە سەپەر قىلغان خوجا مۇھەممەت يۈسۈپ ئىشانلار تاڭ سەھەردىكى زۇھۇرلۇقتىن تاكى قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن بولىدىغان ئىپتارغىچە ناشتا قىلماي ئاچ قورساق يول يۈرگەنلىكتىن پاتلا ماغدۇرىدىن كېتىشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن غىلاڭ تاشلىق سايدا ئۇسسۇزلۇق ئازابى ئۇلارنى ئاچلىق ئازابىدىنمۇ بەكرەك قىينىماقتا ئىدى. بىراق، خوجا مۇھەممەت يۈسۈپ ئىشان ئىسھاقىيىچى جاللاتلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغاندا تارتىدىغان چەكسىز قىيىن - قىستاق ئازابىنى ئويلىغىنىدا، يولدىكى ئاچلىق ۋە چاڭقاشتىن بولىدىغان ئازاب - ئوقۇبەتلەرنىڭ ھېچقانچىلىك ئەمەسلىكىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنەتتى.

خوجا مۇھەممەت يۈسۈپ ئىشان ئۆزىنىڭ يىرتىق، سەپەرلەردە يېقىلغان گۈلخانلارنىڭ ئۇچقۇنلىرىدا نۇرغۇن يەرلىرى كۆيۈپ تۆشۈك بولۇپ قالغان سەقەرلات تونىنىڭ بىر پېشىنى ئۇچىسىغا ئارتقىنىچە ئېشەكلىك كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ قارا ئېشىكىنىڭ شوخ تۇياقلىرى ئاستىدا ئاپپاق تاشلىق ساي يولى شاراقلايتتى ۋە پۇرقىراپ چاڭ كۆتۈرۈلەتتى. ئۈستىدىكى كۆپكۆك ئاسماندا قۇياش چاقنايتتى. خوجا مۇھەممەت يۈسۈپ ئىشان كۆزىنى قىسماي تۇرۇپمۇ ئۇنىڭغا قارىيالايتتى. كارۋان تۆگىلىرىنىڭ ۋە ئاتلارنىڭ قۇم بېسىپ كەتكەن سۆڭەكلىرى ئاقىرىپ تۇرغان گىياسىز دەشت - چۆللۈكلەر، كۆرۈمسىز تاغلار ۋە شالاڭ مايسىلىق يايلاقلار ئۇلارنىڭ كەينىدە قېلىپ بارغانسىرى ئۇزاقلىشاتتى.

**خوجا مۇھەممەت يۈسۈپ ئىشاننىڭ قۇلاق تۈۋىدە مەرھۇم ئاتىسى — ئاقشقەر ئىشانىيە مەزھىپىنىڭ ئىشانىكالانى**

مۇھەممەتئىلنىڭ خوجىنىڭ ھەلقۇم تىغ قىلىنىش ئالدىدا ئېيتقان سۆزلىرى ھېلىغىچە جاراڭلاپ كەتمەيتتى.

ئۇ يىگىرمە ياشقا كىرگەن يىلى ئاتىسى خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشانكالاننىڭ يەكەندە تاغىسى خوجا ئىسھاق تەرىپىدىن ھەلقۇم تىغ قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئانىسى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگەنىدى. خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان ھەر قېتىم ئاتىسىنىڭ: «ئوغلۇم مۇھەممەت يۇسۇپ خوجا مېنىڭ ھەر بىر تېمىم قېنىمنىڭ قىساسى ئۈچۈن مۇناپىق ئىسھاقنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ مىڭ تېمىم قېنىنى ئالغاي! ئەگەر مېنىڭ قان قىساسىمنى ئالمايدىغان بولسا، قىيام - قىيامەت كۈنى مېنىڭ تۈمۈر تىرنىقلىرىم ئوغلۇم مۇھەممەت يۇسۇپنىڭ ياقىسىدا بولغاي!...» دېگەن قانلىق ۋەسىيىتىنى ئەسلىگىنىدە، ئاشۇ خۇنرىز خوجا ئىسھاقنى ۋە ئۇنىڭ جەددى - جەمەت، ئۇرۇق - پۇشتىنىڭ ھەممىسىنى تىرىك تۇرغۇزۇپ سويۇپ تاشلىسىمۇ، گەدىنىدىكى ئاتا خۇن قەرزى تېخى تولۇق ئادا بولمايدىغاندەك ھېس قىلاتتى.

خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان مەككە مۇكەررەمگە ھەج پەرھىزنى ئادا قىلغىلى كەلگەن قەشقەرلىك ھاجىلار بىلەن بىللە قەشقەرگە كەلگەنىدى. خوجا ئىسھاق ۋە ئۇنىڭ ھامىيىسى، «خاقانىي ئەزەم» دەپ ئاتالغان سەئىدىيە تەخت ساھىبى سۇلتان مۇھەممەت خانلار بۇ مەزگىللەردە ئارقا - ئارقىدىن ئۆلۈپ كېتىشكەنىدى①. ئۇ بىر مەزگىل ئاتۇشتىكى ھەزرىتى سۇلتان مازىرىدا رەئىس شەيخ② بولۇپ، ئىستىقامەت قىلىپ تۇرۇپ قالدى. بۇ چاغدا سەئىدىيە مەملىكىتىدە مەرھۇم سۇلتان مۇھەممەت خاننىڭ چوڭ ئوغلى قەشقەر نايىبى سۇلتان شۇجائۇددىن ئەھمەت خان تېخى ئەمدىلەتىن تەخت ساھىبى

① ئىسھاق خوجا مىلادى 1589 - يىلى پەرغانىدىكى سەمەر قەندتە ئۆلۈپ كەتتى.
② رەئىس شەيخ — باشتۇرغۇچى شەيخ.

بولغان. مەملىكەتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى قاتتىق داۋالغۇپ، بىر ئىزىدا توختىمايۋاتقانىدى.

ئەسلىدە، ھىجرىيە 1018 ـ يىلى، يەنى مىلادى 1610 ـ يىلى، خاقانىي ئەزەم سۇلتان مۇھەممەت خان يەكەندە ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن سەئىدىيە ئوردىسىدىكى شاھزادە ئاقسۆڭەكلەر ئارىسىدا كىم سەئىدىيە تەخت ساھىبى بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا قاتتىق تالاش ـ تارتىش يۈز بەردى. موغۇللارنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىسى بويىچە مەرھۇم سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ 12 ـ ئوغلى، تۇرپان نايىبى ئابدۇرەھىم سۇلتان بىلەن مەرھۇم سۇلتان ئابدۇكەرىم خاننىڭ چوڭ ئوغلى خوتەن نايىبى شاھ ھەيدەر مۇھەممەت سۇلتانلار ياشتا چوڭ، مەرتىۋىدە ئۈستۈن بولغاچقا، ئاۋۋال تەختتە ئولتۇرۇشقا ھوقۇقلۇق ئىدى. بىراق، قەشقەر ئىسھاقىيە مەزھىپىنىڭ ئىماملىرى خوجا شادى ئىشان، پېشقەدەم ۋەزىر خوجا لەتىپ، قوشبېگى مىرزا غىياس، ئىشكىئاغا مىرزا ئابدۇللا قاتارلىقلار ھەممىسى قەشقەر نايىبى شۇجائۇددىن ئەھمەت سۇلتاننىڭ تەخت ساھىبى بولۇشىنى قوللىدى.

چوڭ روھانىيلار بىلەن ھوقۇقلۇق ۋەزىر ـ ۋۇزۇرالار، ئەمىر ۇل ـ ئۇمەرالارنىڭ قوللىشى ۋە ھىمايە قىلىشى بىلەن سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ تەخت ساھىبى بولغان سۇلتان ئەھمەت خان مەملىكەتنىڭ داۋالغۇپ بىر ئىزىدا توختىماي كېلىۋاتقان سىياسىي ۋەزىيىتىنى تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىسھاقىيە مەزھىپىدىكى چوڭ روھانىيلار بىلەن ھوقۇقدار ئەمىرلەرنىڭ ئەسلىدىكى تۈرلۈك ئىمتىياز ـ مەنپەئەتلىرىگە داۋاملىق كاپالەتلىك قىلىشقا ۋەدە بېرىپلا قالماي بەلكى ئۇلارنىڭ ھوقۇقىنى داۋاملىق ئۈستۈرۈشكىمۇ ۋەدە بەردى. ئۇ مەملىكەتكە خان بولغاندىن كېيىن مەرھۇم سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئوغۇللىرى بولغان تاغىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ تۇتۇپ ئۆلتۈردى ياكى چەت ئەللەرگە

سۈرگۈن قىلىپ يوقاتتى. نەتىجىدە سەئىدىيە خان جەمەتىنىڭ تەسىر كۈچى زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ، ئەكسىچە، ھوقۇقدار ئەمىرلەرنىڭ تەسىر كۈچى نىسپىي ھالدا كۈچىيىپ كەتتى. بۇنداق ۋەزىيەت ئەمدىلەتىن تەختكە چىققان سۇلتان ئەھمەت خان ئۈچۈن تولىمۇ پايدىسىز ئىدى، ئەلۋەتتە. شۇڭا، ئۇ بىر قاتار جىددىي تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق ھوقۇق - مەرتىۋىسى بىر قەدەر تۆۋەن ئەمما سەلتەنەتكە سادىق ياشلار ئارىسىدىن بىر تۈركۈم ئادەملەرنى دادىللىق بىلەن ئۆستۈرۈپ ياكى يۇقىرى مەنسەپكە قويۇپ، سەئىدىيە ئوردىسىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئۆزىنى قورچاققا ئايلاندۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇنغان سابىق ھوقۇقدار ئەمىر كىبىر مىرزا شاھ جەمەتىنىڭ ھوقۇق - ئىمتىيازىنى ئاجىزلاشتۇردى.

سۇلتان ئەھمەت خاننىڭ بۇ بىر قاتار تەدبىرلىرى مىرزا شاھ جەمەتىدىكىلەرنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئۇلار ئوردىغا قارشى توپىلاڭ كۆتۈرۈش ئۈچۈن مەخپىي ھالدا چېرىك توپلاشقا جىددىي كىرىشتى. بۇ سەئىدىيە مەملىكىتىدە ئەتىۋارلىنىۋاتقان ئىسھاقىيچىلەرنىڭ قاتتىق تەقىپ ۋە زۇلۇمى ئاستىدا ياشاۋاتقان ئىشانىيچىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا تېپىلغۇسىز ئىنتايىن ياخشى پۇرسەتتىن ئىدى. شۇڭا، ئۇلار مىرزا شاھنىڭ ئوغۇللىرى ئىشكئاغا ئوبۇل مەئانى بىلەن سېرىققول ھاكىمى مۇھەممەت قاسىم ئاكا - ئۇكىلارنىڭ خۇسۇسىي چېرىكلىكىگە ئۆزلىرىنى بەس - بەستە تىزىملىتىشتى. مىرزا شاھ جەمەتىدىكىلەر ناھايىتى تېزلا ئىشانىيە مەزھىپىدىكى سوپىلاردىن ئۈچ مىڭ كىشىلىك ئاسىي قوشۇن تەشكىللىدى.

بۇ چاغدا، پايتەخت يەكەندە: «مىرزا شاھ جەمەتىدىكى ئوبۇل مەئانى ئىشكئاغا بىلەن سېرىققول ھاكىمى مۇھەممەت قاسىملار ئىسيان كۆتۈرگىدەك» دېگەن مىش - مىش پاراڭلار كەڭ تارقىلىپ يۈرەتتى. يەكەن ھاكىمى ئەلى ئەسقەر شاھ بۇ

ئىشنى سۇلتان ئەھمەت خانغا مەلۇم قىلغاندا، خان بۇنىڭغا قەتئىي ئىشەنمىدى:

— بىز شاھ ئەبۇل مەئانى بىلەن مۇھەممەت قاسىملارنى بېقىپ چوڭ قىلدۇق، — دېدى سۇلتان ئەھمەت خان مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، — ئۇلار بىزنىڭ تۇز ھەققىمىزنى ئاقلىماستىن يەنە تېخى ئىسيان كۆتۈرەمدىكەن؟ مۇبادا، ئۇلار تۇزكورلۇق قىلىپ، بىزگە سۇيىقەست قىلىشقا ئۇرۇنسا، ئۇستىمىزدە ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى قادىر ئاللا بارا! ...

سۇلتان ئەھمەت خان ئادەتتە قۇش جىگىر بىدىن قىلىنغان كاۋاپقا بەك ئامراق ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئازراقلا بوش ۋاقىت تاپسىلا، چوقۇم ئۇلۇغ ئىقىن بويىدىكى ئاسمىنى كەڭ مەكىت دولان سەھراسىغا بېرىۋېلىپ، كەڭ كۆشادە ئوۋ - ئوۋلاش، شىكار قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. بىر كۈنى، سۇلتان ئەھمەت خان ئوۋ ئوۋلاپ بارچۇق جاڭگىلىغا بېرىپ قالدى ۋە شۇ يەردىكى شاھنەزەر مىراپ دېگەن بىر مېھماندوست ئادەمنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. بۇ قىش - قىرو ئەمدىلەتىن باشلانغان كۈنلەرنىڭ بىرى ئىدى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى سۇلتان ئەھمەت خان مەۋكەبتىكى خوجا مۇزەپپەر، خوجا ئۇۋەيس، خۇدابەردى باخشى، خوجا شاھرۇھ قاتارلىق ئەڭ يېقىن ئەئيانلىرى بىلەن شاھنەزەر مىراپنىڭ ساراي ئۆيىدە قونۇپ قېلىشتى. خوجا لەتىپ، مىرزا مەلىك قاسىم، مىرزا لەتىپ جوراس قاتارلىق قالغان ئەكابىر ئەشرەپلەر بولسا دالان ئۆيگە ئورۇنلاشتى. يېرىم كېچە بولغاندا، ئازغۇن شاھ ئەبۇل مەئانى، قارايۇز شاھ مۇھەممەت قاسىم قاتارلىقلار ئىككى يۈزدەك قوراللىق ئاتلىق توپىلاڭچىنى باشلاپ كېلىپ، سۇلتانلار چۈشكۈن قىلغان شاھنەزەر مىراپنىڭ ئۆيىنى قورشىۋالدى ۋە دالان ئۆيدە يېتىشقان كاتتىباشلارنى شىددەت

بىلەن ئوقيا تۇتۇشتى. بۇ چاغدا سارايدا ئۇخلاۋاتقان سۇلتان ئەھمەت خان دەرھال ئادەملىرى بىلەن ئوقتىن پاناھلىنىش ئۈچۈن مۇزخانىنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىشتى. شۇ ئەسنادا، سۇلتانىنىڭ يېقىنلىرىدىن خوجا مۇزەپپەر قاتارلىق بىر قانچە كىشىگە ئوق تېگىپ زەخىملەندى. سۇلتان شۇجائۇددىن ئەھمەت خان بۇنداق بولۇۋەرسە، قاراڭغۇدا تېخىمۇ كۆپ ئادەمنىڭ بىكاردىن بىكارغا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى - دە، ئەتراپتىكىلەرگە: «ئۆي قاراڭغۇ، بۇ ھارامتاماقلار ئالدىغا كىم ئۇچرىسا، شۇنى ئۆلتۈرمەكتە. ئۇلارنىڭ قەستى مەندە! شېھىتلىق مەرتىۋىسى ھەر مىڭ ئادەمنىڭ ئىچىدە ئاران بىر ئادەمگە نېسىپ بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، نېمە ئۈچۈن ئۆزۈمنى دەپ سىلەرنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگۈدەكمەن؟!» دېدى - دە:

— بولدى، ئوق ئاتماڭلار! سىلەرنىڭ مەخسىتىڭلار خاندا، — دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى ئۇ، — مانا مەن شۇجائۇددىن ئەھمەت خان بولىمەن، مەخسىتىڭلارغا يېتىۋېلىڭلار!

سۇلتان شۇ جائۇددىن ئەھمەت خان مۇزخانا ئىچىدىن قول كۆتۈرۈپ مېڭىپ چىقتى. بۇ چاغدا توپىلاڭچى شاھ ئەبۇل مەئانى ئىتتىك كېلىپ، خاننىڭ بېشىنى قۇچاقلاپ كۆرۈشكەن بولۇپ تۇردى. نەرىمان ئىسىملىك يەنە بىر ئىشىكىيچى سىگال سوپى يۈگۈرۈپ كېلىپ، خاننىڭ ئارقىسىدىن غولىغا پىچاق ئۇردى. يۈسۈپ بەكاۋۇل دېگەن يەنە بىر سىگال ئىشىكىيچى سوپى يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە يۈرىكىگە ئۇرۇلغان زەھەرلىك خەنجەرنىڭ ئازابىغا چىدىماي ئىچىنىشلىق ۋارقىراۋاتقان سۇلتان شۇجا ئۇددىن ئەھمەت خاننىڭ ھەلقۇمىغا بىرلا پىچاق سۇرۇپ، خاننىڭ ئىشىنى تاماملىدى...

بۇ قاتىل ئالچاقلار سۇلتان ئەھمەت خاننى قانغا پاتۇرۇشقاندىن كېيىن باشقىلارغا تەگمەستىن، يەكەنگە قايتىپ كېلىشتى. سۇلتان شۇجائۇددىن ئەھمەت خان قانغا چىلانغان پېتى

يەردە يېتىپ قالدى. تارىخچىلار بۇ قانلىق ۋەقە يۈز بەرگەن ئاشۇ مەشئۇم كېچىنى «تارىختى ھىجرىيىنىڭ مىڭ يىگىرمە يەتتىنچى يىلى ئەرافاتنىڭ ئۈچىنچى كۈنى جۈمە كېچىسى[1]» دەپ تارىخقا پۈتۈپ قويۇشتى[2].

سۇلتان ئەھمەت خان بارچۇقتا توپىلاڭچىلار تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن سەئىدىيە ئۇيغۇر مەملىكىتىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە قاتتىق داۋالغۇش يۈز بەردى. توپىلاڭچى ئەبۇل مەئانى بىلەن مۇھەممەت قاسىملار مەرھۇم سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ يۇنۇس سۇلتان دېگەن ئوغلىدىن بولغان نەۋرىسى قۇرەيش سۇلتاننى دەرھال سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ تەخت ساھىبى دەپ ئېلان قىلىشتى ۋە قۇرەيش سۇلتان نامىدىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ، قاتتىق داۋالغۇش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان مەملىكەتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇندى. ئەمما، شادى خوجا باشچىلىقىدىكى ئىسھاقىيچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاران قولغا كەلتۈرگەن ھوقۇق - مەنپەئەتلىرىنى مۇشۇنداق تېزلا قولىدىن بېرىپ قويۇشقا ھەرگىز تەن بەرمەيتتى. شۇڭا ئۇلار بۇ قېتىمقى سىياسىي ئۆزگىرىشنى قوللىمىدى. بەلكى، قەشقەر ھاكىمى مۇھەممەت يۇسۇپ بايرىن ۋە يېڭىسار ھاكىمى مىرزا ھاجى بارلاس قاتارلىقلار بىلەن بىللە سۇلتان ئەھمەت خاننىڭ ئون تۆت ياشلىق ئوغلى، قەشقەر نايىبى ئابدۇلەتىپ سۇلتاننى ھىمايە قىلىپ، ئۇنى سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ قانۇنلۇق تەخت ساھىبى دەپ ئېلان قىلىشتى ھەمدە سۇلتان ئابدۇلەتىپ خاننىڭ نامىدىن مەملىكەتكە پەرمان جاكارلاپ، قۇرەيش سۇلتاننى قانۇنسىز دەپ

---

① مىلادى 1618 - يىلى 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى.

② بۇ ھەققىتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن، شاھ مەھمۇت جوراس يازغان: «تارىخىي رەشىدى. زەيلى» (« سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار ») دېگەن كىتابقا ۋە موللا مىرسالىھ قەشقەرى يازغان «قەشقەر تارىخى» («چىڭگىزنامە») دېگەن كىتابقا قاراڭ. بۇ كىتابلار قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1988 - يىلى ۋە 1985 - يىلى نەشر قىلىنغان.

ئېلان قىلدى ۋە توپىلاڭچى ئەبۇ مەئانى بىلەن مۇھەممەت قاسىملارنى تۇتۇش بۇيرۇقى چىقاردى. ئارقىدىنلا ھەر قايسى ئۆلكىلەردىكى سەئىدىيە نايىبلىرىنى لەشكەر باشلاپ كېلىپ، توپىلاڭچىلارنىڭ ئۇۋىسى بولغان يەكەنگە جازا يۈرۈشى قىلىشقا چاقىرىق قىلدى. قۇرەيىش سۇلتان بىلەن ئوبۇل مەئانى ۋە مۇھەممەت قاسىملارنىڭ ئىشانىيە سوپىلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان ئۈچ مىڭ كىشىلىك توپىلاڭچى قوشۇنى بىلەن سۇلتان ئابدۇلەتىپ خان باشچىلىقىدىكى سەئىدىيە قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا يەكەن شەھىرى ئەتراپىدىكى ئۇدانلىقتا قاتتىق ئۇرۇش پارتلىدى. ئەمما، توپىلاڭچى قوشۇن مۇنتىزىم تەربىيە كۆرگەن سەئىدىيە قوشۇنلىرىنىڭ بىر پەشۋاسىغىمۇ يارىماستىن خۇددى ئۇۋىسى بۇزۇلغان چاشقانلاردەك پىتىراپ قېچىپ كېتىشتى. توپىلاڭچىلارنىڭ كاتتىبېشى ئوبۇل مەئانى بىلەن مۇھەممەت قاسىملار ئەسىرگە ئېلىندى. شۇنداق قىلىپ سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ تەختى قۇرەيىش سۇلتانغا ئاران توققۇز كۈنلا نېسىپ بولدى. توپىلاڭ تېزلا باستۇرۇلدى.

سۇلتان ئابدۇلەتىپ خان قاتتىق داۋالغۇش ئىچىدە قالغان سەئىدىيە مەملىكىتىنى تېزلا ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن خوجا شادى ئىشاننىڭ مۇددىئاسى بويىچە بۇ قېتىمقى توپىلاڭنى قوللىغان ئىشانىيە مەزھەپىدىكىلەردىن قاتتىق ئۆچ ئېلىشقا كىرىشتى. نۇرغۇن بىگۇناھ ئىشانىيە مۇرىتلىرى دارغا ئېسىلدى. مەملىكەتنى قانلىق تېررورلۇق قاپلاپ كەتتى. خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان مەزھەپ تېررورلۇقى قاپلىغان بۇ مۇدھىش زېمىندىن قېچىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى ۋە بۇ مەملىكەتنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى مەزھەپ نىزاھلىرى تېخى ئېغىر بولمىغان چالىش، تۇرپان ۋە قۇمۇل دىيارلىرىغا پاناھلىق ئىزدەپ كەتتى.

ھۆرمەتلىك كىتابخان، قەشقەر خوجىلىرىنىڭ ئىشانىيە مەزھىپىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد پىرى خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشاننىڭ قەشقەردىن قېچىپ چىقىشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يۈز بەرگەن بىر قاتار زور ۋەقەلەر توغرىسىدا شۇنچىلىك مەلۇمات بەرسەك كۇپايە قىلۇر. ئەمدى باشتىكى سۆزىمىزگە كېلەيلۇق.

* * *

خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان سەرگەردانلىق ئىچىدە سەرسان بولۇپ يۈرگەن ئاشۇ ئېغىر كۈنلەردە ئاتىسى خوجا مۇھەممەت ئىشانكالاننىڭ قان قىساسىنى ئېلىشنى بىر كۈنمۇ ئۇنتۇپ قالغىنى يوق. ئۇ سەپەر ئۈستىدە كېتىۋېتىپمۇ «ئەگەر خۇداۋەندەكەرىم تەرىقەتپاناھ ئەنبىيا مۇرسەللەرگە، پەزىلەتلىك ۋە توغرا يوللۇق ئۇلۇغ ئەۋلىيالارغا، رەھىمدىللىك ۋە قۇدرەتلىك ماشايىخلارغا شانۇ ـ شەۋكەت ئاتا قىلىشنى ئىرادەت ۋە تەقدىر قىلماقچى بولسا، ئۆزىنىڭ تۈرلۈك غايىپ ھېكمەتلىرى ئارقىلىق ئۇلارنى ئالدى بىلەن ئېغىر ھىجران ۋە خارۇ ـ ئەلەمگە مۇپتىلا قىلىدۇ. جاھاننىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقلىرىنى كۆرسىتىپ، تۈرلۈك مېھنەت ۋە مۇشەققەتلىرىنىڭ قايغۇسىنى ئۇلارغا تېتىدۇ. ئاھۇ ـ نادامەت توزاڭ ـ تۇپراقلىرى بىلەن يۇغۇرۇپ، پۇشايمان ئوتى بىلەن پىشۇرۇپ، خارۇ ئېتىبار كوچىلىرىدىن ئايلاندۇرۇپ، ئاندىن ئۇلارنى دەرىجىمۇ ـ دەرىجە ئىززەت ۋە ھۆرمەت ئەۋجىگە قەدەممۇ ـ قەدەم ئېلىپ چىقىدۇ. مۇبادا، مەن ئاللاتائالانىڭ بۇ تۈرلۈك غايىپ ھېكمەتلىرىنىڭ ئاچچىق ـ تاتلىق تەمىنى تېتىمىسام، قانداقمۇ ئىشىقىيە تەرىقىتىنى جاھانغا كەڭ قانات يايدۇرالايمەن؟ قانداقمۇ ئاشۇ بىچارە ئۇيغۇر خەلقىنى لەنىتى ئىسھاقىيچىلەرنىڭ زۇلمەتلىك تەقىبى ۋە زالالەتلىك سېھىر ـ بەنتلىرى ئارىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ

چىقالايمەن؟ شۇڭا، بۇ ئېغىر ئازاپ ـ ئوقۇبەتلەرگە سەۋر ـ تاقەت قىلىشىم كېرەك. ئارقامغا چېكىنىسەم، پەدەرىم ئىشانكالان مۇھەممەتئىمىن خوجىنىڭ قان قىساسىنى، ۋاپانى ئۇنتىغان بولۇرمەن. ئىككىلا ئالەمدە قارا يۈز، تۇزكور بولىمەن!» دېگەنلەرنى دەمموۇ ـ دەم ئويلاپ تۇراتتى. شۇڭا، قانداقلا بولسۇن، ئىسلام دىنى تېخى ئەمدىلا ئومۇملاشقان قۇمۇل دىيارىدىكى ساددا ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا نىجاتلىق ئىزدەپ تېپىش ئىرادە كەمەرىنى باشقىلاتتىن چىڭتتى.

ئۇ شۇ ئىرادە بىلەن خاس شوپىلىرىنى باشلاپ، شەھەرمۇ ـ شەھەر، مەھەللە ـ كەنت، سەھرا ـ قىشلاقلارنى ئارىلاپ كېزىپ چىقتى. ياتىدىغان جايى بولمىسا، ئەسكى ئۆي، كونا مازارلار، قەدىمكى قەۋرىستانلىقلاردا يېتىپ تۈنىدى، قورسىقى ئاچقاندا تىلەمچىلىك قىلدى. ئۇلار كەزمىگەن دەشت ـ چۆل، ئاشمىغان تاغ ـ داۋان قالمىدى، چاچلىرى ئۆسۈپ يەلكىسىگە، ساقاللىرى ئۆسۈپ مەيدىسىگە كەلدى. ئۇچىسىدىكى دەرۋىشلىك كۇلاھ ـ جەندىلىرى تىتىلىپ، ئەت ـ يانلىرى ئېچىلىپ قېلىشتى...

خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشانلار قۇمۇل دىيارىغا يېقىنلاشقانسىرى، بۇ دىيارنى ئىسلاھىيە مەزھىپى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مۇلكنى قەشقەرىيىگە قارىغاندا تېخىمۇ بەختسىزرەك ھالدا كۆرۈشتى. ۋەھشى جۇڭغار باسمىچىلىرى قۇمۇل دىيارىنى چېكىگە يەتكۈزۈپ خانىۇ ـ ۋەيران قىلىپ تاشلاشقا ئۈلگۈرگەنىدى! ئۇلار يوللاردىكى بۇزۇپ تاشلانغان كۆۋرۈكلەرنى، ھوسۇلسىز ئارپا ۋە بۇغدايلىقلارنى قىنى تىنىپ كەتكەن قۇرۇق ئېرىقلارنى كۆرۈشتى. ئېتىزلىقلار ئاق تاشلىنىپ قالغاچقا ياۋايىلىشىپ، شىۋاق ۋە ئاق تىكەنلەر بېسىپ كەتكەنىدى! باغلار ئۇسسۇزلۇقتىن قۇرۇپ كېتىشكەنىدى. دېھقانلارنىڭ نېنىمۇ، مېلىمۇ يوق ئىدى.

دىۋانە - سايىلار تونۇپ - تونۇپ بولۇشۇپ، يول بويلىرىدا ئولتۇرۇشۇپ، خۇددى ئۆزلىرىگە ئوخشاش جاھانكەزدى دەرۋىش، بىچارە دىۋانىلەردىن سەدىقە تىلىشەتتى.

ئۇلار قۇمۇل دىيارىغا كىرىش ئېغىزىدىكى توغۇچى دېگەن يەرگە ئاز قالغاندا يولدىن ئېزىپ چەت چېكى كۆرۈنمەس بىر جەزىرە قۇملۇققا كىرىپ قالدى. ئۇلار قۇملۇقتا بىر كۈن ماڭدى، ئىككى كۈنمۇ ماڭدى. بىراق، قۇملۇقنىڭ چېكى كۆرۈنمەيتتى. چاناشلىرىدىكى سۇ ئاخىر تۈگىدى. ئۈچىنچى كۈنى، چاڭقاپ، ئۇلارنىڭ ئاغزىدا نەم دىدارى قالمىدى. كالپۇك - تىللىرى قۇرۇپ، بىر - بىرىگە يېپىشماس دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. ئۇلار ئاچلىقتىن ھالسىزلىنىپ ماڭغۇدەك مادارىمۇ قالمىدى. ئاخىر بولالماي يىقىلىپ قېلىشتى. تىرەجەپ ئۆملەپ بېقىشتى. بۇ چاغدا ئېغىر كۈنگە قالغان خوجا مۇھەممەت يۈسۈپ ئىشاننىڭ مەنزىلگە يېتىپ بېرىشقا كۆزى يەتمىدى. ھەتتا ھاياتىدىنمۇ ئۈمىدىنى ئۈزدى. ئۇ ئەمەنگاندا قالغان ئائىلىسىدىكى تەييار راھەت - پاراغەتلىك تۇرمۇشنى تاشلاپ، ئاتىسىنىڭ قان قىساسىنى ئالىمەن دەپ، ئەل - يۇرتىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىگە قاتتىق ئېچىندى، پۇشايمان قىلدى: «يۇرتۇمدا ئىشان بولماي، ئاددىي مۇرىت بولۇپ ئۆتسەممۇ، بېشىمغا ئېغىر كۈن چۈشكەندە، ياخشىلىق قىلىدىغان خىش - ئەقرەبارلار چىقاتتى. ئۆلۈپ قالسام، يۇيۇپ كېپەنلەپ ئۇزىتاتتى. مانا ئەمدىچۇ، بۇ جەزىرە - قۇملۇقتا راستىنلا ئىزسىز ئۆچىدىغان بولدۇم. كۆزۈمنى قاغا - قۇزغۇنلار چوقۇپ، ئۆلۈكۈمنى چىلبۆرىلەر يەيدىغان بولدى!» دەپ ھەسرەت - نادامەت چەكتى. بۇ ۋاقىت چىڭقى چۈش بولغان مەزگىل بولۇپ، ئاسمان چوغ، يەر قوغ بولغاندەك تومۇز ئىسسىقنىڭ قىيامىغا چىققان ۋاقتى ئىدى. بۇنداق پىژ - پىژ زەھەردەك ئاپتاپلىق ئىسسىقتا، ئادەم تۇرماق

بىچارە ئىشەكلەرمۇ ئاخىر چىدىيالماستىن ئۆزىنى يەرگە تاشلىشىپ يىقىلىشقا باشلىدى...

بۇ چاغدا جەزىرە ـ قۇملۇقنىڭ بىر چېتىدە بىر توپ ئاتلىقلار يارىلانغان بىر يىلپىزنى قوغلاپ يۈرۈشەتتى. ئۇلار يىراق ئوپۇقتا يېقىن بىر جايدا قاغا ـ قۇزغۇن، سار ـ تازقاراغا ئوخشاش تاپ يەيدىغان قاناتلىقلارنىڭ بىر نۇقتىنى ئەگىپ يۈرۈشكىنىنى كۆرۈپ قېلىشتى. شۇئان ئاتلىقلار يۈرىكى بىرەر شۇملۇقنى سەزگەندەك بولۇشۇپ، يارىدار يىلپىزنى تاشلاپ قويۇشۇپ، ھېلىقى تەرەپكە ئات سىلىپ يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار خېلى مېڭىپ بىر قۇم بارخىنىدىن ئۆتۈپلا ۋەھشىيەتنى كۆرۈپ قېتىپ تۇرۇشۇپ قېلىشتى. قاغا ـ قۇزغۇن، سار ـ تازقارالار تۆت ئادەمنىڭ جەسىتىنى چوقۇپ، تىتىملاپ، كۆزلىرىنى ئويۇپ يەپ، ئەت ـ گۆشلىرىنى غاجاپ تۇگىتىپ، قىپقىزىل سۆڭەك قىلىپ قويۇشقانىدى. بۇ قىپقىزىل ئادەم سۆڭەكلىرىنىڭ سەل نېرىسىدا يەنە تېخى قۇرۇپ ئۆلگۈرەلمىگەن بەش ئېشەكنىڭ يوغان سۆڭەكلىرى تۇراتتى. يىرتقۇچ قاناتلىقلار بىر توپ ئادەمنى كۆرۈپ ئۈركۈپ نېرى ئۇچۇپ كېتىشتى. ھېلىقى ئادەملەر ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، ھېلىقى تۆت ئادەم جەسىتىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— كەيگەن كىيىملىرىدىن قارىغاندا، مۇسۇلماندەك قىلىدۇ، — دېدى ئاتلىق ئوۋچىلاردىن بىرى، — بېشىغا كىيگەن كۇلاھسىدىن قارىغاندا، يىراق يەردىن كەلگەن دەرۋىشلەرگە ئوخشايدۇ. بىچارىلەر جەزىرە قۇملۇققا ئېزىپ كىرىپ قېلىپ، يېنىپ چىقىپ كېتەلمەپتۇ ـ دە، ئاخىر ئاچ قېلىپ ۋە چاڭقاپ ئۆلگەندىن كېيىن قاغا ـ قۇزغۇنلارغا يەم بوپتۇ.

ئوۋچىلار ئۆلگۈچىلەرنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىگە جەزىم

قىلىشقاندىن كېيىن جەسەتلەرنى يىرتىق جەندىلىرى بىلەن كېپەنلەپ نامىزىنى چۈشۈرۈپ شۇ يەرنىڭ ئۆزىگىلا دەپنە قىلىشماقچى بولدى ۋە ھېلىقى جەسەتلەرنى كىيىملىرىدىن تۇتۇپ تارتتى. بۇ چاغدا، ھېلىقى تۆت جەسەتنىڭ ئاستىدىن يەنە بىر جەسەتنىڭ بېشى كۆرۈندى. ئۇنى يىرتقۇچ قاناتلىقلار تېخى چوقۇپ - تىتمىلاشقا ئۈلگۈرەلمىگەنىدى. ھېلىقى جەسەت بىردىنلا خۇددى جان كىرىپ قالغاندەك مىدىرلاپ قويدى.

— ماۋۇ ئادەمنىڭ تېخى جېنى باردەك قىلامدۇ نېمە؟ — دېدى جەسەتنىڭ مىدىرلىغانلىقىنى كۆرۈپ قالغان بىرى.

— دەرھال ئاغزىغا سۇ تېمىتىڭلار. ئەمما، جىق تېمىتىۋەتمەڭلار! — دېدى ئاتلىق ئۇۋچىلارنىڭ ئارىسىدىكى مويسىپىتراق بىرى. ئۇنىڭ بىر قولى بىلىكىدىن خۇددى چېپىپ تاشلانغاندەك يوق ئىدى، — بولمىسا، تىقىلىپ قېلىپ راستىنلا ئۆلۈپ قالىدۇ!

ئاغزىغا تېمىتىلغان نىجاتلىق سۇيىنىڭ تامچىلىرى ئاخىر ھېلىقى جەسەتنى ئۆلۈم گىردابىدىن تىرىكلىك بېغىغا قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلدى. بىر كەملەردە ئۇ كۆزىنى ئاستا ئېچىپ، بېشىدا ئۇنىڭغا قارىشىپ تۇرۇشقان بۇ ئادەملەرنى كۆردى ۋە:

— ئى ئىنسانلار، نېمە قىسمەت بۇ؟ — دېدى ئۇ نىمجان ئاۋازدا، — مەن ھازىر نەدە، قېنى مېنىڭ ھەمراھلىرىم؟

— ئى مۇسۇلمان، سىز ئۆزىڭىزنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىڭىزنىڭ قۇچىقىدا تۇرۇپسىز، — دېدى ئۇۋچىلاردىن بىرى ئۇنىڭ بېشىنى ئاستا يۆلەپ تۇرۇپ، — ھەرنە بولسىمۇ گورنىڭ ئاغزىدىن قايتىپ كەلدىڭىز! ئالدىرىماڭ، مۇنۇ سۇدىن ئاز - ئاز ئىچىپ بېرىڭ، چاك - چاك بولغان چاڭقاقلىقىڭىز بېسىلسۇن، ماغدۇرىڭىزغا كېلىڭ - دە، ئاندىن بىزلەر ھەمراھلىرىڭىزنىڭ قىسمىتىنى سۆزلەپ بېرۈرمىز...

نىجاتلىق سۈيىنى ئاز - ئازدىن ئىچىپ ۋە ئېۋىتىلگەن ناننى يەپ ماغدۇرىغا كېلىشكە باشلىغان بۇ نىمجان ئادەم كەچقۇرۇن بولغاندا بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئورنىدا ئولتۇرالايدىغان بولدى ۋە ئۆزىنى ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان بۇ ئادەملەرگە مەمنۇنلۇق، تەشەككۇرلۇق نەزەرى بىلەن قاراپ قويدى.

— ئى مۇسۇلمان، سىز ئەمدى بىزگە جاۋاب بېرىڭچۇ؟ — دېدى ھېلىقى مويسىپىت ئۇۋچى، — سىزلەر كىم بولىسىزلەر، نەدىن كەلدىڭىزلەر ھەم بۇ قۇملۇققا قانداق كىرىپ قالدىڭىزلەر؟

— بىز خۇدايى رىزقىمىزنى ئىزدەپ يىراقتىكى قەشقەردىن چىققان ئەھلى تەرىقەتچىلەرمىز، — دېدى ھېلىقى نىمجان ئادەم زەئىپ ئاۋازدا، — بىز جەمئىي بەش ئادەم ئىدۇق. «قۇمۇل دىيارىدا مۇھەممەت شاھ غازىبەگ دېگەن بىر باھادىر ئىسلام قىلىچىنى كۆپپارلار باشىغە بىئىبا ۋە بىدەرىغ چاپىپ، قۇمۇل ھۆدۇتلۇقىدا ئىسلامغا يارى مەدەتكار، تەرىقەتكە ھامىي غەمگۈزار بولۇپتۇ. ھەقىقىي ئىسلام پادىشاھلىق دەرىجىسىنى ۋە دۆلىتىنى تەسەررۇپ ئەيلەپ، ئىسلام ئاپتىپى شولىسىنىڭ ئارغامچىسى بىلەن كۆپپارلارنىڭ زۇلۇم قودۇقىغا چۆككەن زۇلۇمكەش ئاجىزلارنى تارتىپ چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ دۆلەت سايىسى بىلەن پەرۋىش قىلىپتۇ» دەپ ئاڭلاپ، ئىسلام ئاپتىپى چاقنىغان بۇ ئەزىز دىيارغا پاناھلىق ئىزدەپ كېلىپتۇق، ۋادەرىغ، بۇ تەتۈر پەلەك قىسمىتىنىڭ بىزلەرنى جەزىرە قۇملۇققا ئەپكېلىپ، ئۆلۈم گىردابىغا تاشلىشىنى بىلمەپتۇق.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا، قوينىدىن بىر ئىرشاتنامىنى ئېلىپ بۇ مويسىپىتقا سۇندى. مويسىپىت ئۇۋچى ئىرشاتنامىنى ئېچىپ كۆز يۈگۈرتۈپ كۆردىكى: «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم، سىنەئى خەزىنەلەرنى ئىمان ۋە ئىسلام زىياسى بىرلە مۇھەللا ۋە مۇزەييەن ۋە ئۆلىما ۋە فوزەللا تائىفىلىرىگە دەرەجات ئەيلىيە ۋە مۇقامەت سىنەئەئا ئەيلەپ سائىرۇنناسىدىن بەلكى جەمئىي

مەخلۇقاتنىڭ تەرجىھ ۋە مۇمتاز ئەيلىدى. «ۋە قالەللەزىنە ئۇتۇلمە، ① دەرەجات كەرىمكى ئارىفى ھەقشۇناس ۋە كاشىفى ئەسرارىى قىياسلارنى ئەزىمۇ شىشەئىن ۋە رەفىئول قەدىر ئەيلەپ مەقام ئەلادا جاي بېرىپ، ۋەلەقەد كەررەمنابەنى ئادەمە، ② مەنسۇر نامەسنى باشلاردا تاج ئىززەت قىلدى... قەسەمكى، ئۇشبۇ ئىرشاتنامىنى ئېلىپ يۈرگۈچى قۇتبىل ئەقتابى نەقشىبەندىيە مۇرشىدئۇلئەۋلىيا خوجا مۇھەممەت يۈسۈپ ئىشانى بىننى ئىشانكالان مۇھەممەتئىمىن خوجا بىننى مەخدۇم ئەزەم قەددەسە سىرەھۇ ئەزىزدۇر...»

ئىرشاتنامىنى كۆرۈپ بولۇپ ھېلىقى مويسىپىت كىشى پۇشايمان ئىلكىدە ئىزتىراپ بولۇپ پۇچۇلاندى.

— مەرھابا، ئى قۇتبىل ئەقتابى مۇرشىدىل ئەۋلىيائى خوجا مۇھەممەت يۈسۈپ ئىشان ئەزەم! بىز بىلمەپتۇق، سىز ئۇلۇغلارنىڭ مۇبارەك قەدەم تاۋۇشلىرىڭىزلاردىن بالدۇرراق خەۋەر تاپقان بولساق، سىز ھەرگىزمۇ بۇ دىشۋارچىلىققا مۇپتىلا بولماس ئەردىڭىز!

— ئى ھۆرمەتلىك مۇسۇلمان، — دەپ سورىدى خوجا مۇھەممەت يۈسۈپ ئىشان ئۇنىڭدىن، بۇ چاغدا ئۇ خېلىلا ماغدۇرىغا كېلىپ قالغانىدى، — ئۆزىڭىز كىمدۇر سىز؟

بۇ چاغدا ھېلىقى ئوۋچىلاردىن بىرى:

— بۇ زات خۇددى سىز باياتىن ئېيتقان ھېلىقى ئىسلام باھادىرى، قۇمۇل دىياردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ باشپاناھى سەييىد مۇھەممەت غازى تارخانبەگ ھەزرەتلىرى بولۇر! — دەپ جاۋاب بەردى.

— ئى ئىسلام باھادىرى، سىز راستىنلا ئىسلام شىكارلىرىدا

---

① «ئىلمى بار، ئىمانى ئادەملەر ئېيتتى»، قۇرئان كەرىم، سۈرە رۇم، 56 ـ ئايەت.
② «شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق.» قۇرئان كەرىم، سۈرە، بەنى ئىسرائىل (ئىسرا)، 70 ـ ئايەت.

كۈپپار غەنىيمەتلىرىنى ئۇۋلىغۇچى ئەسەدۇللاھ ئەلى شاھمەردان سەيىيد مۇھەممەت شاھ غازى تارخانبەگ بولسىڭىز — ھە؟!

خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان دەرھال ئۇنىڭ پۇتىنى قۇچاقلاپ سۆيدى:

— ئالدىڭىزدا ئۇلۇغلۇق قىلىشقا ھەددىمنۇ مېنىڭ، ئى بەخت - تەلىيى ئۈستۈن پادىشاھى ئەزەم. مەن پەرغانىدىن كېلىپتۇرمەن، سەيىيد ئەۋلادلىرىدىندۇرمەن. بۇ ئالەمنى كېزىپ نۇرغۇنلىغان پادىشاھلارنى كۆرگەندۇرمەن. بىراق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن سىزدەك ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانپەرۋەر پادىشاھنى ئاز ئۇچراتتىم. ئى مۇرۇۋۋەتلىك پادىشاھى ئالەم، بىر ئىشنى بىلىشمگە ئىجازەت بېرەرسىزمۇ؟

— ئىجازەت، ئى ھەزرىتى ئەزىز، مەرھەمەت قىلىپ سورىغايسىز!

— بۇ قەيەر، مېنىڭ يەنە تۆت مۇرشىدىم بار ئىدى. نېمە بولدى، ئۇلار ھېچ كۆرۈنمىدى؟

— بۇ يەرنى تۇغۇچى دەپ ئاتايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى مۇھەممەت شاھ غازى تارخانبەگ، — سىز ھەزرىتى ئۇلۇغنىڭ تۆت مۇرشىدى پەيداكارلىق كۆرسىتىپ قاناتلىق يىرتقۇچلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ھىمايە قىلىش ئۈچۈن سىزنى تېنى بىلەن يوشۇرۇپ قالغانىكەن. نەتىجىدە، سىز نىجاتلىققا ئېرىشىپتۇرسىز لېكىن ئۇلارغا قازايى قەدىر يېتىپ، جان تەسەددۇق قىپتۇ. بىز ئۇلارنى كېپەنلەپ يەرلىكىدە قويۇۋەتتۇق.

ئۇ سۆزلەۋېتىپ، يېنىدىكى ھەمراھلىرىغا قاراپ قويدى — دە:

— ئىقلىمدا ئۆز خوجىسىنى دەپ مۇنداق جانپىدالىق كۆرسىتىدىغان جاۋانمەرتلەر كۆپ ئۇچرىمايدۇ! — دېدى ۋە، — قاسىم قورمال، سىز بۇ تۆت شېھىد دەپنە قىلىنغان يەرنى ئاشارتلاپ ئېھاتە قىلغايسىز!

— باش ئۈستىگە، پەرمانىڭىزنى بەجا كەلتۈرگەيمىز! — دەپ قۇللۇق بىلدۈردى قاسىم قۇرمال دەپ ئاتالغان بىرەيلەن.

قۇمۇل ھۆكۈمدارى مۇھەممەت شاھ غازى تارخانبەگ كۆڭگە قاراپ قويدى، ئاندىن:

— ئى ھەزرىتى سەيىد خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان خوجام، كەچ كىرىۋاتىدۇ. بىزلەر شەھەرگە قايتساق قانداق؟ سىز ھەزرىتى ئۇلۇغ خوجامنىڭ تەن — سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن قالغان ئىشلار ئۈستىدە سۆزلىشەيلۇق، — دېدى — دە، ئادەملىرىگە بۇيرۇپ دەرھال بىر شىرغا تەييارلاتقۇزدى ۋە خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشاننى شىرغىغا ياتقۇزۇپ قۇمۇل تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

* * *

مۇلكىي تۈركىستاننىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى ئۇلۇغ چىن تېمىغا[①] يېقىن بىر چېتىدە قامۇل شەھىرى دەپ ئاتىلىدىغان قەدىمكى بىر ئۇيغۇر شەھىرى بار ئىدى. بۇ شەھەر تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان بولغاچقا، يانباغىرلاردا تاغدىكى قار — مۇزلارنىڭ ئېرىپ سىڭىشىدىن ھاسىل بولغان نۇرغۇن چەشمە — بۇلاقلار بار ئىدى. بۇ بۇلاقلاردىن ۋىلىقلاپ كۆلگىنىچە ئېقىپ چىقىدىغان سان — ساناقسىز تارامىلاردىن ھاسىل بولغان نەچچە ئېرىق سۇ شەھەرنى قىشمۇ — ياز سۇغىرىپ، كۆكەرتىپ تۇراتتى. شۇ ئېرىقلاردىن بىرىنىڭ بويىغا سۇ بېشى[②] دەپ ئاتىلىدىغان بىر كۈجۈم مەھەللە جايلاشقانىدى. بۇ مەھەللىدىكى ئاھالىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى

---

① ئۇلۇغ چىن تېمى — مەملىكىتىمىز سەددىچىن سېپىلىنىڭ تارىختىكى نامى.
② سۇ بېشى — جاي ئىسمى. ئورنى ھازىرقى قۇمۇل شەھىرىدىكى خەلق باغچىسىنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسى بىلەن شەرقىي شىنجاڭ مىللىي سودا سارىيىنىڭ ئورنىغا توغرا كېلىدۇ.

قەشقەرلىك ئۇيغۇرلار بولغانلىقتىنمۇ ئەيتاۋۇر، بۇ مەھەللىنىڭ نامى يەنە قەشقەر مەھەللىسى دەپمۇ ئاتىلاتتى. مەھەللىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە جايلاشقان قەدىمكى كۆل بويىدا ئېگىز بىر خانىقا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ خانىقا قۇمۇل دىيارى ئىسلاملىشىشقا باشلىغان ئاشۇ يىللاردا قۇرۇلغان دەسلەپكى ئىسلام ئىمارىتى بولغاچقا، سۇ بېشى مەھەللىسىدىكىلەر بۇ ھەيۋەتلىك خانىقا بىلەن ئۆزلىرىنى پۈتۈن قۇمۇل دىيارىدا پەخىرلىك ھېس قىلىشاتتى. بۇ خانىقامۇ مەھەللىنىڭ نامى بىلەن سۇ بېشى خانىقاسى دەپ ئاتىلاتتى. بۇ خانىقادا ئىشقىنىيە سۇلۇكىدىكى مىر سەئىد جېلىل قەشقەرى دەپ ئاتىلىدىغان قەشقەرلىك بىر ئۆلىما مۇرەتتىب ئىمام[①] ئىدى. سۇ بېشى مەھەللىسىدىكى مۆمىن بەندىلەر ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلىپ ئەگىشىپ، خۇددى تۈپتۈز يولدا ھېچقانداق كاتاڭغا ئۇچرىماي، چايقالماي سىلىق كېلىۋاتقان ھارۋىدەك غەم ـ ئەندىشە، ۋەسۋەسىلەردىن خالىي ياشاپ كەلمەكتە ئىدى. يىللار خۇددى ئاپپاق قار بىلەن قاپلانغان تەڭرى تاغلىرى ئۈستىدىكى يېنىك بۇلۇتلاردەك كەينى ـ كەينىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىدى. مەھەللىدە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلۇق تويلار بولاتتى. يىغا ـ زارلىق ئۆلۈملەر ئۆزىتىلاتتى؛ «ئىڭە» لەپ يىغلاپ تۇغۇلىدىغان بالىلار ئەش ئانا[②] تەرىپىدىن كۈتۈۋېلىناتتى. ئاپپاق ساقال قېرىلار زاراتگاھلىقتا ئۆزىتىلاتتى. بامدات نامىزىدىن كېيىن خانىقادىكى ھۆرمەتلىك ئورۇنلىرىدىن ئايرىلىپ كۆل بويىدىكى سالقىن سايىلىك بۆگلۈكلەرگە كۆچۈپ، ساقىلىنىڭ قاچان ئاقارغىنىنى سەزمىگەن مويسىپىت قېرىلار پىيالىلىرىدىكى قېنىق دەملەنگەن چايلىرىنى ئىچكەچ دەقيانۇسنىڭ ۋاقتىدىكى كونا پاراڭلارغا چۈشۈپ كېتىشەتتى. سۇ بېشى مەھەللىسىدىكىلەر ئۇزاقتىن بېرى

① مۇرەتتىب ئىمام — جۈمە نامىزىدا خۇتبە ئوقۇيدىغان ئىمام.
② ئەش ئانا — تۇغۇت ئانىسى.

مۇشۇنداق بىر خىل خاتىرجەم ھايات كەچۈرۈپ كېلىۋاتقانىدى. يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدىكى ۋەھشى جوڭغار باسمىچىلىرى سالغان قاباھەتلىك زۇلۇم سىتەملەرنىڭ خىرە سايىسى ئەمدى بۇ كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدىن بارا - بارا ئۆچمەكتە ئىدى. ئۇلار ئۇلۇغلارنىڭ: «يازنى كۆز، يورۇقنى كۈندۈزنى قاراڭغۇ كېچە، راھەتتە ياشاۋاتقانلارنى بەختسىزلىك كۈتىدۇ!» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىنىمۇ ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كېتىشكەنىدى.

قۇمۇل دىيارىنىڭ ئەمىر ئىسلامى مۇھەممەت شاھ غازى تارخانبەگنىڭ پەرمانى بويىچە خوجا مۇھەممەت يۈسۈپ ئىشان مۇشۇ سۇ بېشى خانىقاسىغا يېڭىدىن ئىمام بولۇپ تەيىنلەندى. سۇ بېشى مەھەللىسىدىكىلەر بۇ ئىشنى بىر غەلىتىلىك دەپ ھېس قىلىشقان بولسىمۇ ئەمما ئەمىر ئىسلامنىڭ پەرمانى بولغانلىقتىن ئۇنىڭغا ھېچكىم ياق دېيەلمىدى.

* *

دېگەندەك، خانىقا ئەھلى يېڭى ئىمام خوجا مۇھەممەت يۈسۈپ ئىشانغا ھەدېسىلا ئىلتىپات قىلىپ كەتمىدى. ھەتتا بەزى سورۇنلاردا ئۇ گەپ - سۆز، پىكىر بايان قىلىش پۇرسىتىگىمۇ ئىگە بولالماي، پەگادا ئولتۇرۇپ قالىدىغان ۋاقىتلىرى كۆپ بولاتتى. بۇ ئۇنىڭغا تولىمۇ ھار كەلگەن بولسىمۇ ئەمما مىر سەئىد جېلىل قەشقەرىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە بۇ ئىشنى ئېغىر ئېلىپ كەتمەي، پۇرسەت كۈتۈپ ئولتۇردى.

بىر كۈنى خوجا مۇھەممەت يۈسۈپ سۇ بېشى خانىقاسىدا جۈمە نامىزىغا ئىماملىق قىلدى. بۇ جۈمە نامىزىغا ئەمىر ئىسلام مۇھەممەت شاھ غازى تارخانبەگمۇ قاتناشقانىدى. ئىككى رەكئەت

جۈمە نامىزى ھەممە ۋاجىبلىرى بىلەن ئوقۇلۇپ بولۇنغاندىن كېيىن مۇرەتتىپ ئىمام مىرسەييىد جېلىل قەشقەرى خۇتبە ئوقۇش ئۈچۈن مۇنبەرگە چىقتى.

— ئى مۇسۇلمانلار، ھەممىگە قادىر تەڭرىتائالا ئادەم جىنسىنى تۆتۇق جەۋھەردىن ئىبارەت ئىنئام بىلەن ھەممىدىن ئۈستۈن قىلغان، — دېدى ئۇ خۇتبە ئوقۇۋېتىپ، — ۋە شۇ نىشانە بىلەن باشقا مەخلۇقاتتىن ئىمتىيازلىق قىلغان! ئاللا تائاللا ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ سەھنىسىنى ئەقىل گۈلشىنى بىلەن بېزەپ، ئۇ يەردە بەرىكەت شامىلى ئارقىلىق ئىلىم ۋە ئىدراك چىمەنىنى ئېچىلدۇردى. ئىككى جاھاننىڭ تايانچى ـ مەۋجۇدات سەركىسى، ھەممە ئالەمنىڭ سەرۋەرى، گۇناھكارلىقنىڭ دەشت ـ باياۋانلىرىدا ئېزىپ سۇغا تەشنا بولۇپ يۈرگەن بىزكىتىم گۇمراھلارغا يول كۆرسەتكۈچى قۇتبىل ئەقتاب مۇرشىدۇلئەۋلىيائى ئەزەم خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان ئۈمىدسىزلىك خىلۋەتگاھىنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى يورۇتقۇچى شەپقەت چىرىغىدۇر؛ جاھالەت تىغىدىن زەخىملەنگۈچىلەرنىڭ مەلھەم دورىسى، گۇمراھلىق مەملىكىتىدە باشپاناھسىز ۋە غەمناك بولغانلارنىڭ دوستى ۋە ھەمراھىدۇر؛ ئۈممەتلەرنىڭ ئۆلۈك تېنىگە جان كىرگۈزگۈچى ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى زەئىپ ـ مىسكىنلەرنىڭ مېھرىباندۇر!

مىرسەييىد جېلىل قەشقەرىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى تازا ماقۇل كۆرمىگەن ئەنسارى مۇپتى دېگەن كىشى: «ھەيھات، بولدى قىلىڭ، بەس! سىزنىڭ بۇ تەرىپاتلىرىڭىز پەيغەمبەر ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇلۇغ سۈپەتلىرىدىندۇر! بۇ سۈپەتلەر بىلەن قانداقمۇ ئاددىي بىر بەندىنى تەرىپلەش مۇمكىن بولۇر؟» دەپ خۇتبىنى بۆلۈپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن باياتىن خۇتبىنى ئاڭلاپ جىم ئولتۇرۇشقان نامازخانلار ئوتتۇرىسىدا بەس ـ مۇنازىرە يۈز بەردى. مۇنازىرە شۇنداق ئەۋجىگە چىقتىكى، ئۇلار ھېلى

يۇتىلىرىغا، تۇۋرۇكلەرگە مۇشتلىسا، ھېلى باشلىرىدىكى سەللە - داستارلىرىنى چۇۋۇشۇپ يەرگە ئېتىشاتتى، ۋارقىرىشاتتى.

بىر كەملەردە يېڭى ئىمام خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان قولىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، مۇھەممەت شاھ غازى تارخانبەگدىن سۆزلەشكە ئىجازەت سورىدى. ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن:

— ئى ئەھلى قۇمۇللۇق مۇسۇلمانلار! — دېدى ئۇ، — مەن بەمەنگانلىق بولۇرمەن. نام - شەرىفىم خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ ھاجى بىننى مۇھەممەتئىمىن ئىشانكالاندۇرمەن. ئاتا - بوۋامدىن تارتىپ تەرىقەتچى بولۇپ، نام - ئاتاقتا ھەددى - ھېسابسىز مەرتىۋە - دەرىجىلەرگە ئىگە بولغاندۇرمەن! ئالتە قېتىم مەككە مۇكەررەمە، مەدىنە مۇنەۋۋەر سەپىرىنى تۈگىتىپ، ئۇلۇغ ئۆيىنى تاۋاپ قىلىشقا مۇيەسسەر بولغاندۇرمەن! بۇزرۇكۋار پەدەرىم خوجا مۇھەممەتئىمىن ئىشانكالان شۇنداق بىر پىر ئەردىكى، ئۇممەتلەرنى گۈللەندۈرگۈچى، دۈشمەنلەرنى كۆيدۈرگۈچى، كارامىتى كۆپ، زالالىتى ئاز بىر ئەۋلىيائى ئەزەم ئەردى. سىزلەر مېنى ئىمام بولۇپ راھەت كۆرۈر، شادىمان بولۇر دەمسىلەر؟ ياق، خۇدايىتائالا ئۆزى بىر داناۇركى، ھەر بىر مەخلۇقنى يارىتىپتۇ. ھەر قايسىسى بىردىن غەمگە مۇپتىلا بولۇپتۇ. نېمە ئۈچۈنكى، ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك تەن جەسەتلىرىنى ئاپرىدە قىلىدىغان تۇپراقتا بىر كەم قىرىق كۈن غەم يامغۇرى ياغدۇردى، بىر كۈن شادلىق يامغۇرى ياغدۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن تەرىقەتچىنىڭ غېمى كۆپ، شادلىقى ئازدۇر! — دېدى.

خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشاننىڭ سۆزلىرىدىن قىلچە ئەيىب - نۇقسان تاپالمىغان خانىقا ئەھلى ئۇنىڭ يەنە نېمە دېيدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ جىم ئولتۇرۇشتى.

ئۇ ئەھلى جامائەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان ئەمىر ئىسلام

مۇھەممەت شاھ غازى تارخانبەگكە قاراپ قويغاندىن كېيىن سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— ئاي ئەتراپىدا يۇلتۇز گۈزەل كۆرۈنىدۇ. قاراڭغۇ تۈندە ئاينىڭ نۇرى بولمىسىمۇ يۇلتۇزنىڭ يورۇقلۇقى يول كۆرسەتكۈچى بولغاندەك، جاھالەت ئىچىدە قالغان گۇمراھلار ئۈچۈن ھەزرىتى سەييىدىل مۇھەممەت شاھ غازى تارخانبەگ ئەنە شۇ ئاي ئەتراپىدىكى يۇلتۇزدۇر. ئۇ ئەزىمەت كىشىۋەرىنىڭ ھۆكۈمرانى، ئۇلۇغلۇق ئىقلىمىنىڭ ئەمىنۇ ئامانى، ئۆزىنىڭ ئادالەت نۇرى - زىيالىرى ئارقىلىق ستەمكار مۆمىنلەر كۆڭلىدىن زۇلۇم بىخلىرىنى ۋە ئەلەم غۇبارىنى كۆتۈرگۈچىدۇر. ساخاۋەت بۇلۇتلىرى ئارقىلىق مادارسىزلانغانلار روزىگارىنىڭ مەشئەت چۆللىرىگە يېشىللىق ۋە شادلىق يامغۇرىنى تۆككۈچىدۇر، تەرىقەت ئەھلىگە مەدەت بەرگۈچىدۇر؛ دانىشمەن، پازىل ۋە پىشىۋالار سۆھبىتىگە مايىل بولغۇچىدۇر؛ ئىسلام ئەھلىنىڭ باشپاناھىدۇر، تەڭرىتائالا ئۇنىڭ ھاكىمىيەت سايىسىنى بىز چىچىلاڭغۇ، بىقۇۋۇل، مىسكىن تەرىقەت ئەھلىگە ئەبەدىي قىلسۇن! ئۇنىڭ خىش - ئەقرەبالىرىنى تۈرلۈك بالايىئاپەتلەردىن ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن!

خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان پاساھەت ۋە بالاغەت بىلەن ئىشانىيە تەرىقىتىدىن نۇرغۇن ئىلمۇ - ھېكمەتلەرنى بايان قىلىپ ۋادىلا توختىمىدى. ئۇنىڭ شۇنچە چوڭقۇر ۋە كەڭ ئىلمىدىن پۈتكۈل ئەھلى جامائەت ھەيرانۇ - ھەس قىلىشقانىدى. شۇڭا، بىر - بىرىگە: «يىتراقتىكىسى دامۇللا، يېقىندىكىسى بارمۇللا!» دېگەن گەپ خاتا ئەمەسكەن جۇمۇ! دۇنيادا ئىلمىي - ھېكمەتكە بۇنداق تولغان ئادەملەرمۇ بولىدىكەن» دېيىشىپ، ھەيران بولۇشتى.

— ئى ئەھلى مۆمىنلەر، — دەپ سۆزلىدى مۇھەممەت شاھ غازى تارخان بەگ ئورنىدا تۇرۇپ، — ھەزرىتى خوجا مۇھەممەت

يۈسۈپ ئىشان جاناپلىرى نەمەنگاندىن كەلگەن ئىشىقتىيە تەرىقىتىنىڭ قۇتبىل ئەقتابى مۇرشىدۇلئەۋلىيائى ئەزەمدۇر. قۇرئاندا: «ۋەقەلەد كەررەمنا بەنى ئادەمە» يەنى «شەك - شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق» دېگەن ئايەتنىڭ نازىل بولۇشىمۇ مۇشۇنداق تەرىقەتپاناھ ئەنبىيا - مۇرسەللەر، پەزىلەتلىك ۋە توغرا يوللۇق ئۇلۇغ ئەۋلىيالار، رەھنىمەدىللىك ۋە قۇدرەتلىك ماشايىخلارنىڭ سەۋەبىدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغلارنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتكەنلەر قۇرۇق تۆھمەتكە قالۇر. سىلەر خوجا مۇھەممەت يۈسۈپ ئىشان جاناپلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاياڭلار. ئۇ سىلەرنى رەنجىتسە رەنجىتسۇنكى، سىلەر ھەرگىز ئۇنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتكۈچى بولماڭلار. خوجاڭلارغا ياخشىلىق قىلساڭلار، مەھشەر كۈنى سىلەرمۇ خۇدايىتائالادىن ياخشىلىق كۆرۈرسىلەر، زىيان يەتكۈزسەڭلار، سىلەرمۇ زىيان كۆرۈرسىلەر. ئۇلۇغلار ئالدىدا سۆزمەنلىك قىلماڭلار. مۇبادا، بىھۇدە سۆزلەپ قالساڭلار، ئابرۇيىڭلارنى چۈشۈرۈۋالىسىلەر، ناشايان ئىشلارنى كۆرگەندە كۆرمەسكە سېلىڭلار، ناشايان گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا، ئاڭلىماس بولۇۋېلىڭلار. پانىي ئالەمدە نام - ئابرۇي، مەرتىۋە - ئاتاق قوغلاشماڭلار، ئۇ ئالەمدە مەرتىۋىلىك ئاتاقلىق بولۇرسىلەر. بۇ دۇنيادا مەئىشەت، دۇنيا قوغلاشماڭلار، ئۇ دۇنيادا ھۆر - غىلمانلار ئارىسىدا مەڭگۈ ياشاپ بەختىنىڭ لەززىتىنى سۈرگەيسىلەر. ئۆتنە دۇنياغا كۆڭۈل بەرمەڭلار، ئاخىرەتلىكىڭلارنى تاپالمايسىلەر. ئۆزۈڭلەرنى چوڭ تۇتماڭلار، ئاخىرەتتە ئۇلۇغ بولغايسىلەر. دۇنيادا زاھىدلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتماڭلار، ئاخىرەتتە خۇشال بولغايسىلەر: ئىرادەت قىلغانىكەنسىلەر، ئاخىرىغىچە ئىرادەت قىلغايسىلەر. پىرىنىڭ ئەمرى قىلىنچىتىن ئىتتىكتۇر. كۆڭلۈڭلەرنى ھەرگىز پىرنىڭ ئەمرىدىن باشقا ئىشلارغا بەرمىگەيسىزلەر. دۇنيا كارى

تۇگەيدىغان ئىش ئەمەس. بۇ پانىي دۇنيادا پىرنىڭ ئەمرىدىن باشقا ئىشلاردا بىرنى تاپسا بىرى يوق بولۇر. بۇ خۇددى «ئېشەك تاپسا، پالاڭ يوق، پالاڭ تاپسا ئېشەك يوق» بولغىنىدەك بىر ئىشتۇر!

ئەمىر ئىسلام مۇھەممەت شاھ غازى تارخان بەگ ساددا ئەمما ئىسلام شەرىئىتىگە سادىق بىر مۇسۇلمان ھۆكۈمدار ئىدى. ئۇ يۇقىرىقى سۆزلەرنى قىلىۋاتقاندا، خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشاننىڭ قۇمۇل دىياردا نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق قۇمۇل دىياردا ئىسلامىيەتنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تېخىمۇ چىڭىتىشنى كۆزدە تۇتقانىدى. بىراق، ئۇنىڭ بۇ ياخشى نىيىتى ئاخىر ئۆزىگە دۇقال بولۇپ پۈت-قولىنى چۇشەيدىغان ئاسارەتكە ئايلىنىپ قالدى!

شۇنداق قىلىپ، خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان مۇھەممەت شاھ غازى تارخانبەگنىڭ شاپائىتى ۋە مۇرىتى مىرسەييىد جېلىل قەشقەرىنىڭ پاناھلىق بېرىشى ئارقىسىدا ئاخىر سۇ بېشى خانىقاسىنىڭ جامائىتى ئارىسىدا پۇت تىرەپ قالالىدى. سۇ بېشى خانىقاسىمۇ شۇنىڭ بىلەن يىراق-يېقىندا مەشھۇر بولۇپ، خەلقى ئالەمگە تونۇلۇشقا باشلىدى. كىشىلەر نە-نەدىن سۇ بېشى خانىقاسىغا خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشاننىڭ مەسائىل مەرۇپلىرىنى ئاڭلاشقا كېلىشىدىغان بولدى.

— تەرىقەت ئەھلى ئۆزىنىڭ ھەر بىر ئىشىدا پىرىغا ئىخلاس قىلىشى لازىم، — دەيتتى خوجا پىرىم. قۇمۇللۇقلار خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشاننى ھازىر شۇنداق دەپ ئاتىشىدىغان بولغانىدى، — تەرىقەت ئەھلىنىڭ نىيەت-ئىقبالى دۇرۇس بولۇشى، ئۆز نەپسى ۋە غەرىزىنى ئارىغا قوشماسلىقى لازىم. چۈنكى، نەپسانىي غەرەز ھەقانىي تەرىقەتنى ۋەيران قىلىدۇ. تەرىقەت ئەھلىنىڭ ھەق ئىشتا نەپسىنىڭ خاھىشىنى ئارىغا

قوشقانلىقى پىرغا بولغان ئىخلاسىنىڭ سۇسلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا، غەرەزلىك ھالدا تەرىقەت يولغا ماڭغان مۇرىت پەزىلەتسىز مۇرىتتۇر. ئى ئەھلى مۇرىتلار، بۇ ئۆتنە دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا مەغرۇر بولماڭلار، ئاخىر بېشىڭلارغا پالاكەت ئېلىپ كېلىدۇ. دۇنيا يىغمىغايسىزلەر، پايدىسىزدۇر. خۇدا يولىدا ئاتىغانلىرىڭلارنى دەرھال پىرىڭلارغا نەزىر - نىياز قىلىۋەتكەيسىزلەر، ساقلايمەن دېسىڭىزلەر دەرد - مېھنەت كەلتۈرۈر. كۆڭلۈڭلەردە ئاتىغان ئىكەنسىزلەر، دەرھال نەزىر قىلىڭىزلار. بولمىسا، ئىللەت كەلتۈرۈر. قەرزدار ئادەملىرىڭىزلەرگە دۇرۇشلۇق قىلمىغايسىزلەر، ئۆزۈڭىزلەر قەرزدار بولۇپ قالىسىزلەر. پۇلۇڭلار بار كىشىنى يولدا تۇتمىغايسىزلەر، رەسۋا بولۇرسىزلەر. ئىشقىيە تەرىقىتىدىن باشقىسى ھەممىسى ناجىنس تەرىقەتتۇر. شۇڭا ئۇنىڭغا دوست بولمىغايسىزلەر، ئۇلاردىن سىزلەرگە زىيان يېتىدۇكى، ھەرگىز پايدا يەتمەس. ناجىنس تەرىقەت ئەھلىدىن مۇتلەق ۋاپا كۈتمىگەيسىزلەر، چۈنكى، يامانلار ئۆزىنى ياخشىلىيالماي تۇرۇپ، سىزلەرگە قانداق ياخشىلىق كەلتۈرسۇن؟ ئەگەر ۋاپا ئىزدىسىڭىزلەر پىرىڭىزلاردىن ئىزدىڭىزلەر، نەزىر - نىياز بەرسىڭىزلەر پىرىڭىزلارغا بېرىڭىزلەر. چۈنكى بۇ دۇنيادا نەزىر - نىيازنى قانچىكى كۆپ بەرسىڭىزلەر ئۇ دۇنيادا پىرىڭىزلەردىن شۇنچىلىك ئىنئام ۋە ۋاپاغا ئېرىشۇرسىزلەر. بۇ دۇنيا ۋاپاسى يوق دۇنيا. ئەگەر ۋاپاسى بولغان بولسا، ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا، ھەزرىتى ھاۋا ئانىمىزغا ۋاپا قىلماسمىدى؟

— ئى خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان، — دەپ تەنە قىلدى ئەنسارى مۇپتى، — قاچانغىچە تەرىقەتچىلىك كوچىسىدا يۈرۈپ، ئەزىز ئۆمرىڭىزنى مۇھتاجلىققا سەرىپ قىلۇرسىز؟ ھەرىكەت - بەرىكەت دېمەكتۇر. دېۋانىگىمۇ خۇدا ماڭغانلىقى ئۈچۈن رىزىق

ياراتقان! كاسىپلارنى خۇدانىڭ دوستى دەيدۇ. كەسىپ رىزىقنىڭ سەۋەبى ئەمەسمۇ؟

— مەن تەرىقەت پېشىۋاسىدۇرمەن، — دېدى خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان قىلچىمۇ ئويلىماستىن، — ئەللامەدۇرمەن. شۇڭا، ئاللاتائالا قۇرئانى كەرىمدە: «قۇلھەل يەستەۋىللە زىنىنەيەئلۇ — مۇنەۋەللە زىنەلايەئلەمۇن»① دەپ بېشارەت بەرگەن. شۇڭا، دىۋانە بىلەن كاسىپ قانداقمۇ بىزدەك بىر ئۇلۇغ تەرىقەت پېشىۋاسىغا تەڭ بولالىسۇن؟!

بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئاغزى تۇۋاقلانغان ئەنسارى مۇپتى گەپ تاپالماي جىم ئولتۇرۇپ قالدى.

— ئى ھەزرىتى قۇتبىل ئەقتابى مۇرشىدۇلئەۋلىيائى ئەزەم خوجام، — دەم لوقما تاشلاپ قالدى مۇخلىسلاردىن بىرى بۇ چاغدا، — بىلمەدىمكى، خەيرى - ساخاۋەت بىلەن خەير - ئېھساننىڭ مەنىسى نېمىدۇر؟

ئۇنىڭ سورىغان سوئالىغا خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا:

— ساخاۋەت — باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزمەكتۇر؛ ئېھسان — ئاجىزلارغا ياخشىلىق قىلىش دېمەكتۇر. ساخاۋەت بېھىشنىڭ دەرىخى بولسا، ئېھسان ئۇنىڭ شېخىدۇر. ساخاۋەت ۋە ئېھسان بىلەن كۆتۈرگەن ياخشى نام - ئەمەل ئۇنىڭ چېچەكلىرىدۇر. ئاخىرەتتە تاپىدىغان ساۋابى ئۇنىڭ مېۋىسىدۇر! — دەپ جاۋاب بېرىۋېدى، ھېلىقى مۇخلىس قايىل بولۇپ ئورنىدا جىم بولۇپ ئولتۇردى.

بىراق، بەزىلەر يەنىلا قايىل بولمىغانمۇ - قانداق، خانىقانىڭ ئىچى تىنچىمايۋاتاتتى. بۇ چاغدا خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان قولىنى كۆتۈرۈپ ئۇلارنى تىنچلىنىڭلار، دەپ ئىشارەت

① بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: «بىلگەنلەر بىلەن بىلمىگەنلەر قانداقتۇر تەڭ بولالايدۇ؟ دانا بىلەن نادان تەڭ بولالماس.»

قىلدى.

— ئۇلۇغلار ئېيتىپتۇلاركى، — دېدى ئۇ ئالدىرىماي مەسىلىنى مەرۇپ قىلىپ تۇرۇپ، — بېخىللىق ھەممە ياخشى ھۇنەرلەرنى ياپىدىغان ئەيىبتۇر. ساخاۋەت ھەممە ئەيىبلەرنى ياپىدىغان ياخشى ھۇنەردۇر. كىشى ھېرىسمەنلىك بويۇنتۇرۇقىدىن ئۆزىنى بوشاتمىسا، قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىشى كېرەك. شۇڭا، ئاللا تائالا: «ھەر كىشى دەرگاھىمغا بىر ياخشى ئىشنى كەلتۈرسە، شۇنىڭغا لايىق ئون ھەسسە ياخشىلىق بېرۇرمەن!» دېگەن. ئادەمزات ساخاۋەتنىڭ قۇلىدۇر. شۇڭا، بۇ دۇنيادا سائادەتمەن بولۇش ئۈچۈن خالايىقنىڭ كۆڭۈل قۇشىنى كېرەم دامى بىلەن ئوۋلاش لازىمدۇر. ھەر قانداق بىر مۇرىت مۇشۇ مەزمۇن بويىچە خوجىسىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزگە مايىل قىلسا، تەرىقەتنىڭ سائادەت ئىشىكلىرى ئېچىلىپ، مۇرات — مەخسەتلىرى ھاسىل بولغۇسىدۇر. ھاتەم[1] ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭ قەبرىسى بىر چوڭقۇر يەردە بولۇپ قالدى. ھەر قېتىم يامغۇر ياغسا، سۇلار دەريا بولۇپ ئاقاتتى. ھاتەمنىڭ قەبرىسى ۋەيران بولغىلى تۇردى. ئوغلى كېلىپ، ئاتىسىنىڭ قەبرىسىنى باشقا جايغا يۆتكەپ قويماقچى بولوپ ئېچىۋىتىدى. كۆردىكى، باشقا ئەزاسى بۇزۇلۇپتۇ. پەقەت ئوڭ قولى ھېچ ئۆزگەرمەپتۇ. بەلكى تىرىك ئادەمنىڭ قولىدەك تۇرۇپتۇ. خالايىقلار ھەيران قالدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر دانا كىشى بار ئىدى.

— بۇ ھەيران قالىدىغان ئىش ئەمەس، — دېدى ئۇ، — ھاتەم بۇتپەرەست ئىدى. بىراق، ئۇ ئوڭ قولى بىلەن بىسيار ساخاۋەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، خۇدايىتائالانىڭ ئىنايىتى بىلەن قولى ساق قالغان. ئەگەر كىشى خەير — ئېھسان كۆرسەتسە، دوزاخ ئوتىدىن نېمىشقا ئەمىن بولمىغاي؟!

[1] قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن مەشھۇر ساخاۋەتچى مەرت ئادەم.

خۇداغا شۇكۇر، ئالەم ئەھلىنىڭ سۇلتانى، لۇتپۇ كەرىم بېغىنىڭ مېۋىلىك دەرىخى، سەلتەنەت - جاھاندارلىق ئاسمىنىنىڭ قۇياشى ۋە ئەزىمەتلەر بارگاھىنىڭ بەختىيار باھادىرى، زامانىمىزنىڭ جاھاننى بېزىگۈچى داراسى[①]، شان - شەۋكەتتە ئىسكەندەر[②] سانى ئەمىر ئىسلام مۇھەممەت شاھ غازى تارخانبەگ جانابىي ئالىيلىرى ئەنە شۇنداق ساخاۋەتلىك سۇلتاندۇر!

— بەرھەق، بەرھەق — دېيىشتى خانىقا ئەھلى، ئۇلارنىڭ ئاۋازىدىن پۈتۈن ئىشىك - رۆجەكلەر دىرىلدىشىپ كېتىشتى.

بەلكىم، بۇ سادا، ئاقكۆڭۈل قۇمۇللۇقلارنىڭ سەھەردە تۇرۇپ قىلىشقان دۇئا - تىلاۋەتلىرى، ئۇل قۇدرەتلىك ۋە ھىممەتلىك ئاللانىڭ مۇبارەك دەرگاھىدا مەقبۇل بولغانمۇ قانداق، «كىمنى خالىسام ئەزىز قىلىمەن ۋە كىمنى خالىسام خار قىلىمەن» دېگەن سۆيىنى ئاشكارا كۆرسەتتى. بولمىسا، بۇ قۇمۇل دىيارىدىكى ئەللىك بەگلىك يۇرت - ئايماقلار خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشاندەك نام - نىشانسىز تېجىمەل ئاقىۇن تەرىپىدىن بۇنداق تېز تەرىقتى ئېتىلا قىلىنماس ئىدى. بۇ نىل رەڭ تەتۇر چۆرگىلەيدىغان پەلەك چاقى ئۆزىنىڭ نەيرەڭۋازلىق ئويۇنلىرىنى ئوينىتىپ، ئاخىر خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشاننىڭ ئىشانىيە تەرىقىتىنى قۇمۇل دىيارىدا ھەممىدىن ئۈستۈن ۋە يۇقىرى قىلدى. ئەي، ئەقىل ئىگىلىرى شۇنى بىلىڭلاركى، بۇ ئاجايىپ ئىشلاردىن تەجرىبە - ساۋاق، ئىبرەت ئېلىش كېرەك. بولمىسا، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بۇ يولدا مېڭىشقا مەجبۇر بولىسىلەر!

خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان خانىقادا مەسائىل مەرۇپ تىڭشايدىغان مۇخلىسلارنى ئۆزىگە تېخىمۇ جەلپ قىلىش ئۈچۈن،

---

① ② قەدىمكى ئىران پادىشاھلىرى.

ئەمىر - مەرۋپلىرىنى مەخشەتلىك ھالدا بىر مەسىلە، بىر مەسىلە قىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى.

— مۇرىتلار ئۆز خوجىسىغا بەيئەت كەلتۈرگەندە، — دېدى ئۇ سۆزلەۋېتىپ، — مۇنداق ئالتە جەھەتتىكى مەجبۇرىيەتنى تەركىسىز، تولۇق ۋە ئۇزۇل كېسىل ئورۇنداش لازىم!

— قۇتبىل ئەقتاب ھەزرىتى خوجام، — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن مىرسەيىد جىلىل قەشقەرى، — ئۇل قايسى ئالتە مەجبۇرىيەتتۇر؟

— بۇ ئالتە مەجبۇرىيەت شۇكى، — دەپ جاۋاب بەردى خوجا مۇھەممەت شىرىپ ئىشان ئالدىرىماي سۆزلەپ، — بىرىنچىدىن، مۇرىتلار يارلىق ئىنسانچىلىقتا قۇتبىل ئەقتاب مۇرشىدىلئەۋلىيا بولغان ئۆز خوجىسىنى قەلىب قىلىش شەرت. چۈنكى، خوجىسى رازى بولغاندىلا ئاندىن خۇدا رازى بولۇر؛ ئىككىنچىدىن، مۇرىتلار قۇتبىل ئەقتاب مۇرشىدىلئەۋلىيا بولغان خوجىسى باشلىغان ئىشقىيە سۇلۇكىگە مەڭگۈ سادىق بولۇش، خوجىسىنىڭ ئەمىر - مەرۇپلىرىنى، بۇيرۇق - تەلەپلىرىنى شەرتسىز ئورۇنلىماق، خوجىسىدىن ھېچنىمىسىنى ئايىماسلىق ۋە يوشۇرماسلىق لازىم؛ ئۈچىنچىدىن، خوجىسى باشلىغان ھەر قانداق غازاتتىن قەتئىي يانماسلىق، قورال - ياراق، يېگىش ۋاستىلىرىنى يېشىق مەشىق قىلىش ۋە ئۇنى ئۆگىنىۋېلىش لازىم؛ تۆتىنچىدىن، بىدئەت، ئازغۇنلارنى مەنىۋىي جەھەتتىن ئەدەبلەش، جىسمانىي جەھەتتىن يوقىتىش ئۈچۈن پۈتۈن قۇمۇل دىياردىكى ئەھلى مۇسۇلمانلارنى تەخىرسىز ھالدا ئىشقىيە ھىدايىتى بويىچە مۇسۇلمانچىلىق قىلىشقا يېتەكلەش لازىم؛ بەشىنچىدىن، جەدىد، غاپىل، مۇرتەد، سەراسەر ۋە پاسىق بولۇشقا يۈزلەنگەن نامۇسۇلمان بەندە، يۇرت - ئايماق، تۇرلۇك ماددىي - مەنىۋى ئىش - ھەرىكەت ۋە ئورۇنۇشلارنىڭ ھەر قاندىقىنى خۇدا يولىدا پاك زېمىندىن يوق قىلىپ، دىنى ئىسلام

ۋە ئىنسانىيە ھىدايىتىنىڭ ساپلىقىنى، ئىشقىي تەرىقىتىنىڭ پاك-راۋانلىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش لازىم؛ ئالتىنچىدىن، ئىنسانىيە تەرىقىتىنى جانلاندۇرىدىغان ھەر خىل خاسىيەتلىك تەدبىر-كارامەتلەرنى ئىجاد قىلىش، تۈھپە قىلىش، ئەھيا قىلىش ۋە يولغا قويۇش لازىم...

«ئەخلاقۇل-پۈ مۇھسىنىن» دېگەن كىتابتا مۇندان بىر ھەقىقەت بايان قىلىنغان. پىقىر مۇئەللىپ بۇ يەردە ئۇنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بۇ كىتابنى ئاخىرلاشتۇرماقچى بولدى:

«. . . مەملىكەت ئادالەتسىز بەرپا بولمايدۇ، ئادالەت ئادىل سىياسەتسىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. پادىشاھ ئادالەت بىلەن سىياسەتتىن بىخەۋەر بولسا، پات پۇرسەتتە مەملىكەتكە پەرىشانلىق يېتىدۇ ۋە سەلتەنەتنىڭ ئاساسىغا نۇقسان يەتسە، شەرىئەت قائىدىسى بۇزۇلسا، ھېچبىر ھەق ئۆز مەركىزىدە قارار تاپالمايدۇ. سىياسەت بولمىسا، شەرىئەت ئىشلىرى ھاسىل بولمايدۇ. شۇڭا پادىشاھلارنىڭ سىياسىتى شەرىئەتكە راۋاج بەرگۈچىدۇر. شەرىئەت ئەھكاملىرى مەملىكەتكە قۇۋۋەت يەتكۈزگۈچىدۇر. شۇڭا، ھەدىستە: ‹ئەگەر پادىشاھ بولمىسا، ئادەملەر بىر-بىرىنى زالالەتكە باشلاپ نابۇت قىلىشىدۇ› دېيىلگەن. . .»

«خۇسرەۋ پەرۋىز ۋەزىرىدىن سورىدى:

— ئادەمىزاتنىڭ قايسى تايىپىسى سىياسەتكە لايىق؟

ۋەزىرى ئېيتتىكى:

— ئادەملەر بەش تايىپىگە تەئەللۇقتۇر. بىرىنچىسى، ئۇلاردىن ئۆزىگە ۋە خالايىققا ياخشىلىق يېتىدۇ. ھەرگىز يامانلىق يەتمەس. ئۇنداقلارنى تەربىيەت بىلەن قۇۋۋەتلەندۈرۈش كېرەك. ئىككىنچىسى، ئۇلاردىن يامانلىق سادىر بولمايدۇ، لېكىن

ياخشىلىقلىرى ئۆزىگىلا يېتىدۇ، كىشىلەرگە يەتمەيدۇ. ئۇلارنى ئەزىز تۇتماق لازىم؛ ئۇچىنچى تايىپە ئوتتۇرىدىكىلەردۇر. ئۇلار ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىمۇ ياخشىلىق قىلالمايدۇ، يامانلىق ھەم قولىدىن كەلمەيدۇ. ئۇلارنى ئۆز ھالىغا قويماق لازىم؛ تۆتىنچى تايىپىدىكىلەر ياخشىلىق ھەم يەتكۈزىدۇ، يامانلىق ھەم قىلىدۇ، نەسىھەت بىلەن ئۇلارنىڭ يامانلىقىنى تەرك قىلدۇرماق لازىم؛ بەشىنچى تايىپىدىكىلەر يامانلىقتىن ئۆزگە ھېچنەرسە زاھىر قىلماس. سىياسەت ئاۋۋال نەسىھەت بىلەن؛ ئىككىنچى ھەيۋەت بىلەن؛ ئۇچىنچى، ئەدەب بىلەن؛ تۆتىنچى بەندىكە سالماق بىلەن بولۇشى كېرەك. ئاخىردا ئىمكانىيەت بولمىغاندا ئۆلتۈرمەك كېرەك! . . . »

نەزمە

تۇن-ئىككى قات خوتۇن نە تۇغار ئىكىن؟
زامانە ھۆكمىدىن نە ياغار ئىكىن؟
ئۆمۈر-ئەۋلىدە نە كەلدى، كۆردۈك،
كۆرىمىز ئاخىر، نە بولۇر ئىكىن؟

پۇرياۋەلى —

مىلادى 1999 - يىل 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چۆقو.
مىلادى 2000 - يىل 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئۈرۈمچى.

图书在版编目(C I P)数据

麦赫杜姆·阿扎姆及其后裔:维吾尔文/阿布都魏力·艾力著.一乌鲁木齐:新疆人民出版社.2000.6
ISBN 7—228—05826—7

Ⅰ.麦… Ⅱ.阿… Ⅲ.长篇小说—中国—当代 —维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. 1247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2000) 第 62658 号

麦赫杜姆·阿扎姆及其后裔(1,2)
(长篇小说)
阿布都魏力·艾力 著

*

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码 830001)
新疆新华书店发行 乌鲁木齐市第十四中学印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 23.375 印张
2000 年 6 月第 1 版 2000 年 6 月第 1 次 印刷
印数:1 —— 5000

ISBN7—228—05826—7/I·2124 (民文)定价:28.80 元(全两册)